مۇھەممەد ئەكبەر ئەرزانى

## تىبابەت ئەھلىنىڭ قىبلىنامىسى

# مىزانى تىب

شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى(W)

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

ISBN 7-5372-3232-6

ISBN 7 - 5372 - 3232 - 6
R·389(民文)定价:25.00元

تىبابەت ئەھلىنىڭ قىبلىنامىسى

مىزانى تىب

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W)

مۇھەممەد ئەكبەر ئەرزانى

# مىزانى تىب

ئەخمەتجان ئىسمائىل
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى
ئەكبەر مۇھەممەت

شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W)

图书在版编目(CIP)数据

米扎尼提比/穆罕默德艾克拜尔·艾尔扎尼著;艾合买提江·司马义等译. —乌鲁木齐:新疆科技卫生出版社(W),2002.3
ISBN 7-5372-3232-6

Ⅰ.米… Ⅱ.①穆… ②艾… Ⅲ.维吾尔族—民族医学—中医典籍—维吾尔语(中国少数民放语言) Ⅳ.R291.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2002)第015640号

责任编辑 :帕塔尔·马合木提
责任校对 :热依汗·努尔

# 米扎尼提比

(维吾尔文)

新疆科技卫生出版社(W)出版
(乌鲁木齐市龙泉街66号 邮编:830001)
新疆希望印刷厂印刷
新疆新华书店发行
850×1168毫米 32开本 14.25印张
2002年3月第1版 2002年3月第1次印刷

印数:1—4000 定价:25.00元

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيان سۆيۈپ ئوقۇلۇۋاتقان دەستۇر كىتاب — «مىزانى تىب»نى تەرجىمە قىلىپ نەشرگە سۇنغانلىقىمىزدىن تولىمۇ پەخىرلەنمەكتىمىز ۋە بۇ ئۇلۇغ خىزمەتنى ئورۇنلاشنى ئالاھىدە تاپىلىغان مەرھۇم ئۇستازىمىز ئابدۇلھەمىد يۈسۈپنى چىن دىلىمىزدىن ياد ئەتمەكتىمىز.

ئۇيغۇر تېبابىتى خادىملىرى، شۇنداقلا بۇ ساھەگە ئازراقلا يولۇققۇچىلارغا مەلۇمكى، «مىزانى تىب» ناملىق بۇ ئەسەر مۇشۇ ئىلىمنى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى زۆرۈر ئوقۇشلۇقى، خۇددى ھەر قانداق بىر كىشى گۈللۈك ياكى باغقا ئالدى بىلەن ئىشىكىدىن كىرىشكە توغرا كەلگەندەك. مانا مۇشۇنداق زۆرۈر بىر ماتېرىيالنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى كەڭ ئۇيغۇر تېبابەت خادىملىرى ۋە ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش بولدى، شۇنداقلا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى ئۇيغۇر تېبابىتىنى قېزىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا كۆرسەتكەن غەمخورلۇقلىرى يەنە بىر قېتىم نامايان بولدى. بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىزگە ئىلىم ئۆگەتكەن ئۇستازلارغا، ھەرقايسى جايلاردىكى بىزنى قوللىغان كەسىپداشلارغا، بىز ۋە بىزگە ئوخشاش تېبابەت خادىملىرىنىڭ ھەر خىل ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىپ بېرىۋاتقان ئۇشبۇ نەشرىياتقا ھۆرمەت ۋە تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈرمەكچىمىز.

پارتىيىنىڭ مىللىي تېبابەت سىياسىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇيغۇر تېبابىتىدە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمى ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرۇشتا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى ۋە كەلمەكتە، بولۇپمۇ قېزىش، رەتلەش جەھەتلەردە خېلى نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. بىراق كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا مەلۇم پەرقلەر بار. بۇ شەرەپ-لىك خىزمەتلەر يەنىلا كەڭ تېبابەت خادىملىرىنىڭ تېخىمۇ تىرى-شىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ ئىشلەۋاتقان بولساقمۇ، تېخىچە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈر-دۇق دېيەلمەيمىز.

بۇ كىتابنى قەشقەردىن ئابدۇرېشىت قارى ھاجى، مۇھەممەد ئەلى مەھمۇد، زىياۋۇدۇن قارىم، خوتەندىن ئابدۇللا داموللا، تۇرسۇن ئىنايەت مەخسۇم، ئابدۇخالىق قارى، توقسۇدىن باسىت داموللا، ئوسمان داموللا، تۇرپاندىن نىياز بەگ، ئابلا ئەپەندى، ئابلىمىت قارىم، ئابدۇراخمان، غۇلجىدىن ئېلى ئەپەندى ... قاتارلىقلار ۋە باشقا نۇرغۇن تۆھپىكار ئەجداتلىرىمىز تەرجىمە قىلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەينى دەۋر شارائىتىنىڭ يار بەرمەسلى-كى تۈپەيلىدىن نەشر قىلدۇرالمىغان. بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يەردە ئىسمى ئېلىنغان ياكى نامەلۇم بولغان تۆھپىكار-لارغا ھۆرمەت بىلدۈرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە قەدىمكى ئەسىرلىرىنى تەتقىق قىلىۋاتقان ياكى تەرجى-مە قىلىۋاتقان ھەرساھە خادىملىرىدىن دەۋرىمىز ئاتا قىلغان ھەر خىل شارائىتلاردىن ۋاقتىدا پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئەسلى «پۇرىقى» نى يوقاتمىغان ئاساستا، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ يېڭى مەھسۇلات يارىتىشىنى

ئۈمىد قىلىمىز.

كىتابنى تەرجىمە قىلىشتا 1871 ـ يىلى دېھلىدا نەشر قىلىنغان پارسچە ئەسلىي نۇسخىسى ۋە 1943 ـ يىلى لاھوردا نەشر قىلىنغان ئوردۇچە نۇسخىسىنى ئاساس قىلدۇق. تەرجىمىدە قىسمەن سەۋەنلىكلەر ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. كەسپداشلارنىڭ ئۆزىدە بار نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ بېقىشنى سورايمىز.

تەرجىمە قىلغۇچىلاردىن

2001 ـ يىلى 11 ئاي ئۈرۈمچى ـ خوتەن

# ئەسلى كىرىش سۆز

چۈنكى مېنىڭ ئوغلۇم ۋە باشقا ئەزىزلەر تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلىغانىدى. شۇڭلاشقا، ساناقسىز پايدىلىقلارغا ئىگە بولغان بىر قىسقىغىنە كىتابنى ئىخچام سۆزلەر بىلەن خاتىرىلەپ يېزىپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭ نامىنى تېبابەتچىلىك مىزانى (مىزانى تېب) دەپ ئات قويدۇم. ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ رەھمەت ۋە ئىلتىپاتى بىلەن بارلىق تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئۇتۇق ۋە بەرىكەت ئاتا قىلغاي.

بەندىلەرنىڭ گۇناھكارى مۇھەممەت ئەكبەر ئەرزانى.

مالىخولىيا ........................ 54
ساراڭلىق ........................ 55
باش قېيىش ........................ 56
ئۇنۇتقاقلىق ........................ 56
پالەچ ........................ 57
سېزىمسىزلىنىش ........................ 58
يۈز نېرۋىسى پالەچى ........................ 58
تارتىشىپ قېلىش ........................ 59
تەمەددۇد كېسىلى ........................ 61
گەدەننىڭ تارتىشىپ قېلىشى ........................ 61
تىترىمە كېسەل ........................ 61
مۇسكۇلنىڭ تىترىشى ........................ 62
لەۋۋى كېسىلى ........................
مېڭە سېزىمىنىڭ ئارتىپ كېتىشى ........................ 63
قاپاق ئاغرىقى كېسىلى ........................ 63
زۇكام ۋە نەزلە ........................ 63
**ئىككىنچى باب كۆز كېسەللىكلىرى** ........................ 65
كۆز ئاغرىقى ........................ 66
كۆز تۇتاشتۇرغۇچى پەردىگە رەڭدار چېكىت چۈشۈش ........................ 67
كۆزدە قاناتلىق گۆش ئۆسۈش ........................ 68
كۆزگە ئاق چۈشۈش ........................ 68
كۆزگە پەردە چۈشۈش ........................ 68
كۆز تۇتاشتۇرغۇچى پەردىسى كۆپۈشۈپ قېلىش ........................ 69
كۆز تۇتاشتۇرغۇچى پەردىسى قىچىشىش ........................ 70
كۆز تۇتاشتۇرغۇچى پەردىسىگە نېپىز قىزىل گۆش ئۈنۈش ........................ 70
كۆز تۇتاشتۇرغۇچى پەردىسىگە مۇدۇر پەيدا بولۇش ........................ 70
كۆز ياشاڭغىراش ........................ 70

كۆزنىڭ ئېچىشىشى …… 71
كۆزگە يات جىسىملار كىرىپ كېتىش …… 72
كۆزگە زەربە تېگىش …… 72
كۆز قەۋەت پەردىلىرى يېرىڭلىق جاراھىتى …… 72
كۆز قىزىپ قاپاق ئېغىرلىشىش كېسىلى …… 73
ناماز شام قارىغۇسى …… 74
كۈندۈزى كۆرمەسلىك …… 75
كۆز ئالمىسى ۋە كۆزنىڭ يېرىمى ئاغرىش …… 75
كۆز سىرتىغا پۈلتىيىپ چىقىش …… 75
كۆز ئالمىسى پۈلتىيىپ چىقىش …… 75
كۆز مۈڭگۈز پەردىسىگە مۇدۇر چىقىش …… 76
كۆز قارىقى پۈلتىيىپ چىقىش …… 76
ئالىغايلىق …… 77
قارىچۇق كېڭىيىپ كېتىش ۋە نۇر يىغالماسلىق …… 78
قارىچۇق تارىيىش …… 79
كۆز ئالدىدا ھاشاراتلار ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈش …… 80
كۆزگە سۇ چۈشۈش …… 81
نۇر ئۆتكۈزگۈچى كاۋاك پەيىنىڭ توسۇلۇشى …… 82
كۆك كۆزلۈك …… 83
كۆرۈش ئاجىزلىشىش …… 83
قاراڭغۇدا ئولتۇرۇشتىن كۆز كۆرمەس بولۇپ قېلىش …… 84
كۆرۈشنىڭ كۈندۈزدە ئاجىزلاپ قېلىشى …… 84
كۆز تورلىشىش …… 85
كۆز ئالمىسى يىگىلەپ كېتىش …… 85
كۆز يورۇقلۇقتىن قېچىش …… 85
**ئۈچىنچى باب قاپاق ۋە كىرپىك كېسەللىكلىرى** …… 87
كۆز قاپىقىنىڭ يېرىكلىكى …… 87
قاپاقنىڭ بوشاپ كېتىشى …… 87

قاپاقنىڭ چاپلىشىپ قېلىشى ........................ 87
قاپاقنىڭ كىچىكلەپ كېتىشى ........................ 88
قاپاق ماي ئۆسمىسى ........................ 88
قاپاقتا بەز پەيدا بولۇش ........................ 88
تەتۈر كىرپىك، ئارتۇق كىرپىك ........................ 89
كىرپىك چۈشۈپ كېتىش ........................ 89
كىرپىك ئاقىرىش ........................ 90
قاپاق قىچىشىش ........................ 90
قاپاقتا قىروسىمان ماددا يىغىلىۋېلىش ........................ 90
قاپاقنىڭ قاتتىقلىشىش ۋە قېلىنلاپ قېلىشى ........................ 90
قاپاق گىرۋەكلىرى قىزىرىپ ئىششىش ........................ 91
قاپاق پىتى ........................ 91
يىڭناسقۇ ........................ 91
قاپاقنىڭ شاتۇت شەكىللىك ئۆسمىسى ........................ 92
قاپاق قېتىش كېسىلى ........................ 92
قاپاق يارىسى ........................ 92
قاپاق يەللىك ئىششىقى ........................ 92
قاپاق سۆگىلى ........................ 93
قاپاقتا قىزىل رەڭلىك قاپارتما پەيدا بولۇش ........................ 93
قاپاق مۇدۇرى ........................ 93
قاپاق تەمرەتكىسى ........................ 93
قاپاق ئۆسمىسى ........................ 94
قاپاق كۆكىرىش ........................ 94
كۆز بۇرجىكى ئاقمىسى ........................ 94
كۆز بۇرجىكى ۋە قاپاقنىڭ قىچىشىشى ........................ 95
كۆز بۇرجىكىدىن بەز ئۆسۈپ چىقىش ........................ 95
**تۆتىنچى باب قۇلاق كېسەللىكلىرى** ........................
قۇلاق ئاغرىقى ........................ 96

قۇلاق ياللۇغى ........................ 97
قۇلاق يارىسى ........................ 98
قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە گاسلىق ........................ 98
قۇلاق ئىچىگە ئۇششاق تاش كىرىپ كېتىش ........................ 98
قۇلاق غوڭۇلداش ۋە قۇلاق قىچقىرىش ........................ 99
قۇلاق قاناش ........................ 99
قۇلاقنىڭ سۇنۇشى ........................ 100
قۇلاق يۇلۇنۇپ چىقىش ........................ 100
قۇلاقنىڭ يېرىلىشى ........................ 100
قۇلاق قىچىشىش ........................ 101
ئاۋازدىن نەپرەتلىنىش ........................ 101
**بەشىنچى باب بۇرۇن كېسەللىكلىرى ........................ 102**
پۇراش قۇۋۋىتى بۇزۇلۇش ........................ 102
بۇرۇن بوۋاسىرى ........................ 103
بۇرۇننىڭ ئىچىگە ئۇششاق مۇدۇرلار چىقىش ........................ 103
بۇرۇن ئىچىگە يىرىڭلىق چاقا چىقىش ........................ 103
بۇرۇن قاناش ........................ 104
بۇرۇن پۇراش ........................ 104
بۇرۇن مىجىلىپ كېتىش ........................ 105
كۆپ چۈشكۈرۈش ........................ 105
بۇرۇن قۇرۇش ........................ 106
بۇرۇن قىچىشىش ........................ 106
**ئالتىنچى باب تىل ۋە ئېغىز كېسەللىكلىرى ........................ 107**
تىل ياللۇغى ........................ 107
تىل ئېغىرلىق ........................ 107
تىلنىڭ چوڭىيىپ قېلىشى ........................ 108
تىل بوشىشىپ كېتىش ........................ 109
تىل يېرىلىش ........................ 109

تىل قوۇرغاقلىشىش ........................................ 109
تىل ئېچىشىش ........................................ 110
تىل قىچىشىش ........................................ 110
تىل ئاستىدا قوۇمچاقسىمان ئۆسۈكچە گۆش پەيدا بولۇش... 110
تەم تېتىشنىڭ بوۇزۇلۇشى........................................ 111
تېتىش سېزىمىنىڭ يوقىلىشى ........................................ 111
تىل ۋە ئېغىز ئىچى شىللىق پەردىسىنىڭ سوپۇلۇشى ... 112
ئېغىز مۇدۇرى ........................................ 112
ئېغىز يارىسى ........................................ 112
ئېغىز گۆشخور چاقىسى ........................................ 113
ئېغىزدىن شۆلگەي كۆپ ئېقىش ........................................ 114
ئېغىز پۇراش........................................ 114
تاڭلاي ياللۇغى ........................................ 114
**يەتتىنچى باب كالپۇك كېسەللىكلىرى ........................................ 116**
كالپۇك ئاغرىپ قېلىش ........................................ 116
كالپۇك يېرىلىش، قاسىراقلىشىش ۋە قۇرۇش ........................................ 116
كالپۇك تارتىشىش ........................................ 116
كالپۇك كىچىكلەپ كېتىش ۋە تارتىشىپ قېلىش ...... 117
كالپۇك بوۋاسىرى ........................................ 117
كالپۇك ياللۇغى........................................ 117
**سەككىزىنچى باب چىش ۋە چىش مىلىكى**
**كېسەللىكلىرى ........................................ 118**
چىش ئاغرىقى ........................................ 118
چىش قاماپ قېلىش ........................................ 119
چىش پارقىراقلىقىنى يوقىتىش ........................................ 120
چىش كاۋاكلىشىپ كېتىش، ئۇۋۇلۇپ كېتىش ۋە كامار
بولۇپ قېلىش ........................................ 120
چىش تۈۋىدە ساپالغا ئوخشاش ماددىلار ئۇيۇۋېلىش ... 120

چىش رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى ........................ 121
چىش لىڭشىپ قېلىش ........................ 121
چىش ئۇزىراپ قېلىش ........................ 122
ئۇيقۇدا چىشنى گىرچىلىتىش ........................ 122
چىش مىلىكى ياللۇغى ........................ 123
چىش تۈۋى قاناش ........................ 123
چىش مىلىكىگە يىرىڭلىق چاقا ۋە ئاقما پەيدا بولۇش ... 124
چىش مىلىكىنىڭ يىگىلەپ بوشىشىپ كېتىشى ........................ 124
چىش مىلىكىدە ئۆسمە گۆش پەيدا بولۇش قېلىش ... 124

**توققۇزىنچى باب گال، ئەقىل تىل، قىزىلئۆڭگەچ ۋە كاناي كېسەللىكلىرى** ........................ 125

كىچىك تىل ياللۇغى ........................ 125
كىچىك تىلنىڭ بوشاپ كېتىشى ........................ 125
بوغما كېسىلى ........................ 126
گال مۇدۇرى ........................ 129
گالغا سازاڭ قۇرتى چاپلىشىپ قېلىش ........................ 129
يىڭنە يۇتۇپ سېلىش ........................ 130
گالغا تىكەن، قىلتىرىق ياكى تاماق تۇرۇپ قېلىش ...... 130
قىزىلئۆڭگەچ تۇسۇلۇش ........................ 131
يۇتقۇنچاق بوشاپ كېتىش ........................ 131
قىزىلئۆڭگەچ قىچىشىش ........................ 132
كانايىنىڭ تىترىشى ۋە لىكىلدىشى ........................ 132
سۇدا تۇنجۇقۇش ........................ 132
بوغۇلۇپ قېلىش ........................ 133
يۇتۇش قىيىنلىشىش ........................ 133
قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى ........................ 134
قىزىلئۆڭگەچ يارىسى ........................ 134
ئاۋاز پۇتۇپ قېلىش ........................ 135

**ئونىنچى باب ئۆپكە ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرى ...... 136**
تۇتقاقلىق دەم سىقىلىش —زىققە كېسىلى.............. 136
يۆتەل .......................................... 138
قان تۈكۈرۈش .................................... 141
يىرىڭ تۈكۈرۈش .................................. 143
ئۆپكە ياللۇغى .................................... 143
ئۆپكە سىلى ...................................... 147
ئۆپكە غىلاپى، كۆكرەك پەردىسى، مۇسكۇللىرى ۋە باش-
قىلارنىڭ ياللۇغى ................................... 148
كۆكرەككە يىرىڭ يىغىلىش.............................. 151
كۆكرەك مۇسكۇلىنىڭ تارتىشىپ قىلىشى .............. 152
**ئون بىرىنچى باب يۈرەك كېسەللىكلىرى............... 153**
يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى ......................... 153
يۈرەك قوزغىلىش ................................... 154
ئايلىنىپ كېتىش ..................................... 156
يۈرەك دالانچە ياللۇغى .............................. 160
تۇتۇن كېسىلى — يۈرەك قېپىغا ھاۋا تولۇش ........ 161
يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى............................. 161
يۈرەك سويۇلغاندەك سېزىم بولۇش .................. 162
يۈرەك قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇش كېسىلى ... 162
يۈرەك تۆۋەنگە تارتقاندەك سېزىم بولۇش .............. 163
يۈرەك قېپىغا سۇ يىغىلىش ............................ 163
**ئون ئىككىنچى باب ئەمچەك كېسەللىكلىرى............ 165**
سۈت كەملىك ....................................... 165
ئەمچەككە سۈت كۆپ كېلىۋېلىش ...................... 166
ئەمچەكنىڭ ياللۇغلىنىشى ۋە چىڭقىلىشى .............. 166
ئەمچەكتە سۈت ئۇيۇپ قېلىش ........................ 167
ئەمچەك تۇگمىسى ئېزىلىپ كېتىش ..................... 168

**ئون ئۈچىنچى باب ئاشقازان كېسەللىكلىرى** .......... 169


ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى ...................... 169
ئاشقازان ئاغرىقى ............................... 170
ھەرىم ئاجىزلىقى، ھەزىم بۇزۇلۇش، تاماق سىڭمەسلىك ... 173
خولېرا ............................................ 174
ئىشتىھانىڭ ئازلىشى ۋە ئىشتىھا يوقىلىش .............. 175
ئىشتىھانىڭ بۇزۇلۇشى.................................. 178
ئىت ئىشتىھاسى........................................ 179
كالا ئىشتىھاسى ...................................... 180
قورساق ئېچىپ ئايلىنىپ كېتىش........................ 180
كۆپ ئۇسساش ......................................... 181
ئاشقازان ياللۇغى ..................................... 183
ئاشقازان يىرىڭلىق ئىششىقى .......................... 184
ئاشقازان يارىسى ۋە ئاشقازان مۇدۇرى ................. 184
قورساق كۆپۈش ........................................ 185
كېكىرىش، ئەسنەش، كېرىلىش .......................... 185
قۇسۇش، ھېق بولۇش، كۆڭۈل ئاينىش، كۆڭۈل
غەشلىكى ............................................. 186
قان قۇسۇش.............................................. 187
ئاشقازاندا قان ۋە سۈت ئۇيۇپ قېلىش .................. 189
ھېق تۇتۇش............................................. 189
ئاشقازاننىڭ تەتۈر قىسقىرىشى ........................ 191
ئاشقازاننىڭ بىئارام بولۇشى............................ 191
ئاشقازاننىڭ تىترىشى ................................ 192
ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ ئاغرىقى.................... 192
ئاشقازاننىڭ كۆپۈشىشى ............................... 192
ئاشقازان تۆۋەنلەش .................................... 193
ئاشقازان توقۇلمىسىنىڭ بوشاپ كېتىشى ................ 194

ئاشقازاننىڭ تارتىشىپ قېلىشى ........................ 194
ئاشقازاننىڭ قېتىۋېلىشى ........................... 194
قورساق مۇسكۇلىنىڭ قاتتىقلىشىشى ..................... 195
ئاشقازان مەنبەلىك ئىچى سۈرۈش ۋە تۇتقاقلىق ئىچى
سۈرۈش ........................................ 196
ئاشقازاننىڭ كىچىكلەپ كېتىشى ....................... 199
**ئون تۆتىنچى باب جىگەر كېسەللىكلىرى** ............ 200
جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى .......................... 200
جىگەر زەئىپلىكى ................................. 202
جىگەر تومۇرلىرىنىڭ توسۇلۇشى ....................... 204
جىگەرگە ئوزۇقلۇق توشۇغۇچى تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشى ... 206
جىگەرنىڭ ھاۋالىق كۆپۈشىشى......................... 206
جىگەر ئاغرىقى .................................. 206
سوغۇق سۇ ئىچىشتىن جىگەر ئاغرىش .................... 207
جىگەر ياللۇغى .................................. 207
قورساق مۇسكۇلى ياللۇغى .......................... 210
جىگەر يىرىڭلىق ئىششىقى ........................... 211
جىگەر يۈزى مۇدۇرى .............................. 211
جىگەر بىئارام بولۇش ............................ 211
جىگەر قېتىش .................................... 212
جىگەر كىچىكلەپ قېلىش ........................... 212
جىگەر مەنبەلىك ئىچى سۈرۈش ........................ 212
بەدەن كۆپۈپ ئىششىش ............................. 215
سۇلۇق ئىششىق ................................... 216
**ئون بەشىنچى باب يەرقان ۋە تال كېسەللىكلىرى** ... 222
يەرقان كېسىلى .................................. 222
سېرىقلىق چۈشىدىغان يەرقان ........................ 222
قارا يەرقان .................................... 226

تال مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى ........................ 227
تالنىڭ ياللۇغى .................................. 229
تالدا يىرىڭ يىغىلىپ قېلىش ...................... 230
تالنىڭ زەئىپلىكى ................................ 231
تالنىڭ تومۇرلىرى توسۇلۇش ........................ 231
تال ئېسىلىش .................................... 232
تال قېتىشى ...................................... 232
**ئون ئالتىنچى باب ئۈچەي كېسەللىكلىرى** ........... 233
ئۈچەي ھەزىمى بۇزۇلۇشتىن بولغان ئىچى سۈرۈش ... 233
قانلىق ئىچى سۈرۈش ............................. 235
ئۈچەيدىن يىرىڭ كېلىش .......................... 238
تولغاق ........................................... 239
ئۈچەي مۇجۇپ ئاغرىش .............................. 241
ئۈچەينىڭ كۆپۈشى ۋە كۆكىرىشى ..................... 241
ئۈچەي توسۇلۇش .................................. 242
ئىچى قېتىش ..................................... 246
قورساق قۇرتى ................................... 246
**ئون يەتتىنچى باب مەقئەت كېسەللىكلىرى** .......... 248
يەلدىن بولغان بوۋاسىر ........................... 249
مەقئەت ئاقمىسى ................................. 250
مەقئەت ياللۇغى .................................. 251
مەقئەت يېرىلىش ................................. 251
مەقئەتنىڭ بوشىشىپ كېتىشى ........................ 252
مەقئەت چىقىۋېلىش ............................... 252
مەقئەت يارىسى .................................. 253
مەقئەت قىچىشىش ................................. 253
**ئون سەككىزىنچى باب بۆرەك كېسەللىكلىرى** ......... 254
بۆرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى ........................ 254

بۆرەك ئورۇقلاپ كېتىش ........ 254
بۆرەك ئاجىزلىقى ........ 255
بۆرەككە يەل كېلىۋېلىش ........ 256
بۆرەك ئاغرىقى ........ 256
بۆرەك ياللۇغى ........ 257
بۆرەك يارىسى ........ 257
بۆرەك ئۇدۇلى قىچىشىش ........ 258
دىئابېت ........ 258
بۆرەك تېشى ۋە بۆرەك قۇمى ........ 258
**ئون توققۇزىنچى باب دوۋساق كېسەللىكلىرى ........ 260**
دوۋساق ياللۇغى ........ 260
دوۋساق يارىسى ........ 261
دوۋساق ئۇدۇلى قىچىشىش ........ 262
دوۋساققا قان ئۇيۇپ قېلىش ........ 262
دوۋساق ئاغرىش ........ 263
دوۋساقنىڭ جايىدىن قوزغىلىشى ........ 264
دوۋساق كۆپۈشۈپ قېلىش ........ 265
دوۋساق تېشى ........ 265
سۈيدۈك كۆيۈشۈپ كېلىش ........ 266
سۈيدۈك تۇتۇلۇش ........ 267
سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش ........ 271
سۈيدۈك تۇتالماسلىق ........ 272
سىيىپ يېتىش ........ 272
قان سىيىش ........ 273
**يىگىرمىنچى باب ئەرلەرگە خاس كېسەللىكلەر ........ 275**
باھ ئاجىزلىقى ........ 275
مەنىي تېز كېتىش ........ 279
جىنسىي ھەۋەسنىڭ كۆپ بولۇشى ........ 280

مەنىي، مەزى ۋە ۋەدى سۈيۈقلۇقلىرىنىڭ ئېقىشى ...... 281
قانلىق مەنىي كېلىش.......................... 283
كۆپ ئېھتىلام بولۇش ........................ 283
زەكەرنىڭ تىكلىنىشىلىشى........................ 284
جىنسىي مۇناسىۋەتتە چوڭ تەرەت مېگىپ كېتىش ...... 284
ئەرلەردىكى مەقئەتكە جىما قىلدۇرۇش كېسلى ......... 284
ئۇرۇق بېزى ياللۇغى ........................... 285
ئۇرۇق بېزىنىڭ يوغىناپ قېلىشى ...................... 286
زەكەر ۋە باليائتقۇنىڭ لىكىلدىشى ...................... 287
ئۇرۇق بەزلىرىنىڭ ئاغرىقى ......................... 287
ئۇرۇق بېزىنىڭ كىچىكلەپ قېلىشى ..................... 288
ئۇرۇق بەزلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىشى ................ 288
ئۇرۇق بەز خالتىسى ۋېنالىرىنىڭ ئەگرىلىشىپ
كۆپۈشىشى ......................................... 289
ئۇرۇق بەز خالتىسىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى ............. 289
زەكەر، ئۇرۇق بېزى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنىڭ يارىسى...... 289
زەكەر ياللۇغى ...................................... 289
ئۇرۇق بېزى ۋە زەكەرنىڭ قىچىششى ................. 290
زەكەر تېرىسىنىڭ يېرىلىشى............................ 290
زەكەر سۆگىلى ۋە قاتتىق مۇدۇرى ...................... 290
سۈيدۈك يولىنىڭ توسۇلۇشى ........................... 291
زەكەرنىڭ مايماق بولۇپ قېلىشى....................... 292

**يىگىرمە بىرىنچى باب قورساق مۇسكۇلى ئىچكى پەر-دىسى، قورساق پەردىسى ۋە ئەستەر پەردىسى كېسەللىكلىرى** ........................... 293

سىرىقئەتنىڭ تارىلىشى ............................ 293
قورساق پەردىسى چۇقۇقى ۋە يوتا چۇقۇقى ............ 295
كىندىكنىڭ پۇلتىيىپ چىقىشى........................ 296

**يىگىرمە ئىككىنچى باب ئاياللارغا خاس كېسەللىكلەر...** 298
تۇغماسلىق ........................................ 298
كۆپ بويىدىن ئاجراپ كېتىش ...................... 299
قىيىن تۇغۇت ........................................ 300
بالا ھەمراھى ۋە ئۆلۈك ھامىلىنىڭ بالىياتقۇدا قېلىپ
قېلىشى................................................ 302
ئىپاس خۇنى تۇتۇلۇش ............................ 302
يالغان ھامىلىدارلىق ................................ 304
ھەيز كۆپ كېلىش ................................... 305
بالىياتقۇ يارىسى..................................... 306
بالىياتقۇنىڭ يېرىلىشى ............................. 307
بالىياتقۇ قىچىشىش.................................. 308
بالىياتقۇ بوۋاسىرى .................................. 308
بالىياتقۇ مۇدۇرى .................................... 308
بالىياتقۇ سۆگەلى .................................... 309
بالىياتقۇ ئاقمىسى .................................... 309
ئاق خۇن كېلىش .................................... 309
ئاياللاردىكى مەنىي ئېقىش كېسىلى ................ 309
ھەيز تۇتۇلۇش ....................................... 309
جىنسىي يول پۇتەيلىكى ............................. 311
بالىياتقۇ چىقىۋېلىش ................................. 311
بالىياتقۇنىڭ بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قېلىشى ......... 312
بالىياتقۇ ياللۇغى ..................................... 312
بالىياتقۇ يىرىڭلىق ئىششىقى ........................ 313
بالىياتقۇ راكى ........................................ 314
بالىياتقۇ بوغۇلۇش يەنى ھېستېرىيە كېسىلى ......... 314
بالىياتقۇدا سۇ يىغىلىۋېلىش.......................... 315
بالىياتقۇنىڭ كۆپۈپ قېلىشى ......................... 316

**يىگىرمە ئۈچىنچى باب مورە، قول، پۇت كېسەللىكلىرى...** 317
دوكلۇق .......................................... 317
يانپاش ئاغرىقى .......................................... 319
چوڭ بوغۇملارنىڭ ئاغرىقى .......................................... 320
تۆۋەنكى مۇچە كۆك تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈشۈپ ئەگرى-
لىنىشى .......................................... 324
پىل پۇت كېسىلى .......................................... 325
سونجاق ئاغرىقى .......................................... 325
پۇتنىڭ تاپىنى ئاغرىش .......................................... 326
**يىگىرمە تۆتىنچى باب قىزىتمىلار** .......................................... 327
بىر كۈنلۈك قىزىتما .......................................... 327
خىلتلىق قىزىتما .......................................... 330
جۇدەتكۈچى قىزىتما .......................................... 341
چېچەك ۋە قىزىل قىزىتمىسى .......................................... 342
ۋابا قىزىتمىسى .......................................... 343
**يىگىرمە بەشىنچى باب مۇدۇر، چاقىلار** .......................................... 344
قان خىلتىدىن بولغان ئىششىق .......................................... 344
گانگرېنا .......................................... 345
قىزىل يەل .......................................... 345
كۆيدۈرگە كېسىلى .......................................... 346
بەلۋاغسىمان قوقاق .......................................... 346
يىرىڭلىق مۇدۇر .......................................... 347
يالغان كۆيۈك .......................................... 347
سۇلۇق قاپارتما .......................................... 348
يەلتاشما .......................................... 348
تىلما .......................................... 348
چۇما كېسىلى .......................................... 349
يىرىڭلىق بەز ياللۇغى .......................................... 349

گۆشخور چاقا ........................ 350
چىيقان................................. 350
قاتتىق ئىششىق ......................... 351
يىرىڭلىق ئىششىق ....................... 352
سۇلۇق ئىششىق ......................... 352
يەللىك ئىششىق.......................... 352
تېرە ئاستىدا پەيدا بولىدىغان ئۆسمىلەر ............ 353
بەز ۋە تۇگۇنچە ......................... 353
قۇلاق ئاستى بېزى ياللۇغى ..................... 354
لىمغا بەزلىرى سىلى ......................... 354
قاتتىق ئىششىق ......................... 354
سەرتان................................. 355
قىلقۇرت كېسىلى ......................... 355
ماخاۋ ............................... 356
باش تەمرەتكىسى ......................... 356
قىچىشقاق ............................... 357
تېرە قىچىشىش ........................... 358
ئەسۋە ............................... 358
بەدەن تەمرەتكىسى ......................... 359
دانىخورەك............................... 359
كەچتە چىقىدىغان مۇدۇر ..................... 360
سۆگەل................................. 360
قاقاچلىق يارا ......................... 360
قارا رەڭلىك مۇدۇر ..................... 361
ئۇجمىسىمان مۇدۇر ..................... 361
سەيئەك ............................... 361
تېرە ئاستىدا قان ئۇيۇپ قېلىش ..................... 362
ئالاھىدە تىپتىكى قاپارتمىلار ..................... 362

سىفلىس ........................................ 363
قىزىل ۋە چىچەك ........................................ 363
**يىگىرمە ئالتىنچى باب تېرە ۋە تېرە رەڭگى ئۆزگىرىش كېسەللىكلىرى** ........................................ 364
ئاقكېسەل ........................................ 364
ئاق گۈللۈك تەمرەتكە ........................................ 364
ئاق گۈللۈك تەمرەتكە ........................................ 364
قارا داغ، قىزىل داغ، سەپكۈن، مەڭ ........................................ 365
تېرىنىڭ كۆكىرىپ قېلىشى ........................................ 366
چەككۈزۈش ........................................ 366
ئۈششۈك ........................................ 366
تېرە رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى ........................................ 367
باش تېرىسى كېپەكلىشىش ........................................ 367
قول، پۇت، يۈز ۋە كالپۇك تېرىلىرىنىڭ يېرىلىشى ........................................ 367
تېرىنىڭ قۇرغاقلىشىشى ۋە كېپەكلىشىشى ........................................ 368
تېرە سويۇلۇپ چۈشۈش ........................................ 368
**يىگىرمە يەتتىنچى باب چاچ كېسەللىكلىرى** ........................................ 369
دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، تېرە قاسراقلىشىپ چاچ چۈشۈش ........................................ 369
چاچ شالاڭلىشىپ چۈشۈش ........................................ 369
پايىنەكۋاش ........................................ 369
چاچنىڭ يېرىلىشى ........................................ 370
باش تېرىسى مايلىشاڭغۇلىشىش كېسىلى ........................................ 370
چاچ ئاقىرىش ........................................ 370
چاچنى ئاسراش تەدبىرلىرى ........................................ 370
**يىگىرمە سەككىزىنچى باب تىرناق كېسەللىكلىرى** ........................................ 372
تىرناقلارنىڭ ئاقىرىپ قېلىشى ........................................ 372
تىرناقلارنىڭ سارغىيىپ قېلىشى ........................................ 372

تىرناق ئاغرىقى ...... 372

تىرناقلارنىڭ مايماقلىشىپ قېلىشى ...... 372

تىرناق يېرىلىش ...... 372

تىرناقلارنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ...... 372

تىرناقلارنىڭ كۆپۈشۈپ قېلىشى ۋە قىچىشىشى ...... 373

تىرناقلارنىڭ ئېزىلىشى ...... 373

تىرناقلارنىڭ ئاقىرىپ چۈرۈكلىشىپ قېلىشى ...... 373

تىرناق ئاستىدا قان ئۇيۇپ قېلىش ...... 374

تىرناقنىڭ يۇلۇنۇپ كېتىشى ...... 374

**يىگىرمە توققۇزىنچى باب ئومۇمىي بەدەن خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر** ...... 275

پىت ۋە سىركىلەپ قېلىش ...... 375

كۆپ تەرلەش ...... 375

قانلىق تەرلەش ...... 376

زىيادە جۇدەپ كېتىش ۋە زىيادە سەمرىپ كېتىش ...... 376

باش ۋە پېشانە تېرىسىنىڭ تارتىشىپ قېلىشى ...... 377

باشنىڭ چوڭىيىپ قېلىشى ...... 377

بارماقلارنىڭ كۆپۈشۈشى ۋە قىچىشىشى ...... 378

چات قىسمىنىڭ زەخىملىنىشى ...... 378

بەدەن پۇراش ...... 378

قول ـ پۇت بارماقلىرىنىڭ ئۇششۇپ قېلىشى ...... 378

ئوتتا كۆيۈپ قېلىش ...... 379

قىزىق ياغ بىلەن كۆيۈپ قېلىش ...... 380

قايناق سۇدا كۆيۈپ قېلىش ...... 380

توكتا كۆيۈپ قېلىش ...... 380

ئاپتاپتا كۆيۈپ قېلىش ...... 380

بالادۇر ھەسەلدىن كۆيۈپ قېلىش ...... 380

ھاك بىلەن تىلنىڭ كۆيۈپ قېلىشى ...... 380

زەخىملىنىشلەر ........................................ 381
نەيزە، ئوق، تىكەن ۋە باشقىلارنىڭ سانجىلىپ كىرىشى... 382
يارا ......................................................... 382
ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇشلار ................................ 383
كەكە ياكى بولقا بىلەن ئۇرۇلۇش ...................... 384
سۇنۇق، چىقىق، چىم بولۇپ كىرىش ۋە سۆڭەك ئەترا-
پىدىكى يۇمشاق توقۇلمىلارنىڭ زەخىملىنىشى ......... 384
زەھەرلىنىش ................................................ 385
زەھەرلىك ھايۋانلار چېقىۋېلىش، چىشلىۋېلىش ......... 385
**«مىزانى تىب» تىكى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ**
**دورىلار** ................................................ 389

# بىرىنچى قىسىم  تۆت خىل كەيپىيات

بۇ قىسىمدا تۆت كەيپىيات (ھارارەت يەنى ئىسسىقلىق، بەرودەت يەنى سوغۇقلۇق، رەتۇبەت يەنى ھۆللۈك، يەبۇسەت يەنى قۇرۇقلۇق قاتارلىقلار-نىڭ يەككە ۋە مۇرەككەپ ئالامەتلىرى سۆزلىنىدۇ.

ئىسسىقلىق (ھارارەت) نىڭ ئالامەتلىرى:

ئەگەر بەدەندە ھارارەت (ئىسسىقلىق) زىيادە بولسا ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولىدۇ. ئەزالاردا كۆيۈشۈش بولىدۇ. رەڭگى سېرىق ياكى قىزىل بولىدۇ. سوغۇقتىن راھەتلىنىدۇ.

ئەگەر ئىسسىقلىق (ھارارەت)نىڭ سەۋەبى قان خىلتىنىڭ زىيادىلىكە-دىن بولسا ئۇنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرى شۇكى: باش ئېغىر بولىدۇ، ئەسنەش، كېرىلىش ۋە مۈگدەش غالىب بولىدۇ. سەزگۈلەر سۇسلىشىدۇ. ئېغىزنىڭ تەمى تاتلىق، بەدەن ۋە تىلنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ. بەدەنگە مۇدۇر چاقلار كۆپ چىقىدۇ. چىش مىلىكى ۋە بۇرنى قانايدۇ. ئەزالاردا ئاغرىش ۋە سۇسلۇق بولىدۇ.

ئەگەر ئىسسىقلىق سەۋەبى سەپرا خىلتىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولسا ئۇنىڭ مەخسۇس بەلگىلىرى شۇكى: بىمارنىڭ بەدىنى، تىلى ۋە كۆزلىرى سېرىق، ئېغىزنىڭ تەمى ئاچچىق، تىلى ۋە بۇرنى قۇرۇق ۋە يىرىك بولىدۇ. ئۇسسۇزلۇقى كۆپ، ئىشتىھاسى كەم بولىدۇ. كۆڭۈل ئاينىش ۋە جوغجۇغ بولىدۇ.

سوغۇقلۇقنىڭ ئالامىتى:

ئەگەر بەدەندە سوغۇقلۇق زىيادە بولسا ئۇسسۇزلۇق ۋە ئەزالاردا كۆيۈشۈش بولمايدۇ. بەدەننىڭ رەڭگى ئاق ياكى قارامتۇل بولىدۇ. ئەگەر سوغۇقلۇقنىڭ سەۋەبى بەدەندە بەلغەم خىلتىنىڭ زىيادىلىكىدىن بولسا ئۇنىڭ خاس بەلگىلىرى شۇكى، بەدەن يۇمشاق ۋە سۇس بولىدۇ. بەدەننىڭ

رەڭگى ئاق ۋە بەدەننىڭ تېرىسى سوغۇق بىلىنىدۇ. ھەزىم ئاجىزلايدۇ. ئاچچىق كېكىرىدۇ. ئۇيقۇ كۆپ بولىدۇ. ئېغىزدىن شۆلگەي، بۇرۇندىن سۇيۇق سۇ ئاقىدۇ. بۇرۇندىن ئاققان سۇ بۇرۇندا ئېچىشىش ۋە كۆيۈشۈش پەيدا قىلمايدۇ.

ئەگەر سوغۇقنىڭ سەۋەبى بەدەندە سەۋدا خىلتىنىڭ زىيادىلىكىدىن بولسا، بىمارنىڭ بەدىنى ئورۇق، رەڭگى قارا بولىدۇ. قان قارامتۇل ۋە قويۇق بولىدۇ. خىيال كۆپ بولىدۇ. ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا سانجىق مەلۇم بولىدۇ. يالغان ئىشتىھا بولىدۇ.

ھۆللۈكنىڭ ئالامىتى:

ئەگەر بەدەندە ھۆللۈك ئارتىپ كەتسە، ئەزالاردا سۇسلۇق (بوشىشش) بولىدۇ. بەدەندە قۇرۇقلۇق ئارتىپ كەتكەندىكى ئالامەتلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئالامەتلەر تېپىلىدۇ.

ئەگەر ھۆللۈك ھارارەت بىلەن بولسا (مەيلى ھارارەت ماددىسىز بولسۇن ياكى قان خىلتىنىڭ سەۋەبىدىن بولسۇن)، ئۇنىڭ بەلگىلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ بولدى. ئەگەر ھۆللۈك سوغۇقلۇق بىلەن بىللە بولسا مەيلى سوغۇقلۇق ماددىسىز بولسۇن ياكى بەلغەم خىلتىنىڭ سەۋەبىدىن بولسۇن، ئۇنىڭ ئالامەتلىرىمۇ بايان قىلىنىپ بولدى.

قۇرۇقلۇقنىڭ ئالامىتى:

ئەگەر بەدەندە قۇرۇقلۇق زىيادە بولسا بەدەن قۇرۇق، يىرىك، ئورۇق، تاتىش بولىدۇ.

قۇرۇقلۇق سەپرانىڭ سەۋەبىدىن بولسا ياكى سەۋدا خىلتىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا ھەر ئىككىسىنىڭ ئالامەتلىرى ئايرىم — ئايرىم بايان قىلىنىپ بولدى.

بىلىش لازىمكى، خىلتلار قان، بەلغەم، سەۋدا، سەپرادىن ئىبارەتتۇر. بەدەن مۇشۇ خىلتلاردىن تۈزۈلگەن. شۇنداقلا كۆپىنچە كېسەللىكلەر مۇشۇ خىلتلارنىڭ كەم، زىيادىلىكىدىن پەيدا بولىدۇ.

قان ھۆل ئىسسىق، سەپرا قۇرۇق ئىسسىق، بەلغەم ھۆل سوغۇق،

سەۋدا قۇرۇق سوغۇق. بىراق يەل سوغۇق بىر خىل گاز بولۇپ خىلتلاردىن تۇغۇلىدۇ. كۆپرەك بەلغەم بىلەن سەۋدادىن تۇغۇلىدۇ. بەدەننىڭ تۈزۈلۈشىگە ئۇنىڭ بىرەر دەخلىسى يوق. روھلار گەرچە خىلتلاردىن بۇخارات (گاز) شەكلىدە پەيدا بولسىمۇ لېكىن بەدەننىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى ئۇنىڭغا باغلىق بولۇپ، ئۇ بەدەننىڭ پەرۋىش قىلغۇچىسىدۇر.

# ئىككىنچى قىسىم  دورا ۋە ئوزۇقلۇق

بۇ قىسىمدا ھاجەتكە مۇۋاپىق يەككە ھەم مۇرەككەپ دورىلار ۋە مۇناسىپ ئوزۇقلۇقلار بايان قىلىنىدۇ.

تەڭشىگۈچى دورىلار خىلىتلار ۋە ماددىلارنىڭ مىزاجى ۋە مىقدارىدا ئۆزگىرىش بولغان بولسا، ئۇنى ئەسلىي ھالىتىگە ئېلىپ كەلگۈچى دورىلار-دىن ئىبارەت.

**قان خىلىتىنىڭ ئۆزگىرىشى:** قان خىلىتىنىڭ ئۆزگىرىشى تۆت خىل بولىدۇ. (1) ئۇنىڭ مىقدارى ئارتىپ كېتىدۇ. (2) ئۇنىڭ قىيامى (قويۇقلۇقى) ئارتىپ كېتىدۇ. (3) ئۇنىڭ قىيامى سۇيۇلۇپ كېتىدۇ. (4) ئۇنىڭدا ئۇفۇنەتلىنىش يەنى چىرىش بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۆزگىرىشلەردىن قايسى خىل ئۆزگىرىش بولغان بولسا شۇ ئۆزگىرىشكە مۇناسىپ ئىسلاھ قىلىش ۋە تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. شۇنداقلا تۆۋەندە ھەربىر ئۆزگىرىش ئۈچۈن ئايرىم — ئايرىم ئىسلاھ قىلغۇچى ۋە تەڭشىگۈچى دورىلار بېرىلدى. قان خىلتىنى پەسەيتكۈچى يەنى (قان خىلىتىنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى پەسەيتىپ نورماللاش-تۇرغۇچى) دورىلار كاسىنە ئۇرۇقى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى، يۇمغاقسۇت، قىزىل-گۈل، لىمون سۈيى، سىركەنجىبىن، چىلان شەربىتى، سەندەل شەربىتى، قاپاق شەربىتى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھۆل سوغۇق دورىلار.

قاننىڭ قويۇقلۇقىنى ئىسلاھ قىلغۇچى دورىلار — ئەينۇلا سۈيى، بەدىيان سۈيى، شاھتەرەنىڭ سۈيى مائۇل ئەسەل (ھەسەل سۈيى) قاتارلىق-لار. بۇلاردىن باشقا سەۋدانى سۈرۈپ چىقىرىدىغان دورىلار قاننىڭ قويۇق-لۇقىنى تۆۋەنلىتىدۇ. چۈنكى قان خىلتى كۆپرەك سەۋدا خىلىتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن قويۇلۇپ قالىدۇ. لېكىن قويۇق بەلغەمنىڭ قوشۇلۇپ قېلى-شىدىمۇ قويۇلۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بەلغەم خىلىتىنىڭ مۇسھىلى

بېرىلىدۇ. ماددىنىڭ قويۇقلۇقىنى يوقىتىش ئۈچۈن چۆچۈمەل نەرسىلەر بېرىلىدۇ. ئەگەر بەلغەم ۋە سەۋدا ماددىلىرى پىشقان بولسا سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى بېرىش لازىم. ئەگەر قان خىلتى بىلەن بەلغەم خىلتى ئارىلاشقان بولسا، ئۇنىڭ رەڭگى ئاققا مايىل بولىدۇ. ئەگەر سەۋدا خىلتى ئارىلاشقان بولسا، ئۇنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولىدۇ.

قان خىلتىنىڭ سۇيۇلۇشىنى نورماللاشتۇرغۇچى دورىلار:

ئەگەر قان خىلتى بەلغىمى ھۆللۈكىنىڭ قوشۇلۇشىدىن سۇيۇلۇپ كەتكەن بولسا قانىنىڭ رەڭگى ئاققا مايىل بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بەلغەم خىلتىنىڭ مۇسھىلىنى ئىچكۈزۈپ، قانغا قوشۇلغان بەلغىمى ھۆللۈك چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. بۇ خىل بەلغەمنى چىقىرىش ئۈچۈن كابىلە ھېلىلىسى ناھايىتى پايدىلىق. قان خىلتى تەركىبىدىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن بادرەنجى بۇيا ئۇرۇقى، رەيھان ئۇرۇقى، پىرسىياۋشانغا ئوخشاش قۇرۇققا مايىل ئىسسىق دورىلار بېرىلىدۇ. بۇ دورىلارنى بېرىشتىن باشقا بەدەننى ماساژ قىلىپ بېرىش (ئۇۋۇلاش) ۋە چېنىقىشمۇ پايدىلىق.

ئەگەر قانىنىڭ سۇيۇلۇپ كېتىشى سەپرا خىلتىنىڭ ئارىلاشقانلىقىدىن بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا قانىنىڭ ئۈستىدە سېرىق كۆپۈكلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئىلاجى سەپرا خىلتىنىڭ مۇسھىلىنى بېرىپ ئۇنى سۈرۈپ چىقىرىۋېتىشتۇر. سەپرانى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن سېرىق ھېلىلە ناھايىتى پايدىلىقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا چىلان شەربىتى، نوقۇت سۈيى، شۇنداقلا قانىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنىڭ ھەممىسى پايدىلىقتۇر. سەپرانىڭ تەگشىگۈچلىرى قاتارىدا بايان قىلىنغان كاسىنە سۈيىمۇ ناھايىتى پايدىلىقتۇر.

قانىنىڭ بۇزۇلۇشى: ئوفۇنەت دەپ چىرىگەننى ئاتايدۇرلەر. ھەربىر خىلت ئەگەر چىرىگەن بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىللە قىزىتما بولىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق خىلت ھارارەتنىڭ زىيادىلىكىدىن بۇزۇلىدۇ. يەنى چىرىشنىڭ سەۋەبى ھارارەت (ئىسسىقلىق)تىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، ھارارەتنى نورماللاشتۇرۇشتا قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى دورىلار قاتارىدا بايان قىلىنغان قۇرۇق سوغۇق دورىلار بېرىلىدۇ.

قانىنىڭ قايىنىشى (بۇ دەسلەپتە بايان قىلىنىپ بولدى) دىگەنلىك قانىنىڭ چىرىشسىز قىزىپ قېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. چىرىش ئۈچۈن ئىسسىقلىقنىڭ بولۇشى زۆرۈردۇر. لېكىن ئىسسىقلىقنىڭ (ھارارەتنىڭ) توغۇلۇشى ئۈچۈن چىرىش ھاجەت ئەمەس.

**سەپرا خىلتىنىڭ ئۆزگىرىشى:** سەپرا خىلتىنىڭ ئۆزگىرىشى بەش خىل بولىدۇ: (1) سەپرا خىلتى تەركىبىگە سۇيۇق ھۆللۈك ئارىلىشىپ قالىدۇ. بۇ خىل سەپرا ئاچچىق سەپرا (مۇررەئى سەپرا) دەپ ئاتىلىدۇ. (2) سەپرا خىلتى تەركىبىگە قويۇق ھۆللۈك ئارىلىشىپ قالىدۇ. بۇ خىل سەپرا تۇخۇم سېرىقى رەڭلىك سەپرا (سەپرائى موھىييە) دەپ ئاتىلىدۇ. (3) ئاز مىقداردىكى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا سەپرا تەركىبىگە قوشۇلۇپ قالىدۇ. بۇ خىل سەپرا كۆيگەن سەپرا (سەپرئى موھتەرىقە) دەپ ئاتىلىدۇ. (4) توخۇم سېرىقى رەڭلىك سەپرا بىلەن كۆيگەن سەپرا بىرلەشكەن بولسا ئۇ كۇدە سۇيى رەڭلىك سەپرا (سەپرائى كورراسى) دەپ ئاتىلىدۇ. (5) ئاچچىق سەپرا بىلەن كۆيگەن سەپرا (بۇلاردا ئىسسىقلىق بەك زىيادە بولىدۇ) بىرلەشكەن بولسا بۇ خىل سەپرا رەڭگارەڭ سەپرا (سەپرائى رەڭگارەڭ) دەپ ئاتىلىدۇ. كۇدە سۇيى رەڭلىك سەپرا بىلەن رەڭگارەڭ سەپرا ئوتتۇرىسىدا شۇنچىلىك پەرق باركى، كۇدە سۇيى رەڭلىك سەپرادا ھارارەت نىسبەتەن كەم، رەڭگارەڭ سەپرادا نىسبەتەن زىيادە بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا ھەر ئىككىسى بىر خىل غەيرىي تەبىئىي سەپرا ھېسابلىنىدۇ.

سەپرانى تەڭشىگۈچى دورىلار تۆۋەندە يېزىلدى. ئىسسىقلىقنىڭ دەرىجىسىگە بېقىپ مۇۋاپىق سوغۇق دورىلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ. يەنى ھارارەت زىيادە بولسا سوغۇق دورىلارنى ئىچكۈزسە بولىدۇ. مۇبادا ھارارەت بەك كۈچلۈك بولسا كۈندە ئىككى ـ ئۈچ مەرتىۋە بېرىلىدۇ ياكى دورىلارنىڭ ئىستېمالى كۆپەيتىلىدۇ.

سەپرانى تەڭشىگۈچى يەككە دورىلار: ئىسپەغۇل، بېھى ئۇرۇقى، سېمىز ئوت، كاسىنە، ئىككى خىل تەرخەمەك (تۈز ۋە ئەگرى تەرخەمەك) ئۇرۇقى قۇرۇق يۇمغاقسۇت، سەندەل، ئۇسۇك بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ، ئىسپەغۇلنىڭ شىرىسىنى (لۇئابىنى) چىقىرىپ ياكى ئۇرۇقى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ،

هەرگىز سوقۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى سوقۇلغان ئىسپىغول بەزى مىزاجدىكىلەرگە زەھەرلەش تەسىرنى بېرىدۇ.

بېھى ئۇرۇقىنىڭ شىرىسى (لۇئابى) چىقىرىپ ئىشلىتىلىدۇ. يۆتەل ھالىتىدە چۈچۈمەل بېھىنىڭ ئۇرۇقى ئىشلىتىلمەيدۇ.

ئەگەر سېمىز ئوت ۋە كاسىنە ئورۇقلىرىنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە ئۇنىڭ تەمىنى چىقىرىپ ئىشلىتىلىدۇ. ھەرگىز ئۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى سوقۇپ سۈيى سىقىپ ئېلىنمايدۇ. كاسىنەكۆكىنى سۇ بىلەن يۇماسلىق لازىم. چۈنكى يۇيۇش بىلەن ئۇنىڭ تەسىرى (داۋالىق) يوقاپ كېتىدۇ. كاسىنە كۆكىنى سۇغا چىلاپ ئىككى ئۈچ قايىنىتىپ ئوبدان كۆپكەن چېغىدا سۈيىنى ئايرىپ ئېلىپ بۇ سۇغا ناۋات ياكى چۈچۈمەللەر (تەمرى ھىندى ياكى ئەينۇلانىڭ سۈيى ۋە ياكى سىركەنجۇبىل)نى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە ناھايىتى پايدىلىق. قان تازىلاش تەسىرى ئاجايىپ كۈچلۈك دورا بولىدۇ.ئوسۇڭ ئۇرۇقى ۋە خىيارىن ئۇرۇقلىرىنىڭ شىرىسى چىقىرىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. سېمىزئوتىنىڭ قارىلىقىنى يوقىتىشتا بەك يوقىتىۋەتمەسلىك لازىم. چۈنكى قارىلىقى يوقىتىۋېتىلگەن سېمىزئوت ئۈنۈمسىز بولۇپ قالىدۇ.

يۇمغاقسۈتنى سۇغا چىلاپ قويۇپ سۈزۈپ ناۋات قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. چۈنكى يۇمغاقسۈتنىڭ سۈدىكى تاتلىقى تېز ئۈنۈم بېرىدۇ.

سەندەلنى سودا سۈرۈپ ئىچكۈزۈلسە، ھارارەتنىڭ زىيادىلىكىنى يىراقلاشتۇرىدۇ. ئاق سەندەل قىزىل سەندەلدىن ياخشىراقتۇر.

كاپۇرنى 0. 24g گرام مىقداردا ئىشلەتكەندە قانداقلا ھارارەت بولمىسۇن ئۇنى يىراقلاشتۇرالايدۇ. چۈنكى كاپۇر بەك سوغۇق، شۇڭا ئىسسىق مىزاجلىق ياش ئەرلەردىن باشقىلارغا بېرىلمەيدۇ.

مەزكۇر دورىلاردىن باشقا سوغۇق مېۋىلەر مەسىلەن، تاۋۇز ۋە مۇشۇڭغا ئوخشاش چۈچۈمەل نەرسىلەر سەپرا خىلىتىنى تەڭشەيدۇ. تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، ئاياللار، بالىلار ۋە ئاغۋاتلارغا بەك سوغۇقلۇق قىلماسلىق لازىم.

سەپرانى تەڭشىگۈچى مۇرەككەپ دورىلار: سەپرانى تەڭشەش ئۈچۈن قۇرسى تاباشىر مولەييىن، قۇرسى تاباشىر قابىز، قۇرسى كافور، سەندەل

شەربىتى، ئەينۇلا شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان مۇرەككەپ دورىلار مەخسۇستۇر. بۇلاردىن باشقا سوغۇق دورىلارنى پۈرۈتمىش ياكى چىپىشمۇ سەپرانى تەڭشەپ، ھارارەتنى پەسەيتىدۇ.

**بەلغەم خىلتىنىڭ ئۆزگىرىشى:** بەلغەم خىلتىدىمۇ بەش خىل ئۆزگىرىش ۋە بۇزۇلۇش بولىدۇ. (1) ئاز مىقداردا قان بەلغەم خىلتىگە قوشۇلۇپ ئۇنىڭ مىزاجىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بۇ خىل بەلغەم تاتلىق بەلغەم (بەلغەمى شىرىن) دەپ ئاتىلىدۇ. (2) كۆيگەن سەپرا بەلغەم خىلتىغا قوشۇلسا ئۇ تۇزلۇق بەلغەم (بەلغەمى شور) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى سەپراغا يېقىندۇر. (3) زەئىپ ھارارەت بەلغەم خىلتىگە تەسىر قىلسا، ئۇنى چۈچۈمەل بەلغەم (بەلغەمى تۇرۇش) دەپ ئاتايمىز. (4) ئازراق سەۋدا بەلغەم خىلتىگە قوشۇلسا، بۇ موزا تەملىك بەلغەم (بەلغەمى ئەپەس) دېيىلىدۇ. بەلغەم خىلتى تەركىبىدە ھۆللۈك زىيادە بولۇپ كەتسە، ئۇ تەمسىز بەلغەم (بەلغەمى تىفە) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ غەيرىي تەبىئىي بەلغەمنىڭ ھەممىسىدىن سوغۇقتۇر.

بەلغەم خىلتىنى تەڭشىگۈچى دورىلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

بەلغەمنى تەڭشىگۈچى يەككە دورىلار: بەدىيان، رۇم بەدىيان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، زىرە، دارچىن، قاقىلە، بەرەنجاسەپ (شام ياغىچى)، سۇنبۇل، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىقلار.

تىۋىپ ھەربىر دورىنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە ئىشلەتسە بولىدۇ. بەلغەم خىلتىغا نىسبەتەن قايناتما دورىلارنى تەييارلاپ ئىشلەتكەن ياخشى. لېكىن شۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇكى: بەلغەم خىلتى چىرىگەن (ئۇفۇنەتلەنگەن) ئەھۋالدا بەك ئىسسىق دورىلار ئىشلەتىلمەيدۇ. جۈملىدىن شورلۇق بەلغەم خىلتىدا تومۇرلار ئىچىدىكى چىرىگەن بەلغەمنى سۈرۈپ چىقىرىشتا سىرىق ئوتنىڭ ئۇرۇقى مەخسۇس دورىدۇر.

ئۇفۇنەتلەنگەن بەلغەم خىلتىنى تەڭشەشتە سەپرا خىلتىنىڭ تەڭشىگۈچىلىرىدىن زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق ئېلىپ بەلغەم خىلتىنىڭ تەڭشىگۈچلە-

رى بىلەن قوشۇپ بېرىش لازىم.

بەلغەم خىلتىنى تەڭشىگۈچى مۇرەككەپ دورىلار: ماددەتۇلھايات، مەجۇنى زەنجىۋىل، مەجۇنى سوم، جاۋارىش جالىنوس ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئىسسىق تەبىئەتلىك مۇرەككەپ دورىلار بەلغەم خىلتىنى تەڭشەيدۇ. لېكىن بۇ دورىلار بەلغەم خىلتى چىرىمىگەن (ئوفۇنەتلەنمىگەن) ، قىزىتما بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر قىزىتما بولسا قۇرسى گۇل، قۇرسى غافەس، سىركەنجىۋىل بوزورى مۆتەدىل، سىركەنجىۋىل بوزورى ھار، گۇلقەنت ۋە شەربىتى بوزورى مۆتەدىل ياكى ھار قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

## سەۋدا خىلتىنىڭ ئۆزگىرىشى:

سەۋدا خىلتىدىمۇ بەش خىل ئۆزگىرىش ۋە بۇزۇلۇش بولىدۇ:

1ـ تەبىئىي سەۋدا ئۆزىنىڭ تەبىئىي مىقدارىدىن كۆپىيىپ كېتىدۇ.

2 ـ تەبىئىي سەۋدا كۆيۈپ غەيرىي تەبىئىي سەۋدانى شەكىللەندۈرىدۇ.

3 ـ قان خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ھاسىل بولىدۇ.

4 ـ بەلغەم خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ھاسىل بولىدۇ.

5 ـ سەپرا خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى ھەربىر خىلىت كۆيسە غەيرىي تەبىئىي سەۋدانى شەكىللەندۈرىدۇ.

خىلتلار كۆيدى دېگەنلىك، خىلتلارنىڭ نازۇك، لەتىپ ۋە سۇيۇق تەركىبلىرىنىڭ تارقاپ، قويۇق تەركىبلىرىنىڭ قېقىلىشىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئاساسلىقى خىلتلار ئۆزىنىڭ جىنسىدىن چىقىپ كېتىدىغان ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت. ھەرگىزمۇ كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىدىغان ئۆزگىرىش ئەمەس.

بىز قايتۇرۇش ـ تارقىتىش (تەھلىل) ئۇقۇمىنى شۇ ۋەجىدىن قوشۇپ قويدۇقكى: ئەگەر بىرەر خىلىت سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن قويۇلۇپ قالغان

بولسا، تېبابەتچىلىكتە ئۇنى سوغۇقتىن ماددىنىڭ ئۇيۇش قانۇنىيىتى بويىچە ئۇيۇغان گەجسىمان بەلغەم خىلىتى (بۇنىڭدا سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن ئۇيۇپ گەجدەك بولۇپ قالغانغا ئوخشاش) دەپ قاراپ، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا دەپ ھېسابلىمايدۇ . بۇلاردا ماددىنى تارقىتىش (تەھلىل قىلىش) ئالدىنقى شەرتتۇر. ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، گەجسىمان بەلغەم دېـگەن ئاتالغۇنىڭ قويۇلىشىدا تېۋىپلارنىڭ كۆز قارىشى ئاساسلىقى، ئۇنىڭ رەڭگىگە، گەجگە ئوخشاش ئاقلىقىغا قارىتىلغان، ھەرگىزمۇ گەجدەك قاتتىق بولغانلىقىغا قارىتىلغان ئەمەس. لېكىن بەزى كىشىلەر بۇ خىل بەلغەم گەجگە ئوخشاش قاتتىق بولغىنى ئۈچۈن بۇ نام بېرىلگەن دەپ قارايدۇ.

سەۋدانى تەڭشىگۈچى يەككە دورىلار: سەرپىستان، گاۋزىبان ھىندى، قوغۇن ئۇرۇقى، چوچۇكبويا يىلتىزى، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، ئەنجۇر مونـەكى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ۋە موشۇنىڭغا ئوخشاش ھۆل ئىسسىق دورىلار سەۋدانى تەڭشەيدۇ ۋە ئىسلاھ قىلىدۇ.

ئەگەر ئىسسىق خىلتلار (قان ياكى سەپرا) نىڭ كۆيۈشىدىن غەيرىي تەبىئىي سەۋدا شەكىللەنگەن بولسا، سېمىزئوت، بېھى ئۇرۇقى، خىيارنىڭ ئۇرۇقى ۋە موشۇنىڭغا ئوخشاش ھۆل سوغۇق دورىلار بېرىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ھۆل ئىسسىق دورىلار بېرىلىدۇ ياكى ئىسسىق سوغۇقلۇقتا مۆتىدىل بولغان دورىلار بېرىلىدۇ. سەۋدانى تەڭشىگۈچى مۇرەككەپ دورىـلار: سىركەنجۇبىل ئەفتىمۇنى، ئامىلە نوشىدارى، مەجۇنى سوقرات ياكى مەجۇنى موپەررىھدىلكوشا، شەربىتى گاۋزىبان، شەربىتى بادىرەنجى بويا ۋە موشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا مۇرەككەپ دورىلار سەۋدا خىلتىنى تەڭشەيدۇ. لېكىن بۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىسسىقلىق سوغۇقلۇق ئېتىبارى بىلەن مىزاجقا دىققەت قىلىنىدۇ.

سەۋدا خىلتى ئوفۇنەتلەنگەن (چىرىگەن) ئەھۋال ئاستىدا بۇ قاينـتىلمىنى بېرىش ناھايىتى پايدىلىق. قاينىتىلما نۇسخىسى: مونگا ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ھەربىرى 9 گرام، چوچۇكبويا يىلتىزى، زىخ ھەربىرى 7 گرام، گاۋزىبان 5 گرام، قائىدە بويىچە قاينىتىلما ياساپ قەنت ياكى سىركەنجۇبىل ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. لېكىن بۇ دورىنى

ئىستېمال قىلىشتىن ئىلگىرى مۇنزىچ بىرىپ ماددىنى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىشلەتكەندە دورىنىڭ تەسىرى تېز كۆرۈلىدۇ. سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەردە دورىنى ئۇزاقراق ئىشلىتىش كېرەك (چۈنكى سەۋدا دورىنىڭ تەسىرىنى تەستىرەك قوبۇل قىلىدۇ). قىزىتمىلارنىڭ بايانىدا ئۇفۇنەتنى يوقاتقۇچى دورىلار بىر قەدەر تولۇق بايان قىلىنىدۇ.

پايدىلىنىش: تۆۋەندە سىرتىدىن ئىشلىتىلىدىغان تەكشىگۈچىلەرنى بايان قىلىمىز: بۇلار ئاشقازانغا كىرمەي تۇرۇپ پۈتۈن بەدەن ياكى مەلۇم بىر ئەزادىكى خىلىتلارنى تەكشەيدۇ. بۇلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ. مەسلەن، شۇمۇم، لەخلەخە، نوفۇخ، سەئۇت ۋە جۇر، سونۇن، قوتۇر، نوتۇل، سۇكۇپ، ئىنكىباب كىماد، تەدىمىن، تەمرىخ، كوھەل، بەرود، زەرور، بوخور، تىلاد، زىماد، ھۆقنە، فەتىلە، شىياف، ھەمەل، فەرزىجە، ئابزەن، پاشۇيەلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ مەنىسى تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ.

شۇمۇم ـ مەيلى قورۇق، مەيلى ھۆل بولسۇن، پۇرىتىلىدىغان دورىلار شۇمۇم (پۇرىتىلما) دەپ ئاتىلىدۇ.

لەخلەخە ـ شىشىگە قاچىلاپ پۇرتىلىدىغان سۇيۇق خۇش پۇراق دورىلار لەخلەخە (سۇيۇق پۇرتىلما) دەپ ئاتىلىدۇ.

نوفۇخ ـ بۇرۇنغا پۈركىلىدىغان (پاراشوك) دورىلار نوفۇخ (بۇرۇن پۈركىلمىلىرى) دەپ ئاتىلىدۇ.

سەئۇت ـ بۇرۇنغا تېمىتىلىدىغان (سۇيۇق) دورىلار سەئۇت (بۇرۇن تېمىتمىسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ۋەجۇر ـ گالغا تېمىتىلىدىغان (سۇيۇق) دورىلار ۋەجۇر (گال تېمىتىلمىلىرى) دەپ ئاتىلىدۇ.

سونۇن ـ چىش ۋە چىش مىلىكىگە سىپىلىدىغان پاراشوكلار سونۇن (چىش پاراشوكى) دەپ ئاتىلىدۇ.

قوتۇر ـ قۇلاق ۋە باشقا تۆشۈكلەر (كۆز، بۇرۇن ۋە باشقىلار) غا تېمىتىلىدىغان تېمىتىلمىلار قوتۇر (تېمىتىلما) دەپ ئاتىلىدۇ.

نوتۇل ـ خالىس سۇ ياكى دورىلارنىڭ قايناتىپ ئېلىنغان سۈيىنى

باش تەرەپتىن تۆۋەنگە قارىتىپ ئۆزمەي قويۇشنى نوتۇل (يۇيۇلما) دەپ ئاتايدۇ. بەزىدە ئابزەن ۋە ئىنكىبابلارمۇ نوتۇل دەپ قارىلىدۇ.

سۇكۇپ ـ سويۇق دورىلارنى بەدەننىڭ مەخسۇس ئورۇنلىرىغا ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ قۇيۇشى سۇكۇپ (سۇيۇق قۇيۇلما) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىنكىباب ـ بەدەننى رەخت بىلەن ئوراپ تۇرۇپ باشنى ئېگىپ ھۆددى تەرلىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغاندەك قايناق سۇ ياكى دورا قاينىتىلغان سۇنىڭ ھورىنى (بۇسىنى) يەتكۈزۈش ئىنكىباب (ھورداق) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا قۇلاققا ھور يەتكۈزۈشمۇ ئىنكىباب دېيىلىدۇ.

كىماد ـ مەيلى قۇرۇق، مەيلى ھۆل نەرسە بولسۇن، ئۇنى ئىسسىتىپ ئەزاغا قۇيۇش، سوۋۇپ قالغاندا يەنە ئىسسىتىپ قۇيۇش كىماد (ئىسسىق ئۆتكۈزۈش) دېيىلىدۇ.

تەمرىخ ـ بەدەنگە سۈركىلىدىغان سۇيۇق دورىلار تەمرىخ (سۇۋالمىلا-ر) دەپ ئاتىلىدۇ.

تەدىمىن ـ ياغلار بىلەن بەدەننى ياغلاش تەدىمىن (ياغلاش) دەپ ئاتىلىدۇ.

ھۆقنە ـ سۇ ياكى دورىنى قايناتقان سۇنى كلىزما قاچىسىغا قۇيۇپ مەقئەت يولى ئارقىلىق ئۈچەيگە (ياكى سۇيدۈك يولى ئارقىلىق دوۋساققا ياكى جىنسىي يول ئارقىلىق بالىياتقۇغا يەتكۈزۈلىدىغان مەشھۇر ئۇسۇل ھۆقنە (كلىزما) دەپ ئاتىلىدۇ.

شىياف: دورىلارنى شامچە ياساپ مەقئەت ياكى جىنسىي يولغا كىرگۈ-زۈش ۋە ياكى ئۇنى سۇدا ئېرىتىپ كۆزگە تېمىتىشمۇ شىياف (شامچە) دەپ ئاتىلىدۇ.

فەتىيلە ـ دورىلاردىن شامچە ياساپ مەقئەت، ئاياللار جىنسىي ئەزاسى ياكى قۇلاق ياكى بۇرۇن ۋە ياكى زەخملەرگە قويۇش فەتىيلە (پەلكۈچ) دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەمەل ـ دورىنى رەخت پارچىسىغا يۇقتۇرۇپ جىنسىي يول، مەقئەت قاتارلىق ئورۇنلارغا قويۇش ھەمەل (دورىلىق لاتا قويۇش) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاياللار جىنسىي ئەزاسىغا قويۇشنىڭ خاس نامى فەرزىجە (جىنسى

يولغا دورا قويۇش) دەپ ئاتىلىدۇ.
كۇھەل ـ سۇرمە تايىقى ئارقىلىق كۆزگە سۇرىلىدىغان دورىلار سۇرمىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.
بەرود ـ سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلاردىن تەييارلىنىپ مەخسۇس كۆزگە ئىشلىتىلىدىغان ئۇسۇل بەرود (كۆزگە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش) دەپ ئاتىلىدۇ.
زەرور ـ قۇرۇق دورىلارنى ناھايىتى يۇمشاق ئېزىپ كۆز ياكى زەخمىلەرگە پۈركۈش ئۇسۇلى زەرور (پۈركۈلمە) دەپ ئاتىلىدۇ.
بوخۇر ـ دورىلارنى كۆيدۈرۈپ ئۇنىڭ ئىسسىنى دىماغقىچە يەتكۈزۈش ياكى بۇنىڭ ئىسسىنى مەلۇم بىر ئەزاغا يەتكۈزۈشنىڭ مەخسۇس نامى بوخور (ئىسرىقلاش) دەپ ئاتىلىدۇ.
زىماد ـ ھۆل ھەم قويۇق دورىلارنى بەدەنگە چېپىش زىماد (چېپىلما) دەپ ئاتىلىدۇ.
تىلا ـ ھۆل سويۇق دورىلارنى بەدەنگە سۈۋاش تىلا (سۈۋالما) دەپ ئاتىلىدۇ.
ئابزەن ـ دورىلارنى قايناتقان سۇ ياكى خالىس سۇ ئېلىنغان چوڭ قاچىغا سېلىپ ئۇنىڭدا بىمارنى ئولتۇرغۇزۇش ئۇسۇلى ئابزەن (دورا قايناتىلمىسىدا ئولتۇرغۇزۇش) دەپ ئاتىلىدۇ.
پاشۇيە ـ پەقەت ئىسسىق سۇ ياكى بۇغداي كېپىكى، ئاق لەيلىگۈل، بىنەپشە گۈلى، بابۇنە، سۆگەت يوپۇرمىقى قاتارلىق دورىلاردىن بىر ياكى بىر قانچىسىنى سۇغا چىلاپ قويۇپ قايناتىپ قول كۆيمىگۇدەك بولغاندا بىمارنىڭ پۇتىنى تىزىغىچە چىلاپ بېرىش پاشۇيە (دورا قايناتىلمىسىدا پۇتىنى يۇيۇش) دەپ ئاتىلىدۇ. پاشۇيە ئىسسىقتىن بولغان قىزىتمىلاردا باش ئاغرىش ۋە باش تەرەپكە بۇخاراتنىڭ ئۆرلىشىنى پەسەيتىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. پاشۇيە قىلغان ۋاقىتتا بىمارنىڭ بېشىغا تەكىيە قويۇپ ئېغىزمان تەرەپكە مايىلراق تۇتۇپ بېرىش، يۈزنى نىقابلاش كېرەك. يەنى سۇنىڭ ھورى مېڭىگە يېتىپ بارماسلىق كېرەك. چۈنكى سۇنىڭ ھورى مېڭىگە يېتىپ بېرىش بىلەن بەزىلەردە ئەقلى ئېلىشىش ۋە خەفەقان (يۈرەك قوزغىلىش) ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ قالىدۇ.

# ئورتاقلىققا ئىگە نۇسخىلار

شۇمۇم (پۇرىتىلما) نۇسخىسى ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەر ئۈچۈن پايدىلىق. ئاق سەندەلنى ئېزىپ يۇمغاقسۇت كۆكنىڭ سۈيى ۋە قىزىلگۈل ئەرقىگە ئارىلاشتۇرۇپ پۇرىتىلىدۇ. ئەگەر لەخلەخە (سۇيۇق پۇرىتىلما) قىلىپ (يەنى بۇ دورىلارنى ئىددىشقا سېلىپ پۇرىتىلىدىغان پۇرىتىلما) قىلىپ تەييارلانسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەگەر بىماردا ئۇيقۇسىزلىق بولسا سىركە ئارىلاشتۇرماسلىق لازىم. ئەگەر ھارارەت بەك زىيادە بولسا بۇ نۇسخىغا كاپۇر قوشۇلىدۇ. تەرخەمەكنى يالپاقلاپ ۋە باشقا سوغۇق مېۋىلەر ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك گۈللەرنى پۇراشمۇ ناھايىتى پايدىلىقتۇر. ئەگەر بىمارغا يۇمغاقسۇتنىڭ پۇرىقى ياقمىسا ئۇنىڭ ئورنىغا تاۋۇز ياكى پىشقان قاپاقنىڭ سۈيى ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

پۇرىتىلما (شۇمۇم). بۇ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر ئۈچۈن پايدىلىق. تەركىبى: ئىپار، ئەنبەر، دارچىن، قۇندۇز قەھرى، قەلەمپۇر، زەپەر، سىياھ دانە. ئۇلاردىن زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق ئېلىپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

سوغۇق بۇرۇن تېمىتىلمىسى (سۇئۇت بارىد) مېڭىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پايدىلىق. تەركىبى: ئوسۇڭنىڭ سۈيى، نىلۇپەر يېغى ھەربىرى بىر ھەسسە، قىز بالا ئىمىتىۋاتقان ئايالنىڭ سۈتى ئىككى ھەسسە، دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، سەئۇت تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر نىلۇپەر يېغىنىڭ ئورنىغا قاپاق يېغى ياكى بادام يېغى قوشۇلسا ناھايىتى پايدىلىق. ئەگەر بىمارنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىسە خەشخاش يېغى ھەممىدىن ياخشىدۇر. بۇرۇن تېمىتىلمىسى (سەئۇت) نۇسخىسى مېڭىنىڭ ھۆل سوغۇق كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پايدىلىق. تەركىبى: سەبرى، مورمەككى، كۈندۈر، رۇسۇت (ھوزىزى مەككى)، قۇندۇز قەھرى، زەپەر قاتارلىقلارنى رەيھان ياكى مەرزەنجۇش سۈيى ياكى خالىس سۇدا ئېزىپ سۇئۇت تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.نوفۇخ (بۇرۇن پۈركەتمىسى). نۇسخىسى: سەكتە

كېسەللىكلىرىنى هوشىغا كەلتۈرىدۇ. مېڭىنىڭ تومۇرلىرىنى (سۆددە) لىرىنى ئاچىدۇ. كۈندۈش، كات ھىندى قاتارلىقلارنى سوقۇپ تاسقاپ بۇرۇنغا پۈركىلىدۇ.

ۋەجۇر (گال تېمىتىلمىسى نۇسخىسى): بالىلارنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى ئۈچۈن پايدىلىق. يالپۇز، قۇندۇز قەھرى، زىرە كىرمانى. ئۈچىنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ سۈتتە ئېرىتىپ گالغا تېمىتىلىدۇ.

يەنە بىر ۋەجۇر (گال تېمىتىلمىسى) نۇسخىسى: سەرئى كېسىلى بىلەن ئاغرىغان بىمارلارنى هوشىغا كەلتۈرىدۇ. تەركىبى: ھىڭ، قۇندۇز قەھرىنى ھەسەللىك سىركەنجۇبىل ئېرىتىپ گالغا تېمىتىلىدۇ.

چىش پاراشوكى (سونۇن) نۇسخىسى: چىش مىدىرلاپ قېلىشقا پايدىلىق. تەركىبى: سۆرۈنجان، قەلەمپۇر، سەئىدى كۈفى، قاقىلە، سېرىق ھېلىلە، پوستى ئاق سەندەل، قىزىلگۈل باراۋەر ۋەزىندە ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بەدەندە ھارارەت بولسا قەلەمپۇر قوشۇلمىسا بولىدۇ. قوتۇر (قۇلاق تېمىتىلمىسى) نۇسخىسى: ئىسسىقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقى ئۈچۈن پايدىلىق. گۈل يېغى 18 مىللىلىتىر، بادام يېغى 7 گرام، ئۈزۈم سىركىسى 26 مىللىلىتىر. يۇقىرىقى ئۈچ خىل دورىنى ئارىلاشتۇرۇپ، يېنىك ئوت بىلەن قاينىتىپ، سىركە پارچىلىنىپ پەقەت ياغ قېلىپقالغاندىن كېيىن ئېلىپ، ئىللىق ھالدا ئازغىنە قۇلاققا تېمىتىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىق زىيادە بولسا ئازراق ئەپيۇن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

يەنە بىر قوتۇر نۇسخىسى: تاناسىل ئەزانىڭ يارىسى ۋە سۈيدۈكنىڭ كۆيۈشۈپ كېلىشكە پايدىلىق. تەركىبى: ئۈپا كۈندۈر، ئەنزۇروت، ئەرەب يېلىمى، نىشاستە، خۇنسىياۋشان قاتارلىقلاردىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، قىز بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالنىڭ سۈتىدە ئېرىتىپ سۈيدۈك يولىغا تېمىتىلىدۇ.

نوتۇل (يۇيۇلما) ( I ): ئويقۇ كەلتۈرىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان سەر-سام ئۈچۈن پايدىلىق. تەركىبى: بىنەپشە، ئوسۇك ئۇرۇقى ھەربىرى 6 گرام، پوستى خەشخاش، قىزىلگۈل، نىلۇپەر، كۆك قاپاقنىڭ سىرتقى پوستى، بابۇنە ھەربىرى 36 گرام، ئارپا ئۇنى 150 گرام. ھەممە دورىلارنى 5

كىلوگرام سۇدا قاينىتىپ، نوتۇل تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بىر نوتۇل ( Ⅱ ) : باشنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پايدىلىق. بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، ياۋا پىننە (نامام)، مەرزەنجۇش، بەرەنجاسەپ، يالپۇز غاردەردىخى يوپۇرمىقى تامام دورىلارنى باراۋەر ۋەزىندە ئېلىپ سودا قاينىتىپ، ئىلمان ھالەتتە باشقا قويۇلىدۇ، ھورى دىماغقا يەتكۈزۈلىدۇ. ئەسكەرتىش: مېڭىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلىرىدە ئومۇمىي تازىلىقنى تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن، نوتۇل ئىشلىتىلسە بولىدۇ. نوتۇل ( Ⅲ ) ئەزالاردىن يەلنى تارقىتىدۇ. بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، كەرەپشە، بەديان، كەرەپشە ئۇرۇقى، زىرە گېرمانى، مەرزەنجۇش، سىرىقچېچەك، يالپۇزلاردىن (مۇۋاپىق مىقداردا) ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ نوتۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ نوتۇلنى ۋاننا قىلىپ ئىشلەتسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەگەر بۇ دورىلار بىلەن ھوردىتىلسا (ھورداق قىلسا) يەلدىن بولغان باش ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

قۇرۇق كەماد (ئىسسىق ئۆتكۈزۈش) نۇسخىسى: ئەزالاردىن يەلنى تارقىتىدۇ. تەركىبى: تېرىق بىلەن تۇزنى خالتىغا سېلىپ ئىسسىتىپ بەدەنگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. قۇم ياكى كېپەكنى خالتىغا سېلىپ ئىسسىتىپ ياكى خىشنى ئىسسىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈشمۇ مۇشۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ھۆل كىماد (ئىسسىق تېگىشىش) نۇسخىسى: ئەزالارنى يۇمشىتىدۇ. بۇ ئاغرىق پەسەيتىدۇ. بىنەپشە، بابۇنە، سىرىقچېچەك ئۇرۇقى ئۈچىنى قاينىتىپ سۈزۈپ، سۈيىنى ئۆچكە ياكى كالىنىڭ سۈيدۈك خالتىسىغا سېلىپ ئىسسىق پېتى ئەزالارغا تېگىلىدۇ. ئەگەر بۇ دورا سۈيىنى بولۇتقا ئىچكۈزۈپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

تەدىمىن (ياغلاش)، تەمرىخ (سۈۋالمىلار) كوھەل (سۈرمىلەر) زەرەر (قۇرۇق پۇركۈمىلەر) لەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورنىدا يېزىلدى ھەركېسەلدە زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

بوخور (ئىسرىق نۇسخىسى) : مېڭىنى قۇۋۋەتلەپ، زېھنىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. خەفەقان (يۈرەك قوزغىلىش)، غىشى (ئايلىنىشى)، سېزىملار (ئىچكى تاشقى سىزىم) ئاجىزلىق ئۈچۈن پايدىلىق. تەركىبى: ئېگىر، قۇستە شىرىن، ئاق سەندەل ھەربىرى ئۈچ گرام، ئىپار، كاپۇر ھەربىرى 1.5 گرام،

سوقۇپ، تاسقاپ قىزىلگۈل ئەرقىدە خېمىر قىلىپ كۆمىلاچ ياسىلىدۇ ۋە ئېھتىياجغا مۇۋاپىق ئېلىپ چوغىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ئىسرىقلىنىدۇ.

يەنە بىر ئىسرىق نۇسخىسى: تەر كەلتۈرىدۇ. كۆپرەك ئىشلەتكەندە بەلغەمى سەپرادىن بولغان قىزىتما (تەپ غەيرە خالىس) ۋە بەلغەمى قىزىتمىلارنى يىراقلاشتۇرىدۇ. دورىنى ماددىنى پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىشلىتىش لازىم. تەركىبى: بەدىيان يىلتىزىنىڭ پوستى، بەدىيان بۇ ئىككى دورىنى ئىسرىقدانغا سېلىپ، بەدەننى رەخت بىلەن ئوراپ، تەر كەلگۈچە ئىسرىقلىنىدۇ.

خىلا (سوۋالما)، زىماد (چىپىلما)، ھۆقنە (كلىزما) فەتىلە (پىلىكۈچ) شافە (شامچە) ھومۇل (ھەمەلچە) زەرۇر (پۈركۈلمە) قاتارلىقلارنى كېسەلنىڭ مىزاجىنى تونۇپ ھاجەتكە مۇۋاپىق ئىشلىسە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەربىرى كېسەللىك قىسمىدا يېزىلىدۇ.

ئابزەن (دورا قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرۇش) نۇسخىسى: بەدەننىڭ قۇرۇقلۇقىنى يىراقلاشتۇرىدۇ. جۈدەتكۈچى قىزىتما ئۈچۈن پايدىلىق. تەركىبى: قاپاق، تەرخەمەك، سېمىزئوت، ئوسۇك، تاۋۇز، نېلۇپەر، گۈل بىنەپشە، ئاقلانغان ئارپا قاتارلىقلارنىڭ تامامىسىنى ياكى ئۇلاردىن تېپىلغانلىرىنى ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ بىر چوڭ قاچىغا، يەنى بىمار گېلىغىچە دورا قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرالىغۇدەك) قويۇپ، ئۇنىڭدا بىمار ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. بىر سائەت ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن چىقىرىپ بىنەپشە يېغى ياكى قاپاق يېغى بىلەن بەدەن ياغلىنىدۇ. ئابزەننىڭ بۇنىڭدىن باشقا نۇسخىلىرى ھەربىر كېسەلگە خاس بولۇپ، شۇ كېسەللەرنىڭ بايانىدا يېزىلىدۇ.

پاشۇيە (دورا قاينىتىلمىسىدا پۇتنى يۇيۇش) سوغۇق ماددىنى سۈمۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. ئۇنىڭ ئۇسۇلى بايان قىلىنىپ بولدى. پاشۇيە قىلغان ۋاقىتتا قولنىمۇ سۇغا چىلاپ بېرىش ناھايىتى پايدىلىق.

ئىزاھات: پاقالچەقنى باغلاش، ئالىقان ۋە تاپاننى موجۇش باش قىسمىدىن ماددىنى سۈمۈرۈش ئۈچۈن پاشۇيەنىڭ ئورنىنى باسالايدۇ. بەلكى بەزى ۋاقىتلاردا پاشۇيەدىنمۇ زىيادە پايدىلىق، لېكىن پۇتنى چوڭ يوتىدىن باشلاپ باغلاش، يەشكەن چاغدا پۇت تەرەپتىن ئېچىش ھەمدە

ئاچقان ۋاقىتتا پۈت ئىسسىق سۇغا چىلاپ بېرىلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا سۇمۇرۇلگەن بۇخاراتنىڭ باش تەرەپكە قايتىپ بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## قان ئېلىش

قان ئېلىش تولۇق ئىستىفراغ (ئىستىفراغى كۇللى) دۇر. تولۇق ئىستىفراغ دەپ ئېيتىشتىكى مەقسەت، بۇنىڭ ھەربىر خىلىت چىقىدۇ. چۈنكى قاندا باشقا خىلىتلارمۇ ئارىلىشىپ تۇرغان بولىدۇ. يەنى قان تومۇرلاردا قان بولغىنىغا ئوخشاش سەپرا، بەلغەم، سەۋدامۇ قان بىلەن بىللە قوشۇلۇپ تۇرغان بولىدۇ. قاچانكى قان ئېلىنسا، قان تومۇرلاردا نېمە بولسا ئۇ چوقۇم چىقىدۇ. خۇسۇسەن قان خىلىتى زىيادىرەك چىقىدۇ، باشقا خىلىتلار ئازراق چىقىدۇ. قان ئېلىشتىن ئۆزگە تەنقىيەنىڭ باشقا ئۇسۇللىرى مەسىلەن، مۇسھىل بېرىش، قۇستۇرۇشلارمۇ بۇ داۋالاش ئۈنۈمىنى بېرەلمەيدۇ.

قان ئېلىش بىر قانچە ۋەجىدىن ھەممىدىن ياخشى ئىستىفراغ (ئومۇمىي بەدەنلىك سۈرۈپ چىقىرىش) دەپ قارار قىلىنىدى. بۇلاردىن بىرى: قان ئالغاندا تامامى خىلىتنى تەنقىيە (تازىلاش) قىلغىلى بولىدۇ. بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ بولدى.

ئىككىنچى: قان ئېلىش ئىختىيارىي سۇغۇرتا (ئومۇمىي بەدەنلىك تازىلاش) دۇر، يەنى ھەرقانداق ۋاقىتتا قان ئالغاندا، قان بۇزۇلغانلىقى مەلۇم بولمىسا (ياكى قان ئالغاندا بىرەر دىشۋارلىق بولۇپ قالسا) تېزدىن توختىتىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئەگەر مۇسھىل (سۈرگە دورىسى) سۈرگە ئىچكۈزۈپ كۆزلەنمىگەن غەيرىي تەبىئىي خىلىت (يەنى بەدەندىن چىقىرىپ تاشلاشقا تېگىشلىك بولمىغان ماددا) چىقىپ كەتكىلى تۇرسا، ئۇنى مۇسھىل ئۆزىنىڭ سۈرۈش تەسىرىنى (ئەمىلىنى) كۆرسىتىپ بولۇشتىن ئىلگىرى توختىتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەگەر مۇسھىل ئۆزىنىڭ تەسىرىنى (ئەمىلىنى) كۆرسىتىشتىن ئىلگىرى توختىتىۋېتىلسە، بەدەنگە نۇقسان (زىيان) يېتىدۇ.

ئۈچىنچى: قان ئېلىش ئۈچۈن ماددىنى پىشۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇنىڭ ئەكسىچە باشقا تەنقىيە (تازىلاش) لاردا تەنقىيەدىن ئاۋۋال

كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرۇش شەرت.

تۆتىنچى: قان ئېلىش پەقەت ئۇن ئىككى ياشتىن كىچىكلەرگە مەنئى قىلىنىدۇ. 12 ياشتىن چوڭ بارلىق ياشتىكىلەرگە قان ئېلىشقا توسالغۇ بولىدىغان بىرەر سەۋەب بولمىسا (مەسىلەن، زىيادە سوغۇق مىزاج بولمىسا ياكى قاتتىق سوغۇق پەسىل بولمىسا) مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە لوڭقا قويۇش ئاتمىشتىن ئاشقان كىشىلەرگە مەنئى قىلىنىدۇ.

پايدىلىنىش: بەزىدە قان خىلتى غەلىبە قىلغانلىقى ئېنىقلىنىپ قان ئېلىنىدۇ. ئەگەر قان ئازراق ئېلىنسا بۇ سەۋەبتىن ماددا (كېسەللەر ماددىسى) ھەرىكەتكە كېلىپ قىزىتمىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا دەرھال قان ئېلىش لازىم. ئوخشاشلا قانداق ۋاقىتتا سۈرگە دورىسى (مۇسھىل) بېرىلىپ تەسىرنى كۆرسەتمىسە، شۇنداقلا مېڭە ۋە يۈرەككىچە ئۇنىڭ زىيىنى يېتىپ بېرىپ بىئاراملىق ۋە ھوشىدىن كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، دەرھال قان ئېلىش لازىم. لېكىن ئەگەر بىمار زەھەرلەنگەن بولسا ياكى زەھەرلىك ھاشاراتلار چېقىۋالغان بولسا قان ئالماسلىق لازىم. ئەگەر جەرراھە دەپ ئاتىلىدىغان چايان چېقىۋالغان بولسا چوقۇم قان ئېلىش لازىم (جەرراھە چايانىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ماڭغان ۋاقىتتا قۇيرۇقىنى سۆرەپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئەگەر ئۇ بىرەرسىنى چېقىۋالسا، بەدىنىنىڭ تەر تۆشۈكچىلىرىدىن قان ئېقىشقا باشلايدۇ.) كۆپىنچە تېۋىپلار چۇما (تائۇن) كېسىلىدە قان ئېلىشنى مەنئى قىلدى. لېكىن تەجرىبىلەردىن ئايان بولدىكى، ئەگەر بىمارنىڭ بەدىنىدە قان كۆپ بولۇپ چۇما پەيدا قىلغان زەھەرلىك ماددا رەئىسى ئەزالارغىچە تەسىر قىلغان بولسا (چۇما زەھىرىنىڭ رەئىسى ئەزالارغىچە تەسىر قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئەقىل ئېلىشىش، ئاجىزلاپ كېتىش، ئايلىنىپ كېتىش ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا قوشۇمچە ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ)، چوقۇم قان ئېلىش لازىم.

قان ئېلىنىدىغان ۋاقىت ۋە قانداق كىشىلەردىن قان ئېلىشقا بولىدىغانلىقى، قانداق كىشىلەردىن قان ئېلىشقا بولمايدىغانلىقىغا ئالاقىدار بايانلار چوڭ كىتابلاردا يېزىلدى. بەزى تېۋىپلار قان ئېلىشنى مۇتلەق مەنئى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ.

قان ئېلىشقا ئالاقىدار زۆرۈر بولغان چاقىرىقلار تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ.
يەنى قانداق ئادەمدە قان ئالغاندا ئايلىنىپ كېتىدىغان ئەھۋال بولسا، قان ئېلىشتىن ئىلگىرى لىمون شەربىتى، ئاچچىق ئانار شەربىتىگە ئوخشاش دورىلارنى قىزىلگۈل ئەرەقىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، يەنە بىر چارە، ئازراق ئاققاندىن كېيىن قاناش ئورنىغا كۆرسەتكۈچ بارماقنى قويۇۋېلىپ قاننى توختىتىپ، بىمارنى ئازراق ئارام ئالدۇرۇۋالغاندىن كېيىن قاناش ئورنىدىن (زەخىمدىن) بارماقنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئازراق قان چىققاندىن كېيىن بارماقنى يەنە قويۇۋېلىپ قان توختىتىۋېلىنىدۇ. دېمەك، ئىككى — ئۈچ قېتىم ئارام ئالدۇرۇپ قان ئېلىنىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا ئومۇمەن ئايلىنىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ. ئەگەر قان ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئايلىنىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ئايلىنىپ كېتىشنى داۋالاشتا ھەممىدىن ياخشىسى توخۇنىڭ پېيىنى بىمارنىڭ گېلىغا سېلىپ قۇستۇرۇش، شۇنداقلا داۋائىلمىشكىنى سۇدا ئېرىتىپ گالغا تېمىتىشقا ئوخشاش ئۇسۇللار مەشھۇر بولۇپ، قوللىنىلسا بولىدۇ.
قان ئېلىنىدىغان كۈنى بىمارغا سىڭىشى تەس بولغان غىزالار بېرىلمەيدۇ. قان ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ھەربىر ئادەمگە قەن ھالۋىسى ۋە قەلەمپۇر دەرىخى يوپۇرمىقى يېگۈزىدىغان ئەھۋال كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان، شۇنىڭغا ئوخشاشلا بەزى بىلىمسىز تېۋىپلار قان ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بەدەننى سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرىدۇ. بۇ ھەر ئىككىسى توغرا ئەمەس. ئەگەر بىمار ئىسسىق مىزاج ئادەم بولسا، سوۋۇتقۇچى دورىلارنى ئىچكۈزسە بولىدۇ. چۈنكى قان خىلتىدىن قالسا سەپرا خىلتىمۇ غالىب ئورۇندا تۇرغان بولسا، ئۇنى پەسەيتىدۇ، ئەمما مىزاجى سوغۇق بولسا ئىسسىق دورىلارنى بەرگەندە ئومۇمىي بەدەن قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىدۇ، لېكىن زۆرۈرىيەتسىز ھېچقانداق نەرسە بېرىلمەيدۇ.
كۆپىنچە قان ئېلىنىدىغان تومۇرلار: قىيپال، ئەكھەل، باسلىق، ھەبەلۇل زىرا، ئۇسەيلىم، ئەپتى، سافىن، ئەرەقىننىسا، مابەز، چاھاررەگ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.
قىيپال تومۇرنى سەرارۇ تومۇرى دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ تومۇر باش بارماق

ئۇدۇلى، جەينەك بوغۇمىنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ تومۇردىن قان ئېلىش باش ۋە ئېغىز كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

ئەكھەل تومۇر: بۇ يەتتە ئەزا ۋە بەدەن دېڭىزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كۆرسەتكۈچ بارماق ئۇدۇلى، جەينەك بوغۇمىنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان. ئۇنىڭدىن قان ئېلىش بارلىق كېسەللىكلەر ئۈچۈن پايدىلىق.

باسلىق تومۇرى: بۇ تومۇر ئوتتۇرا بارماق ئودۇلى جەينەك بوغۇمىنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن قان ئېلىش گەدەننىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا ۋە پۇتلاردا كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر ئۈچۈن پايدىلىق. ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، بۇ تومۇرنىڭ ئاستىدا بىر قىزىل قان تومۇر بار. مەزكۇر ئورۇنغا بارماقنى قويغاندا سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇ قىزىل تومۇرنىڭ بىرىنچى بولۇپ بۇنىڭدىن تومۇر تۇتۇلىدۇ، شۇڭا باسلىق تومۇردىن ئېھتىيات بىلەن قان ئېلىش لازىم. ھەرگىز نەشتەر قىزىل قان تومۇرغىچە يېتىپ قالمىسۇن (قىزىل تومۇر كېسىلىپ كېتىپ قالسا، قاننى توختىتىش قىيىنغا چۈشىدۇ).

ھەيلول زىرا: بۇ تومۇر بەزى ئادەملەرنىڭ قولىدا باسلىق تومۇرى بىلەن بەزى ئادەملەردە ئەكھەل تومۇرى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قان ئالغاندا، قىيپال تومۇردىن قان ئالغاندا كۆرۈلىدىغان پايدىلار بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن مۆلچەر ۋە تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ پايدىسى باسلىق تومۇردىن قان ئالغانىنىڭ پايدىسى بىلەن يېقىن ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

ئەپتى تومۇرى: بۇ تومۇر چىمەلتەك بارماق ئۇدۇلىدا بولۇپ، بۇ تومۇردىن قان ئېلىش قورساق بوشلۇقى ئەزالىرى ۋە بەدەننىڭ تۆۋەنكى يېرىمىنىڭ كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پايدىلىق.

ئۇسەيلىم: «ئەفئەل» ۋەزنى بويىچە ئەسلەم تومۇرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇسەيلىم ئەسلەم سۆزىنىڭ كىچىكلىتىلمىسى بولۇپ (يەنى گىراماتىكا قائىدىسى بويىچە ئەسلەم سۆزىنىڭ كىچىكلىتىلگەن ھالىتى ئۇسەيلىم بولىدۇ). بۇ تومۇر ئەپتى تومۇر بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن بولىدۇ. گويا ئەپتى تومۇرنىڭ بىر شېخىدەكلا. ئۇ نامسىز بارماق بىلەن چىمەلتەك بارماقنىڭ

ئوتتۇرىسىدا بولۇپ بۇ ئورۇندىن قان ئېلىنىدۇ. بۇ تومۇردىن قان ئالغاندىن كېيىن قولنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ بېرىش كېرەك. ئوڭ قولدىكى ئۆسەيلىم تومۇردىن قان ئېلىش تال كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پايدىلىق. ئۆپكە كېسەللىكلىرىدە قايسى تەرەپتىكى تومۇردىن قان ئېلىنسا بولىۋېرىدۇ. چۈنكى مۇشۇ تومۇر ئارقىلىق جىگەر ۋە يۈرەككە قان بارىدۇ. شۇڭا قاننى كۆپ ئالماسلىق لازىم.

سافىن تومۇرى: بۇ تومۇر ئوشۇق ۋە پاقالچاق ساھەسى پۇت بارمىقىنىڭ باراۋىرىدە جايلاشقان بولۇپ، بۇنىڭدىن قان ئېلىش ھېيزى رانلاشتۇرىدۇ. يوتا، ئورۇق بېزى، نەسىللىنىش ئەزاسىدىكى قىچىشىش ۋە يارىلار ئۈچۈن پايدىلىق. ماددىنى باش قىسمىدىن تۆۋەنكى تەرەپكە تارتىدۇ.

مابەز تومۇرى: بۇ تىز بوغۇمىنىڭ ئىچكى ئۇيمىنىغا جايلاشقان بولۇپ، قورساق بوشلۇقى ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، ئېغىزمان، مەقئەت، بوۋاسىر (گېموررويي)، بالىياتقۇ ئاغرىقلىرى ئۈچۈن سافىن تومۇرىدىنمۇ زىيادە پايدىلىق بولىدۇ.

ئەرەقىننىسا: بۇ بىر تورسىمان تومۇر بولۇپ، پۇتنى چەككەندە ئوبدان مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر پۇتنى باغلىغاندا پاقالچاق ساھەسىدىن تېپىلسا، بەك ياخشى. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا پوت دۈمبىسىدە چىمەلتەك بارماق بىلەن نامسىز بارماق ئارلىقىدىن قان ئېلىنسا بولىدۇ. بۇ تومۇردىن قان ئېلىش ئولتۇرغۇچى نېرۋا ئاغرىقى كېسىلى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ پايدىسى سافىن تومۇردىن قان ئېلىشنىڭ پايدىسىغا يېقىن كېلىدۇ.

چاھاررە: بۇ تۆت تومۇر دېگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىككىسى تۆۋەنكى كالپۇكتا، ئىككىسى يۇقىرىقى كالپۇكتا. بۇ قان تومۇرلاردىن يۇمىلاق باشلىق نەشتەر ئارقىلىق كالپۇكنىڭ ئىچكى قىسمىدىن قان ئېلىنىدۇ. بۇ تومۇرلاردىن قان ئېلىش ئېغىز ۋە چىش مىلىكى كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پايدىلىق.

يۇقىرىقى تومۇرلاردىن باشقا تىلنىڭ ئاستى، بۇرۇن ئۈچى، قۇلاقنىڭ ئارقىسى، كۆز بۇرجىكى قاتارلىق ئورۇنلاردىمۇ قان ئېلىنىدىغان تومۇرلار بار بولۇپ، بۇلاردىن قان ئېلىش نىسبەتەن ئاز بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار

تەپسىلىي بايان قىلىنمىدى.

پايدىلىنىش: نەشتەرنىڭ قىزىل قان تومۇرلارغىچە يېتىپ بېرىپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتى قاننىڭ شوخ، قىزىل ۋە توختاپ ـ توختاپ چىقىش ۋە يۈرەك سېلىشىنىڭ جىددىي كۆرۈلۈشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا قان تومۇرنى باش بارماق بىلەن تېزدىن بېسىۋېلىش ھەمدە چاپلاشتۇرغۇچى دورىلارنى تېڭىپ ئۈستىدىن ساكا بىلەن مەزمۇت تېڭىۋېتىلىدۇ ھەمدە قولنى ئىگىزرەك تەكىيىگە قويۇپ قەتئىي مىدىرلاتمايدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە 10 كۈن تېڭىپ قويىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئاستا يېشىپ قايتا تېڭىپ قويۇلىدۇ ياكى يارا ساقايغانلىقىنىڭ ئىشەنچىسى تۇغۇلغانغا قەدەر تېڭىپ قويۇلىدۇ ھەمدە بۇ جەرياندا بەدەننىڭ تەبىئەت كۈچىنى مۇھاپىزەت قىلىش يەنى قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشتىنمۇ، ئىچى سۈرۈپ كېتىشتىنمۇ ساقلىنىش لازىم.

چاپلاشتۇرغۇچى دورا رېتسېپى: خۇنسىياۋشان، ئەنزىرۇت، ئالتۇن زەرنەخ، زەمچە، ئاقاقىيا، ئانارگۈلى، سەبرى، كۇندۇر ھەربىرىسى 3 گرام، ئەرەب يېلىمى 6 گرام، تامامى دورىلارنى سوقۇپ يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن خېمىر قىلىپ، توشقاننىڭ يۇڭى ياكى ئۆمۈچۈكنىڭ تورىنى پاكىزلاپ ئۇنىڭغا يۇقتۇرۇپ يارا تېڭىۋېتىلىدۇ. قول ـ پۇتنى باغلاپ، نەپەسنى ئاستا ئالدۇرغاندا قاننىڭ مەزكۇر ئورۇنغا مايىل بولۇپ كېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

## شەخەك قويۇش ۋە زۇلۇك تېڭىش

شەخەك قويۇش ۋە زۇلۇك تېڭىش باللارغا نىسبەتەن قان ئېلىشنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. لېكىن زۆرۈر بولمىسا قوللانماسلىق لازىم. ئاتمىش ياشتىن ئاشقانلارغا شەخەك قويۇش مەنئى قىلىنىدىغانلىقى ئىلگىرى بايان قىلىندى. بۇندىن باشقا، ئىككى ياشقا توشمىغان باللاردىنمۇ قان ئېلىش مەنئى قىلىنىدۇ. ياخشىسى ئاينىڭ 14 ـ 15 ـ كۈنلىرى شەخەك قويماسلىق لازىم. شەخەك قويۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىت ئاينىڭ 16 ـ، 17 ـ كۈنلىرى بولۇپ، ئۈچ سائەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، يەنە بىر قېتىم شەخەك قويسا ياخشى بولىدۇ.

مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ شەخەك قويۇشقا بولمايدۇ. لېكىن قان قويۇلۇپ قالغان بىمارلارغا نىسبەتەن مۇنچىدىن چىقىپلا قان ئالماستىن، بەلكى بىر سائەت ئارام ئالغاندىن كېيىن شەخەك قويۇلسا بولىدۇ. ئەگەر ئەزالارغا ماددا يىغىلۇۋالغان بولۇپ مىقدارى كۆپ بولسا، قان ئالماي تۇرۇپ مەزكۇر ئەزانى تەنقىيە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانماسلىق لازىم. يەنى شەخەك قويۇش ۋە باشقىلارنى قىلماسلىق لازىم.

گەدەنگە شەخەك قويۇش مېڭىنى تەنقىيە قىلىدۇ. بەلكى گەدەنگە شەخەك قويۇش ئەكھەل تومۇردىن قان ئالغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ. لېكىن گەدەنگە شەخەك قويۇشتىن ئۇنتۇغاقلىق پەيدا بولىدۇ. شۇڭا گەدەننىڭ ئاستىغىراق شەخەك قويۇش لازىم. ئىككى تاغاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھىجامەت قىلىش باسلىق تومۇردىن قان ئالغاننىڭ ئورنىنى باسالايدۇ. لېكىن بۇ ئاشقازانغا زىيان يەتكۈزىدۇ، يۈرەك قوزغىلىش (خەفەقان)نى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا نىسبەتەن ئۈستىگىرەك شەخەك قويۇش كېرەك. پاقالچاققا شەخەك قويۇش ساپىن تومۇردىن قان ئېلىشنىڭ ئورنىنى باسالايدۇ.

تىلماي شەخەك قويۇش كېسەللىك ماددىسىنى سۈمۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. كېسەللىك ماددىسىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. قايسى ئەزاغا ھىجامەت قويغىلى بولمىسا ۋە شەخەك قويۇشقا بەرداشلىق بېرەلمىسە، زۇلۇك قۇرتى ئىشلىتىش لازىم.

## پىشۇرغۇچى دورىلار

مۇنزىجنىڭ لۇغەت مەنىسى «پىشۇرۇش» دېگەنلىك بولىدۇ، لېكىن تېبابەت ئىلمىنىڭ قارىشىچە مەلۇم بىر خىلتنى پىشۇرۇش دېگەنلىك، خىلتنىڭ قويۇق بەلغەم خىلتى نورمالسىز سەۋدا خىلتىغا ئوخشاش قويۇق خىلتلارنى مۇنزىج تەسىرىدە سۇيۇلدۇرۇش نورمالسىز سەپرا خىلتى ۋە سۇيۇق بەلغەم خىلتىغا ئوخشاش سۇيۇق خىلتلارنى مونزىج ئارقىلىق سويۇق قىسمىنى يوقىتىپ، قويۇق تەرەپكە مايىللاشتۇرۇش ئارىلىق خىلت- لارنىڭ قىيامىنى تەڭشەش تازىلاش (تەنقىيە) قىلغاندا، بەدەندىن ئاسانلار چىقىپ كېتەلەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش دېگەنلىك بولىدۇ.

سەپرا خىلتى ئۆز زاتىدا ھەممە خىلتلاردىن زىيادە سۇيۇق بولۇپ، ئۇ ئادەم بەدىنىدىن سىرتقا چىقىرىلغاندىن كېيىن قويۇلۇپ قالىدۇ. يەنى ئۇ ئىككىلەمچى بۇلغىنىش سەۋەبىدىن قويۇلۇپ قالغان بولىدۇ. خۇددى قان بەدەن سىرتىغا چىققاندىن كېيىن ئۇيۇپ قالغىنىغا ئوخشاش. بۇ قويۇلۇش گاز ھالەتتىكى سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ. چۈنكى ماددىلارنىڭ سۇيۇلۇشىنىڭ سەۋەبى نورمال ئىسسىقلىق، قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبى سوغۇقلۇق بولىدۇ، مەيلى سوغۇقلۇق ئاز بولسىمۇ.

قان خىلتىغا نىسبەتەن پىشۇرغۇچى دورا (مۇنزىچ) بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، شۇڭا قاندىن بولغان قىزىتمىدا دەسلەپكى كۈنى قان ئېلىنىدۇ. ئەگەر باشقا خىلت ئارىلاشقانلىق سەۋەبىدىن قان بۇزۇلۇش كېلىپ چىققان بولسا، بۇنداق ۋاقىتتا ياخشىسى قايسى خىلت غەلىبە قىلىپ قان خىلتىغا قوشۇلغان بولسا، شۇ خىلتنىڭ مۇۋاپىق مىڭنزىچىنى بېرىپ قان ئېلىنىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا باشقا خىلتمۇ پىشىپ (بەدەندىن چىقىپ كېتىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ)، قان خىلتىغا قوشۇلۇپ ئاسانلا چىقىپ كېتىدۇ. ئورگانىزم ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. جۈملىدىن قان خىلتىغا سەۋدا خىلتى ئارىلاشقان بولسا، قان ئېلىشتىن ئىلگىرى مۇنزىچ بېرىپ ماددىنى پىشۇرۇش زۆرۈر.

نورمالسىز سەپرا خىلتىنىڭ پىشۇرغۇچىسى تەركىبى: چىلان 7 دانە، گۈل بىنەپشە 7g، نىلۇپەر 7g، شاھتەرە 7g، كاسىنە ئۇرۇقى (چالا سوقۇلغان) 10g، چالا سوقۇلغان كاسىنە يىلتىزى 7g، خەمىكىدىن ئايرىغان قىزىلگۈل 7g ئېلىنىدۇ. دورىلارنى ئىچىشكە مۇۋاپىق مىقداردىكى سوغۇق سۇغا بىر كېچە چىلاپ قويۇپ، ئۇبدان ئارىلاشتۇرۇپ قايناتما ياكى چىلانما ھالەتتە سۈزۈپ ئىچكۈرۈلىدۇ ياكى سىركەنجىۋىل تەرەنجىنگە ئوخشاش دورىلارنى قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلسىمۇ بولىدۇ.

مەلۇم بىر دورا قايسى خىلتنى تەڭشىسە ئۇ ئوخشاشلا شۇ خىلتنىڭ مۇنزىچى بولالايدۇ. مۇنزىچ دورىلاردا بىر قانچە ئالاھىدىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇرنىدا ئايرىم بايان قىلدۇق.

قاينىتىلما دېگەنلىك دورىلارنى بەلگىلىك مىقداردىكى سۇغا ئاۋۋال

چىلاپ قويۇپ كېيىن قايىنتىپ ئىچىشكە مۇۋاپىق بولغان $\frac{1}{3}$ ھەسسە سۇيى قالغاندا سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، دورىنى قايناتقاندا مىزاجى ئىسسىققا مايىللىشىدۇ، شۇڭا بىمارنىڭ مىزاجىدا ئىسسىقلىق غالىب بولسا، دورىنى ھەرگىز قايىنتىپ بەرمەسلىك لازىم.

نورمالسىز سەپرا خىلتى بىر قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. شۇڭا ئۇنى پىشۇرۇشتا نۇسخا تەركىبىدىكى دورىلارنى مۇۋاپىق ھالدا ئاۋۇتۇش ياكى كېمەيتىشكە بولىدۇ. دورىلارنىڭ ۋەزنى ئوتتۇرا ياشتىكى نورمال قەددى ـ قامەتتىكى شەخسلەرنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا يېزىلدى. شۇڭا ئەگەر بىمار كىچىك بالا بولسا، دورا ۋەزنىنى مۇۋاپىق ئازايتىشى، ئەگەر بىمار چوڭ بەستلىك ئادەم بولسا، دورا ۋەزنىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش لازىم. دورا ۋەزنىنى كېمەيتىش ياكى كۆپەيتىش تېۋىپنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولىدۇ.

ياش ئېتىبارى بىلەن بالىلارنىڭ دورا ئىستېمال مىقدارى تۆۋەندىكىدەك بولسا بولىدۇ: ئىككى ياشقىچە بولغان بالىلارغا تولۇق ئىستېمال مىقدارىنىڭ $\frac{1}{4}$ ى؛ ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلارغا تولۇق ئىستېمال مىقدارىنىڭ $\frac{1}{3}$ ى؛ 9 ياشقىچە بولغان بالىلارغا تولۇق ئىستېمال مىقدارىنىڭ $\frac{1}{2}$ ى؛ 15 ياشقىچە بولغان بالىلارغا تولۇق ئىستېمال مىقدارىنىڭ $\frac{3}{4}$ ى بېرىلسە بولىدۇ.

پايدىلىنىش: مۇنزىج بەرگەندە سەپرا خىلتى تەركىبىگە باشقا خىلت قوشۇلمىغان بولسا 3 كۈندە، تەركىبىگە باشقا خىلت قوشۇلغان بولسا 5 كۈندە ياكى ماددىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ ئۇنىڭدىنمۇ زىيادىرەك ۋاقىتتا پىشىدۇ.

بەلغەم خىلتىنىڭ پىشۇرغۇچىسى (مۇنزىج) نۇسخىسى:

تەركىبى: ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 12 دانە، چالا سوقۇلغان بەدىيان 7g (ئەگەر بەدىياننىڭ ئورنىغا رۇم بەدىيان قوشۇلسا تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ)، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى (تاشقى پوستى ئاقلىنىپ چالا سوقۇلغان)

10g، شۈكائى چالا سوقۇلغىنى 7g، پىرسىياۋشان 18g، ئەنجۈر مونىكى 5 دانە، قىزىلگۈل 10 گرامدىن ئېلىنىدۇ. تەييارلىنىشى يۇقىرىدا سۆزلەنگەنگە ئوخشاش. دورىلاردىن قايىنتىلما ياساپ ھەسەل بىلەن تەييارلانغان قىزىل گۈل گۈلقەنتىدىن 24g قوشۇپ ئىچۈرۈلىدۇ. ئەگەر سىركەنجۇبىلدىن 24ml ئەتراپىدا قوشۇلسا، ماددىنىڭ پىشىشىغا ياردەم بېرىدۇ. يۆتەل بار، شورلۇق بەلغەم خىلتى پەيدا قىلغان كېسەللىكلەردە سىركەنجۇبىل قوشۇلماسلىق لازىم. تۇزلۇق بەلغەم خىلتى تەركىبىگە سەپرا خىلتى قوشۇلۇشتىن بولىدۇ. شۇڭا بەزى تېۋىپلار ئۇنى سەپرا دەپ ھېسابلاپ، مۇنزىج بېرىشتە سەپرا خىلتىنى پىشۇرۇشتا ئەھمىيەت بېرىش لازىم ۋە سەپرانىڭ مۇنزىجىغا بەلغەم خىلتىنىڭ مۇنزىجىنى قوشۇپ ئىشلىتىش، شۇنداقلا مۇرەككەپ دورىلارنى ئىشلىتىشتىمۇ، بۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىش لازىم دەپ ھېسابلايدۇ.

نوقۇت سۈيى نورمالسىز بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ، قىزىتما ھالىتىدە بېرىشكە بولمايدۇ. ئەگەر قىزىتما سوزۇلما بولسا بېرىشكە بولىدۇ.

پايدىلىنىش: نورمالسىز بەلغەم خىلتلىرىنىڭ پىشىشى بەلغەم خىلتى بەك سۇيۇق بولمىغان ئەھۋالدا نورمالسىز سەپرا خىلتى پىشىدىغان ۋاقىتنىڭ 3 ھەسسىسىدە يەنى 9 كۈندە پىشىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا 5 ـ 9 كۈن ئىچىدە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ۋاقىتتا پىشىشى مۇمكىن، دورا مىقدارىنى كۆپەيتىش ياكى ئازايتىش تېۋىپنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق.

نورمالسىز سەۋدا خىلتىنىڭ پىشۇرغۇچىسىنىڭ تەركىبى: سەرپىستان 20 دانە، چىلان 10 دانە، گاۋزىبان 7g، بادىرەنجى بۇيا 7g، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى 10g، ئۇستىقۇددۇس 7g، پىرسىياۋشان 7g، بەدىيان 7g، شاھتەرە 7g، دورىلاردىن قايىنتىلما ياساپ قەنت ياكى تەرەنجىبىن ياكى گۈلقەنت بىلەن تاتلىق قىلىپ بېرىلىدۇ. بۇ نۇسخا خالىس سەۋدا خىلتىنىڭ مۇنزىجى بولۇپ، ئەگەر باشقا خىلتلارنىڭ كۆيىشىدىن غەيرىي تەبىئىي سەۋدا شەكىللەنگەن بولسا، سەۋدا خىلتىنىڭ مۇنزىجى تەركىبىدىكى دورىلارنى ئېلىپ، كۆيۈپ نورمالسىز سەۋداغا ھاسىل قىلغان خىلتنى پىشۇرۇش

خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلارنى ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ بېرىلسە بولىدۇ.

ھەرقانداق خىلىت ئەگەر كۆيسە، يەنى ئۇنىڭ سۇيۇق قىسمى ئىسسىقلىق سەۋەبىدىن قۇرۇپ قويۇق قىسمى قېلىپ ئۆز جىنسىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا، بۇ غەيرىي تەبىئىي سەۋدا دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا خۇنى سەۋدا، سەپرائى سەۋدا، بەلغەمى سەۋدا دېگەنلەر ھەممىسى غەيرى تەبىئىي سەۋدا ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق خىلىت كۆيسە نورمالسىز سەۋدا خىلىتىنى ھاسىل قىلىدۇ. مۇنزىچ مۇنزىج بەرگەندە بۇ خىلىتلارغا رىئايە قىلغان ئاساستا پىشورۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

پايدىلىنىش: خالىس سەۋدا خىلتى 15 كۈندە پىشىدۇ. بۇنىڭدىن كەم ياكى زىيادە بولىشىمۇ مۇمكىن. ھەربىر خىلىتنىڭ پىشىدىغان مۇددىتى بايان قىلىندى. بۇ خىلىت مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە پىشىپ مۇسھىلنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان بولىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ، ھەرگىزمۇ سوزۇلما كېسەللىكلەردە كۆرۈلگەندە مۇنزىج بېرىش ماددىنى تارقىتىش، «تەبىئەت» كۈچىنىڭ ماددىنى يوقىتىشىغا لاياقەت ھازىرلاش ئەمەس. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ماددا پىشقانلىقنىڭ ئىپادىلىرى ئاستا ـ ئاستا كۆرۈلىدۇ. ماددا پىشقانلىق ئىپادىلىرى كۆرۈلىدىغان ئەڭ قىسقا ۋاقىت ھەربىر خىلىتقا خاس ھالدا يېزىلدى. شۇڭا، كېسەللىك ماددىسى قويۇقراق بولغان بىمارلاردا بىر قانچە قېتىم مۇنزىج بېرىلىدۇ. مۇسھىلدىن كېيىن يەنە ماددا پىشقانلىق ئالامەتلىرى تولۇق كۆرۈلمىسە، يەنە باشقا مۇسھىل بېرىلمەيدۇ. مۇنزىج بېرىلىدىغان كۈنلەر بېكىتىپ بېرىلدى. بۇ ۋاقىتتا مونزىج دورىلار ئىستېمال قىلىنىشى شەرت. پىشۇرغۇچى دورا ئىستېمال قىلمىسا ماددا پىشمايدۇ، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى خوداۋەندى تائاللا ئادەمنىڭ «تەبىئەت كۈچى» گە ماددىنى تەگشەش، پىشۇرۇش ماددىنى، دەپنە قىلىش كۈچىنى ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا بىر قانچە قېتىم كۆپىنچە كېسەللىكلەرنىڭ دورا ئىشلەتمەيمۇ يوقاپ كەتكەنلىكى كۆرۈلدى. داۋالاش پەقەت «تەبىئەت كۈچى» گە قىلغان ياردەمدىنلا ئىبارەت.

## سۈرگە دورىلىرى ۋە يۇمشاتقۇچى دورىلار

مۇسھىل دەپ كېسەللىك ماددىسى قان تومۇرلار ۋە يىراق ئەزالاردىن تارتىپ «ئۈچەي يولى ئارقىلىق» چىقىرىپ تاشلايدىغان دورىنى ئاتايمىز.

مولەيىىن (يۇمشاتقۇچى) دەپ ئاشقازان ـ ئۈچەي ۋە بۇلارغا يېقىن ئورۇندىكى كېسەللىك ماددىسىنى چىقىرىدىغان دورىنى ئاتايمىز. سۈرۈش (مۇسھىل) ئۈچۈن ئاۋۋال ماددىنى پىشۇرۇش (مۇنزىج بېرىش) شەرت. لېكىن يومشىتىش (مولەيىىن) دە ماددىنى پىشۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. شۇڭا، كۆپىنچە پىشۇرغۇچى (مۇنزىج) دورىلار يۇمشىتىش تەسىرىنى بېردۇ. ئەگەر يۇمشاتقۇچى (مولەيىىن) دورىلارنى بەرگەندە ماددىنى پىشۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

مۇلەيىىن مۇبارەك: كۆپ ساندىكى ئىچكى ۋە تاشقى كېسەللىكلەر ئۈچۈن پايدىلىق. كۆپ سانلىق مىزاجدىكىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ھەتتاكى ھامىلدار ئاياللار، باللار ھەم ياشانغانلارغىمۇ بېرىشكە بولىدۇ. قىزىتمىلار ۋە قورساق بوشلۇقىدىكى ئەزالارنىڭ ياللۇغلىرى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. ھەممە خىلىتقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. تەركىبى: خىيارشەنبەرنىڭ ئىچىدىكى ئېتىنى زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق ئېلىپ گۈلاب ياكى ئىسسىق سۇغا چىلاپ ئارىلاشتۇرۇپ سوزۇپ ئىچۈرۈلىدۇ. لېكىن ئەگەر بىماردا ھارارەت بولسا كاسنە كۆكىنىڭ سىقىلغان سۈيى ياكى باشقا ئۇرۇق دورىلارنىڭ شىرىسى قوشۇپ بېرىلسە بولىدۇ. ئەگەر قورساق بوشلىقىدىكى ئەزالاردا ياللۇغلىنىش بولسا، يەرلىك شوخلا كۆكىنىڭ سىقىلغان سۈيى بىلەن بېرىش لازىم. ئەگەر ماددىنى پىشۇرۇشنىڭ قىسمەن ھاجىتى بولسا بەدىيان شىرىسى، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. خىيار شەنبەرنىڭ پۇرىقىنى يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن بەدىيان، ئەرەقى گۈل ھەممىدىن ياخشى. ئەگەر مەزكۇر يۇمشاتقۇچى نۇسخىنى كۈچلۈك قىلىپ تەييارلىماقچى بولساق، شىرخىشت ۋە ئەسلى تەرەنجىبىن ئارىلاشتۇرۇلسا بولىدۇ. ئەگەر چىلان، سەرپىستان، گۈل بىنەپشە، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، گاۋزىبان ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان دورىلار بىلەن قايىنىتىلما تەييارلىنىدۇ. مۇشۇ قايناتمىغا خىيارشەنبەر ئېتى

(مېغىز ئىملىتاس) قوشۇلسا ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھارارەت كۈچلۈك بولسا قايىنتىلما ياساپ ئىستېمال قىلماسلىق لازىم. قانداق ئادەمدە ئۈچەي ئاجىزلىقى ۋە تولغاقنىڭ شىكايىتى بولسا، خىيارشەنبەر ئېتىنى گۆشىنى بادام يېغى بىلەن ياغلىماي ھەرگىز بەرمەسلىك لازىم. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھامىلدار ئاياللار ۋە ياشانغانلارغىمۇ بادام يېغىسىز بەرمەسلىك لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا تولغاق بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. لېكىن سۈت ئېمىۋاتقان باللارغا نىسبەتەن بادام يېغىنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى سۈت ئېمىۋاتقان مەزگىلدە باللارنىڭ ئۈچەيىنىڭ يۈزى شۇ دەرىجىدە سىلىق بولىدۇكى، خىيارشەنبەر ئېتى ئۈچەيگە چاپلىشىۋالالمايدۇ. ياش ئەرلەرگە نىسبەتەن ئۈلارنىڭ چوڭ تەرىتى قاتتىق بولسا خىيار شەنبەر ئېتى مىقدارى 72g ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ. بۇنىڭدىن زىيادە بولماسلىقى لازىم. چۈنكى بەدەنگە ئەكس تەسىرى بولۇشىنىڭ ئەندىشىسى بولىدۇ. خۇسۇسەن مۆتىدىل مىزاجدىكىلەرگە بەكرەك زىيىنى بولۇشى مۇمكىن.

پايدىلىنىش: چۈنكى سۈرگىگە بېرىشكە ئائىت پايدىلىق بولغان سۆزلەر ئاۋۋال بايان قىلىنىدۇ.

ئەگەر قۇلۇنجى ( ئۈچەي توسۇلۇش) ۋە باشقا كېسەللىكلەردە قاتتىق زۆرۈرىيەت تۇپەيلىدىن مۇسھىل بېرىشكە توغرا كەلسە مۇنداق ۋاقىتتا پىشۇرغۇچى دورا (مۇنزىج) بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. مەيلى كېچە بولسۇن، مەيلى تۇمانلىق ھاۋا بولسۇن موسھىل بېرىشنى توسمايدۇ. ھەربىر مۇسھىل مەيلى قايىنتىلغان بولسۇن، مەيلى دەملەنمە بولسۇن، ئۈستىدىن قايناق سۇ ئىچىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ مۇسھىلنىڭ سۈرۈش تەسىرىنى يوقىتىۋېتىدۇ. لېكىن ئەگەر مۇسھىل ئىچكەندىن كېيىن قورساقتا ئاغرىش بولسا ئازراق قايناق سۇ ئىچىشكە بولىدۇ. كۆملاچ ياكى تالقان شەكىللىك مۇسھىللارنى قايناق سۇ بىلەن ئىچىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا مۇسھىلنىڭ سۈرۈشىگە ياردىمى بولىدۇ. مۇسھىل ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىپ بولمىغۇچە سوغۇق سۇ ئىچىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇسسۇلۇق بەك ئېغىر بولسا، بىر قانچە يۇتۇم سوغۇق سۇ ئىچكەنىنىڭ زىيىنى يوق. بۇلاردىن

باشقا ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەر ئۇسساپ ئاجىزلاپ كەتكەن بولسا،
سوغۇق سۇ ئىچىشتىن قورقمىسىمۇ بولىدۇ. بەزى مۇسھىل دورىلارنى
سوغۇق سۇ بىلەن ئىچىش زۆرۈر. مەسىلەن، قىزىلگۈل شەربىتىگە دەند
چۈشكە مۇسھىللار، شۇنداقلا تۇربۇت ۋە تۇز چۈشكەن تالقان ياكى
كۆملاچ قىلىپ ياسالغان سۈرگىلەرنى سوغۇق سۇ بىلەن ئىچكەن ياخشى.
جامال قەرشى ئىپىتقانغا ئوخشاش قايناق سۇ بۇنداق موسھىل دورىلارنىڭ
تەسىرىنى يوقىتىۋېتىدۇ. بىرەرسى دورا ئىچىشتىن نەپرەتلەنسە، ئۇنىڭ
ئىككى بىلىكىنى باغلاپ بۇرنىنى تۇتۇۋېلىپ دورا ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاندىن
كېيىن ئېغىزنى غار - غار قىلىپ چايقىۋېتىلىدۇ ۋە ئازراق پىننە چاينىتىلىدۇ.
ئەگەر قەلەمپۇر يوپۇرمىقىنى يەپ ئادەتلەنگەن بولسا ئۇنى چاينىتىش
ھەممىدىن ياخشى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا لاچىندانە ھىندى ئىستېمال قىلى-
دۇرۇشمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ بىرەرسى
ئەسقاتماي بىماردا قوسۇش ئېھتىمالى بولسا، ئالدى بىلەن قەستەن قۇستۇ-
رۇش، ئاندىن كېيىن دورا ئىچكۈزۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا قۇسۇپ
ساقىيىدۇ. موسھىل ئىچكەندىن كېيىن ئۇخلاشقا بولمايدۇ. سوغۇق ھاۋادىن
ساقلىنالايدىغان جايدا ئولتۇرۇش، ئاق لەيلىگۈلنىڭ قايىنىلمىسى بىلەن
ئىستىنجا قىلدۇرغاندا مەقئەتنى مۇسھىلنىڭ ناچار تەسىرىدىن ساقلاپ قالغى-
لى بولىدۇ. ئىستىنجا سۈيى ئىلمان بولۇشى لازىم. ئەگەر مۇسھىل سورمىسە
ئىككىنچى بىر مۇسھىلنى مۇشۇ كۈندە ئىچكۈزمەسلىك، بەلكى شامچە
دورىلار بىلەن ياردەم قىلىش لازىم. لېكىن ئەگەر ئەينۇلا سۈيى ياكى تەمرى
ھىندىنىڭ سۈيى قەنت ياكى تەرەنجىبىننىڭ ھەمراھلىقىدا بېرىلسە بىرسى-
نىڭ زىيىنى بولماستىن، بەلكى موسھىلغا ياردىمى بار. بۇلاردىن باشقا
خىيارشەنبەر ئېتى بېرىشكىمۇ بولىدۇ. مەشكىدىن 5g نى يۇمشاق ئېزىپ
ناۋات ئارىلاشتۇرۇپ، قايناق سۇ بىلەن بېرىشمۇ مۇسھىلغا ياردەم بېرىدۇ.
ئەگەر كۈچلۈك مۇسھىل بېرىلىپ، سۈرمەي ھۇشسىزلىنىش پەيدا بولۇپ
قالسا بۇنداق ۋاقىتتا تېزدىن قۇستۇرۇش، ئەگەر قۇسۇشلار كۆپايە قىلمىسا،
باشقا چەكلىمە بولمىسا، باسلىق ياكى ئۆكەل تومۇردىن قان ئېلىنسا
تېزدىن ئۈنۈم بېرىدۇ. ئەگەر مۇسھىل ئوبدان سۈرسە، لېكىن ئاشقازان -

ئۈچەيدە قىزىقلىق پەيدا بولۇپ قالسا، بېھى ئۇرۇقىنىڭ لۇئابى، ئىسپىغۇلنىڭ لۇئابى بېرىلىدۇ. مۆتىدىل مىزاجلىقلارغا رەيھان ئۇرۇقىنى، قەنت شەربىتى ۋە قىزىلگۈل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىپ، بىر سائەت ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن سىڭىشلىك غىزالار بېرىلسە بولىدۇ.

تولۇق بولمىغان سۈرۈش، تولۇق بولمىغان قان ئېلىشقا ئوخشاش ئەھۋاللار ناھايىتى زىيانلىق بولىدۇ. ئەگەر بەدەن قۇۋۋىتى يېتەرلىك بولسا، ئارقا ـ ئارقىدىن مۇسھىل بېرىپ كۆزلەنگەن نورمالسىز خىلتنى چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئەگەر بەدەن قۇۋۋىتى ئاجىز بولسا بىر ئىككى كۈن ئاتلىتىپ پىشىكرەك مۇسھىل بېرىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا ئىچ سۈرۈشنىڭ كۆپلىكىدىن كۆتۈلمىگەن ئەھۋاللار كېلىپ چىقمايدۇ. ئەگەر ئىچى سۈرۈش كۆپ بولۇپ ئۇنى توختىتىشقا توغرا كەلسە، قىزىقلىق ۋە قىزىتما بولمىسا، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قېتىق سۈزمىسى ۋە گۈرۈچ ھەممىدىن ياخشى. لېكىن ئەگەر قىزىتما بولسا قورۇلغان رەيھان ئۇرۇقى، قورۇلغان سېمىزئوت ئۇرۇقى ۋە پاقىيوپۇرمىقىنىڭ ئۇرۇقى بېرىلىدۇ. ھەمدە ئىچ سۈرۈشنىڭ بابىدا بايان قىلىنغان نەرسىلەر بېرىلىدۇ.

سەپرا خىلتىنىڭ مۇسھىلى:

تەركىبى: سېرىق ھېلىلە، تەمرى ھىندى، تەرەنجىبىن، بىنەپشە، ئەفسەنتىن مەھمۇدى، ھەشقىپىچەكنىڭ ئۇرۇقى، ئەينۇلا، شاھتەرە، سەبرى، قىزىلگۈل، تەرەنجىبىن جەۋھىرى قاتارلىقلار. بۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك، بەزىلىرىنىڭ تەسىرى ئاجىز بولۇپ، ئۇلاردىن قايسى بىر دورىنى يالغۇز ياكى بىر قانچىنى بىرلەشتۈرۈپ بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى، ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق بېرىلىدۇ. سوقمۇنىيانى قوقاسقا كۆمۈپ لايىقلاشتۇرماي تۇرۇپ ھەرگىز ئىشلەتمەسلىك لازىم.

مۇرەككەپ مۇسھىل: سەپرا خىلتىنى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن مەخسۇس سېرىق ھېلىلە پوستى 12g، ئەينۇلا 5 دانە، سەرپىستان 20 دانە، شاھتەرە، سانائى مەككى ھەربىرى 10گرام، چىلان 9 دانە، كاسىنە ئۇرۇقى 7g، سېرىق ئوت ئۇرىقى 5g، بۇلارنى قاينىتىلما ياساپ تەرەنجىبىن جەۋھىرى ياكى تەرەنجىبىن ياكى ھەر ئىككىسىدىن زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق

ئېلىپ، يەنى ھەربىرىدىن 36g غىچە ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ. دورىلارنىڭ ۋەزنىنى ئازايتىش ياكى كۆپەيتىش تېۋىپنىڭ ئىرادىسىگە باغ-لىق. ئەگەر بۇ دورىلارنى ئىستېمال قىلغاندا ئىچى ئوبدان سۈرمىسە، خىيارشەنبەر ئېتىنى ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. مەيلى قايىنىتىلما بولسۇن، مەيلى دەملەنمە بولسۇن ئىشلىتىلسە بولىدۇ، ئاندىن قايىنىتىلمىغان بىنەپشە يېغى ياكى بادام يېغىنى 3g ياكى ئۇنىڭدىن زىيادىرەك ئېلىپ قوۋۇەتلىسە بولىدۇ. بولۇپمۇ خىيارشەنبەر ئېتى چۈشكەن ۋاقىتتا.

پايدىلىنىش: ئۈچ خىلىت (سەپرا، بەلغەم، سەۋدا) خىلىتلىرىدىن پەقەت بىر خىلىتنىلا سۈرۈپ باشقا خىلىتنى سۈرمەيدىغان بىرەر سۈرگە دورا يوق. سەپرا، بەلغەم، سەۋدا خىلىتلىرىنى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن مەخسۇس سۈرگە دورىلىرى بولۇپ، بۇ دورىلار خىلىتنى كۆكرەككە سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەرگىز ھەممە خىلىتنى سۈرۈپ چىقىرىۋەتمەيدۇ.

پايدىلىنىش: يىگىدىن باشلانغان قىزىتمىلاردا ئىككى ھەپتە ئۆتمىگۈ-چە ھېلىچىلە بېرىش مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىن جىگەر مەنبەلىك ئىچى سۈرۈش كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر ھېلىلە ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ قالسا، تۆزەتكۈچىنى قوشۇپ (بادام يېغىدا ياغلاپ) بېرىش كېرەك. شۇنداقلا بېھى ئۇرۇقى لۇئاب، ئىسپىغولنىڭ لۇئابى ۋە باشقا يېپىشقۇچى دورىلار ۋە جىگەرنى قۇۋۇەتلىگۈچى دورىلار بىلەن بىللە بېرىلسە زىيىنى بولمايدۇ.

## بەلغەم خىلىتنىڭ سۈرگۈسى

تەركىبى: ئاچچىقتاۋۇز، تاغ ياپچىنى، ماھىزەھرەج (بېلىق دورىسى) غارىقۇن، ھەشقپېچەك ئۇرۇقى (جدالىنل)، تۇربۇت، ئادراسمان ئۇرۇقى، زاراگزا ئۇرۇقى، بىستىپايەنج، سىيادان، شوكائى قاتارلىقلار.

مۇرەككەپ موسھىل: بەلغەمنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئايارەنج پەيقىرا، ئاق تۇربۇت، ھەشقپېچەك ئۇرۇقى ھەربىرى 9.5g، غارىقۇن، رۇم بەدىيان ھەربىرسى 2.25g، ئاچچىقتاۋۇز، ھىندى تۇزى ھەربىر 12g. ھەممە دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ تاسقاپ، بەدىيان سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ

كومىلاچ تەييارلاپ، ياش ئەرلەرگە 1 دانىدىن بېرىلسە بولىدۇ.

غارىقۇننى سوقماسلىق لازىم. چۈنكى ئۇنىڭ تەركىبىدە تىرناققا ئوخشاش قاتتىق نەرسە بولۇپ، ئۇ زەھەرلىك. شۇڭا بۇنى ئېلىۋەتمەي سوقۇپ ئىشلىتىش زەھەرلەش تەسىرىنى بېرىدۇ. شۇڭا غارىقۇننى قىل ئەلگەكتىن تاسقاپ ناھايىتى ئۇششاق تەركىبلىرىنى ئايرىۋېلىپ، تىرناققا ئوخشاش زەھەرلىك قىسمىنى ئەلگەكتە سۈزۈپ قېلىپ ئىشلەتمەسلىك كېرەك (شۇڭا كىتابلاردا قىل ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن دەپ يېزىلىدۇ) .

بەلغەم خىلتىنىڭ باشقا سۈرگىسى: بەلغەم خىلتىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. قىزىتمىلارغىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. سوزۇلما يۆتەلگىمۇ پايدىلىق. چىلان، سەرپىستان ھەربىرى 20 دانە، قۇرۇق زۇفا، نىلۇپەر، بىنەپشە، پېرسىياۋشان، چالا سوقۇلغان بەديان ھەربىرى 10g، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 15 گرام، ئەنجۈر مونىكى 7 دانە، ئاقلاپ، چالا سوقۇلغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى 14 گرام، ھەممە دورىلارنى 1kg سودا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ خىيارشەنبەر ئېتى، تەرەنجىبىن، گۈلقەن ھەربىرىدىن 36g ئارىلاشتۇرۇپ، قايتا سۈزۈپ بادام يېغى قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

تالقان نۇسخىسى: بەلغەم خىلتىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۇربۇت (سوقۇپ، تاسقاپ، بادام يېغى بىلەن ياغلانغان) 10g، سوقۇلغان زەنجىۋىل 3g، ئاق تۇز 1.5g، ئۈچ دورىنى ئارىلاشتۇرۇپ سوغۇق سۇنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر تۇزنىڭ ئورنىغا دورىلار بىلەن ئوخشاش ۋەزىندە ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلانسىمۇ بولىدۇ ھەمدە نۇسخا تەركىبىگە مەستىكى رۇمى قوشۇپ قويۇلسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئەگەر تۇربۇت بىلەن تۇز چۈشمىگەن بولسا، قايناق سۇ بىلەن ئىچكۈزۈش لازىم.

## سەۋدا خىلتىنىڭ سۈرگۈچىسى

كابۇل ھېلىلىسى، قارا ھېلىلە، سانا يىمەككى، بادىرەنجى بۇيا، سېرىق ئوت، ئۇستىقۇددۇس، لاجىۋەرد تېشى، ئەرمەن تېشى، ئامىلە قاتارلىقلار.

مۇرەككەپ مۇسھىل: سەۋدانى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەركىبى: ئايارەج

پەيقىرا 12g، سېرىق ئۈتۈ 36g، لاجۇەر (يۇيۇلغان) 24g، ئەرمەن تېشى 12g، مەھمۇدى، ئاچچىقتاۋۇز، قارا خەربەق، ھەربىرى 7g، سونبۇل، رۇم بەدىيان، ھەربىرى 3.5g، ھەممە دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ كەرەپشە (چىگىسەي) سۈيىدە يۇغۇرۇپ كۇمىلاچ قىلىپ، 9gدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

باشقا نۇسخا: سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن مەخسۇستۇر. قارا ھېلىلە36g، چالا سوقۇلغان بىستى پايەنج 12g، ئەفتىمون 30g، سانا، ئۇستقۇددۇس ھەربىرى 24g، قىزىل گۈل 14g، گاۋزىبان، بادىرەنجى بويا ھەربىرى 10g، رۇم بەدىيان، بەدىيان ھەربىرى 7g ، قارا خەربەق 1g، ئاقلانغان تۇربۇت 3g، زەنجىۋىل 1.5g، ھەممە دورىلارنى قايناتىپ سۈزۈپ غارىقۇن، ئەرمەن تېشى، لاجىۋەرد، قارا تۇز، ھەربىرىدىن 1g نى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ قايناتىلمىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىشقا توغرا كەلسە، ئاچچىقتاۋۇز بىلەن سەبرى (مۇۋاپىق مىقداردا) قوشۇپ قويۇلىدۇ.

پايدىلىنىش: سېرىق ئۈتنى قايناتىلما دورا تەركىبىگە سېلىشقا توغرا كەلسە خالتىغا چىگىپ قالغان دورىلارنى قايناتىپ چۆشۈرۈشكە يېقىن قالغاندا ئەفتىمۇن خالتىسىنى سېلىپ ئىككى ئۆرلىتىپ چۆشۈرۈپ خالتىنى شەربەت ئىچىدە ئۇبدان قوچۇپ قاتقىنىنى چىقىرىپ ئىچكۈزىلىدۇ.

كلىزما ۋە شامچىنىڭ گەرچە ماددىنى سۈرۈش تەسىرى ياخشى بولسىمۇ، ئەمما كلىزما قىلىش بۇ دىياردە ئومۇملاشمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە كلىزما قىلىش قائىدىسى بويىچە ئىشلەتمىگەندە زىيانلىق تەسىرى يېتىدۇ. شۇڭا بۇ قىسقىغىنە كىتابىمىزدا بۇنى بايان قىلمىدۇق. ئەلۋەتتە شامچىلارمۇ كلىزمىنىڭ ئورنىنى باسالايدۇ. شۇڭا ئۇنى قىسقىچە بايان قىلدۇق.

ئەگەر موسھىل بېرىلىپ سۈرمىسە شامچىلار بىلەن قوزغىتىپ بېرىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قۇلىنجى كېسىلىدە شامچىلار بىلەنمۇ سۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمىسا، موسھىل بەرمەسلىك لازىم. شۇنداقلا قەۋزىيەت بولۇپ ۋاقتىدا يۇمشاتقۇچى (مولەييىن)، سۈرگۈ (موسھىل) بېرىش كېچىككەن بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا ئەڭ ياخشىسى شامچە دورىنى ئىشلىتىشتۇر.

لېكىن زۆرۈرىيىتى بولمىسا، شامچىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. چۈنكى شامچە دورىنى كۆپ ئىشلىتىشتىن بوۋاسىر پەيدا بولۇپ قالىدۇ. تۆۋەندە بىر قانچە سىناقتىن ئۆتكەن شامچىلار تونۇشتۇرۇلىدۇ.

شامچە: قولىنجىنى ئاچىدۇ، ئىچىنى سۈرىدۇ، قىزىتمىلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

تەركىبى: گۈل بىنەپشە 7g، ئاق لەيلى ئۇرۇقى 10g، سانا 18g ، ھىندى تۇزى 3g ، خىيارشەنبەر ئېتى، قارا شېكەر ھەربىرى 36g دورىلاردىن قائىدە بويىچە شامچە ياسىلىدۇ. ھەربىر شامچىنى چوڭ ئۈچەيگە يېتىپ بارالمىغۇدەك دەرىجىدە بارماق ئۇزۇنلۇقىدا ياساش لازىم.

يەنە بىر نۇسخا: موسھىل بېرىپ سۈرمىسە ياكى ئاز سۈرسە بۇ شامچە ئىشلىتىلىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. تەرەنجىبىن 18g، سوپۇن، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئاش تۇزى ھەربىر 7g، قارا شېكەر 18g ، شامچە ياساپ ئىشلىتىلىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: تېزدىن ئۈنۈم بېرىدۇ. سوپۇن پارچىسىنى خورما ئۇرۇقچىسى چوڭلۇقىدا قىرىپ ئېلىپ، گۈل يېغى بىلەن ياغلاپ ئىشلىتىلسە زەرەرسىز سۈردۈرۈش تەسىرىنى بېرىدۇ.

يەنە بىر نۇسخا: بۇ شامچە باللار ۋە تېنى ئاجىز كىشىلەر ئۈچۈن پايدىلىق. سۇ كۆرمىگەن موم 7g، ھىندى تۇزى، بۆرە ئەرمنى ھەربىرى 1. 5g، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ موم بىلەن خېمىر قىلىپ شامچە تەييارلاپ، گۈل يېغى بىلەن ياغلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر شامچە چىقىپ كېتىپ قالسا قايتا سېلىنىدۇ.

## قۇستۇرغۇچى دورىلار

قۇستۇرغۇچى دورىلارنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى قۇستۇرۇشتىن ئىلگىرىكى زۆرۈر تەييارلىقلار بايان قىلىنىدۇ.

قايسى كۈنى قۇستۇرۇشقا توغرا كەلسە، قۇستۇرۇشتىن بىر كۈن بۇرۇن بىمارغا ئاسان سىڭىدىغان غىزالار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ھارارەت ياكى باشقا توسالغۇ بولمىسا، خۇش پۇراقلىق ياغلار بىلەن بەدەننى

ياغلاپ، شۇ كۈنى قۇستۇرۇلىدۇ. ماش ۋە گۈرۈچتىن تەييارلانغان ئۈگرە ئاش ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان سىڭىشلىك غىزالار بېرىلسە، ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق قۇستۇرغۇچى دورىلارنى ئىچكۈزۈپ ئاندىن قۇستۇرۇلىدۇ. لېكىن ھۆل مىزاجلىق كىشىلەر ئۈچۈن ئۈگرە ئىچكۈزۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. پەقەت قۇستۇرۇشلا كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر بىرەرسى ئاسانلىقچە قۇسالمىسا، ئۇ ئۈچ كۈن ئۇدا مۇنچىغا بېرىپ، ئىسسىق ياغلار بىلەن ياغلىنىپ، مايلىق شورپا ۋە ئىختىلاپ پەيدا قىلىدىغان غىزالار (مەسىلەن، تۇخۇم بىلەن قېتىق)نى ئىستېمال قىلىپ، ئاندىن كېيىن ھاۋا سوغۇق بولسا مۇنچا ياكى ئىسسىق ئورۇندا ئولتۇرۇپ قۇسسا بولىدۇ. قۇسقان ۋاقىتتا كۆزگە داكىنى قويۇپ، تېڭىق لاتىسى بىلەن تېڭىپ روست ئولتۇرۇپ، قورساق ۋە بەلنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ تۇرۇپ قۇسۇشقا تىرىشسا بولىدۇ. بەزىلەر ئۆرە تۇرۇپ باشنى تۆۋەن قىلىپ قۇسۇش نورمالسىز خىلىتنى ئاشقازاننىڭ ئۈلىدىن چىقىرىدۇ ھەم قۇسۇش ئاسان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بىر قېتىم قۇسۇپ بولغاندىن كېيىن ئازراق ۋاقىتتىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئىككىنچى قېتىم يەنە قۇستۇرغاندا ئاشقازان (نورمالسىز خىلىتتىن) ئوبدان تازىلىنىدۇ. لېكىن قۇسۇپ بولغاندىن كېيىن ئەگەر ئىسسىق پەسىل بولسا ھەمدە قۇسقۇچى ئىسسىق مىزاج ئادەم بولسا، يۈز ـ كۆزنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇپ، ئىسسىق سۇغا قەنتلىك سىركەنجۇبىل ياكى ئاچچىقسۇ قوشۇپ ئېغىز چايقىلىدۇ. يەنى غار ـ غار قىلىنىپ، ئېغىز تەرەپكە ئۆرلىۋالغان ماددا پاكىز تازىلىنىدۇ. ئەگەر سوغۇق پەسىل بولۇپ بىمار سوغۇق مىزاجلىق ئادەم بولسا، يۈزنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇپ بولۇپ، ھەسەللىك سىركەنجۇبىل بىلەن ئېغىزنى چايقاپ ئىلمان سۇغا تۇز ئارىلاشتۇرۇپ غار ـ غار قىلىسىمۇ بولىدۇ.

قۇسۇپ بولغاندىن كېيىن ئېغىزنى چايقاپ بولۇپ ئېگىردىن 5g نى مەستىكىدىن 4g بىلەن يۇمشاق سوقۇپ شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ياكى شېكەر قوشلاپ بېرىلىدۇ ياكى ئالما سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا مەستىكىنىڭ ئورنىغا قەن ۋە ئىترىفىل سەغىر بېرىلسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر قۇستۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشتىن ئاشقازاندا كۆيۈشۈش (ئېچىشىش) پەيدا بولسا، سېمىز توخۇنىڭ شورپىسى بۇ ئەھۋالنى يوقىتىدۇ. ئەگەر ھېق تۇتۇش بولسا قايناق سۇنى يۇتۇپ، يۇتۇملاپ ئىچىپ ئىچكۈزۈش ۋە چۇشكۈرۈك كەلتۈرۈشتىن يوقاپ كېتىدۇ. ئەگەر كۆكرەك ۋە بىقىندا ئاغرىش ۋە كۆپۈشۈش پەيدا بولسا قورساق ساھىلىنى گۈل يېغى، بابۇنە يېغى ۋە باشقا ياغلار بىلەن ياغلاش ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش كېرەك.

يۇقىرىقى ئىشلاردىن باشقا قۇستۇرۇشنىڭ پايدىسى ۋە زىيىنى، قايسى كېسەللىكلەردە قۇستۇرۇشقا بولىدىغانلىقى، قايسى كېسەللىكلەردە قۇستۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلار مۇپەررىھىل قۇلۇپ (دىللارنى خۇشال قىلغۇچى)غا ئوخشاش چوڭ كىتابلاردا بايان قىلىندۇ. بۇ يەردە پەقەت شۇنچىلىكلا بايان قىلىش كۇپايە قىلىدۇ.

قۇستۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك شەرتلەر يۇقىرىدا بايان قىلىندى. زۆرۈرىيەت كۈچلۈك بولمىسا، يۇقىرىقى شەرتلەرگە ئەمەل قىلىش زۆرۈر. ئەمما كۈچلۈك زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ قالسا، قۇستۇرۇشتىن ئىلگىرى سىڭىشلىك غىزا ئىستېمال قىلىسۇن ــ قىلمىسۇن قۇستۇرۇۋەرسە بولىدۇ.

ئەگەر ئاشقازان تولۇپ قالغان سەۋەبتىن قۇسۇش بولغان بولسا، ئاشقازان بۇزۇلغان غىزالاردىن مۇتلەق تازىلانغانغا قەدەر قۇسۇلىدۇ. ئەگەر زەھەر ئىستېمال قىلغانلىق سەۋەبتىن قۇستۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا ئاشقازان قۇرۇق بولسىمۇ ئوخشاشلا قۇستۇرۇلىدۇ. قۇستۇرۇشتىن ئىلگىرى سۈت سېرىقماي ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش زەھەر قايتۇرغۇچىلارنىڭ بايانىدا يېزىلغان دورىلار ئىچكۈزۈلۈپ ئارقا ــ ئارقىدىن قۇستۇرىلىدۇ.

تۆۋەندە 3 خىلتنىڭ مۇۋاپىق قۇستۇرغۇچىسى تونۇشتۇرۇلىدۇ .
سەپرا خىلتىنىڭ قۇستۇرغۇچىسى سەپرا خىلتىنى قۇسۇق ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلايدۇ. قەنتلىك سىركەنجۇبىل 9gنى ئارپا ئېشى ياكى پالەك ياكى ھەمىشباھاردىن 15×12gدە ئېرىتىپ ئىلمان ئىچكۈزۈپ قائىدە بويىچە قۇستۇرۇلىدۇ.

بەلغەم خىلتىنىڭ قۇستۇرغۇچىسى: بەلغەم خىلتىنى چىقىرىدۇ. تەر-
كىبى: تۇرۇپ ئۇرۇقى 7g ، سېرىقچېچەكلىك 3g ، ئاش تۇزى 2g ، دورىلارنى
سوقۇپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۆزلىكىدىن قۇسالىسا
ياخشى، ئۇنداق بولمىسا ئىلمان سۇ بىلەن قۇسۇشقا ياردەم قىلىنىدۇ.

سەۋدا خىلتىنىڭ قۇستۇرغۇچىسى: سەۋدا خىلتىنى چىقىرىدۇ. تەركى-
بى: بىر تۇرۇپنى ئېلىپ ئىچىگە قارا خەربەقنى تولدۇرۇپ، ئاندىن كېيىن
ئۇنى بىر كېچە سىركەنجىۋىلگە چىلاپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تورۇپسىز
يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن سىركەنجىۋىل ھەسەل پۇرچاقنىڭ سۈيىگە ئارىلاشتۇ-
رۇپ ئىچكۈزۈپ، قۇسۇشقا ياردەم قىلىپ قۇستۇرۇلىدۇ.

قۇستۇرغۇچى نۇسخا: بەلغەم سەپرانى چىقىرىدۇ. ھەسەللىك سىركەن-
جىۋىل 30ml ، ھىندى تۇزى 7g ، تورۇپ سۈيى 130ml ، ئارىلاشتۇرۇپ
ئىلمان ئىچكۈزۈپ قۇستۇرۇلىدۇ.

مۇرەككەپ قۇستۇرغۇچى: سەپرا، بەلغەم، سەۋدا خىلتلىرىنى چىقىرى-
دۇ. ئاقلاپ چالا سوقۇلغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى
ھەربىرى 15g ، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، ئارپا يارمىسى ھەربىرى 12g ، ھەممە-
سىنى بىر پىيالە سۇدا قاينىتىپ يېرىمى قېقالغان چاغدا سۈزۈپ ئەفتىمۇن
شەربىتىدىن 33ml بىلەن تاتلىق قىلىپ، ئۆزۈم سىركىسى (مۇۋاپىق مىق-
داردا) بىلەن چۇچۇمەل قىلىپ قائىدە بويىچە قۇستۇرۇلىدۇ.

پايدىلىنىش: كۆچلۈك زۆرۈرىيەت بولمىسا قارا خەربەقنى ئىشلەتمەس-
لىك كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ زەھەرلىك تەسىرى بولۇپ، بەزى ۋاقىتلاردا
بوغما كېسىلى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا پەۋقۇلئاددە زۆرۈرىيەت بولمىسا، شۇنداقلا
خەربەق سىيا بىلەن قۇستۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالمىغان بولسا ئىشلەتمەسلىك
لازىم.

## سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار

سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورا — كېسەللىك ماددىسىنى سۈيدۈك يولى
ئارقىلىق يوقىتىدىغان دورا بولۇپ، قان تومۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
ماددىنى چىقىرىش ئۈچۈن سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ناھايىتى ياخشى

ئۇنۇم بېرىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى كۆپ بولسا بۇنداق ئەھۋالدا قان ئېلىش ياكى سۈرگە بېرىش ئارقىلىق تەنقىيە قىلماي تۇرۇپ سۈيدۈك ھەيدەشكە بولمايدۇ.

تېۋىپلار كېسەللىك ماددىسى جىگەردە بولسا ئەگەر كېسەللىك ماددىسى جىگەرنىڭ دۆڭچە قىسمىغا مايىلمۇ ياكى ئويمان قىسمىغا مايىلمۇ قاراپ باقمىز. ئەگەر دۆڭچەقىسمىغا مايىل بولسا سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش، ئويمان قىسمىدا بولسا سۈرگە دورىلارنى ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈردى.

شۇنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرغاندا، ئىچى سۈرۈش ۋە تەرلەشنى توسۇپ قويىدۇ. چۈنكى كېسەللىك ماددىسى قارشى تەرەپكە يۈزلەنگەن بولىدۇ. شۈبھىسىزكى سۈيدۈك ھەيدەش ئارقىلىق پەقەت كېسەللىك ماددىسىنىڭ سۇيۇق قىسمىنى يوقاتقىلى بولىدۇ. شۇڭا سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى ھۆللۈكتىن بولغان كېسەللىكلەردىن باشقا كېسەللىكلەرگە بېرىشكە بولمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئىششىقتا (سۇلۇق ئىششىق)، پالەچ، چوڭ بوغۇملارنىڭ ئاغرىقى (مۇپاسىل) كېسەللىكلىرىدە سۈيدۈك ھەيدىگۈچلەرنى ئىشلىتىش زۆرۈر بولسىمۇ، ئەمما ماددىنى پىشۇرۇشتىن ئىلگىرى سۈيدۈك ھەيدىگۈچلەرنى ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە ئىسسىق، سوغۇق، مۆتىدىل تەبىئەتلىك سۈيدۈك ھەيدىگۈچلەر ۋە قان خىلتىنىڭ ھۆللۈكىنى كېمەيتكۈچى دورىلار تەپسىلىي بېرىلىدۇ. زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق ئېلىپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

سوغۇق سۈيدۈك ھەيدىگۈچلەر (مودىررات بارد) تەركىبى: كاسىنە ئۇرۇقى، تۇز ۋە ئەگرى تەرخەمەك ئۇرۇقلىرى، سىركەنجىۋىل بوزۇرى، قاپاق سۈيى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، ئوغرىتىكەنىن، كاكىنەج، تاۋۇز سۈيى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا سوغۇق دورىلار؛

ئىسسىق سۈيدۈك ھەيدىگۈچلەر (مودىررات ھار): كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان، رۇم بەدىيان، شام ياغىچى (بەرەنجاسەپ)، قۇرۇق زۇفا، كاۋاۋىچىن، جۇۋىنە، سۇزاپ، سەۋزە ئۇرۇقى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا دورىلار.

مۆتىدىل سۈيدۈك ھەيدىگۈچى (مودىررات مۆتىدىل): تەركىبى:

پىرسىياۋشان، قوغۇن ئۇرۇقى بولاردىن باشقا ئىسسىق تەبىئەتلىك سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر بىلەن سوغۇق سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەرنى قوشسا، مۆتىدىل سۈيدۈك ھەيدىگۈچىنى ياساشقا بولىدۇ. مەسىلەن، كاسنە ئۇرۇقى، بىلەن بەدىيانىنى ئارىلاشتۇرسا مۆتىدىل سۈيدۈك ھەيدىگۈچى بولىدۇ.

مۆتىدىل دورا: سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. رۇم بەدىيان، بەدىيان ھەربىرىنى 7g ئېلىپ، چالا سوقۇپ بىر پىيالە سۇدا قايىنتىپ ئىچىشكە مۇۋاپىق مىقداردا قالغاندا سۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، ھەربىرىنى 10g دىن ئېلىپ قوچۇپ، تاتلىقىنى ئېلىپ قەنت بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ سوغۇق ماددىلارنى (خىلتلارنى) چىقىرىدۇ، توختۇلۇپ قالغان سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ئەگەر رۇم بەدىيان، بەدىيان (ئىككىسىنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ) سوپۇن قىلىپ 7g مىقداردا ئىستېمال قىلىپ ئۈستىدىن تەرخەمەك ئۇرۇقى ، بەگەندىي (قارا سونا) ئۇرۇقى ۋە قوغۇن ئۇرۇقلىرىنىڭ ھەربىرىدىن 5g نىڭ تاتلىقىنى چىقىرىپ ئىستېمال قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورا: ھەيزىنى راۋانلاشتۇرىدۇ. نېپىز دارچىن، سىيادان ھەربىرى 9gدىن ، قۇندۇز قەھرى، ئارچا مېۋىسى ھەربىرى 7g ، ھەممە دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ، ئىككى ھەسەل (ئوتقا ئېسىپ كۆپۈكى ئېلىنغان) بىلەن خېمىر قىلىپ چوڭ كۆمىلاچ غولولە ياساپ، 4g—7 غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئارقىدىن ئەرەقى بەدىياندىن 120ml ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەيز ھارارەت ۋە قاننىڭ كەملىكىدىن ھەيز توختاپ قالغان بولسا راۋانلاشتۇرىدۇ. ئەگەر ھەيز مىقدارى ئاز بولسا كۆپەيتىدۇ. ئەگەر ھارارەتنىڭ كەملىكى ۋە قاننىڭ ئازلىقى تۈپەيلىدىن ھەيز توختاپ ياكى ئازلاپ قالغان بولسا، بۇ ئۇنىڭغا زىيان قىلىدۇ.

قايىنتىلما: ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ئەرلەرنىڭ مەنىيسى ئۆز ئورنىدىن چىقىپ ئارىلىقتا توختاپ قالغان بولسا ياكى ئۆز ئورنىدا توسۇلۇپ سىرتقا چىقالماي قالغان بولسا سىرتقا چىقىرىدۇ.

تەركىبى: ئەفسەنتىن، ياۋا ئېكىر (دەرمىنى تۈركى) ماش، سۇزاپ، بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، ھەربىرى 7g ، ئەنجۈر بەش دانە، گۈلقەنت 33g

ئېلىپ قائىدە بويىچە قاينىتىلما ياساپ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ، 3 كۈنگىچە ئارقىمۇ ئارقا بېرىپ 3 كۈن دەم ئالدۇرۇپ، يەنە ئۈچ كۈن بېرىلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا تولۇق سۈيدۈك ھەيدەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. لېكىن ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن دورىنى ھەيز كۈنلىرىدە بەرگەندە ئوبدان مەنپەئەت قىلىدۇ.

## تۆت ئەزانى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار

تۆت ئەزا مېڭە، يۈرەك، جىگەر، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار ئايرىم ـ ئايرىم يېزىلدى. زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق ئېلىپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار (موقەۋۋىياتى دىماغ) مەرۋايىت، ئامىلە، بېھىنىڭ گۈلى، ئالمىنىڭ گۈلى، ئامۇتنىڭ گۈلى، قىزىلگۈل، قىزىلگۈل ئەرەقى ئاپىلىسىن، بالادۇر، پىندۇق، بادىرەنجى بۇيا ئۇرۇقى، زەنجىۋىل، سەئدى كوفى سۈنبۈل، ئىپار، ئېگىر، ئەنبەر، مىسىل (غالىيە ـ بۇ شال ئېتىزلىرىدا پەيدا بولۇپ چىچەكلەپ ئۇرۇقلايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك) ، قەلەمپۇر، كۈندۇر، بوستان ئەفروز مېيى، ھايۋانلارنىڭ مېڭىسى، توخۇ گۆشى، كەكلىك گۆشى، قوي سۈتى قاتارلىقلار.

يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، كۆڭۈلنى خۇشاللاندۇرغۇچى دورىلار: ئا-مۇت، تاتلىق ئانار، ئامىلە، ئالما، سەندەل، تاباشىر، گىلى مەختۇم، تەمرى ھىندى، رەۋەن ئۆسۈملۈكى، مېۋىسى (يىباس) ، بىخ مارجان، كەھرىۋا، كاپۇر، گاۋ زىبان، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، قىزىلگۈل، مەرۋايىت، ئاپىلىسىن (جۇيزە) ، نىلۇپەر، ھېلىلە، ياقۇت. كۈمۈش ۋەرەق، ئالتۇن ۋەرەق، ئاپىلى-سىن پوستى (پوستى تۇرۇنجى) ئۇستىقۇدۇس، ئەبرىشىم، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، بىستىپايەنج، بالەنگو رەيھان، پارپا، دارچىن، دورونەج ئەقرە-بى، زورونبات، زەپەر، سۈنبول، قېلىن دارچىن، شاقاقۇل، ئىگىر، ئەنبەر، پەرەنجمشكى، ئودى سەلىپ، لاچىندانە ھىندى، لاجۋەرد، پىننە قاتارلىقلار.

جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار: كاسىنە، ئانار، ئۆشنە، داۋا (يۇلغۇن مېۋىسى) ، جۆز، ھوماما، ھەببە بىلسان، دارچىن، غاپەس، قېلىن دارچىن، ئەفتىمۇن، مەستىكى رۇمى، سۈنبۇل رۇمى قاتارلىقلار.

جىگەرنىڭ زەئىپلىكى كۆپرەك سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈكتىن بولىدۇ. شۇڭا جىگەرنى قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى دورىلار كۆپىنچە ئىسسىق بولىدۇ.

ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئامىلە، ئانار ئۇرۇقى بەلىلە، سوماق، بېھى، تاباشىر، قىزىلگۈل، ھېلىلە (جۈملىدىن ھېلىلە مۇرىبباسى، ئىزخىر، جۇيزىنىڭ پوستى، بادىرەنجى بۇيا ئۇرىقى، جۆز، دارچىن، زوروناپات سەئىدى كوفى، قېلىن دارچىن، نېپىزدارچىن، قەلەمپۇر، قاقىلە، كۈندۇر، زىرە رۇمى. مەستىكى، مىشكى تارامۇشكى، پىننە، ئىگىر قاتارلىقلار.

بىلىش كېرەككى: قانداق دورا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدىكەن، قىزىلئۆڭگەچ ۋە ئۈچەينىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ. ھەرقانداق سۈرگە دورا ئاشقازاننى زەئىپلەشتۈرىدۇ. لېكىن ھېلىلە گەرچە سۈرگە بولسىمۇ ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ساناغا نىسبەتەن ئوخشىمىغان قاراش بار. بەزىلەر سانامۇ ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ دەپ قارايدۇ.

پايدىلىنىش: ھەربىر ئەزانى كۈچلەندۈرگۈچى دورا مۇندەرىجىدە سوغۇق دورىلار يېزىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ يەردىن باشلاپ ئىسسىق دورىلار يېزىلدى. مۇشۇ ئىمتىياز تۈپەيلى ئاۋۋالقى دورىلار چوڭ ھەرپ بىلەن ئېلىندى.

## بىمارلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى

خالىس گۆش شورپىسى (ئەسفىدباج). بۇ بىر خىل غىزا بولۇپ، ئىسسىق مىزاجلىقلارغىمۇ بېرىلىدۇ. بۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى گۆشنى دورا — دەرمەك ۋە چۈچۈمەل تەم تەگشكۈچلەرنى سالماي پىشۇرۇپ شورپىسى ئېلىنىدۇ.

ئارپىنىڭ سۈيى (مائىل شەئىر): بۇ ناھايىتى مۇۋاپىق غىزا بولۇپ ھەم دورىلىق ھەم غىزالىق تەسىرىگە ئىگە. ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە بېرىشكە بولىدۇ.

ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى: ئاقلانغان ئارپىنى تۆت ھەسسە سۇدا قاينىتىپ پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. ئەگەر ئاۋۋال ئارپىنى قورۇۋېتىپ ئاندىن كېيىن پىشۇرۇپ تەييارلانسا، ئۇ چوڭ تەرەتنى قاتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە

(قابىز) بولىدۇ. بۇ چوڭ تاھارەتنى قاتۇرغۇچى ئارپا سۇيى دېيىلىدۇ. ئەگەر ئارپا سۇيى تەركىبىگە چىلان، سەرپىستان ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا تاتلىق نەرسىلەرنى سېلىپ تەييارلانسا، بۇ ئىسلاھ قىلىنغان ئارپا سۇيى دېيىلىدۇ. ئەگەر ئارپا سۇيى بىلەن بەدەننى قۇۋۋەتلەش مەقسەت قىلىنسا، ئۇنىڭدا گۆشنى بىللە پىشۇرسا بولىدۇ (ئارپا سۇيى بىلەن سىركەنجۇبىل بىرلا ۋاقىتتا ئىستېمال قىلىنىپ قالماسلىقى لازىم. چۈنكى ئىككىسى بىرلەشسە، ھەزىم بۇزۇلۇشنى پەيدا قىلىدۇ. تەرجىمە قىلغۇچىدىن)

سىركە ۋە دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن پىشۇرۇلغان گۆش (قەرىيس) : بۇ سىركە، سەي ـ كۆكتات ۋە ئىسسىق دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن بىللە پىشۇرۇلغان گۆشتۇر، مىزاجى مۆتىدىلگە مايىل (كېسەللەردە قۇۋۋەتلەش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. تەرجىمان) كەپتەرنىڭ باچكىسىنى يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە پىشۇرۇپ تەييارلىسا مەسوس دېيىلىدۇ.

گۆش شورپىسى (زىرباج) سىركە بىلەن قۇرۇق مېۋىلەرنى قايىنىتىپ زەپەر بىلەن خۇش پۇراق قىلىپ زىرە ۋە باشقا تاتلىق نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. بۇ غىزا مۇرەككەپ كېسەللىكلەرگە مەنپەئەتلىكتۇر.

# ئۈچىنچى قىسىم  كېسەل ۋە ئۇنىڭ داۋاسى

بۇ قىسىم بىر قانچە بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر باب بىر قانچە كېسەلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## بىرىنچى باب  باش كېسەللىكلىرى

### باش ئاغرىقى

باش ئاغرىقى قاندىن بولسا، قىيپال تومۇردىن قان ئېلىش ياكى گەدەنگە ھىجامەت قويۇش ۋە لىمۇن شەربىتى ئىچكۈزۈش، قان ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئەگەر قەۋزىيەت بولسا، چۈچۈمەل دەملىمە (نوقۇتى ھامىز) ياكى مولەييىن مۇبارەك بىلەن قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ. شۇنداقلا قان خىلتىنى تەگشىگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلىنىدۇ.

باش ئاغرىقى سەپرادىن بولغان بولسا، سەپرا خىلتىنى تەگشىگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ. شۇنداقلا سەپرا خىلتىنىڭ مۇنزىجىنى بېرىپ، موسھىلـ نى ئىچكۈزۈپ تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئاق سەندەلنى يۇمغاقسۇتنىڭ سۈيىدە سۈرۈپ پېشانىگە چېپىلىدۇ.

ئەگەر باش ئاغرىقى بەلغەم خىلتىدىن بولسا، ئۇنى تەگشەش ئۈچۈن بەدىياندىن زۇرۇرىيەتكە مۇۋاپىق ئېلىپ قايىنتىپ، ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. باشنى قوستە يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ. مۇنزىج بەرگەندىن كېيىن بەلغەم خىلتىنىڭ موسھىلى بېرىلىدۇ. ئىنەك پىشتى يىلتىزى ۋە زەنجىۋىلنى سۇدا قايىنتىپ سۈيىدە رەختنى نەمدەپ پېشانىسىگە قويۇشمۇ پايدىلىق.

ئەگەر باش ئاغرىقى سەۋدا خىلتىدىن بولسا، ئۇنى تەگشەش، مۇنـ

زىج، موسھىل بېرىپ، باشنى بادام يېغى ۋە بابۇنە بىلەن ياغلاش لازىم.

پايدىلىنىش: ماددىلىق باش ئاغرىقىغا (مەيلى قايسى خىلتتىن بولسۇن) دورا قايىنىتىلمىسىدا پۇتنى يۇيۇش (پاشۇيە) ناھايىتى پايدىلىق. باش ئاغرىغاندا باشنى ھەرگىز مۇجۇماسلىق لازىم. چۈنكى گەرچە دەرھال ئارام بەرگەندەك قىلسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا زىيانلىقتۇر. شۇڭا باشنى مۇجۇماستىن، بەلكى پۇتنى ئۇۋۇلاش ۋە ماسساژ قىلىپ بېرىش، پۇتنىڭ تاپىنى ۋە قولنىڭ ئالىقانلىرىنى مۇجۇشمۇ ناھايىتى پايدىلىقتۇر. باشنى مۇجىماي، باسماي، باشنى ئاۋايلاپ تۇتۇشنىڭ زىيىنى يوق. تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن يېنىك دەرىجىدە ئۇۋۇلاپ بېرىشنىڭ زىيىنى يوق.

پايدىلىنىش: باش ئاغرىقى پەقەت خىلتسىز باشقا ئىسسىق ياكى سوغۇق تەگكەندىن پەيدا بولسا، ئۇ ماددىسىز باش ئاغرىقى (سودائى سازىج) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا تەنقىيە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، پەقەت قارىمۇ قارشى كەيپىياتتا تەڭشەش كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر ئىسسىقتىن بولسا، سوغۇق تەڭشىگۈچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى پۈرىتىلىدۇ. ئەگەر سوغۇقتىن بولسا ئىسسىق تەڭشىگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەگەر باش ئاغرىقىدا قىزىتما بىرگە بولسا، قىزىتمىنىڭ ئىلاجىسىنى قىلىش لازىم. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەگەر باش ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى باشقا كېسەلنىڭ سەۋەبىدىن بولسا، شۇ كېسەلگە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

باش ئاغرىقىنىڭ يەنە بىر قىسمى بولۇپ «شەقىقە» (يېرىم باش ئاغرىقى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا باشنىڭ يېرىمى ئاغرىيدۇ. بۇ ئاغرىق خېلى ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ. بۇنى داۋالاشتا سەۋەبكە مۇۋاپىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ مۇتلەق بىرلەمچى باش ئاغرىقىدا بايان قىلىنىپ بولدى. بۇ كېسەلگە تۆۋەندىكى چېپىلما ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

چېپىلما نۇسخىسى: ئەرەب يېلىمى 3.5g، ئەپيۇن 1.7g، زەپەر 0.9g، ئۈچ دورىنى يۇمشاق ئېزىپ تۇخۇمنىڭ ئېقى ياكى گۈلابتا خېمىر قىلىپ قەغەزگە يوقتۇرۇپ، ئىككى چېكىگە چاپلىنىدۇ. بولۇپمۇ چېكىدىكى ناھايىتى بەك سالىدىغان تومۇرنىڭ ئۈستىگە چاپلىنىدۇ. بۇ كېسەلنى ۋاقتىدا داۋالاش لازىم. چۈنكى ئەگەر ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتسە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىق-

نى پەيدا قىلىدۇ ھەمدە بەك تەستە يوقايدۇ.

پايدىلىنىش: كۆپ ساندىكى كىشىلەر باش ئاغرىغاندا كۆپىنچە سەز-مەس قىلغۇچىلاردىن ئەپيۇن ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دورىلارنى باشقا چاپىدۇ. گەرچە بۇنداق قىلغاندا ئاغرىق تەلتۆكۈس قويۇپ بەرگەندەك قىلىسمۇ، لېكىن تېۋىپلار بۇنى قاتتىق مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى بەزى ۋاقىتلار-دا بۇلارنى ئىشلىتىشتىن بىمار ئۆلۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر بۇنداق دورىلارنى ئىشلىتىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، زەپەر ۋە بابۇنە قاتارلىق دورىلار ئەپيۇننىڭ تۈزەتكۈچىسى بولۇپ، بۇلار بىلەن ئۇنىڭ ناچار تەسىرىنى تۈزىتىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

ئەگەر باش ئاغرىقىدا قىزىلگۈل ئەرەقى قويماقچى بولسا، پۈتۈن باش ھۆل بولغۇدەك دەرىجىدە كۆپرەك قويۇش لازىم، ئۇنداق قىلمىغاندا نۇقسان يېتىدۇ.

باش ئاغرىغاندا ئەگەر بىمارنىڭ بۇرنى قانىسا، ئۇنى توختاتماسلىق لازىم. چۈنكى بۇ بىر ياخشى ئالامەت. لېكىن ئەگەر باش ئاغرىش قان خىلتىنىڭ سەۋەبىدىن بولمىسا قان كۆپ چىقىپ كېتىپ، ئاجىزلاپ قېلىش-نىڭ ئەندىشىسى بولسا، بۇنداق ۋاقىتتا قاننى توختىتىشقا بولىدۇ. باشنىڭ كېسەللىكلىرىدە بۇرۇن ياكى قۇلاقتىن يىرىڭ چىقىش ياخشى ئالامەت (چۈنكى تەبىئەت كۈچى كېسەللىك ماددىسىنى كۆپىنچە بۇ ھوران يولى بىلەن يوقىتىدۇ).

## مېڭە پەردىسى ياللۇغى

مېڭە پەردە ياللۇغى (سەرسام) — مېڭىنىڭ ئۆزى ياكى مېڭىنىڭ پەردىلىرىدە پەيدا بولىدىغان ياللۇغ بولۇپ، ئەگەر قاندىن بولسا، بىمار كۈلگەك كېلىدۇ. ئەگەر سەپرادىن بولسا، مىجەزى ئۇسال، ئاچچىقى يامان (ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان) بولىدۇ. ئەگەر بەلغەمدىن بولسا، بىمار بىپەرۋا، بوشاڭ بولىدۇ. سەۋدا خىلتىدىن بولسا، بىمار ياۋۇز (ۋەھشى) كېلىدۇ. لېكىن سەرسام سەۋدا خىلتىدىن كەم كۆرۈلىدۇ. ھەربىر خىلتتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدا ئومۇمەن ھەرقايسى خىلتقا خاس ئالامەتلەر كۆرۈلۈ-

شى مۇمكىن.

سەرسام قاندىن بولسا «قارا نىيتىس»، سەپرا خىلىتىدىن بولسا قارا نىيىتىس خالىس، بەلغەم خىلىتىدىن بولسا «لىسىيرغىسى» دېيىلىدۇ. سەۋدا خىلىتىدىن بولغىنىنىڭ بىرەر خاس نامى يوق (تەرجىمان). قان ۋە سەپرا خىلىتلىرىدىن بولغىنىدا قىزىتما ئاز بولىدۇ. لېكىن جۆيلۈش، ھوشسىزلىنىش ھەممىسىدە دېگۈدەك بولىدۇ.

داۋالاشتا: باش ئاغرىقىنى داۋالاشقا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ، لېكىن يۇكسەك، يۇقىرى قىزىتما بولغىنى ئۈچۈن، قىزىتمىنى داۋالاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. قان خىلىتىدىن بولغان مېڭە پەردىسى ياللۇغىدا ئىككى پاچاققا تىلىپ لوڭقا قويۇش، قالغان خىلىتتىن بولغانلىرىدا تىلماي لوڭقا قويۇش ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. سۇيۇق پۇرىتىلما (لەخلەخە) ئىشلىتىشمۇ ناھايىتى تېز مەنپەئەت قىلىدۇ. تۆۋەنكى مۇچىلەرنى باغلاش ۋە مۇجۇش، بۇزۇق يەللەرنى (بوخارات) نى شۈمۈرۈشتە ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. ئۇنىڭدا باشقا دورا قايىنىتىلمىسىدا پۇتنى يۇيۇش جىمىكى مېڭە كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پايدىلىق.

قىسقىسى، مېڭە پەردە ياللۇغىدا دەرھال قان ئېلىش لازىم. ئەگەر كېچە بولسا، تاڭ ئېتىشقا ساقلاپ ئولتۇرماسلىق كېرەك. سەپرا خىلىتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدىمۇ قان ئېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى مېڭە پەردىسى ياللۇغىنى پەيدا قىلىدىغان نورمالسىز سەپرا خىلىتى قان خىلىتىغا قوشۇلۇۋالغان بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا، بەزى تەتقىقاتچىلار بەلغەم ۋە سەۋدا خىلىتلىرىدىن بولغان مېڭە پەردىسى ياللۇغىدىمۇ كۆچلۈك توسالغۇ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ (قان ئېلىشقا مەنئى قىلىنىدىغان ئىشلار بولمىسا قان ئېلىشقا بۇيرۇلىدۇ. تەجرىبىلەردىن قاننى كەمرەك ئېلىش كېرەكلىكى ئىسپاتلاندى).

پايدىلىنىش: جۆيلۈش ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئەگەشمە ئالامەتلەر سەرسامدا كۆرۈلىدۇ. لېكىن تۇتقاقلىق قىزىتمىلاردا كۆرۈلگەندەك مېڭە ياللۇغلانماي تۇرۇپمۇ جۆيلۈش ۋە باشقا ئالامەتلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا بەزى كېسەللىكلەرنىڭ ئېغىرلاشقان ھالىتىدە مېڭىدە نورمالسىزلىق

كۆرۈلگەن بولغاچقا، سەرسامغا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. لېكىن بۇ كېسەل تۇتمىغان ۋاقىتتا بۇ ئالامەتلەر كۆرۈلمەيدۇ. بۇنداق ھالەت ھەقىقىي بولمىغان مېڭە پەردە ياللۇغى دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى مېڭىنىڭ ياللۇغىدا يۇقىرىقى ئىككىلەمچى ئالامەتلەر تاكى ياللۇغ يېنىپ بولمىغۇچە داۋاملىشىدۇ. ھەقىقىي بولمىغان مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتا ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي كېسەلنى داۋالاش بىلەن بىرگە قۇۋۋەتلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## قاتما كېسىلى

بۇ كېسەللىك تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇ. ئادەم مەيلى ئۇخلىغان مەيلى قوپقان، مەيلى ئۆرە تۇرغان بولسۇن، كېسەل تۇتقاندا سەزگۈ ۋە ھەرىكەتتىن قالىدۇ. قىسقىسى كېسەل تۇتقاندا كېسەل قانداق ھالەتتە تۇرسا، شۇ ھالەتتە تۇرۇپلا قالىدۇ. شۇڭا بۇ كېسەلنى تۇتقاقلىق (شەخوس، ئاخودە، ۋە خۇركە ـ سەزمەسلىك) دەپمۇ ئاتايدۇ.

كېسەللىك سەۋەبى: بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى سەۋدا خىلتىنىڭ ئارقا مېڭىسىدە بىردىنلا توسۇلۇش (سۇددە) پەيدا قىلىشىدىن بولىدۇ.

داۋالاش: ھوشسىز ياتقان ھالەتتە ئىسسىق تەبىئەتلىك شامچىلار سەۋدانى، سۇرگۈچى كلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ. كلىزما سۇيۇقلۇقىغا ياسمەن يېغى بادام يېغى، ۋە زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر قۇندۇز قەھرى ئارىلاشتۇرۇلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. لېكىن ھوشىغا كەلگەن ۋاقىتتا سەۋدا خىلتىنىڭ مونزىجىنى بېرىپ ئاندىن موسھىلنى بېرىش، يېمەك ـ ئىچمەككە ھۆل ئىسسىق غىزالارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، گەجگىسىنى موم يېغى بىلەن باغلاش، قان خىلتى غالىب كەلگەن بولسا قان ئېلىش، قاق پاچاقتا ھىجامەت (شەخەك) قويۇش ھەمدە قان ئالغاندا تومۇرنى كەڭرەك ئېچىش، ئەمما قاننى كەمرەك ئېلىش كېرەك.

## سەكتە كېسىلى

سەكتە بۇ بىر كېسەللىك بولۇپ، بۇنىڭدا (ئەزالارنىڭ) سەزگۈ ۋە ھەرىكىتى يوقاپ، بىمار ئويغىنىشقا ئۆلۈكتەك ياتىدۇ. سەكتەنىڭ بەزى

قىسىملىرىدا بىمارنىڭ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ.

كېسەللىك سەۋەبى: بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى مېڭىنىڭ ئۇچلا بوشلۇقىنىڭ تولۇق توسۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاشتا: ئەگەر قان خىلتى غالىب بولسا، قىيپال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا بەلغەم خىلتىنى چىقارغۇچى كىلىزما ۋە شامچىلار ئىستېمال قىلىنىدۇ. باشنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. پۈركۈلمە، نوقۇخ، تېمىتىلما (سەئۇت) ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر قۇستۇرغىلى بولسا ناھايىتى مەنپەئەت قىلىدۇ. قول - پۇتنى مۇجۇپ بېرىش ياكى قاشلاپ بېرىشمۇ پايدىلىق. ئۇلاردىن باشقا ئەگەر ماڭلايغا لوڭقا قويۇپ، ئۈستىدىن سىماب بىلەن ئاق پارپىنى يۇمشاق ئېزىپ سۈرۈشمۇ ناھايىتى ياخشى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن بەلغەم خىلتىنى تەڭشەش ئۈچۈن مۇنزىج، موسھىل ئىچكۈزۈش كېرەك.

بۇ كېسەلدە ئەگەر بىمارنىڭ نەپىسى سېزىلمىسە، بىمارنىڭ ساقىيىشى ناتايىن، لېكىن نەپەس ئېلىش سېزىلسە، داۋالاپ ساقايتىشتىن ئۈمىد تۇغۇلىدۇ.

سەكتە بىلەن ئۆلۈمنىڭ پەرقى: سەكتە بىلەن ئۆلۈمنىڭ تۆۋەندىكىدەك پەرقى بار. سەكتە ھالىتىدە بىمارنىڭ كۆزىدە ئادەمنىڭ ئەكسى چۈشىدۇ. لېكىن ئۆلۈكنىڭ كۆزىدە ئادەمنىڭ ئەكس شولىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

گەرچە سەكتە كېسىلىنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد بولمىسىمۇ، ئېھتىيات يۈزىسىدىن 3 كۈنگىچە دەپنە قىلماسلىق لازىم. چۈنكى بىمار مۇشۇ ۋاقىتقىچە تىرىك بولسا، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ساقىيىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر بەدەن چىرىگەن، كۆپكەن، رەڭگى كۆكەرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۆلۈكلىكىدە شەك يوق. شۇڭا ئۇنى داۋالاپ قۇتقۇزىمەن دەپ ئازابلىماسلىق لازىم.

## سۇبات (ئېغىر ئۇيقۇ كېسىلى)

ئېغىر ئۇيقۇ كېسىلى - ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدىكى نورمالسىز ئۇيقۇ-

دىن ئىبارەت.

كېسەللىك سەۋەبى: بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى مېڭىدە مەيلى ماددىسىز ھۆللۈك بولسۇن، مەيلى قان ياكى بەلغەم خىلتىدىن تۇغۇلغان ھۆللۈك بولسۇن، بۇ خىل ھۆللۈكنىڭ مېڭىدە غالىب كېلىشى بۇ كېسەلگە سەۋەب بولىدۇ.

داۋالاشتا: سەۋەبكە مۇۋاپىق تەڭشەش ۋە تەنقىيە قىلىش، سەركە پۈرىتىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئىتترىفىل دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇشمۇ تېز تەسىر قىلىدۇ. لېكىن ئەگەر ئېغىر ئۇيقۇ ئاشقازان بۇخاراتىنىڭ (مېڭىگە ئۆرلىشى) ۋەجىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى بۇ كېسەل كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى تاماق سىڭمەسلىك ئەھۋالى بولىدۇ. قورساقنى ئاچ قويغاندا كېسەل يېنىكلەيدۇ. بۇنى داۋالاشتا ئاشقازاننى تەنقىيە قىلىش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىتترىفىل كەشنىز ناھايىتى پايدىلىق. ئۇلاردىن باشقا يۇمغاقسۈتنى سوقۇپ، تاسقاپ، تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىپ بېرىشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر.

## ئۇيقۇسىزلىق كېسلى

كېسەللىك سەۋەبى: ئۇيقۇسىزلىقنىڭ سەۋەبى ماددىسىز قۇرۇقلۇق ياكى ماددىلىق قۇرۇقلۇقنىڭ تەسىر قىلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇيقۇسىز-لىق پەيدا قىلغان ماددا (خىلىت) سەۋدا ياكى سەپرا خىلتى بولۇش ئېھتىمالى كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا شورلۇق بەلغەم خىلتىمۇ بۇ كېسەلنى پەيدا قىلىدۇ.

داۋالاشتا: ئۇيقۇسىزلىق ماددىسىز قۇرۇقلۇقنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا (بۇنىڭ بىلەن سەپرا ۋە باشقا خىلتلارغا غالىب بولمىسا) باشنى دورا قاينىتىلمىسىدا يۇيۇش، بۇرۇنغا دورا تېمىتىش (سەئۇت) ۋە بارلىق مۇرەككەپ تەڭشىگۈچ دورىلار ئارقىلىق مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش كېرەك. ماددىلىق ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالاشتا (ئۇيقۇسىزلىق بىلەن بىللە سەپرا غالىب-لىقتا ئالاقىدار ئالامەتلەر بولسا، ماددىغا مۇۋاپىق تەنقىيە قىلىش، سىركە پۈراتماسلىق لازىم. چۈنكى بۇلار ئۇيقۇسىزلىقنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

ئۈيقۇ كەلتۈرگۈچى دورىلار سېرىقچېچەك كۆكىنى بىمارنىڭ تەكيىسىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويۇش، بەلغەم خىلتىدىن بولغىنىدا باشنىڭ ئۈستىدە (ئېرىپ) چېچىش ۋە رەيھان كۆكىگە ئەرەقى گۈل پۈركۈپ پۈرىتىش، زىيادىرەك سۈيۈق ھالدىكى پورىتىلمىلار (خۇش پۇراقلىق) ئىشلىتىلىدۇ. ئەپيۇننى بىنەپشە يېغىدا ئېرىتىپ يۇمشاق تاگلايغا سوۋاشمۇ ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ.

پايدىلىنىش: ئەگەر ئۇيقۇسىزلىقنىڭ سەۋەبى قىزىتما ياكى ئىسسىق گازلار (بۇخارەتلەر) نىڭ سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ھەممىدىن ياخشى تەدبىر دورا قاينىتىلمىسىدا پۇتىنى يۇيۇش ۋە كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش-تىن ئىبارەت. قول - پۇتنى مۇجۇش، باشنى ياغلار بىلەن ياغلاشتىن ساقلىنىش كېرەك.

## ئۇيقۇ - ئويغاقلىق كېسلى

ئۇيقۇ - ئويغاقلىق كېسلى ئېغىر ئۇيقۇ كېسلى بىلەن ئۇيقۇسىزلىق كېسلىنىڭ سەۋەبلىرى قوشۇلۇپ كېلىپ چىققان بولىدۇ. لېكىن بەزى تېۋىپلىرىمىز بۇ بەلغەم بىلەن سەپرا خىلتى قوشۇلۇپ پەيدا قىلغان مېڭىنىڭ ياللۇغى دەپ قارايدۇ.

كېسەلنىڭ ئالامىتى: گاھىدا بىمار ئۇزۇن ئۇخلاپ كېتىدۇ. بەدىنى ئېغىر ۋە سۇس (بوشاڭ) بولىدۇ. گاھىدا ئۇيقۇسىزلىق غالىب كېلىدۇ. بەزى تېۋىپلار بۇ خىل ئۇيقۇ - ئويغاقلىق كېسلىنى «ياللۇغ» (مېڭىنىڭ) دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭدا ئۇيقۇسىزلىق ھالىتىدە كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ جۆيلۈش ئەھۋالى كۆرىلىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇيقا غالىب بولسا ئويغاقلىق ئويقۇ كېسلى (سەھەر سوبادى) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى (ئويغاقلىق ئالدىغا قويۇلىدۇ) لېكىن بۇ ھالەت بەك كەم ئۇچرايدۇ. ئۇيقۇ - ئويغاقلىق ئوخشاش بولسا، يەنى ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا تېپىلسا ئۇيقۇ سۇبات نى ئالدىغا قويسىمۇ، ئۇيقۇسىزلىق (سەھور)نى ئالدىغا قويسىمۇ بولىدۇ. چۈن-كى بۇنداق ئەھۋالدا مەلۇم بىرسىنى ئالدىغا قويۇشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ.

داۋالاش: ئېغىر ئويقۇ كېسلى ۋە ئۇيقۇسىزلىق كېسلىدە داۋالىغۇچى

دورىلار سۆزلەندى، ھەر ئىككى ماددىغا مۇۋاپىق دورىلار بىرلەشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. بەلغەم خىلتى كۆپ بولغان ۋاقىتتا ئادەتتىكى ئىسسىق پۇراتمىلار سەپرا خىلتى كۆپ بولغان ۋاقىتتا سوغۇق پۇرالمىلار (شومومى بارىد) ئىشلىتىلسە بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەل ياللۇغ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، سەپرا خىلتىدىن بولغان ياكى بەلغەم خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىنىڭ ئىلاجىنى قىلسا بولىدۇ. گەپىنىڭ قىسقىسى، مۇرەككەپ ياللۇغلار تۈپەيلىدىن بۇ كېسەل كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئەمما مېڭىنىڭ ياللۇغلىنىشى شەرت ئەمەس.

## قارا بېسىش

قارا بېسىش بۇ بىر كېسەل بولۇپ، ئادەم ئۇيقۇ ھالىتىدە بىرەر ئېغىر نەرسە ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشكەندەك، بىرەر نەرسە بېسىۋالغاندەك خىيال قىلىپ، دېمى تۇتۇلۇپ، ئاۋازى ئۆزگىرىپ، كۆپىنچە ئويغىنىپ كېتىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر قان خىلتى غەلىبە قىلغان بولسا، قىيپال تومۇردىن قان ئېلىش، قاق پاچاقتا ھىجامەت قىلىش، ئەگەر بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتىلىرى غالىب كەلگەن بولسا، ئۇلارنى تەنقىيە (تازىلاش) قىلىش لازىم. بۇ كېسەلنى داۋالاشتا سەل قارىماسلىق لازىم. چۈنكى بۇ كېسەل ئاخىرى سەرئى كېسىلىگە ئېلىپ بارىدۇ.

## تۇتقاقلىق كېسەل

سەرئى كېسىلى – ئادەم ھۇشسىزلىنىپ يىقىلىپ، قول – پۇتىدا تارتىشىش (تەشەننۇچ) باشلىنىپ، قاتتىق بىئارام ھەرىكەت قىلىدىغان كېسەلدىن ئىبارەت.

باشنىڭ ئېغىر بولۇشى، تىل ئاستى تومۇرلىرىنىڭ كۆكىرىشى بۇ كېسەلدىكى ئورتاق ئالامەت بولۇپ، كېسەل تۇتقاقلىق تۇتىدۇ. ئەگەر كېسەلنىڭ تۇتقاقلىقى تېز – تېز تۇتقىلى تۇرسا ھالاكەتلىك بولىدۇ. لېكىن باللاردا سەرئى كېسىلى بولسا كۆپىنچە بىر كۈندە 8 – 7 قېتىم تۇتىدۇ. كېيىن يوقىلىپ قايتا قوزغالمايدۇ.

داۋالاشتا: ھوشسىز ۋاقىتتا ئايلىنىپ كېتىش (غىشى) كېسىلىنى داۋالاشتا بايان قىلىنغان تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ. ئۇندىن باشقا، رەخت بىلەن بىر توپ شار ياساپ بىمارنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ قويۇپ، تىلنى چاينىۋېلىشتىن ساقلىنىش، قول - پۇتنى باغلىۋېلىپ قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتىشتىن ساقلاش، ھوشىغا كەلگەن ۋاقىتتا خىلىتىغا مۇۋاپىق ماددىنى تەنقىيە قىلىش، ھۆل مېۋىلەر، ئۆچكە گۆشى، سۈتكە ئوخشاش نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىش، ئۇد سەلىپىنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ گېلىغا ئېسىپ قويۇش ھەمدە كىتابىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا بايان قىلىنغان گال تېمىتىلمىسىنى (ۋەجۇر) ئىشلىتىش لازىم.

## باللار تۇتقاقلىق كېسىلى

باللار تۇتقاقلىقىنى «ئۇممىس سەبيان»، «رىھس سەبيان» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇنىڭغا ماددىغا مۇۋاپىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. ئېنىقلىماي تۇرۇپ بىمارغا زىيادە ئىسسىقلىق ياكى زىيادە سوغۇقلۇقنى ئاشۇرۇپ قىلىشقا بولمايدۇ. سۈت ئېمىتىشتىمۇ پەرھىز قىلىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتنى چەكلەش كېرەك. چۈنكى، جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندا سۈت ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئۆزگەرگەن سۈت بالىنى قاتتىق بىئارام قىلىدۇ. ئەگەر بالىدا قەۋزىيەت بولسا شامچە ئارقىلىق قەۋزىيەتنى داۋالاش ناھايىتى تېز مەنپەئەت قىلىدۇ.

## مالىخۇليا

مالىخوليا بۇ بىر كېسەل بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ نورمال تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى، يەنى ئىنسانلارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى بۇزۇلۇپ، گۇمان قىلىش كۈچى ئارتىپ كېتىدۇ ھەمدە بىمارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى نورمالسىز بولۇپ، بەزىدە ئەقىلگە ئۇيغۇن بولمىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ. ھاماقەتلىك، دۆتلۈك ۋە شەھۋەتپەرەسلىكمۇ مالىخولىيانىڭ تەركىبى قىسمىدۇر.

داۋالاش: خىلىتقا مۇۋاپىق تەنقىيە قىلىش، موپەررىھات (كۆڭۈلنى خۇشاللاندۇرغۇچى» دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئاملە نوشدارى بې-

رىش ناھايىتى پايدىلىق. تەنقىيەدىن كېيىن مىزاجىنى تەڭشەشكە تىرىشىش ۋە سىڭىشلىك غىزالارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كېسەل-لىك ماددىسى تولۇق چىقىپ بولغانىغا قەدەر بىر نەچچە قېتىم تەنقىيە قىلىش ھەمدە بەدەن قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. چۈنكى سەۋدا خىلىتىدىن بولغان كېسەللىكلەردە تەنقىيە (تازىلاش)، تەئدىل (تەڭشەش) نىڭ تەسىرى ئۈزۈندا كۆرۈلىدۇ. ئۇمىدسىزلەنمەي سەۋەبىنى ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. خۇدا خالىسا كېسەل ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئېنىقى، مالىخولىيا ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەدبىر مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزۈش، مۇمكىن بولمىسا بىمارنىڭ ئەندىششىسىنى تۈگىتىپ، ئىشقىنى يوقىتىش ئۈچۈن مۇمكىن بولسا مەشۇقى بىلەن جىما قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، داۋالاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

## ساراڭلىق

ساراڭلىق كېسلى (جۇنۇن) بىر قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئەگەر ئاچچىقى يامان بولۇش بولۇپ، باشقىلارغا زەرەر يەتكۈزىدىغان بولسا، ئۇ «مانىيا» (يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ساراڭ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر بىمار كۈلكە ـ چاقچاق، ئويۇن ـ تاماشاغا مايىل، ئەمما باشقىلارغا زەرەر يەتكۈزىدىغان بولسا، ئۇ دائىل كۈلبى (ئىتتەك ساراڭلىق) دېيىلىدۇ. ئەگەر ئاچچىقى يامان ئادەملەردىن نەپرەتلىنىدىغان بولسا، ئۇ قوترەب دەپ ئاتىلىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى ساراڭلىق بولسۇن، ئۇنىڭ دەرىجىسى مالىخولىيانىڭ دەرىجىسى-دىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. لېكىن بەزى تېۋىپلار ساراڭلىق بىلەن مالىخولىيا بىردەپ قارايدۇ. لېكىن ھەقىقەتتە ساراڭلىق مالىخولىيادىن ئايرىم بىر كېسەلدۇر. چۈنكى ساراڭلىقنىڭ سەۋەبلىرىدە غەيرىي تەبىئىي خىلتىنىڭ كۆيىشى شەرت، ئەمما تەبىئىي خىلتىنىڭ كۆپىيىشىدىن مالىخولىيا پەيدا بولىدۇ. جۇنۇن پەيدا بولمايدۇ.

داۋالاش: مالىخولىيادا بايان قىلىنغان تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ. لېكىن ساراڭلىقتا ھۆللۈك يەتكۈزۈشكە كۆپرەك تىرىشىش، باشقا ئايال

كىشىنىڭ سۇتىنى سېغىش ھەم بۇرۇنغا قۇيۇش، باش ۋە بەدەننى بىنەپشە يېغى، بادام يېغى بىلەن ياغلاش، مونچىغا كىرىش، قورساقنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش لازىم ھەمدە ماددا تولۇق پىشىپ بولغاندىن كېيىن مەجۇنى نوجاھ ئىشلىتىش ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

## باش قېيىش

ئادەم ئورنىدىن تۇرغان ياكى ھەرىكەت قىلغان ۋاقىتتا كۆز ئالدى قاراڭغۇلۇق باسسا باش قېيىش (سەدەر)؛ ئەگەر باش قېيىش ئۆتكۈر بولۇپ، بېشى چۆگىلەپ تام، نەرسىلەرنى چۆگىلىنىۋاتقاندەك كۆرسە باش ئايلىنىش (دەۋۋار) دېيىلىدۇ.

داۋالاشتا: خىلىتىغا مۇۋاپىق تەنقىيە قىلىش لازىم. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى مېڭىدە بولسا، مېڭىدە ھەر ۋاقىت يېقىمسىزلىك ۋە ئاغرىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى ئاشقازاندا بولسا كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە ئاشقازان ساھەسىدىكى باشقا يېقىمسىزلىنىش ئالامەتلىرى بولىدۇ. دېمەك، ماددا قايسى ئەزادا بولسا شۇ ئەزادىكى يېقىمسىزلىقتىن ئۇنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا شۇ ئەزانى تازىلاش (تەنقىيە قىلىش) زۆرۈر. شۇنداقلا بۇ ئەزانى قۇۋۋەتلەش بىلەن بىرگە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش لازىم. باش قېيىش ئەگەر بەدەن ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇنى سىڭىشلىك غىزالار ۋە كۆڭۈلنى خۇشاللاندۇرغۇچى (موپەررىھ) دورىلار ئارقىلىق يوقاتقىلى بولىدۇ. مەرۋايىتنى يۇمشاق ئېزىپ لىمون شەربىتى، سەندەل شەربىتى، تاتلىق، ناخوش ئانار شەربەتلىرىنى قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەگەر باش قېيىش باشقا سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەندىن بولغان بولسا، باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، ئىسسىق دورىلارنى زىمات قىلىش، غىزاسىغا ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا ــ دەرمانلارنى سېلىپ بېرىش پايدىلىق.

## ئۇنۇتقاقلىق

ئۇنۇتقاقلىق مېڭىدە زىيادە راق بەلغەم خىلىتىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىدىن بولىدۇ. ئۇندىن باشقا سەۋدا خىلىتىدىن ھەم مىزاجىنىڭ ماددىسىز

ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

داۋالاش: بەلغەم ۋە سەۋدا خىلىتلىرىدىن بولغىنىدا مۇنزىج بىر ماددا پىشقاندىن كېيىن مەخسۇس مېڭىنى تەنقىيە قىلىدىغان ھەببە قوقىياغا ئوخشاش دورىلار ئارقىلىق تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ماددەتۇلھايات، مەجۇنى ۋەج (ئىكىر مەجۇنى)، زەنجىۋىل مۇرابباسى ۋە كۇندۇرنى شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىشمۇ پايدىلىق. سوغۇق سۇ ئىچىشتىن پەرھىز تۇتۇش لازىم. سەۋدا خىلىتىدىن بولغا، ئۇنۇتقاقلىقتا ياغلار بىلەن (مېڭىگە) ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئىنتايىن زۆرۈر. ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتا ھۆل سوغۇق دورىلار ئارقىلىق تەڭشەش (تەئدىل) ئېلىپ بېرىش كۇپايە قىلىدۇ.

## پالەچ

پالەچ — بىرەر ئەزا ياكى بەدەننىڭ يېرىم قىسمىدىكى بىر يۇرۇش ئەزالارنىڭ سەزگۈ ۋە ھەرىكىتى يوقىلىشتىن ئىبارەت.

بۇ كېسەل زىيادىرەك بەلغەمى ھۆللۈكنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بەزىدە قان خىلىتىدىن نېرۋىلارنىڭ يىلتىزىدا ياللۇغ پەيدا بولۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

داۋالاش: بەلغەم خىلىتىدىن بولغىنىدا 4 كۈنگىچە بىرەر قانداق كۈچلەندۈرگۈچى ۋە ئۆتكۈر دورىلار بېرىلمەيدۇ، ئوزۇقلىنىشمۇ چەكلىنىدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولمىسا ئاز مىقداردا زىرە ۋە دارچىن چۈشكەن گۆش شورپىسى بېرىلسە بولىدۇ، سۇنىڭ ئورنىغا ھەسەل سۈيى بېرىلسە بولىدۇ. 4 كۈندىن كېيىن بەلغەم خىلىتىنىڭ مۇنزىجىنى بېرىپ، بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ نوقۇت تالقىنى، كەپتەر باچكىسىنىڭ گۆشى، دارچىنلارنى قارىمۇچنىڭ ھەمراھلىقىدا بەرسە بولىدۇ (پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ). ئاندىن كېيىن 9 — 4 كۈن ئىچىدە ئەگەر كېسەللىك ماددىسى پىشسا، بەلغەم خىلىتىنىڭ موسھىلى بېرىلىدۇ. ئاندىن كېيىن قۇستە يېغى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىسسىق ياغلار بىلەن (پالەچلەنگەن ئورۇن) ياغلىنىدۇ. جاۋارىش بالادۇر، تەرياق كەبىر، تەرياق مەسرىدىيتوس قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇشمۇ ناھايىتى

پايدىلىق. تەنقىيەدىن كېيىن ئىپار، كۆندۈر، قارىمۇچ، نوشەدور قاتارلىقلار بىلەن پۈرىتىلما ياساپ، پۈرىتىپ بېرىش ناھايىتى تېز تەسىر كۆرسىتىدۇ. بەدەنگە ئىسسىق سۇنى يېقىن يولاتماسلىق لازىم، چۈنكى بۇ سوغۇق سۇدىنمۇ بەكرەك زەرەر قىلىدۇ. ئەگەر پالەچلىنىش بىلەن بىرگە قان خىلتى غەلىبە قىلغانلىق ئالامىتى بولسا قان ئېلىشقا بولىدۇ. ئەگەر پالەچلىنىش بىلەن بىرگە قىزىقلىق (ھارارەت) بولسا، ئىسسىق دورىلارنى بەرمەستىن، بەلكى ئالدى بىلەن قىزىقلىق (ھارارەت) نى يوقىتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن پالەچكە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم. ئەگەر پالەچ قان خىلتىدىن بولغان نېرۋىلار يىلتىزى (تۈۋى) نىڭ ياللۇغلىنىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، قان تازىلاش، ئاندىن كېيىن ياللۇغنىڭ چارىسىنى قىلىش كېرەك.

پايدىلىنىش: ئەگەر بىرەر ئەزانىڭ سەزگۈ ۋە ھەرىكىتى يوقاپ كەتسە، بەدەننىڭ يېرىم قىسمىدىكى ئەزالاردا كۆرۈلمىسە ئۇ پەقەت ئىستىرخا دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن تېۋىپلار بىردەك ھالدا بەدەننىڭ تۆۋەنكى يېرىمىدىكى ئەزالارنىڭ ئىستىرخالىنىشىنى ئومۇملاشتۇرۇپ پالەچ دەپ ئاتىغان.

## سېزىمسىزلىنىش

بۇ كېسەلدە ئەزالارنىڭ سېزىمى يوقايدۇ ياكى ئاجىزلاپ قالىدۇ. يەنى تامامەن يوقاپ كېتىشىمۇ ياكى مەلۇم دەرىجىدە يوقىلىشىمۇ مۇمكىن.

داۋالاش: قان خىلتى غالىب بولسا قان ئېلىش، غىزانىڭ مىقدارىنى ئازايتىش، ئەگەر بەلغەم خىلتى غالىب بولسا، بەلغەم خىلتىنى تەنقىيە قىلىش لازىم. ئەگەر بەلغەم خىلتىنىڭ خوراپ كەتكەنلىكىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى ۋە داۋاسى قۇرۇقلۇقتىن بولغان تارتىشىش (تەشەننۇج يابەس) تا سۆزلەندى. ئەگەر ياللۇغنىڭ بېسىشى ئەزالارنى بوغۇپ قويغانلىقتىن بولغان بولسا سەۋەبنى يوقىتىش كېرەك.

## يۈز نېرۋىسى پالەچى

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى يۈز نېرۋىسىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى (ئىستىرخا) ياكى تارتىشىپ قېلىشى (تەشەننۇج) دىن بولىدۇ. يۈزنىڭ بىر تەرىپىدە

كۆرۈلىدۇ. يۈز نېرۋىسى بوشىشىپ بولغىنىنىڭ ئالامىتى: سەزگۈلەر (ئېچ-كى، تاشقى بەش سەزگۈ)نىڭ تېتىش قۇۋۋىتى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، تۆۋەنكى قاپاق ۋە يۇمشاق تاڭلاي ساڭگىلاپ قالغان بولىدۇ. يۈز نېرۋىسى-نىڭ تارتىشىپ قېلىشى (تەشەننۇج)دىن بولغىنىنىڭ ئالامىتى: پېشانە تېرىسى تارتىشىپ قالغان بولىدۇ، ئېغىزدا تۇكرۇك نىسبەتەن ئاز بولىدۇ.

داۋالاش: يۈز نېرۋىسىنىڭ بوشىشىپ كېتىشىدىن بولغان يۈز نېرۋىسى پارالىچى لەقۋا ئىستىرخائى پالەچكە ئوخشاش، يۈز نېرۋىسىنىڭ تارتىشىپ قېلىشىدىن بولغان يۈز نېرۋا پالىچى (لەقۋائى تەشەننۇج) دا تەشەننۇجغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

پايدىلىنىش: 4 كۈن بەلكى 7 كۈن ئۆتمىگىچە ھېچقانداق داۋالاش ئېلىپ بارماسلىق، غىزادىنمۇ چەكلەش، ئەگەر مۇمكىن بولسا سۈمۈ بەرمەس-لىك، بىمارنى قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇش ھەمدە ئەينەككە ئوڭايسىزلاند-غان ھالدا ئۆزىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇشى كېرەك (بۇنىڭ بىمار ئۆزىنىڭ مايماق بولۇپ قالغان چىرايىنى كۆرۈپ يۈزنى رۇسلاشقا تىرىشىش ئارقىلىق كېسەلنىڭ ساقىيىشىدا پايدىسى بار). بىخ كەبىر پوستىنى ھەسەل سۈيىدە قايىنىتىپ ئېغىزنى چايقاپ بېرىش (غار - غار قىلىش) كېرەك. ئەگەر قان خىلتى غالىب كەلگەن بولسا قان ئېلىشقا بولىدۇ. لەقۋا كېسىلىنى داۋالاشتا ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك لازىم. چۈنكى 3 ئاي ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئېغىزنىڭ مايماقلىقى ئەسلىگە كەلگىلى ئۇنىمايدۇ. ئەينەك - ئادەتتە كۆرىدىغان ئەينەك بولۇپ كۈمۈش، مىس، تۆچ قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا بىمار يۈزنى ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا كۆپ قاراپ بەرگەندە مايماق بولۇپ قالغان يۈزنى رۇسلاشقا سەۋەب بولىدۇ.

## تارتىشىپ قېلىش

تارتىشىپ قېلىش بۇ بىر كېسەل بولۇپ، بۇنىڭدا ئەزالار يىغىلىۋالىدۇ (چۈنكى بۇنىڭدا نېرۋا ۋە مۇسكۇللار تارتىشىپ قالغان بولىدۇ). ئەگەر تارتىشىشى بەلغەم خىلتىدىن بولسا ھۆللۈكتىن بولغان تارتىشىش (تەشەن-

نوج روتەپ) ياكى تولۇپ قېلىش خاراكتېرلىك تارتىشىش (تەشەننۇج ئىمتىلائى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى: تارتىشىش بىردىنلا پەيدا بولىدۇ، بەلغەم خىلىتى غالىبلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئەگەر قورۇقلۇق يەتكەندىن بولغان بولسا، قۇرۇقلۇقتىن تارتىشىش (تەشەننۇج يابەس) دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى: تارتىشىش ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولىدۇ. ئۇ پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئومۇمىي بەدەنلىك تازىلاش (ئىستىفراغ) قىلغان ياكى ئۇيقۇسىز قالغان ياكى غەم ئەندىشىنىڭ كۆپ بولغان ياكى ئىسسىق قىزىتمىلار بىلەن ئاغرىغانلىق تارىخى بولىدۇ. مۇسكۇللار ئورۇقلاپ كەتكەن بولىدۇ.

داۋالاش: تولۇپ قېلىش خاراكتېرلىك تارتىشىپ قېلىش كېسىلىدە پالەچنىڭ داۋاسىنى قىلسا بولىدۇ. قۇرۇقلۇقتىن بولغان تارتىشىشتا ئىچكى ـ تاشقى تەرەپتىن هۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىنىڭ باياندا تەڭشىگۈچىلەر بايان قىلىندى. شۇنداقلا موم يېغى، بىنەپشە يېغى، بادام ياغلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇن ياغلىنىدۇ. ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى بۇرنىغا تارتىش مەنپەئەتلىك.

پايدىلىنىش: ئەگەر تارتىشىش چايان چاققان ياكى پەيلەردە يارا پەيدا بولغان ياكى ئۈچەيدە قۇرت پەيدا بولغان سەۋەبتىن بولغان بولسا، چايان زەھىرىنى قايتۇرۇش، يارىنى داۋالاش ۋە قۇرتنى چىقىرىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، ئەگەر تارتىشىش كېسلى سەرئى كېسىلىنىڭ ئەگەشمە ئالامىتى بولۇپ كەلسە، سەرئىنى داۋالاش بىلەن تارتىشىش يوقاپ كېتىدۇ. ئەگەر سەرئى يوقالغاندىن كېيىنمۇ تارتىشىش يەنە قېپقالسا گۈل يېغى ۋە باشقا مۇناسىپ ياغلار بىلەن يېرىم ئىسسىق هالەتتە يەرلىك ئورۇننى ياغلاپ بەرسە تارتىشىش قويۇپ بېرىدۇ.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئەسنىگەن ۋاقتىدا تارتىشىش سەۋەبىدىن ئېغىزى ئوچۇقلا قالىدۇ. بۇنى داۋالاشتا ياغلاش كۇپايە قىلىدۇ. لېكىن ياغلاش بىلەن ئەھۋال ياخشىلانمىسا، تولۇپ قېلىشتىن بولغان تارتىشىشنى داۋالاشنىڭ چارىسىنى قوللانسا بولىدۇ. بۇنىڭ ياخشىراق چارىسى ئېغىزغا ئىككى قولنىڭ باش بارمىقىنى سېلىپ تۆۋەنكى ئېڭەك يىلتىزىنى تۆۋەنگە تارتىپ بوغۇمنى ئەسلى ئورنىغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. (تەرجىمان)

## تەمەددۇدكېسلى

بۇ ئەزالارنىڭ تارتىشىپ تۈز، روست بولۇپ قېلىش كېسلى بولۇپ، بۇنىڭدا نېرۋىلار ئىككى تەرەپكە تارتىشىپ ئەزالار تارتىشىپ روست بولۇپ قالىدۇ.

## گەدەننىڭ تارتىشىپ قېلىش

گەدەننىڭ تارتىشىپ قېلىشى تەشەننۇج كېسلىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، گەدەننىڭ غولىدا يۈز بېرىدۇ، ئەگەر گەدەننى ئۆياق بۇياققا ــ بۇراشتىن كېلىپ چىققان بولسا، گەدەن سۆڭىكىدە چۆچۈش بولۇپ مىدىرلىيالماي قالىدۇ.

داۋالاش: تەمەددۇد (ئەزالارنىڭ تارتىشىپ تۈز بولۇپ قېلىشى) ۋە گەدەن تارتىشىپ قېلىش (كۇزاز)نىڭ داۋاسى تەشەننۇجنى داۋالاشقا ئوخشاش سەۋەبكە مۇۋاپىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوبدان ئويلانماي تۇرۇپ ئالدىراقسانلىق بىلەن داۋالاشقا كىرىشمەسلىك كېرەك، چۈنكى بۇ كېسەل تارتىشىش (تەشەننۇج)دىنمۇ ئېغىر بولىدۇ.

## تىترىمە كېسەل

تىترىمە كېسەل ئەگەر بەلغەم ماددىسىدىن بولسا ئۇنۇتقاقلىق بولىدۇ، بەلغەم خىلتى غالىبلىقنىڭ باشقا ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇنى داۋالاشتا بەلغەم خىلتىنى تەنقىيە قىلىش كېرەك. ئەگەر جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ كۆپلىكىدىن ياكى هاراقنى كۆپ ئىچىشتىن كېلىپ چىققان بولسا سەۋەبنى يوقىتىش لازىم. جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ كۆپلىكىدىن كېلىپ چىققان تىترىمە كېسەلنى داۋالاشتا يەنى بۇ جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆپ ئۆتكۈزۈشتىن كېلىپ چىققان بولسا، يېڭى سېغىلغان سۈت (كالا سۈتى) ئىچكۈزۈش، بەدەننى ياغلار (ئىسسىق تەبىئەتلىك) بىلەن ياغلاش، ئىللىتىلغان توخۇ تۇخۇمى بېرىش مەنپەئەتلىكتۇر.

## مۇسكۇلنىڭ تىترىشى

ئەگەر ھەمىيشە يۈز مۇسكۇلىدا تىترەش بولسا يۈز مۇسكۇلى پالىچى پەيدا بولۇشىنىڭ خەۋپى تۇغۇلىدۇ. قورساق مۇسكۇلىدا تىترەش ئەھۋالى كۆرۈلسە، بۇ سەرئىنىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابلىنىدۇ. يانپاش (بىقىن) مۇسكۇلىنىڭ تىترىشى كۆكرەك ۋە يانپاشتىكى ياللۇغىنىڭ خەۋپى بولىدۇ. پۈتۈن بەدەن مۇسكۇللىرى تارتىشسا، سەكتە كېسىلىنىڭ ئەندىشىسى بولىدۇ. قورساق مۇسكۇلىنىڭ تىترىشى ماراق كېسىلى (مالىخولىيا ماراقى)نىڭ مۇقەددىمىسى بولىدۇ.

داۋالاش: تۇزنى كىچىك خالتىغا سېلىپ چىگىپ، ئوتنىڭ تەپتىدە ئىسسىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئۈنىڭدىن مەنپەئەت بولمىسا، بەلغەم خىلتىنى تەنقىيە قىلىشى كېرەك. ئەگەر مۇسكۇللارنىڭ تىترىشى ھەيز تۇتۇلۇش، ھەيز قېنىنىڭ چىقىپ كېتەلمەسلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، قان ئېلىش بىلەن دەرھال يوقاپ كېتىدۇ.

## لەۋۋى كېسىلى

لەۋۋى كېسىلى «فيىهەدەج» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەزالار ئېغىرلاپ قالغاندەك سېزىلىدىغان ھالەت بولۇپ، بىمارنىڭ چىرايى ۋە كۆزى قىزىرىپ قالغان بولىدۇ. ئەسنەش، كېرىلىش كۆپ بولىدۇ. بىمار ئۆزىنىڭ بەدىنىنى تارتىپ باقىدۇ (سىلاپ باقىدۇ)، گويا قىزىغاندەك، ئەمما قىزىتما بولمايدۇ. ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن بۇ ھالەت يوقاپ كېتىدۇ. بۇ ھالەت ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم قايتىلاپ قېلىش مۇمكىن.

داۋالاش: ئەگەر يۇقىرىقى ھالەت كۆرۈلىۋاتقان ۋاقىت بولسا ياكى ئارقا ـ ئارقىدىن قايتىلاپ قالسا، قان ۋە سەپرا خىلتلىرىنى تەنقىيە قىلىش لازىم. غىزانى كەمرەك ئىستېمال قىلىشى كېرەك. ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەردە سوغۇق سۇ ئىچىش ياكى سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇش بىلەن بىردىنلا يوقاپ كېتىدۇ. يۇمغاقسۇت ئۇرۇقىنى سوقۇپ ياكى دەملەپ شېكەر قوشۇپ ئىستېمال قىلىشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر.

## مېڭە سىزىمىنىڭ ئارتىپ كېتىشى

بۇ كېسەلدە مېڭىدە ئاغرىش بولماي تۇرۇپ، قىچىشىش بولىدۇ.
داۋالاشتا: سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈشكە كۆچەش كېرەك. چۈنكى بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى سەپرا خىلىتىدىن تۇغۇلغان يەللەر (سەپراۋىي بوخار) دىن بولىدۇ. ئەگەر تەگشەش كۇپايە قىلمىسا، سەپرا خىلىتىنىڭ موسھىلىنى بېرىش لازىم. ئەگەر قان غالىب بولسا، قان ئېلىشقا بولىدۇ.

## قاپاق ئاغرىقى كېسىلى

بۇ قاشتا پەيدا بولىدىغان ئاغرىق بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى ماددىسىز ئىسسىقلىقتىن بولىدۇ. بۇ ئاغرىق ئاپتاپ چىققاندىن تارتىپ باشلىنىپ تاكى چۈشكىچە كۆچىيىپ بارىدۇ. كۈن ئولتۇرغىچە بولغان ئارىلىقتا يېنىكلەشكە قاراپ مېڭىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە يوقايدۇ. ئىككىنچى كۈنى يەنە ئەتىگەندە باشلىنىدۇ.

داۋالاش: كاپۇرنى گۈل يېغىدا ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. سىرتقى تەرەپتىن تېرە تۆشۈكچىلىرىنى (تەر تۆشۈكچىلىرىنى) ئېچىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر قاپاق ئاغرىقى بەدەندىن يەللەر (بۇخارات)نىڭ مېڭىگە ئۆرلىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بىمارنىڭ يۈزى مايماقلىشىپ قالغان بولىدۇ. پېشانە تېرىسى تارتىشىپ قالغان بولىدۇ.
داۋالاش: بۇنى داۋالاشتا بىرەر يىرىك (قوپال) نەرسە ئارقىلىق بۇرۇننىڭ ئىچىنى غىدىقلاپ بۇرۇن قانىتىلىدۇ. ئەگەر بۇرۇن قانىمىسا، قىپپال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. سىركە ۋە كافور پۇرىتىلىدۇ. قول ـ پۇتلار مۇجۇلىدۇ.

## زۇكام ۋە نەزلە

ئەگەر مېڭىدىكى چىقىرىندى ماددىلار كېسەللىك يولى بىلەن بۇرۇندىن كەلسە، ئۇنى زۇكام دەپ ئاتايمىز. ئەگەر گال تەرەپكە كېتىپ قالسا، نەزلە دەپ ئاتىلىدۇ.

كېسەللىك ئالامىتى: مىزاجنى تەڭشەش، ماددىغا مۇۋاپىق تەنقىيە قىلىش لازىم، زۇكامدا تەنقىيەدىن ئىلگىرى ماددىنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن توسايدىغان بارلىق نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇش لازىم. قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، باشنى ئىسسىق ساقلاش (باشنى ئورىۋېلىش) ، زۇكام مەيلى ئىسسىقتىن بولسۇن، مەيلى سوغۇقتىن بولسۇن، مەيلى قاتتىق ئۇيقۇ ھالىتىدە بولسۇن، ئوڭدا يېتىپ ئۇخلاش، چۈچۈمەل نەرسىلەر، سۈت ۋە گۆش ئىستېمال قىلىشتىن، باشنى تۆۋەن تۇتۇشتىن چەكلەش كېرەك. ئەگەر زۇكام بىلەن يۆتەل بىرگە بولسا، شۇنىڭغا مۇناسىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

پايدىلىنىش: تىلما، ئىشەك يېمى (بادشەنام) بۇ ئىككى كېسەل چىرايدا پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىككى كېسەل تەنقىيە قىلىش بىلەن ساقىيىپ كېتىدۇ. بۇ كىتابىمىزنىڭ ئاخىرىدا ئومۇمىي بەدەن خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردە بايان قىلىندى.

# ئىككىنچى باب كۆز كېسەللىكلىرى

كۆز يەتتە پەردە، ئۈچ ھۆللۈك، ۋە بىر نۇر ئۆتكۈزگۈچى كاۋاك پەي (ئەسەبى مۇجەۋۋىپە) بولۇپ، نۇر ئۆتكۈزگۈچى كاۋاك پەي كۆرۈش نۇرى-نىڭ ئەسلىي ئورنى بولۇپ، كۆزنىڭ ئوتتۇرا كۆز گۆھىرى (رەتوبەتى جىلىدىيە) گىچە يېتىپ بارىدۇ. شەكىل مۇشۇ ھۆللۈككە چۈشۈپ كاۋاك پەيلەرگە يەتكۈزۈلىدۇ. كۆزدە ئۆزىگە خاس كۆرۈش قۇۋۋىتى (قۇۋۋىتى باسىرە) بولۇپ، خۇدانىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئۇنىڭدا كۆرۈش سېزىمى ھاسىل بولىدۇ. ئەتراپتىكى باشقا قەۋەتلەر ۋە سۇيۇقلۇقلار ئۇنى (كۆرۈش قۇۋۋىتى-نى) مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاپ تۇرىدۇ.

سىرتتا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھەم قول بىلەن سىلىغىلى بولىدىغان قەۋەتلەر كۆز توتاشتۇرغۇچى پەردىسى (مولتەھەمە)، مۈڭگۈز پەردە (قەر-نىيە)لەردىن ئىبارەت. كۆز ئېقىغىچە بولغان قەۋەت كۆز توتاشتۇرغۇچى پەردىسى بولۇپ، بۇ پەردىن قارىلىق باشلانغان بولىدۇ. بۇ مۈڭگۈز پەردى-دۇر. ئىككى قەۋەت ئۆزئارا توتاشقان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاستى ۋە ئىچكىرىسىدىكى ئۈزۈمسىمان پەردە ياكى رەڭدار پەردە (ئىنەبىيە) دۇر. بۇ قەۋەت رەڭلىك بولۇپ، كۆز گۆھىرىدە رەڭ پەيدا قىلغان. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، مۈڭگۈز پەردە پارقىراق ۋە ئاق بولغان بولاتتى. ئۈزۈمسىمان پەردە ياكى رەڭدار پەردىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆشۈك بولۇپ بۇ كۆز قارچۇغى (سوقبەئەنەبىيە) دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ تۆشۈكتىن يورۇقلۇق چىقىدۇ ھەمدە بۇ تۆشۈكتىن شەيئىلەرنىڭ شەكلى كۆز ئىچىگە كىرىپ، كۆز گۆھىرىگە چۈشۈرۈلىدۇ. كۆزگە سۇ چۈشىدىغان ئورۇنمۇ دەل مۇشۇ تۆشۈكتىن ئىبارەت. شەيئىلەرنىڭ شەكلى كۆز گۆھىرىگە چۈشكەندىن كېيىن ئۈزۈم-سىمان پەردە ياكى رەڭدار پەردىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆز دالانچە سۇيۇق-لۇقى ياكى توخۇم ئېقىسىمان ھۆللۈككە، ئۇنىڭدىن كېيىن شىشىسىمان

ھۆللۇك ياكى ئەينەكچە جىسمغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمۈچۈك تورسىمان پەردىگە، بۇ يەردىن ئۆمۈچۈك تورسىمان پەردىنىڭ ئارقىسىدىكى قارسىمان ھۆللۇك ياكى كۆز گۆھىرىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن شېشەسىمان ھۆللۇك ياكى ئەينەك جىسىمغا، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈش تور پەردىسىگە، ئاندىن كېيىن قان تومۇرلۇق پەردىگە، ئاندىن كېيىن كۆز ئېقىغا چۈشىدۇ. كۆز ئېقى بولسا كۆز خانىسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قىسمىغا تۇتاشقان بولىدۇ (بۇنىڭ بىلەن كۆرۈش پائالىيىتى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ)، كۆزدىكى ھەربىر قەۋەت ھەربىر ھۆللۇكتە ئۆزىگە خاس كېسەللىكلەر كۆرۈلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە مەخسۇس نام بېرىلگەن بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

## كۆز ئاغرىقى

كۆز ئاغرىقى كۆز تۇتاشتۇرغۇچى پەردىنىڭ ياللۇغىدىن ئىبارەت. ئەگەر بۇ قان خىلتىدىن بولسا كۆزدە قىزىللىق، ئېغىرلىق ۋە ئاغرىش بولىدۇ. كۆپ چاپاقلىشىدۇ. ئەگەر سەپرا خىلتىدىن بولسا ئاغرىش، كۆيۈشۈش زىيادە بولۇپ، چاپاقلىشىش كەمرەك بولىدۇ. ئەگەر بەلغەم خىلتىدىن بولسا ياللۇغ ئاق ۋە كۆپكەندەك كۆرۈنىدۇ، چاپاق ۋە ياش كۆپ بولىدۇ. ئەگەر ياللۇغ سەۋدا خىلتىدىن بولسا ياللۇغ قاتتىق بولىدۇ، كۆپۈشۈش بولمايدۇ، قەتئىي چاپاقلاشمايدۇ، لېكىن ئىككى قاپاق ئۆزئارا يۇمۇلالمايدۇ، كۆزى چىڭقىلىپ ئاغرىيدۇ. يەلدىن بولغان كۆز ئاغرىقىدا چىڭقىلىشمۇ، چاپاقلىششمۇ بولمايدۇ.

داۋالاش: ماددىغا مۇۋاپىق تەنقىيە قىلىنىدۇ. قان ئېلىش ياكى مۇسھىل بېرىشتىن ئىلگىرى كۆزگە دورا سۈرمەسلىك كېرەك. ئەگەر كۆز ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى يېنىك بولسا، 3 ~ 2 كۈندىن كېيىن تەنقىيە قىلماي تۇرۇپمۇ دورا سۈرۈشكە بولىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان كۆز ئاغرىقىغا ھەممىدىن ياخشىسى ھوزوزى مەككى چېپىلمىسىدۇر. قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىنى (تۇغۇلغان بالا قىز بولسا) ھوزوزى مەككىنى ئېرىتىپ كۆزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا سۈرۈشمۇ پايدىلىق. ئەگەر ئاغرىش ئېغىر بولسا ئازراق ئەپيۇن ئارىلاشتۇرۇ-

ۋېتىلسە بولىدۇ. چەشمەك[1](چاكسۇ) پۈركىلىمىسى كۆز ئاغرىقىنىڭ ھەممە قىسىملىرىغا ناھايىتى پايدىلىق، لېكىن كۆز ئاغرىقى باشلىنىپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ. كۆز ئاغرىغاندا گۆش ۋە يەل قوزغايدىغان نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىنىدۇ.

چەشمەك (چاكسۇ) پۈركۈلمىسى تەركىبى: چەشمەكنى زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق ئېلىپ، خالتىغا چىگىپ ئېشەك تىزگىنىنىڭ ھەمراھلىقىدا قاينىتىپ (قايناتماي ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ)، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇ بىلەن يۇيۇپ قۇرۇتىلىدۇ. بۇنىڭدىن 12g، ناۋات، مامىرانچىنى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 6g دىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ ئۇپىدەك يۇمشاق ئېزىپ، پۈركۈلمە دورا شەكلىدە كۆزگە پۈركىلىدۇ. ئەگەر مامىرانچىنىڭ ئورنىغا ئېشەك سۈتى بىلەن لايىقلاشتۇرۇپ ئەنزىرۇت سېلىپ ئىشلىتىلسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

پايدىلىنىش: باللاردا ئېغىر دەرىجىدىكى كۆز ئاغرىقى پەيدا بولسا، ئۇنى «ۋەردىنيەج» دەپ ئاتايدۇ. بۇنى داۋالاشتا گەدەنگە ھىجامەت قىلىش ۋە ئىككى چېكىگە زۈلۈك قۇرتى چاپلاشتۇرسىمۇ ياكى چەشمەك (چاكسو) پۈركۈلسىمۇ پايدىلىق.

## كۆز تۇتاشتۇرغۇچى پەردىگە رەڭدار چېكىت چۈشۈش

بۇ كۆز تۇتاشتۇرغۇچى پەردىسىگە پەيدا بولغان رەڭدار چېكىتتىن ئىبارەت.

داۋالاش: كەپتەر ياكى ئۆدەك قانىتىنىڭ قېنىنى تەنھا ياكى گۈل ئەرمىنى قوشۇپ كۆزگە تېمىتىلىدۇ ۋە كۈندۈرنى كۆيدۈرۈپ ئۇنىڭ ئىسى (كۆزگە) يەتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى كۈچلۈك بولسا ئالدى بىلەن قان ئېلىنىدۇ، شەخەك قويۇلىدۇ، مۇسھىل بېرىلىدۇ.

---

① چەشمەك بىھى ئۇرۇقى چوڭلۇقىدىكى ئۈچ قىرلىق قارا رەڭلىك، مايلىق، پارقىراق ئۇرۇق دورا.

## كۆزدە قاناتلىق گۆش ئۆسۈش

بۇ كۆزنىڭ بۇرۇن تەرەپ بۇرجىكىدىن تىرناق شەكلىدە گۆش ئۆسۈپ قېلىش كېسىلىدىن ئىبارەت.

داۋالاشتا: لاهور تۇزى بىلەن سۈرمە تايىقى ياساپ، پەقەت ئۇنى كۈندە بىر نەچچە قېتىم كۆزدە ئايلاندۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر تىرناق گۆش ئۆسۈشنىڭ سەۋەبچى ماددىسى كۆپ بولسا، قىيپال تومۇردىن قان ئېلىش، ھەببە ئايارەنجى بىلەن بەدەننى تەنقىيە قىلىش كېرەك. بەلغەم خىلتى تۇغۇلدۇرغۇچى نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. ئەگەر تىرناقچە گۆش قېلىن بولسا دەستىكار (ئوپېراتسىيە) بىلەن داۋالاش، باشقا بىر قىيىنچىلىق (ئاۋارىچىلىق) پەيدا بولۇپ قالمىسۇن ئۈچۈن، ئوپېراتسىيەنى ئەقىللىق ئوپېراتسىت قىلىشى لازىم.

## كۆزگە ئاق چۈشۈش

بۇ كۆز قارىلىقىدا بىر خىل ئاق چېكىت پەيدا بولىدىغان كېسەللىك بولۇپ، مۈڭگۈز پەردىدە يات ماددا پەيدا بولغاندىن بولىدۇ.

داۋالاش: كۆپىكى دەريانى سۇدا سۈرۈپ بىر قانچە قېتىم كۆزگە سۈرتۈشتىن يوقاپ كېتىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى كۈچلۈك بولسا، مېڭىنى تەنقىيە قىلىش لازىم. كۆزدىكى ئاقنى تىل بىلەن يالاپ بېرىش ناھايىتى پايدىلىق، ئەگەر ئۈنداق بولمىسا ئاخىرىدا كۆز داۋالىغۇچى تېۋىپ ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تازىلىۋەتسە بولىدۇ.

## كۆزگە پەردە چۈشۈش

بۇ بىر كېسەل بولۇپ، بۇنىڭدا كۆزنىڭ تومۇرلىرى تەدرىجىي قىزى-رىپ قان تولۇپ كېتىدۇ ۋە كۆزدە قىچىشىش بولۇپ، ياش ئاققىلى تۇرىدۇ. ئەگەر ياش ئېقىۋەرسە ھەمدە داۋاملىق كىرپىك نەم تۇرسا، ھۆللىنىش تىپىدىكى كۆزگە پەردە چۈشۈش دېيىلىدۇ. ئەگەر ھۆللۈك بولمىسا، قۇرۇق تىپتىكى كۆزگە پەردە چۈشۈش دېيىلىدۇ.

داۋالاش: كېسەللىك ماددىسىنى بەدەندىن تازىلاش كېرەك. تازىلاش

ئۇچۇن ھەممىدىن ياخشىسى قىيپال تومۇردىن قان ئېلىش، ئاندىن كېيىن پېشانە ۋە كۆز بۇرجىكىدىكى تومۇردىن قان ئېلىش. ئەگەر كۆزگە چۈشكەن پەردە نېپىز بولسا، دىنار شامچىسى (شىيافى دىنار) سۈرۈش لازىم. ئەگەر كۆزگە چۈشكەن پەردە قېلىن بولسا، شىيافى ئەھمەد ياكى شىيافى باسلىقۇن سۈرىلىدۇ. قوقاقلىق تىپىدىكى كۆزگە پەردە چۈشۈشتە دورا سۈرۈشتىن ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنچىغا چۈشۈرۈش مۇھىم. ئەگەر كۆزگە پەردە چۈشۈش بىلەن كۆز ئاغرىقى قوشۇلۇپ كەتسە ئىسسىق دورىلارنىمۇ، سوغۇق دورىلارنىمۇ ئىشلەتمەي، بەلكى ماددىنى چىقارغۇچى شۇمۇرگۈچى ئىشلىتىش بىلەن دورىلارنى قانائەت قىلىش، ئەگەر دورا بىلەن يوقالمىسا، قان تومۇرلارنى قوپۇرۇپ تۇرۇپ، كېسىپ تاشلاش كېرەك. تومۇرلارنى كېسىش ئۇسۇلىنى كۆز تېۋىپلىرى ئوبدان بىلىدۇ.

## كۆز تۇتاشتۇرغۇچى پەردىسى كۆپۈشۈپ قېلىش

كۆپۈشۈش بىلەن ياللۇغنىڭ پەرقى تۆۋەندىكىدەك. ياللۇغنىڭ ماددىسى ئەزانىڭ ئەڭ كىچىك بۆلەكلىرىگىچە يېتىپ بارغان بولىدۇ. كۆپۈشۈش ئەزالارنىڭ ئارىلىق بوشلۇقلىرىدا پەيدا بولىدۇ. بەزى تېۋىپلار ياللۇغنىمۇ ئىنچىكىلىمەيلا كۆپۈشۈش دەپ ئاتايدۇ.

كۆپۈشۈش ئەگەر يەلدىن بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى بىردىنلا پەيدا بولىدۇ. بۇ پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى كۆز بۇرجىكىدە پاشا ياكى چىۋىن چاققانغا ئوخشاش كۆيۈشۈش بولىدۇ. ئەگەر كۆپۈشۈش بەلغەم خىلىتىدىن بولسا، ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولىدۇ، ئۇنچىۋالا قاتتىق ئاغرىپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇنى بارماق بىلەن باسقاندا ئەگەر كېسەللىك ماددىسى قويۇق بولسا، باسقاندىكى ئىز ئۇزۇنغىچە تۇرىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى سۇيۇق سۇغا ئوخشاش بولسا، باسقاندا ئىز قالمايدۇ.

داۋالاش: ماددىغا قارىتا مۇۋاپىق تازىلاش (تەنقىيە) ئېلىپ بېرىلىدۇ، سوغۇقتىن بولغان كۆز ئاغرىقىنى داۋالاشقا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن يەلدىن بولغان كۆپۈشۈشتە ئۈچ كۈنگىچە دورا ئىشلەتمەسلىك كېرەك، كۆپىنچە ئۆزىچە يوقاپ كېتىدۇ.

## كۆز تۇتاشتۇرغۇچى پەردىسى قىچىشىش

بۇ كۆز تۇتاشتۇرغۇچى پەردىسىنىڭ قىزىرىپ قىچىشىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدا قاپاقمۇ قىزىرىدۇ. ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدۇ.
داۋالاش: ئۆتكۈر ۋە تۇزلۇق نەرسىلەردىن پەرھىز تۇتۇش، قان ئېلىش، مۇسھىل بېرىش ئارقىلىق بەدەننى تەنقىيە قىلىش، تۇچنى قۇمۇشقا سۇرۇپ، ئۇنىڭدا چىققان قارىنى كۆزگە سۈرۈش ھەمدە يۈز – كۆزنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش مەنپەئەتلىكتۇر.

## كۆز تۇتاشتۇرغۇچى پەردىسىگە نېپىز قىزىل گۆش ئۆنۈش

بۇ كۆزنىڭ بۇرۇن تەرەپتىكى بۇلۇڭىغا يېقىن جايلىرىغا نېپىز قىزىل گۆش ئۈنۈپ قىلىش كېسىلىدىن ئىبارەت.
داۋالاش: كېسەللىك ماددىسىنى تەكرار تەنقىيە قىلىش ئۇنىڭدىن كېيىن دەستىكار ئۇسۇلى بىلەن داۋالاش.

## كۆز تۇتاشتۇرغۇچى پەردىسىگە مۇدۇر پەيدا بولۇش

بۇ كۆزنىڭ بۇرۇن تەرەپ تۇتاشتۇرغۇچى پەردىسىگە قىزىل ياكى قارا رەڭلىك قاتتىق مۇدۇر پەيدا بولىدىغان كېسەلدۇر.
داۋالاش: كېسەللىك ماددىسىنى بەدەندىن تازىلاش (تەنقىيە قىلىش) ئېلىپ بېرىلىدۇ. كۆپىنچە كۆز تۇتاشتۇرغۇچى پەردىسىگە مۇدۇر پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولغان كېسەللىك ماددىسى نىسبەتەن ئاجىز (يېنىك) بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا رەخت پارچىسىنى قىزىلگۈل ئەرەقىگە چىلاپ كۆزگە تۇتۇپ بېرىشتىن باشقا تەدبىر قوللانمايمۇ يوقاپ كېتىدۇ.

## كۆز ياشاڭغىراش

بۇ كۆزدىن داۋاملىق ياش ئېقىپ تۇرىدىغان كېسەل بولۇپ، ئەگەر ئىسسىقتىن بولسا سۇرمە تارتىلىدۇ (بۇ مۇشۇ ئەھۋالغا پايدىلىق)، ئەگەر سوغۇقتىن بولسا باسلىقۇنى ئىشلىتىش لازىم. ئەگەر كۆز مۇسكۇلىنىڭ

ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىدىن بولسا، كۆيدۈرۈلگەن سېرىق ھېلىلە ئۇرۇقچىسى، ھىندى تۇزى، موزا، بۇ ئۈچ دورىنى باراۋەر ۋەزىندە ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ كۆزگە سۈرۈلىدۇ.

ئەگەر ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن ياش ئېقىپ توختاپ قالسا، ئۇنى «بوۋالتىيىن» دەپ ئاتايدۇ. داۋالاشتا بەدەننى تەنقىيە قىلىش، ئاندىن كېيىن دورىلار ئارقىلىق ياش ئاققۇزۇش، باسلىقۇنغا ئوخشاش ئىششىق قايتۇرغۇچى دورىلارنى كۆزگە چېپىش پايدىلىقتۇر.

## كۆزنىڭ ئېچىشىشى

ئەگەر كۆز ئېچىشىشىنىڭ سەۋەبى ئىسسىق خىلتلاردىن بولسا تەنقىيە قىلىش، ماددىسىز بولسا غوراپقا سۇغۇرۇپ (چىلاپ) كۆزگە سۈرتۈش، كاسىنە كۆكىنى ئېزىپ گۈل يېغى بىلەن قوشۇپ زىمات قىلىش لازىم. زىمات تەركىبىگە كاپۇر قوشۇش مەنپەئەتلىكتۇر.

## كۆزگە يات جىسىملار كىرىپ كېتىش

كۆزگە تۈرلۈك سىرتقى سەۋەبلەر بىلەن ھەر خىل غەيرىي جىسىملار كىرىپ، كۆزدە بىئاراملىق پەيدا قىلىدىغان كېسەل بولۇپ، ئەگەر كۆزگە بىرەر نەرسە كىرىپ كەتسە كۆزنى قەتئىي ئۇۋۇلىماسلىق كېرەك. چۈنكى مۇبادا ئۇ نەرسە قاتتىق بولسا ئۇۋۇلاش بىلەن كۆزگە پىتتۇۋىلىشى مۇمكىن، شۇڭا ياخشىراق تەدبىر كۆزنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش، ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى تېمىتىش، ئەگەر ئۇ نەرسە كۆرۈنسە، پاختا ياكى رەخت بىلەن ئېلىۋېتىش كېرەك. ئەگەر ئىچكىرلەپ كىرىۋالغان بولۇپ يۇقىرىقى تەدبىرلەر بىلەن چىقمىسا، نىشاستىنى يۇمشاق ئېزىپ كۆزگە تولدۇرۇپ قويسا، ئازراق ۋاقىت تۇرغۇزغاندا ئۇ نەرسە نىشاستە بىلەن ئارىلىشىپ كۆزدىن ئاجرايدۇ، ئاندىن كېيىن پاختا بىلەن ئېلىۋېتىش لازىم. ئەگەر كۆزگە كىرىپ كەتكەن نەرسە كىچىك جانلىقلار بولسا، كۆزگە كىرىپ كېتىپ مۈڭگۈز پەردىگە چاپلىشىۋالىدۇ، بۇنى چىقىرىشتا مۇلتان سېغىزنى يۇمشاق سوقۇپ كۆزگە قويۇپ، ئازراق ۋاقىتتىچە ئۇ جانلىق سېغىزغا ئارىلىشىپ كۆز ئالمىسىدىن ئايرىلغانغا قەدەر كۆزنى يۇمۇپ بىر ئاز تۇرۇش، ئاندىن كېيىن پاختا بىلەن

ئېلىنىۋېتىش لازىم ياكى ئۇچى ئېگىك نەيچە ئارقىلىق كۆچەپ پۈركۈلسە، جانلىق ئۆز ئورنىدىن ئايرىلىپ چىقىدۇ. كۆزگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇپ بەرسە جانلىق چىقىپ كېتىدۇ. ئىچىنى نوكەش سۇرمە تايىقى بىلەن غىدىقلاپ بەرسە ئۇ نەرسە چاپلىشىۋالالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىدىن ئايرىلسا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. ئەگەر شىشە پارچىسى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا نەرسىلەر كىرىپ كەتكەن بولسا، مۇشۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس سايمان بار. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئېلىنىۋېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى تۇخۇم ئېقىنىڭ ھەمراھلىقىدا كۆزگە تېمىتىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا پېتىۋالغان نەرسىنىڭ زىيىنى قېپقالمايدۇ.

## كۆزگە زەربە تېگىش

كۆزگە زەربە تېگىشتىن كۆز قىزىرىپ ياللۇغلىنىپ قالىدىغان كېسەللىكتىن ئىبارەت.

داۋالاش: قان ئېلىش، مېۋىلەر دەملەنمىسى بىلەن ئىچىنى سۈرۈش ۋە گەدەنگە ھىجامەت قىلىش، تەنقىيەدىن كېيىن تۇخۇمنىڭ ئېقى ۋە سېرىقىنى گۈل يېغىنىڭ ھەمراھلىقىدا كۆزگە چېپىش، شۇنداقلا ئاغرىق پەسەيگەندىن كېيىن كۆزدە كۆكلۈك بولسا يۇمغاقسۈت، پىننە، قارىمۇچ تېشى (يەنى بۇ تاش قارىمۇچ خالتىسىدىن چىقىدۇ) ۋە زەرنەخ قاتارلىقلار كۆكلۈك يوقالغانغا قەدەر چېپىلىدۇ. ئەگەر قىلىچ ياكى تاش تەگكەن سەۋەبتىن كۆز تۇتاشتۇرغۇچى پەردىسىدە پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش (تەپەرۇقى ئىتتىسال) يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ داۋاسى ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن قان ئېلىش ۋە يۇمشىتىش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۇخۇمنىڭ سېرىقى چېپىلىدۇ ھەمدە زەخىملىنىشكە مۇناسىپ زەخمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## كۆز قەۋەت پەردىلىرى يىرىڭلىق جاراھىتى

كۆزنىڭ ھەرقايسى تەبىقىلىرىگە يىرىڭلىق جاراھەت چۈشۈش مۇمكىن. بولۇپمۇ تۇتاشتۇرغۇچى پەردە، مۈڭگۈز پەردە، ئۈزۈمسىمان پەردە

قاتارلىقلاردا يىرىڭلىق جاراھەت (يارا) كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئەگەر يارا تۇتاشتۇرۇ-غۇچى پەردىدە بولسا، ئاغرىق نىسبەتەن ئاز بولىدۇ. باشقا تەبىقىلەردىكى يىرىڭلىق جاراھەتلەردە شىددەتلىك ئاغرىشتىن باشقا بىرەر ئالامەت كۆرۈل-مەيدۇ. لېكىن يىرىك ئېغىز ئالغاندىن كېيىن جاراھەت مەلۇم بولىدۇ (يەنى يىرىك باشقا تەبىقىلەرنى بۇزۇپ سىرتقا چىقىدۇ).

داۋالاش: قىيپال تومۇردىن قان ئېلىش ۋە ھەر ھەپتىدە ئاز – ئازدىن قان ئېلىۋېتىش، قەۋزىيەت (چوڭ تەرەت قېتىۋېلىش) بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئەگەر ئاغرىش بولسا ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى تېمىتىش، ئەگەر تېرە پىشمىغان (يۇمشىمىغان) بولسا، شۇمشىنىڭ يۇيۇپ ئېلىنغان تاتلىقى (يەنى، شۇمشىنى 6 سائەتكىچە سۇغا چىلاپ قويۇپ ئاندىن كېيىن 20 ھەسسە باشقا سۇدا قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ ئېلىنىدۇ. مانا مۇشۇ شۇمشى-نىڭ يۇيۇپ ئېلىنغان تاتلىقى بولىدۇ) كۆزگە تېمىتىلىدۇ. پىشىپ ئېغىز ئالغاندىن كېيىن سۈتنى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يارا تازىلانغانغا قەدەر كۆزگە تېمىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۈندۈر شامچىسى ئىشلىتىلىدۇ. يارا پۈتكەندىن كېيىن تاتۇق ياكى ئىز قېلىپ قالسا، چېچەك يارىسىنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، خاس بولغان داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە داۋالسا بولىدۇ. كونا سۆڭەكنى قىزىلگۈل ئەرمىقىنى ئېزىپ چېپىشمۇ يارا ئىزىنى يوقىتىشتا تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئۇسۇلدۇر.

## كۆز قىزىپ قاپاق ئېغىرلىشىش كېسىلى

بۇ كېسەل ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى يەلدىن بولىدۇ. بىمار ئويغانغان-دا كۆزنىڭ قۇم كىرىپ كەتكەندەك سېزىم بولىدۇ. بۇ، قاپاق ئېغىرلىقى» دېيىلىدۇ. يەنە بىرسى مۇڭگۈز پەردىنىڭ ئارقىسىغا يىرىك يىغىلىۋالىدۇ. بۇ «يىرىڭداش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا مۇڭگۈز پەردىنىڭ ئارقىسىغا يىرىك يىغىلىۋالغان بولىدۇ. كۆرۈش كۈچى ئاجىزلىغان سەۋەبتىن نەرسىلەر تۇمان ئىچىدە قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ مۇڭگۈز پەردىنىڭ قىزىرىپ قېلىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر بۇ كېسەل قاپاقتىلا پەيدا بولسا (يەنى قاپاق ئېغىر

بولسا)، ئۇنىڭ داۋاسى ئايرىم بايان قىلىنىدۇ. ئەگەر مۈڭگۈز پەردىدە بولسا (يەنى مۈڭگۈز پەردىنىڭ ئىچىدە يىرىڭ يىغىلىۋالغان بولسا)، بۇنى داۋالاشتا يىرىڭنى شۈمشىنىڭ شىرنىسى (لۇئاب)، زىغىرنىڭ شىرنىسى (لۇئابى)نى كۆزگە سۈرۈش ھەمدە بىمارنى كۆپرەك مۇنچىغا چۈشۈرۈش ئارقىلىق پىشۇرۇش ئاندىن كېيىن يىرىڭنى سۈمۈرۈپ ئېلىش ئۈچۈن كۈمۈش چىلىغان (بۇ كاندىن چىقىدىغان بىر خىل كۈمۈش رەڭلىك مەدەن دورا)نى يۇمشاق ئېزىپ كۆزگە سۈرۈلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ساقايماي، كۆرۈشنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىپ قويسا، دەستىكار بىلەن داۋالاشنى ئويلاشىشمۇ بولىدۇ. ئەگەر دەستىكار قىلىش سەۋەبىدىن باشقا دىشۋارلىق تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولسا دەستىكار قىلماسلىق كېرەك.

ئەگەر بۇ كېسەل كۆز تۇتاشتۇرغۇچى پەردىسىدە بولسا، سەۋدا خىلىتىدىن بولغان كۆز ئاغرىقىنى داۋالاش تەدبىرلىرى بىلەن يوقايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا شۈمشا، ئىكلىملىك، بابۇنە قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن كۆزگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بېرىش پايدىلىق.

## ناماز شام قارىغۇسى

بۇ كېسەلدە ئادەم قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتتا ئادەتتىكى نەرسىلەرنى كۆرەلمەي قالىدۇ.

داۋالاش: ھەسەلنى بەديان كۆكىنىڭ سىقىلغان سۈيىدە ئېرىتىپ كۆزگە سۈرۈلىدۇ. پىلپىلنى ئۆچكىنىڭ جىگىرى (ئەگەر ئۆچكە تاغنىڭ بولسا تېخىمۇ ياخشى) ئىچىگە پاتۇرۇپ ئوتقا قاقلىغاندا، ئۇنىڭدىن ئاققان سۈيۇقلۇقنى كۆزگە سۈرۈپ بەرگەندە ناھايىتى تېز مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى كۆپ بولسا، قان ئېلىش، سۈرگە بېرىش يوللىرى بىلەن بەدەننى تەنقىيە قىلىش لازىم.

## كۆندۈزى كۆرمەسلىك

بۇ كېسەلدە بىمار كۈندۈزى كۆرەلمەيدۇ. ئادەتتىكىدەك قاراڭغۇ ۋە شام ۋاقتى، ھەتتا تۈماندىق كېچىدىمۇ كۆرەلەيدۇ.

داۋالاش: مېغىزلاردىن تەييارلانغان ھالۋا، كاللا - پاقالچاق، كالا گۆشى، پېتىرنان قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىنى باشقا سۇرۇش ۋە بۇرۇنغا تېمىتىش، سوغۇق سۇدا كۆزنى ئېچىپ تۇرۇش، چىلان شەربىتى ئىچكۈزۈش مەنپەئەتلىك.

## كۆز ئالمىسى ۋە كۆزنىڭ يىرىڭ ئاغرىش

بۇ كېسەلدە كۆزنىڭ چوڭقۇر قىسمىدا قادىلىش ۋە يىڭنە سانجىغاندەك ياكى باسقاندەك ئاغرىش سېزىمى بولىدۇ. بەزىدە پەسىيىپ قالىدۇ. يىرىڭ باش ئاغرىقىغا ئوخشاش ئاغرىش ۋە قادىلىش قايتا قوزغىلىدۇ. كۆز ئاغرىقىنىڭ بىرەر قانداق ئالامىتى بولمايدۇ.

داۋالاش: بۇ كېسەلنىڭ داۋالاش تەدبىرى يىرىڭ باش ئاغرىقىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر بىلەن تامامەن ئوخشاش بولىدۇ. باشقا ئاۋارىچىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ كېسەلدە چېكە شىريان تومۇرنى كېسىپ داۋالاشقا ئالدىراپ كەتمەسلىك كېرەك.

## كۆز سىرتىغا پۈلتىيىپ چىقىش

بۇ ياللۇغ بولماي تۇرۇپ كۆزنىڭ سىرتقا پۈلتىيىپ چىقىشىدىن ئىبارەت.

داۋالاش: كېسەللىك ماددىسىنى تەنقىيە قىلىش، ئاندىن كېيىن ھېلىلىنى كۆزگە سۇرۇش، غىزانى كەمرەك ئىستېمال قىلىش مەنپەئەتلىك.

## كۆز ئالمىسى پۈلتىيىپ چىقىش

(كۆز ئالمىسى ئادەتتىكىدىن پەرقلىق ھالدا پۈلتىيىپ چىقىپ قالىدىغان بىر خىل كېسەللىك — تەرجىماندىن)

داۋالاش: قويۇق خىلىتلارنى بەدەندىن تەنقىيە قىلىپ، كۆزگە زەرۇرى ئەسپەر (سېرىق پۇركۇلمە) سۇرتىلىدۇ. ئىسسىق سۇ بىلەن يۇزنى يۇيۇش، سۈنىڭ ھورىنى كۆزگە يەتكۈزۈش لازىم.

كۆز ئالمىسى پولتىيىپ چىقىش بىلەن كۆز ئىچى بېسىمى ئارتىپ كېتىشنىڭ پەرقى ــ كۆز ئالمىسى پولتىيىپ چىقىشتا كۆز ئالمىسى قاتتىق بولىدۇ. سۇرمە تايىقى بىلەن باسقاندا بېسىلمايدۇ. ئۇنى ياش ئاققۇزۇش نەيچىسى بىلەن باسقاندا مۇتلەق ئاغرىش سېزىمى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە كۆز ئىچكى بېسىمى ئارتىپ كېتىشتە كۆز ئالمىسى يۇمشاق بولىدۇ، باسقاندا بېسىلىدۇ. بېسىشتىن ئاغرىش سېزىمى بولىدۇ.

## كۆز مۈگۈز پەردىسگە مودۇر چىقىش

كۆز مۈگۈز پەردىسى تۆت ياپراقتىن مۇرەككەپلەنگەن بولۇپ، بەزىدە تۆتلا ياپرىقىدا مودۇر پەيدا بولىدۇ. بەزىدە مۈگۈز پەردىنىڭ بىر ياپرىقىدا مودۇر پەيدا بولىدۇ. مۈگۈز پەردىنىڭ بەزى ياپراقلىرىدا مودۇر پەيدا بولۇش بىلەن مۈگۈز پەردىدە مودۇر پەيدا بولغان ئورۇن ئاق كۆرۈنىدۇ. بەزى ياپراقلىرىدا مودۇر پەيدا بولۇش بىلەن قارا نۇقتىلار كۆرۈنىدۇ. بۇنى بىز چوڭ كىتابلاردا بايان قىلىمىز.

داۋالاش: قان ئېلىش، مۇسھىل بېرىش، كېسەلنىڭ باشلىنىشىدا ماددىلارنى قايتۇرىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. كېسەلنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە كۇندۇر چۇشكەن شىيافى ئەبيەز ۋە كېسەلنىڭ ياخشىلىنىۋاتقان دەۋرىدە شىيافى ئەھمەرلەيىن ئىشلىتىلىدۇ.

## كۆز قارىچقى پۇلتىيىپ چىقىش

ئەگەر مۈگۈز پەردە يېرىلىپ ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۈزۈمسىمان پەردە (كۆز قارىچۇقى) سىرتقا چىقىۋالسا، مەيلى ئۈزۈمسىمان پەردە يىڭنە بېشى چوڭلۇقىدا ياكى ئۇنىڭدىن زىيادە چىقىۋالسۇن مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇلاردىن باشقىلىرى ھەجىمگە قاراپ چۇمۇلە بېشىسىمان، چىۋىن بېشىسىمان، ئۈزۈمسىمان، ئالمىسىمان، مىخسىمان، سۆگەلسىمان تۈمۈچۈكسىمان دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

داۋالاش: مۇڭگۇز پەردە يېرىلىپ گىرۋىكى قېلىنلاپ قېلىشتىن ئىلگە-
رى چىقىۋالغان ئۇزۇمسىمان پەردىنى قايتۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش
ۋە ئۇنىڭ يەنىمۇ يېرىلىپ كېتىشىدىن ساقلاش، مۇشۇ مەقسەتتە يۇيۇلغان
شادىنەج، كۇمۇش چىلىمدان، كۆيدۈرۈلگەن سەدەپتىن مۇۋاپىق ئېلىپ،
يۇمشاق ئېزىپ، كۆزگە سۈرۈلىدۇ. ئىكسىين (بۇ سازەج، سۈرمىنى يۇمشاق
سوقۇپ تەييارلىنىدۇ) كۆزگە سۈرۈلسىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. كۆز
چانىقى چوڭلۇقىدا داكىنى يۇمىلاقلاپ كۆزگە قويۇپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىدىن قوغۇشۇن پارچىسى ۋە ئېكەكدەلگەن قوغۇشۇن پارچىسىنى
خالتىغا سېلىپ قويۇپ قويۇلىدۇ. ئەگەر تاش سۈرمىنى يۇمشاق ئېزىپ
خالتىغا سېلىپ قويۇپ قويسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن
تېڭىق لاتىسى بىلەن مەزمۇت تېڭىۋېتىلىدۇ. ئەگەر مۇڭگۇز پەردە يېرىلىپ
گىرۋىكى قېلىنلاپ قالغان بولسا، داۋالاشتىن ئۈنۈم كۆرۈلمەيدۇ، داۋالاشقا
كۆچەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

## ئالىغايلىق

بۇ ھەرقانداق نەرسە ئىككى كۆرۈنىدىغان كېسەللىكتىن ئىبارەت.
داۋالاش: بۇ كېسەل تۇغما بولسا، داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ. ئەگەر تۇغما
بولمىسا، بالىلار سەرئىسى، بالىلارنى دائىم بىر تەرەپنى بېسىپ ياتقۇزۇش،
قاتتىق ئاۋاز، (بۇنى ئاڭلاپ بالا قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ بۇ كېسەلنى پەيدا
قىلىدۇ) قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇنى داۋالاشتا بىرەر قىزىل
رەختنى بىر تەرەپكە ئېسىپ قويسا، بالا ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت قاراپ كۆزى
ئەسلىي ھالىتىگە كېلىدۇ. بۇلاردىن باشقا كۆزنى داۋاملىق ئۇياق - بۇياققا
ئايلاندۇرۇپ بېرىشمۇ پايدىلىق.

ئالىغايلىق چوڭ ئادەملەردە بولۇپ، كۆز ئالمىسىنى ھەرىكەتلەندۈر-
گۈچى مۇسكۇلنىڭ تارتىشىپ قېلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا،
قۇرۇقلۇقتىن بولغانمۇ، تولۇپ قېلىشتىن بولغانمۇ قاراپ بېقىش كېرەك.
ئەگەر قۇرۇقلۇقتىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى بىماردا ئالىغايلىق پەيدا
بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆتكۈر كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولغانلىق تارىخى بولى-

دۇ. بۇنى داۋالاشتا قۇرۇقلۇق يېتىشتىن بولغان تارتىشىپ قېلىشنى داۋالاشتا قوللىنىلغان تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. يەنى ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئېشەكنىڭ سۈتى، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىنى كۆزگە سىغىشمۇ ناھايىتى پايدىلىق. ئەگەر ئالىغايلىق ماددىلارنىڭ تولۇپ قېلىش (ئىمتىلا) سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى بىمار سەرئى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىق تارىخى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تولۇپ قېلىش خاراكتېرلىك ئىمتىلانىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا تەنقىيە قىلىش لازىم، ئەگەر كۆز ئالمىسىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى مۇسكۇلنىڭ بوشىشىپ كېتىشىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى ۋە داۋالاش باش كېسەللىكلىرى ئىستىرخانىڭ باياندا سۆزلەندى. ئەگەر كۆز تەبىقىلىرى ۋە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ خورشىدىن ئالىغايلىق پەيدا بولغان بولسا، كۆز ئالمىسى تىترەش بىلەن بىرگە كۆز ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. داۋالاشتا ھوببە ئايارەنجى بىلەن مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ. كېسەللىك ماددىسى ئاشقازاندا بولسا ئاشقازان تەنقىيە قىلىنىدۇ. ھەزىمنى كۈچەيتىش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ.

## قارىچۇق كېڭىيىپ كېتىش ۋە نۇر يىغالماسلىق

مەيلى نۇر ئۆتكۈزگۈچى كاۋاك پەي كېڭىيىپ كەتسۇن، مەيلى كۆز رەڭدار پەردىسى (ئۇزۇمسىمان پەردە) كېڭىيىپ كەتسۇن، بۇنى قارىچۇق كېڭىيىپ كېتىش (اتتىسائى)، كۆزدىكى ئاپاراتلاردا نۇرنىڭ چېچىلىپ كېتىشى «نۇر يىغالماسلىق» (ئىنتىشار) دەپ ئاتىلىدۇ. نۇر يىغالماسلىق نۇر ئۆتكۈزگۈچى كاۋاك كېڭىيىپ كېتىدۇ. لېكىن كۆز رەڭدار پەردىسى كېڭىيىپ كەتكەندە نۇر يىغالماسلىق بولمايدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا نۇر ئۆتكۈزگۈچى كاۋاك پەي كېڭىيىپ كېتىش بىلەن بىرگە كۆز رەڭدار پەردىسىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشمۇ قوشۇلۇپ كەلگەن بولىدۇ. دېمەك، نۇر ئۆتكۈزگۈچى كاۋاك پەي كېڭىيىپ كېتىش ناھايىتى تەستە ساقىيىدىغان كېسەل، لېكىن رەڭدار پەردىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدە سەۋەبكە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىلسا بولىدۇ.

داۋالاش: سەۋەبنى ئېنىقلاپ ئۇنىڭ تەدبىرىنى قىلىش، مەسىلەن:

ئەگەر كېسەل تاياق تېگىشتىن بولغان بولسا، مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىلىدۇ. ئەگەر بىرەر نورمالسىز خىلىتنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا، ئۇ خىلىت تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئەگەر تۇخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپلىكىدىن بولسا (بۇ كۆپرەك بالىلاردا كۆرۈلىدۇ) ۋە ياكى رەڭدەر پەردە قەۋەتنىڭ ياللۇغلىنىشىدىن بولسا، ئۇمۇ تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئەگەر رەڭدار پەردىگە قورۇقلۇق يەتكەندىن بولسا، بۇنىڭ ئالامىتى ۋە داۋاسى قورۇقلۇقتىن بولغان كۆرۈش زەئىپلىكىگە قارالسۇن.

## قارىچۇق تارىيىش

ئەگەر قارىچۇقنىڭ تارلىقى تۇغما بولسا بۇ ياخشى ئەھۋال بولۇپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ياخشى بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر ئىككىلەمچى (باشقا كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبىدىن بولسا، كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ زەئىپلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كېسەل سەۋەبى رەڭدار پەردە قەۋەتنىڭ هۆللۈكىمۇ ياكى ئۇنىڭ قۇرغاقلىقىمۇ ياكى تۇخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇق (كۆز دالانچە سۇيۇقلۇقىنىڭ ئازلىقىدىن بولغانمۇ، ياكى بۇزۇق ماددىلار رەڭدار پەردە قەۋىتى قارىچۇق) كە كېلىۋالغانمۇ قاراپ بېقىش كېرەك. هۆللۈكتىن ياكى قۇرۇقلۇقتىن بولغان قارىچۇق تارىيىشنىڭ ئالامىتى كېسەل كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرىكى سەۋەبلەردىن بىلىنىدۇ. تۇخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇق ئازلاپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى كۆز كىچىكلەپ قېلىش ۋە نەرسىلەرنى ئۇبدان كۆرەلمەسلىكتە كۆرۈلىدۇ. بۇزۇق ماددىلارنىڭ رەڭدار پەردىگە يىغىلىشىدىن بولغان قارىچۇق تارىيىشنىڭ ئالامىتى كۆز قارىچۇقىنىڭ كۆرۈنمەسلىكىدىن ئىبارەت.

داۋالاش: ئەگەر رەڭدار پەردىنىڭ قۇرغاقلىشىشى ۋە كۆز تۇخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇقىنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا هۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر رەڭدار پەردىنىڭ هۆللۈكىنىڭ ئارتىپ كەتكىنىدىن بولسا تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇزۇق ماددىلارنىڭ رەڭدار پەردە (قارىچۇق) غا تەسىر قىلىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا هۆللۈك يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە تەنقىيە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلسا بولىدۇ. چۈنكى

ھۆللۈك يەتكۈزگەندە كېسەللىك ماددىسىنى يۇمشىتىپ چىقىپ كېتىش لاياقىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

## كۆز ئالدىدا ھاشارەتلەر ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈش

بۇ كۆز ئالدىدا پاشا ياكى چۈشىن ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان شەكىللەر كۆرىنىدىغان ھالەت بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچ سەۋەبى بار. (1) «كۆزگە سۇ چۈشۈش»نىڭ يېڭى باشلىنىشى؛ (2) ئاشقازاندىن بۇزۇق بۇس ـ بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلەپ، كۆزدىكى ھەرقايسى قەۋەتلەر ۋە ھۆللۈكلەردە بۇزۇلۇش پەيدا قىلىش؛ (3) كۆرۈش قۇۋۋىتى سەزگۈسى كۈچىيىپ كېتىشتىن ئىبارەت. ئەگەر بۇ كېسەل «كۆزگە سۇ چۈشۈش»نىڭ باشلىنىشى (مۇقەددىمىسى) بولسا، كۆز ئالدىدا ھاشارەتلەر ئۇچقاندەك كۆرۈنۈش ھەمىشە بولىدۇ ھەم كۈندىن ـ كۈنگە تەرەققىي قىلىدۇ. كۆپىنچە بىر كۆزدە كۆرۈلىدۇ. ئۇنى داۋالاشتا «كۆزگە سۇ چۈشۈش» مەزمۇنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەل ئاشقازاندىن بۇس بۇخارەتلەرنىڭ ئۆرلىگەنلىك سەۋەبىدىن بولغان بولسا، قورساق ئاچ ۋاقىتتا كېسەللىك ئالامىتى يېنىك، قورساق توق ۋاقىتتا نىسبەتەن ئېغىر بولىدۇ. ئەگەر كۆزدىكى ھەرقايسى قەۋەتلەر ۋە سۇيۇقلۇقلارنىڭ بۇزۇلغانلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى كۆزدىكى ھەرقايسى ئاپاراتلارنىڭ رەڭگى ئۆزگەرگەن ۋە كۆز كېسەللىكلىرى بىلەن ئاغرىغانلىق تارىخى بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سەۋەبكە مۇۋاپىق كېسەللىك ماددىسى ۋە كۆز ئاپاراتلىرىنى تەنقىيە قىلىش كېرەك. ئەگەر بۇ كېسەل كۆرۈش سېزىمىنىڭ ئارتىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇنىڭ روشەن ئالامىتى بىمارنىڭ كۆرۈش خىزمىتى ساق سالامەت بولۇپ، مېڭىنىڭ سېزىمى ئارتىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەسلىدە بۇ كېسەللىك بولماستىن، بەلكى كۆرۈش سەزگۈسى ئادەم بەدىنىدىن چىقىرىلغان گازلارلارنىڭ تەسىرىدە ئۇششاق جانلىقلارنى كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئادەتتە كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى كۆرگەنلىكتىن بىمار بىئارام بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ كۈچۈيۈپ

كېتىشنى كېمەيتىش مەقسىتىدە، مېغىزلاردىن تەييارلانغان ھالۋىلار ۋە كاللا - پاقالچاق بېرىلىدۇ.

## كۆزگە سۇ چۈشۈش

كۆزگە سۇ چۈشۈش تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا قارىسمان ھۆللۈك كۆز گۆھىرى سۇيۇقلۇقىنىڭ قويۇقلىشىپ قېلىشىدىن بولىدۇ. بۇ ھۆللۈك رەڭدار پەردىنىڭ ئىچكى بېشىدىن ئاز - ئازدىن ياكى بىراقلا چۈشۈپ يىغىلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئەگەر سۇ قويۇق بولۇپ، پۈتۈن قارىچۇقنى توسىۋالغان بولسا، كۆرۈش قۇۋۋىتى تامامەن يوقىلىپ كېتىدۇ. ئەگەر كۆز قارىچۇقىنىڭ مەلۇم بىر قىسمى توسۇلمىغان بولسا، يەنى قانچىلىك ئوچۇق بولسا شۇنچىلىك كۆرەلەيدۇ.

ئەگەر كۆزگە چۈشكەن سۇ سۇيۇق بولسا، پۈتۈن قارىچۇقنى توسۇۋالغان تەقدىردىمۇ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى تولۇق توسۇپ قويالمايدۇ. بۇنى سۇيۇق سۇنىڭ سىرغىپ (تەپچىرەپ) چىقىشى دەپ ئاتايمىز.

كېسەللىك ئالامىتى: كۆزگە سۇ چۈشۈشتە سۇ تولۇق (مۇكەممەل دەرىجىدە) چۈشكەن تەقدىردە كۆز قارىچۇقىنىڭ ئەسلىي ھالىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ھەمدە كۆرۈش سېزىمى تامامەن يوقۇغان بولىدۇ. لېكىن كېسەلنىڭ باشلىنىشىدا كۆز ئالدىدا ئۇششاق ھاشارەتلەر ئۇچۇۋاتقاندەك سېزىم ھەر ۋاقىت مەۋجۇت بولۇش، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش ئالامەتلىرىدىن بۇ كېسەلنى بايقىغىلى بولىدۇ.

داۋالاش: كېسەلنىڭ باشلىنىشىدا چېكە شىريان تومۇرى كۆيگەنگە قەدەر ئوبدان داغلىنىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۈستىدىن يۇلۇن سۇيۇقلۇقى (ھايۋاننىڭ) سوۋۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن پاختىنى كۈنجۈت يېغىدا ياغلاپ قويۇپ قويۇلىدۇ. داغلاش بىلەن قانچىلىك سۇيۇقلۇق ئاقسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ. تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالاردىن، جىنسىي مۇناسىۋەتتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. ئەگەر كۆزگە سۇ چۈشكىنىگە بىر يىل بولغان بولسا، كۆزنى تۇتقاندا سۇ باردەك بىلىنسە، قان ئېلىش ياكى مۇسھىل بېرىپ تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، باشقا كېسەللىك كېلىپ چىقىشنىڭ ئالدىنى

ئېلىش ئۇچۇن، ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاش لازىم.

پايدىلىنىش: ئەگەر بۇ كېسەل پەيدا بولغىنىغا ئالتە ئاي بولغان بولسا، يەنى ئالتە ئاي ئىچىدە كۆز ئالدىدا پاشا ئۇچقاندەك كۆرۈنۈش بولۇپ، كۆزگە سۇ چۈشمىگەن بولسا ئۇنىڭدىن كۆزگە سۇ چۈشۈش كېلىپ چىقمايدۇ. ھەشقىپىچەكنىڭ ئۇرۇقىنى يۇمشاق ئېزىپ دەسلەپتە كۆزگە سۈرۈش كۆزگە سۇ چۈشۈشنى پەسەيتىدۇ. قۇلاقنىڭ ئارقىسىدىكى تومۇر- دىن قان ئېلىشمۇ كۆزگە سۇ چۈشۈشنى توسايدۇ. ئەگەر كۆپ مىقداردا سۇ چۈشكەن بولسا، دورا ئىشلىتىش ۋە داغلاشنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئەمما كۆز ئوپېراتسىيىسى قىلىش بىلەن ساقىيىشى مۇمكىن. كۆزنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇسۇلى مەشھۇردۇر. بەزى كۆزگە سۇ چۈشكەن كېسەللەردە باشقا قاتتىق تاياق تېگىش بىلەن قۇرۇش سىزىقى دەرھال ئەسلىگە كېلىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ.

كۆزگە چۈشكەن سۇنىڭ رەڭگى ۋە قىيامىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋە- بىدىن كۆزگە سۇ چۈشۈش بىر قانچىگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن: يىڭنە بېشىسىمان (غىمامى)، سىمابقا ئوخشاش (زەيبقى)، گەجسىمان (جەسسە- سى)، ئاسمان رەڭلىك (ئاسمان جونى)، سۇيۇق تەپچىرەيدىغان (مونتە- شىر رەقىق — بۇ ئاۋۋال بايان قىلىنىپ بولدى). ئەينەكسىمان (زوجاجى)، يېشىل رەڭلىك (ئەفرەر)، ئاق رەڭلىك (ئەبيەز)، پاختاسىمان (بەردى)، سېرىق رەڭلىك (ئەسفەر)، قىزىل رەڭلىك (ئەھمەر)، ئالتۇن رەڭلىك (زەھەب)، كۆك رەڭلىك (ئەزرەق)، قارا رەڭلىك (ئەسۋەد) قاتار- لىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھېچقايسى بىرى دەستكار بىلەن داۋالاشقا ماس كەلمەيدۇ. ئەگەر بۇلارغا ۋاقتىدا تەدبىر قوللانماي كۆزنى يۇمغاندا تارقاپ كېتىدىغان ئاق سۈزۈك ھالغا كەلگەن بولسا، دەستىكار قىلىشقا لايىقلاشقان بولىدۇ.

## نۇر ئۆتكۈزگۈچى كاۋاك پەيىنىڭ توسۇلۇشى

بۇ كۆزگە سۇ چۈشمەي تۇرۇپ نۇر ئۆتكۈزگۈچى كاۋاك پەيىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىن ئىبارەت. بۇ كېسەلنىڭ ئالامىتى كۆز قارىچۇقى ساغلام

تۇرۇپمۇ كۆرۈش سېزىمى پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىدۇ، ياللۇغ ۋە بىسلىشقا ئالاقىدار بىرەر ئالامەت كۆرۈلمەيدۇ.

داۋالاش: مېڭىنى تەنقىيە قىلىش، كۆز بۇرجىكىدىكى تومۇردىن قان ئېلىش، چېكە ساھەسىگە زۇلۇك قۇرتى چاپلاش ۋە سىرتىدىن ئۇلاپ بېرىش، كېسەللىك ماددىسىنى مۇچە تەرەپكە چۈشۈرۈش ئۇچۇن پاقالچاققا ئوتلۇق ھىجامەت قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

## كۆك كۆزلۈك

بۇ كېسەلدە كۆزنىڭ رەڭگى مۇشۇكنىڭ كۆزىگە ئوخشاش كۆك بولۇپ قالىدۇ (ئەسلىدە قارا كۆز بولسىمۇ). ئەگەر كۆز تۇغما كۆك بولسا بۇ ساقايمايدۇ. ئەگەر كۆز ئىككىلەمچى كۆكىرىپ قالغان بولسا، مەيلى باللىقتا بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن بولسۇن، ئۇنىڭ تەدبىرى سەۋەبكە مۇۋاپىق چارە قىلىش. ئەگەر ئۇ ھۆللۈكنىڭ سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئومۇمىي بەدەن ۋە كۆزنى تەنقىيە قىلىشى، ئەگەر قۇرۇقلۇق يېتىش بۇ كېسەلگە سەۋەبچى بولغان بولسا ھۆللۈك يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

قۇرۇقلۇق يەتكەندىن بولغان كۆك كۆزلۈكتە كۆرۈش سېزىمى پۈتۈنلەي يوقالغان بولىدۇ. مۇشۇ قىسىملىق كۆك كۆزلۈكنى «كۆزگە سۇ چۈشۈش» دىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك. كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ دەسلىپىدە كۆز ئالدىدا ھاشارەتلەر ئۇچۇۋاتقاندەك سېزىم بولىدۇ. لېكىن بۇ كېسەلدە ئۇنداق بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قورۇقلۇق يېتىشتىن بولغان كۆك كۆزلۈكتە كۆز يىگلەپ كەتكەن بولىدۇ. كۆزگە سۇ چۈشۈشكە ئوخشاش دەستىكار قىلىش بىلەن ياخشىلىنىپ كەتمەيدۇ.

پايدىلىنىش: كۆك كۆزلۈك باللاردا پەيدا بولسا، ياشلىق دەۋرىدە ئۆزلىكىدىن يوقاپ كېتىدۇ. بۇ خىل كۆك كۆزلۈك «كۆزگە ئاق چۈشۈش» دېيىلىدۇ.

## كۆرۈش ئاجىزلىشىش

(بۇ كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچى بارا ـ بارا ئاجىزلاپ، نورمال كۆرەلمەسـ

لىكتىن ئىبارەت ـ تەرجىمان)

داۋالاش: ئەگەر قان غالىبلىقىدىن بولسا، قان ئېلىش ۋە قان تازىلاش، تۇتىيانى پىشمىغان ئۈزۈم (غوراپ) بىلەن سوغۇرۇپ (غوراپنىڭ سۈيىدە بىر مەزگىل تۇرغۇزۇپ)، پاكىزلاپ سوقۇپ، كۆزگە سۈرۈش، ئەگەر بەلغەم خىلتىنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا، بەلغەم خىلتىنىڭ مونزىجىنى بېرىپ تەنقىيە قىلىش ۋە كۆزگە باسلىقونى سۈرۈش مەنپەئەتلىك. ئەگەر كۆرۈش زەئىپلىكى باشقا سەۋەبلەردىن بولغان بولسا، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق تەدبىر قوللى- نىش كېرەك. ئەگەر بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتى (ھارارىتى غەرەيزىيە) ئاجىزلاپ قالغانلىق سەۋەبتىن قېرىپ قالغان كىشىلەردە كۆرۈش زەئىپلىكى پەيدا بولغان بولسا، بۇنى داۋالىغىلى بولمايدۇ. لېكىن مەلۇم دەرىجىدە كۆرەلەيدىغان بولسا ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بەدەندىن ئارتۇق ھۆل- لۈكنى قۇرۇتۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ھەمدە كۆھلى جاۋاھىر (بۇ سۈرمە 21g، لاچىنندانە 15g، يۇيۇلغان ئالتۇن قاسىرىقى، بىخ مارجان، تېشىلمىگەن مەرۋايىت ھەربىرى 9g، شادىنەج 6g، زەپەر 1.5g ئېلىپ قائىدە بويىچە كوھلەم سۈرمە تەييارلىنىدۇ) كۆزگە سۈرۈلىدۇ.

## قاراڭغۇدا ئولتۇرۇشتىن كۆز كۆرمەس بولۇپ قېلىش

بۇ قاراڭغۇ جايدا ئۇزاق ئولتۇرۇش سەۋەبىدىن كۆز كۆرمەيدىغان بولۇپ قېلىش كېسىلىدىن ئىبارەت.

داۋالاش: كۆزنىڭ نۇرى خۇنۇكلاشقان بولسا ياكى تۇخۇم ئېقىسمان سۇيۇقلۇق (كۆز دالانچە سۇيۇقلۇقى) قارىداپ قالغان بولسا باسلىقون سۈرۈلىدۇ. يۇمشاتقۇچى دورىلار ۋە غىزالار بېرىلىدۇ. ئەگەر قاراڭغۇ ئورۇن- دىن (يورۇققا) بىردىنلا چىققان سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بولسا، يۈزىگە كۆكۈش رەڭلىك لاتىنى ئېسىپ قويۇپ، يورۇقلۇقتىن ساقلاش ھەمدە ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇش كېرەك.

## كۆرۈشنىڭ كۈندۈزدە ئاجىزلاپ قېلىشى

بۇ كۈندۈزى كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ قالىدىغان كېسەللىكتۇر.

داۋالاش: ئەگەر بۇ كېسەل تۇغما بولسا داۋاسىز. ئەگەر ئىككى قاپاق

ۋە كۆزنىڭ ھەرقايسى قەۋەتلىرىنى قارايتتىش (مۇشۇنداق قىلغاندا كۆزنى قۇۋۋەتلىگىلى بولىدۇ) ئۈچۈن بىنەپشە يېغىنى كۆزگە يەتكۈزۈش مەنپەئەت-لىكتۇر.

## كۆز تورلىششى

بۇ قارا ياكى يورۇقلۇقتا كۆپ قاراش سەۋەبىدىن كۆرۈش خىزمىتىنىڭ سۇسلىشىپ، ئاجىزلاپ قالغانلىقىدۇر.

داۋالاش: يۈزنى قارا رەخت بىلەن يۆگىۋېلىش، كىيىم ـ كېچەكنىڭ ھەممىسىنى قارا رەختتىن تەييارلاپ بېرىش ۋە كۆزگە سۈت (ئايال كىشى-نىڭ) سېغىشى، شۇنداقلا ئاچچىق بادامنى سوقۇپ كۆزگە تېگىش ـ نەزلە سەۋەبىدىن بولغان كۆز تورلىششىنى داۋالاشتا ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

## كۆز ئالمىسى يىگىلەپ كېتىش

بۇ بىر ياكى ئىككىلا كۆز ئالمىسى بەك ئۇرۇقلاپ چوڭقۇرلۇشۇپ كېتىدىغان كېسەللىك بولۇپ، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كەتكەن بولىدۇ.

## كۆز يورۇقلۇقتىن قىچىش

داۋالاش: ھۆللۈك يەتكۈزۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، ئەگەر توسۇ-لۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، مۇنزىج بېرىپ، كېسەللىك ماددىسى تەنقىيە قىلىنىدۇ. بۇ كېسەلدە بىمار يورۇقلۇقتا قارىيالمايدۇ.

داۋالاش: ئەگەر بۇ كېسەل روھنىڭ قىزىپ قېلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇنى داۋالاش تەدبىرى سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈك يەتكۈزمەك-لىكتۇر. ئەگەر كۆز ئاغرىقى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى بىر كېسەلنىڭ سەۋەبىدىن بولغان بولسا، كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش تەدبىرلىرى قوللى-نىلىدۇ.

پايدىلىنىش: كۆزنىڭ ئەسلىي مىزاجى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئەسلىي مىزاج ھېسابلانمايدۇ. كۆزگە ئىسسىق يەتكەننىڭ ئالامىتى كۆزنىڭ تېز ھەرىكەتلىنىش، قان تومۇرلارنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرۇشى،

سىلىغاندا ئېنىق مەلۇم بولۇش، رەڭگىنىڭ قىزىل بولۇشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. سوغۇق يەتكەنىنىڭ ئالامىتى يۇقىرىقى ئالامەتلەرنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، كۆزدە چاپاق ۋە ياشنىڭ كۆپ بولۇشى، كۆز ئالمىسىنىڭ يوغىناپ قېلىشىدىن ئىبارەت. قۇرۇقلۇق يەتكەنىنىڭ ئالامىتى سوغۇقلۇق يەتكەنىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. قارا كۆزلۈك كىشىلەرنىڭ كۆزى باشقا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە نىسبەتەن زىيادە ھۆل ئېنىق بولۇپ، «كۆزگە سۇ چۈشۈش» ۋە باشقا تەبىئىي بولمىغان گازلار (بۇخارات) دىن بولغان كۆزنىڭ كېسەللىكلىرى قارا كۆز كىشىلەردە نىسبەتەن كۆپ ئۇچرايدۇ.

# ئۈچىنچى باب  قاپاق ۋە كىرپىك كېسەللىكلىرى

كۆزنى يېپىپ تۇرىدىغان ئورگان قاپاق، قاپاقتىكى مويلار كىرپىك دېيىلىدۇ.

## كۆز قاپىقىنىڭ يىرىكلىكى

قاپاق يىرىكلىكىنىڭ ئالامىتى بىمار ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، كۆزگە قۇم كىرىپ كەتكەندەك مەلۇم بولىدۇ، ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن بۇ ئەھۋال ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

داۋالاش: ئومۇمىي بەدەنلىك تەنقىيە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، قاپاقنى كېسەللىك ماددىسىدىن تازىلاش ئۈچۈن ياش ئاققۇزغۇچى دورىلار مەسىلەن، شىيافى ئەھمەرلەيىن ۋە شىيافى ئەھمەر چېپىلىدۇ، مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ.

## قاپاقنىڭ بوشاپ كېتىشى

داۋالاش: تەنقىيەدىن كېيىن سەبرى، ئاقاقىيا، مورمەككى قاتارلىقلارنى پېشانىگە ۋە قاپاققا زىمات قىلىش، ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ياخشىلىنىپ بولالمىسا، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى قاپاقنى كېسىپ داۋالاشتىن ئىبارەت. قاپاقنى كېسىش ئۇسۇلىنى كۆز ئوپېراتسىيىسى قىلغۇچىلار ئوبدان بىلىدۇ. بۇرۇننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قان تومۇرلاردىن قان ئېلىش مەنپەئەتلىك.

## قاپاقنىڭ چاپلىشىپ قېلىشى

بۇ كېسەل كۆز ئاغرىقى ياكى كۆز يارىسىدىن كېيىن سەبەل ۋە تىرناقچە گۆش ئۆسۈشتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش: نەيچە ئارقىلىق ئىككى قاپاقنى ئايرىپ ئېلىش، بولۇپمۇ قاپاق كۆز ئالمىسىغا چاپلىشىۋالغان بولسا، ئېھتىيات بىلەن ئاجرىتىپ ئېلىش، ئاجراتقاندىن كېيىن زىرە ۋە تۇزنى چايناپ ئۇنىڭ سۈيىنى كۆزگە تېمىتىش، پاختىنى گۈل يېغىدا نەمدەپ ئىككى قاپاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قويۇش كېرەك. توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى ۋە گۈل يېغى ئۇستۇنكى قاپاققا چېپىلىدۇ.

## قاپاقنىڭ كىچىكلەپ كېتىشى

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى قاپاق ساڭگىلاش كېسىلىنىڭ سەۋەبىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا تاشقى ئامىللار مەسىلەن، بەزلەرنى كېسىش ۋە باشقىلار سەۋەبىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش: ماددىنى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قۇرۇقلۇق يېتىشتىن بولغان تارتىشىش (تەشەننۇج يۇبسى)، تولۇپ قېلىشتىن بولغان تارتىشىش بۇنىڭغا سەۋەب بولسا، سەۋەبكە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىلىدۇ. ئەگەر ئوپېراتسىيە سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، يەنە ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق داۋالىسا بولىدۇ.

## قاپاق ماي ئۆسمىسى

قاپاقنىڭ سىرتقى تەرىپىدە بىر يۇمشاق ئۆسۈكچە پەيدا بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن قاپاق قېلىنلاپ قالىدۇ قاپاق ھەر ۋاقىت نەم تۇرىدۇ.

داۋالاش: كېسەللىك ماددىسىنى تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن كۆزنى ياشاڭغىراتقۇچى دورىلار چېپىلىدۇ. ئەگەر ساقايمىسا ۋە باشقا تەدبىرلەر كار قىلمىسا، ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى لىمغا بەز سىلى، سەرتان (راك) كېسەللىكلەرمۇ مۇۋاپىق پەرھىز بىلەن ياخشىلىنىپ تارقاپ كەتكىنىگە ئوخشاش، بۇ كېسەلدىمۇ پەرھىزنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ.

## قاپاقتا بەز پەيدا بولۇش

بۇ ئۇستۇنكى قاپاقتا پەيدا بولىدىغان بەز ئۆسۈكچىسى بولۇپ، بەك

قاتتىق بولىدۇ.

داۋالاش: ئاق موم تەركىبلىك مەلھەم (قىروتى) لار ئارقىلىق يۇمشىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ماددىنى تارقىتىش ئۈچۈن مەلھەمى داخىليون چېپىلىدۇ. دەستىكار ئارقىلىق داۋالاش ياكى تەنقىيە قىلىپ داۋالاش مۇۋاپىق بولسا، شۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

## تەتۈر كىرپىك، ئارتۇق كىرپىك

ئەگەر كىرپىك تەتۈر بولۇۋېلىپ كۆزگە سانچىلسا، «تەتۈر كىرپىك» ، ئەگەر كىرپىك ئۈنىدىغان ئورۇنغا چىقماي باشقا ئورۇنلاردىن ئۈسۈۋالسا «ئارتۇق كىرپىك» دەپ ئاتىلىدۇ.

داۋالاش: تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئارتۇق كىرپىك يۇلۇپ تاشلىنىپ، يەرلىك ئورۇن نۇشۇدۇر بىلەن غىدىقلىنىدۇ. چۇمۇلىنىڭ تۇخۇمى، ئەنجۈرنىڭ سۈتى، ئىت پېتىنىڭ قېنى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىلىدۇ. كۆپۈكى دەريانى ئىسپىغۇل لۇئابىنى ئېرىتىپ چېپىپ، كىرپىك ئۈنگەن ئورۇننى سېزىمسىزلاندۇرۇش پايدىلىق. ئەگەر كىرپىك تەتۈر بولسا ئۇنى ئۇشەقنىڭ شىرىسىنى سۈرۈپ رۇست كىرپىكلەر بىلەن قوشۇپ چاپلاپ قويۇلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا كىرپىكنىڭ كۆزگە كىرىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ ياكى كىرپىكنى يولۇۋەتكەندىن كېيىن ئاخىرىدا تۈك يىلتىزىنى يىگنە سانجىپ داغلاش ئەسۋابى بىلەن داغلاپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قاپاقنى تىكىش، قاپاقنى كېسىش ئارقىلىق داۋالىغاندىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## كىرپىك چۈشۈپ كېتىش

داۋالاش: ئەگەر سەۋدا خىلىتى غالىبلىقى سەۋەبىدىن چاچقا كېرەكلىك بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلار بۇزۇلۇپ، بۇ كېسەلنى پەيدا قىلغان بولسا، بۇزۇلغان خىلىتنى تەنقىيە قىلىش، ئەگەر يەرلىك ئورۇندىكى شۇمۇرۇش كۈچى زەئىپلىشىپ قالغانلىقتىن كېلىپ چىققان بولسا، (بۇ قان خىلىتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدىن كېيىن ياكى ئىسسىقتىن بولغان قىزىتمىلاردىن پەيدا بولىدۇ) قۇۋۋەتلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ ھەمدە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ،

باسلىقۇن ۋە كوھلى روشنائى سۈرىلىدۇ. چۈنكى بۇ دورىمۇ كۆچلۈك قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە. ئەگەر بەلغىمى ھۆللۈكنىڭ غالىبلىقىدىن بولسا، ئۇنى تەنقىيە قىلىش ھەمدە ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر ئىككىنچى بىر سەۋەب ئۇزۇقلۇق ماددىلارنىڭ كىرپىككىچە يېتىپ بېرىشىنى چەكلەپ قويغان بولسا، سەۋەبنى يوقىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## كىرپىك ئاقىرىش

داۋالاش: بەلغەم خىلتىنى تەنقىيە قىلىش، تاغ لالىسىنىڭ يوپۇرمىقىنى زەيتۇن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ كىرپىككە سۈركىلىدۇ. كوھلى روشنائى سۈرمە تايىقى بىلەن كىرپىككە سۈركىلىدۇ.

## قاپاق قىچىشىش

بۇ قاپاقنىڭ ئىچكى تەرىپىدە كىچىك - كىچىك مودۇرلار پەيدا بولۇپ، قىچىشىدىغان كېسەللىكتىن ئىبارەت.

داۋالاش: ماددىغا مۇۋاپىق تەنقىيە قىلىش ھەمدە بەرودىنىبەفشىجى (بۇ بىنەپشە قاتارلىق دورىلاردىن تەييارلانغان سوغۇق تەبىئەتلىك كۆز دورىسى) قاپاققا سۈرىلىدۇ.

## قاپاقتا قىروسمان ماددا يىغىۋېلىش

بۇ كېسەلدە قاپاقنىڭ سىرتىدا قىروسمان قويۇق سۇيۇقلۇق يىغىلىۋالىدۇ.

داۋالاش: ئاق مومىلۇق مەلھەم (قيروتى) ۋە مەلھىمى داخىليوننى سۈرۈپ، ئۇنى يۇمشىتىپ، تارقىتىش، بۇنىڭ بىلەن ياخشىلانمىسا، دەستىكار قىلىپ ئېلىۋېتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

## قاپاقنىڭ قاتتىقلىشىش ۋە قېلىنلاپ قېلىشى

ئەگەر قاپاق قاتتىقلىشىپ قېلىنلاپ قالغان بولسا كۆزنى ئېچىش ۋە يۇمۇش قىيىن بولۇپ قالىدۇ. بۇ كېسەلنى «كۆز قاتتىقلىشىش» دەپمۇ

ئاتايدۇ.

داۋالاش: سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش ۋە تەنقىيە قىلىش، بوشاشتۇرغۇچى دورىلارنىڭ ھورى بىلەن قاپاقنى يۇمشىتىش، ماددىنى تارقىتىش كېرەك.

## قاپاق گىرۋەكلىرى قىزىرىپ ئىششىش

بۇ كېسەلدە ئىككى قاپاق، جۈملىدىن قاپاق گىرۋىكى قېلىنلاپ قىزىرىپ قالىدۇ.

داۋالاش: كېسەلنىڭ باشلىنىشىدا مېۋىلەر سۈيىنى بېرىش كۇپايە قىلىدۇ ۋە سۇماقنى گۈلابقا چىلاپ ئۇنىڭ سۈيىنى تېمىتىش، كەچتە سېمىزئوت ۋە كاسىنەنىڭ يوپۇرمىقىنى گۈل يېغىنىڭ ھەمراھلىقىدا زىمات قىلىشمۇ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. ئەگەر كېسەل سوزۇلما بولۇپ قالغان بولسا، قان ئېلىش ۋە كۈچلۈك مۇسھىللار بىلەن تەنقىيە قىلىش زۆرۈر. تەنقىيەدىن كېيىن شىيافى ئەھمەرمۇلەييىن (يۇمشاتقۇچى شىيافى ئەھمەر بېرىلىدۇ).

## قاپاق پىتى

قاپاقتا پىت پەيدا بولۇش كېسىلىدىن ئىبارەت. كىچىك بولسا سىركە، چوڭ بولسا بۈرگە، سېمىز بولسا پىت دەپ ئاتىلىدۇ.

داۋالاش: بەدەننى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن قاپاقتىن پىتنى تازىلاش، يەنى مۇمكىن بولسا تۇتىۋېلىش، تۇتىۋالغىلى بولمىسا، سېرىقچېچەك ۋە تۇزنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن يۇيۇپ بېرىش، سۇرمە تاپىقىنى سىمابقا سىماب پۇرىقى ئۆتكەنگە قەدەر تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاندىن كېيىن ئاستا ئېلىپ سۇرمە تاپىقىنى ئۇبدان پىرقىرىتىپ يوقىۋالغان سىماب زەررىچىلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن، سۇرمە تاپىقى قاپاققا سۇرۇلىدۇ. سىماب پۇرىقى مەخسۇس پىت ئۆلتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

## يىڭنە ئاسقۇ

بۇ قاپاق گىرۋىكىدە پەيدا بولىدىغان ئارپا شەكىلدىكى (يىرىڭلىق) ئىششىقتىن ئىبارەت.

داۋالاش: ئومۇمىي بەدەننى تەنقىيە قىلىش، كېسەلنىڭ باشلىنىشىدا ماددىلارنى قايتۇرغۇچى دورىلار چېپىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىسسىتىلغان موم ۋە مەلھەمى داخىليون چېپىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ياخشىلانمىسا، يىڭنە ئاسقۇنى تىرناق بىلەن ئاجرىتىپ ئېلىش ياكى قايچا بىلەن كېسىپ تاشلاش ھەمدە ئازراق ۋاقىتقىچە قانغىلى قويۇش، قاننى تېزدىن توختىتىۋالماسلىق، ئۇنىڭدىن كېيىن زەرورى ئەسپەرنى چېپىش مەنپەئەتلىك.

## قاپاقنىڭ شاتۇت شەكىللىك ئۆسمىسى

بۇ ئاستىنقى قاپاقنىڭ ئىچكى قىسمىدا پەيدا بولىدىغان شاتۇت شەكىللىك ئۆسمىدىن ئىبارەت.

داۋالاش: قان ئېلىش ۋە مۇسھىل بېرىش تەدبىرلىرىدىن كېيىن، ئۆسمىنى يىلتىزىدىن كېسىپ تاشلاش، كېسىپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، زىرە ۋە تۇزنى چايناپ ئۇنىڭ سۈيىنى تېمىتىش مەنپەئەتلىكتۇر.

## قاپاق قېتىش كېسىلى

بۇ كېسەل سوغۇقلۇقتىن قويۇق ماددىلار يىغىلغاندىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش: ئومۇمىي بەدەننى تەنقىيە قىلىش. يەرلىك ئورۇنغا تىروتىلار-نى سۈرۈپ يۇمشىتىش، ئەگەر قاپاق قېتىش چىيقانغا ئوخشاش بولسا «گەدگەد» دەپ ئاتىلىدۇ.

## قاپاق يارىسى

بۇ ئاستى ياكى ھەر ئىككىلا قاپاقتا پەيدا بولىدىغان يارىدىن ئىبارەت.

داۋالاش: ئاۋۋال تېرىق، ئانارنىڭ پوستى، پىستە پوستى قاتارلىقلارنى سىركىدە ئېزىپ زىمات قىلىنىدۇ. قاقاچ ئاجرىغاندىن كېيىن تۇخۇمنىڭ سېرىقىغا زەپەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، يارا ئەسلىگە كەلگەنگە قەدەر سۈرۈلىدۇ.

## قاپاق يەللىك ئىششىقى

بۇ قاپاقنىڭ يەللىك كۆپچىشىپ ئىششىشىدىن ئىبارەت.

داۋالاش: ئەگەر سوئىل قونىيەگە ئوخشاش قورساق بوشلۇقىدىكى

ئەزالارنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقىدىن بولغان بولسا، قورساق بوشلۇقىدىكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، ئەگەر بەلغەم خىلتى غالىبلىقىدىن بولغان بولسا، ئۇنى تەنقىيە قىلىش لازىم.

## قاپاق سۆگىلى

داۋالاش: ئالدى بىلەن سەۋدا خىلتىنى تەنقىيە قىلىش ھەمدە سۆگەلـ ـنىڭ ئۈستىگە سىيادان ۋە تۇزنى سىركىدە ئېزىپ چېپىش، ئەگەر بۇنىڭ بىلەنمۇ تارقاپ كەتمىسە موچىن بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ تىرناق ئالغۇچى بىلەن كېسىپ تاشلاش ھەمدە قاننى ئاز ۋاقىت قانىغىلى قويۇش، ئاندىن كېيىن زەخمە يۇزىگە زەمچىنى ئېزىپ سېپىش مەنپەئەتلىكتۇر.

## قاپاقتا قىزىل رەڭلىك قاپارتما پەيدا بولۇش

بۇ قاپاقتا قىزىل رەڭلىك قاپارتما پەيدا بولىدىغان كېسەللىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئالامىتى قاپاقتا پاشا چاققانغا ئوخشاش قاپارتما پەيدا بولۇپ قىچىشىـ ـدۇ.

داۋالاش: قان ئېلىش، سەپرا خىلتىنىڭ مۇسھىلىنى بېرىش، يۇيۇلغان شادىنەج بىلەن ئەدەس (يېسسىموق) لار سوقۇپ قاپاققا سۇرىلىدۇ.

## قاپاق مۇدۇرى

قاپاقتا چۇمۇلىگە ئوخشاش ئۇششاق مۇدۇرلار پەيدا بولۇپ كۆيىشىدۇ ۋە ئازراق ئىششىدۇ ھەمدە يېرىڭداپ يارا ھاسىل قىلىپ كېڭىيىپ كېتىدۇ.

داۋالاش: سەپرا خىلتىنى تەنقىيە قىلىش، ھوزوزى مەككىنى مورمەكـ ـكى بىلەن قوشۇپ چېپىش مەنپەئەتلىك.

## قاپاق تەمرەتكىسى

بۇ كېسەلدە كىرپىكنىڭ يىلتىزىدا كېپەكلىنىش بولىدۇ. بەزىدە يارا بولۇپمۇ قالىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر تەمرەتكىنىڭ رەڭگى توپارەڭ بولسا، سەۋدا خىلتىنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئاق بولسا بەلغەم خىلتىنىڭ مۇسھىلىنى بېرىپ

ماددىنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن شىيافى ئەھمەر سۈرىلىدۇ. ئەگەر سوزۇلما بولسا لوڭقا قويۇلىدۇ ياكى قەنت بىلەن غىدىقلاپ قان چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈرمە روشنائى سۈرۈلىدۇ.

## قاپاق ئۆسمىسى

بۇ قاپاق تېرىسى ۋە مۇسكۇلدىن ئۆسۈپ چىققان ئۆسمە جىسمىدىن ئىبارەت.

داۋالاش: ئومۇمىي بەدەننى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆسمە ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتىلىدۇ.

## قاپاق كۆكىرىش

بۇ زەخىملىنىش سەۋەبىدىن قاپاقنىڭ كۆك ياكى يېشىل بولۇپ قېلىشىدىن ئىبارەت.

داۋالاش: ئەگەر زەخىملىنىش بولسا، قان ئېلىش ۋە مۇسھىل بېرىش، ئاندىن كېيىن سەندەل، مەدەستانىنى قىزىلگۈل ئەرەقىدە ئېزىپ، ساپال پارچىلىرىنى ئۆزئارا سۈدا سۈرۈپ چىپىش كۆزنىڭ كۆكىنى ئالىدۇ.

## كۆز بۇرجىكى ئاقمىسى

بۇ كۆزنىڭ بۇرۇن تەرەپ بۇرجىكىدە پەيدا بولغان ئاقمىدىن ئىبارەت.

داۋالاش: قان ئالغان، مۇسھىل بەرگەندىن كېيىن شىيافى غورۇپ تېمىتىلىدۇ. لېكىن تېمىتىشتىن ئىلگىرى زەخمنى پاختا بىلەن پاكىزە تازىلاش لازىم. دورىنىڭ تەسىرى ئوبدان بولسۇن ئۈچۈن، بۇزۇق گۆشنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك. ئەگەر بۇ تەدبىرلەر بىلەن ياخشىلانمىسا، ئادەتتىكى داغلاش ئۇسۇلى بويىچە داغلاپ بولغاندىن كېيىن ئاغرىق پەسەيتىش، جاراھەتنى پۈتتۈرۈش مەقسىتىدە ئوپا مەلھىمى (مەلھىمى سەفىداج) چىپىلىدۇ. ئەگەر ئاقما پۈتۈۋېلىپ، ياللۇغ پەيدا قىلغان بولسا، ھەشقىپىچەكنىڭ ئۇرۇقىنى سوقۇپ ئايال كىشى ياكى ئېشەكنىڭ سۈتىدە پىشۇرۇپ ئازراق زەپەر ئارىلاشتۇرۇپ، ناسۇر ئېغىزى ئېچىلغانغا قەدەر سۈرۈلىدۇ.

## كۆز بۇرجىكى ۋە قاپاقنىڭ قىچىشىشى

بۇ قاپاق ۋە كۆز بۇرجىكى مۇدۇر پەيدا بولماي تۇرۇپ قىچىشىدىغان كېسەل.

داۋالاش: بەدەننى تەنقىيە قىلىش، كاسىنەنى سۇقۇپ گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ زىماد قىلىنىدۇ. ئەگەر كېسەللەنگەن ئەزانىڭ ئۆزىنى تەنقىيە قىلىش تەلەپ قىلىنسا، باسلىقۇن ۋە كوھلى غورەيرى سۇرۇلىدۇ.

## كۆز بۇرجىكىدىن بەز ئۆسۈپ چىقىش

كۆزنىڭ بۇرۇن تەرەپ بۇرجىكىدىن بەز ئۆسۈپ چىقىش كېسىلىدىن ئىبارەت.

داۋالاش: تەنقىيە قىلىغاندىن كېيىن ئارتۇق گۆشنى يوقىتىش ئۈچۈن شىيافى زانىكار، مەلھەمى زانىكار سۇرۇلىدۇ. ئەگەر ساقايمىسا كۆزدىن تىرناقچە گۆش ئۆسۈپ چىقىشنى داۋالىغانغا ئوخشاش ئارتۇق گۆشنى كېسىپ تاشلاپ، ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. شۇنداقلا جاراھەتنى پۈتتۈرگۈچى مەلھەملەر سۇرۇلىدۇ.

# تۆتىنچى باب قۇلاق كېسەللىكلىرى

قۇلاق بىر شەرىپلىك ئاڭلاش ئەزاسى، خۇددى تېۋىپلارنىڭ ماددىلىق كېسەللىكلەردە تەنقىيىدىن ئىلگىرى قۇلاققا دورا تېمىتماسلىق كېرەك، تېمىتقان ياغ ئىلمان بولۇشى، چۈنكى كەيپىياتى سوغۇق بولغان نەرسىلەر ئاڭلاش نېرۋىسىغا نۇقسان يەتكۈزىدۇ، دەپ ئېيتقىنىغا ئوخشاش، ئاڭلاش سېزىمى مۇھىم (ئەڭ ياخشى) سەزگۈلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## قۇلاق ئاغرىقى

داۋالاش: ئەگەر ئاغرىق ياللۇغ ياكى زەخىملىنىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇ ئايرىم بايان قىلىنىدۇ. ئەگەر مىزاجىنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇش، ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغىنىغا تەنقىيە قىلىش لازىم.

لېكىن مىزاجىنىڭ ماددىسىز سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدا تەڭشەش كۇپايە قىلىدۇ. ماددىدىن (خىلتتىن) بولغىنىدا تەنقىيەدىن كېيىن تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىقنىڭ سەۋەبى قۇرت ياكى سۇ ۋە باشقىلارنىڭ كىرىپ كېتىشىدىن بولغان بولسا، ئۇنى چىقىرىش تەدبىرىنى قوللىنىش؛ ئاغرىغان قۇلاققا قولىنى قويۇپ باشنى بىر تەرەپكە ئېگىپ بىر پۇتلاپ سەكرەپ سۇ ۋە باشقا نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك. ئەگەر بۇلۇتتىن شامچە ياساپ بىمارنىڭ قۇلىقىغا سېلىپ، ئۇزاقىچە مۇشۇ تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ياتسا، بارلىق سۇ سۈمۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

ئەگەر قۇلاقتا قۇرت پەيدا بولغان سەۋەبتىن ئاغرىغان بولسا، قىچىشىش ۋە قىمىلداش بولىدۇ. بەزىدە قۇرتمۇ چىقىدۇ.

داۋالاش: شاپتۇل يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ، ئۇنىڭ سۈزۈك سۈيىنى سىقىپ ئېلىپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ ياكى سەبرىنى سىركىدە ئېرىتىپ قۇلاققا

تېمىتسا، قۇرت ئۆلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى شامچە ياساپ سەرىيش (بىر خىل چاپلاشقاق دورا) گە ئارىلاشتۇرۇپ قۇلاققا سىلىۋالغاندا، قۇرت ئۇنىڭغا چاپلىشىپ چىقىدۇ. ئەگەر قۇرت يارا سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، يارىغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## قۇلاق ياللۇغى

داۋالاش: تەنقىيدىن كېيىن ياللۇغ قۇلاق تۆشۈكىدىمۇ ياكى سىرتىدىمۇ قاراپ بېقىش، ئەگەر قولاق تۆشۈكىنىڭ ئىچىدە بولسا ئاڭلاش توسقۇنلۇققا ئۇچراش، قۇلاق قاتتىق ئاغرىش بولىدۇ، قىزىتما ھەممىشە بولىدۇ. داۋالاشتا نەرىد دېيىلىدىغان مۇرەككەپ دورا (بۇ دورا ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، مامۇشا گىل ئەرمىنى، ھوزۇرى مەككى، قوغۇشۇن ئۇپىسى، تاباشىر، كافۇر قاتارلىق دورىلاردىن ئاز مىقداردا ئېلىپ سوغۇق تەبىئەتلىك ئۇسارە دورىلار بىلەن يوغۇرۇپ ئۇچى ئۇچلۇق، تۆۋى توم، ئوق شەكلىدە ياساپ قۇلاققا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا كۆك يۇمغاقسۈتنى سىقىپ قۇلاقنىڭ ئىچ ۋە سىرتىغا سۈرۈلىدۇ ھەمدە ئاغرىق پەسەيگەنگە قەدەر ئەمچەكتىن سۈت سېغىلىدۇ. لېكىن يۇقىرىقى تەدبىرلەردىن ئاغرىق پەسەيمىسە، شۇمشا ۋە زېغىر ئۇرۇقلىرىنىڭ لۇئابى ياللۇغ پىشىپ ئېغىز ئالغانغا قەدەر قۇلاققا تېمىتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن قۇلاق پاكىزە تازىلىۋېتىلىدۇ.

ئەگەر ياللۇغ قۇلاق تۆشۈكىنىڭ سىرتىدا بولۇپ كۆرۈنۈپ تۇرسا، قىزىتما بولۇپ، ئاغرىش ئانچە ئۆتكۈر بولمىسا، بۇنىڭدا ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئاغرىق ئۆتكۈر بولغان ۋاقىتتا رەختنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ، ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، تۇزنى ئىسسىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزسىمۇ بولىدۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن چەلەڭنىڭ يوپۇرمىقىنى كالىنىڭ سېرىق يېغىدا پىشۇرۇپ ياللۇغ ئۈستىگە قويۇپ ماددا تارقىتىلىدۇ.

پايدىلىنىش: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەدبىرلەر قۇلاقنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ياللۇغىغا خاس بولۇپ، ئەمما سوغۇقتىن بولغان ياللۇغ مەيلى قۇلاقنىڭ ئىچىدە ياكى سىرتىدا بولسۇن ئاڭلاش قۇۋۋىتىنى يوقاتمايدۇ ۋە

يەنە ئاغرىش، قىزىش ئەھۋالى بولمايدۇ. ئەمما ئېغىرلىق ۋە يارىلىنىش بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا تەنقىيىدىن كېيىن تۇرۇپ يېغىنى قولاقتا تېمىتىش ناھايىتى پايدىلىق.

## قۇلاق يارىسى

قۇلاق يارىسىنىڭ ئالامىتى دەسلەپتە قۇلاق ئىششىپ، كېيىن يىرىڭ چىقىشتىن ئىبارەت.

داۋالاش: ئەنزىروتنى ئېزىپ ھەمەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنى پاختا شارىكىغا يوقتۇرۇپ، قۇلاقنىڭ ئىچىگە يىرىڭ تازىلانغانغا قەدەر سېلىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئەنزىروت، خۇنسىياۋشان، كۆندۈر ئۈچ دورىنى ئېزىپ قۇلاققا سېپىلىدۇ ياكى گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ.

## قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە گاسلىق (تەرەش، ۋەقەر، سەمەم)

قۇلاقنىڭ بوشراق ئاڭلىشىنى «قۇلاق ئېغىرلىقى» (تەرەش)، پەقەت ئاڭلىماسلىقنى «گاسلىق» (ۋەقەر)، قۇلاقنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىنى «قولاق پۈتۈش» (سەمەم) دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن بۇ سۆزلەر بىر ــ بىرىگە مەنىداش بولۇپمۇ كېلىدۇ.

داۋالاش: سەۋەبكە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىش، ئەگەر تەنقىيە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا ئارىلاپ تەنقىيە قىلىش، ئەگەر گاسلىق بوھران كۈنلىرى پەيدا بولغان بولسا، بۇنى داۋالاشنىڭ ھاجىتى يوق. ياشانغاندا پەيدا بولغان ياكى تۇغما خاراكتېرلىك گاسلىقنىڭمۇ داۋاسى يوق. ئەگەر باللارنىڭ قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالسا، يالپۇز بىلەن تورنى چايناپ قۇلاققا بىر تامچە تېمىتىش مەنپەئەتلىكتۇر.

## قۇلاق ئىچىگە ئۇششاق تاش كىرىپ كېتىش

بۇ كېسەلدە قۇلاققا ئۇششاق تاش ۋە باشقا نەرسىلەر كىرىپ كېتىدۇ.

داۋالاش: ئىلمان ياغنى قۇلاققا تېمىتىش، چۈشكۈرۈك كەلتۈرۈش، چۈشكۈرۈك كەلگىلى تۇرغاندا ئېغىز ۋە بۇرۇننى تۇتۇۋېلىپ چىقىرىش،

كۆچىنىڭ قۇلاقتا بىسىم پەيدا قىلىپ ئۇ نەرسىنى چىقىرىپ تاشلىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

ئەگەر قۇلاققا سۇ كىرىپ كەتكەن بولسا، بەدىيان غولىدىن (ياغىچە-دىن) بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا ئېلىپ ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە پاختا يۆگەپ ياققا چىلاپ كۆيدۈرۈلىدۇ. ئىككىنچى بىر ئۇچى قۇلاققا تۇتىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا قۇلاققا كىرىپ كەتكەن سۇنىڭ ھەممىسى شۈمۈلۈپ چىقىدۇ. سۇنى سۈمۈرۈپ ئېلىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى قۇلاق ئاغرىقىدا بايان قىلىنىپ بولدى.

ئەگەر قۇلاققا بىرەر كىچىك جانىۋار كىرىپ كەتكەن بولسا، قۇرتنى ئۆلتۈرۈپ چىقىرىشتا بايان قىلىنغان تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

## قۇلاق غوڭۇلداش ۋە قۇلاق قىچقىرىش

قۇلاقنىڭ ئىچىدە قاتتىق ۋە ئىنچىكە ئاۋاز پەيدا بولسا، قۇلاق غوڭۇلداش، ئەگەر يۇمشاق ئېغىر ئاۋاز پەيدا بولسا، قۇلاق قىچقىرىش دەپ ئاتىلىدۇ.

داۋالاش: كېسەلنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىش، ئەگەر ئاغلاش سەزگۈسىنىڭ كۆچىيىپ كېتىشى بۇ كېسەلگە سەۋەب بولسا، كاللا – پاقالچاق ۋە ھەر بىرسى (بىر خىل ئاش بولۇپ بۇغداي، گۆش، سېرىقماي، تۇز ۋە ئىسسىق دورا – دەرمەكلەردىن تەييارلى-نىدۇ) ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## قۇلاق قاناش

بۇ قۇلاقنىڭ يېرىلىپ قانىشىدىن ئىبارەت.

داۋالاش: ئەگەر قان تولۇپ قېلىش (ئىمتىلا) سەۋەبىدىن بولغان بولسا، قان ئېلىش ھەمدە قاننى كۆپرەك چىقىرىۋېتىش، ئەگەر قاتتىق تاياق تەگكەنلىك سەۋەبىدىن بولغان بولسا، قان ئېلىپ ئازراق قان چىقىرىۋېتىش،

ئاندىن كېيىن ھەر ئىككىسىدە قان ئېلىپ بولغاندىن كېيىن مۈزىنى سىركىدە پىشۇرۇپ قان توختىغانغا قەدەر يەرلىك ئورۇنغا تېمىتىلىدۇ. ئەگەر بۆھران كۈنلىرى قۇلاقتا قاناش بولۇپ، ئايلىنىپ كېتىش خەۋپى بولمىسا قاننى توختاتماسلىق لازىم. كۆزەينەكلىك يىلان (بۇ زەھىرى ناھايىتى ئۆتكۈر يىلان بولۇپ، ئۇ چېقىۋالسا بەدەننىڭ تەر تۆشۈكچىلىرىدىن قان ئاققىلى تۇرىدۇ) چاققان سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇنىڭ داۋاسى كىتابىمىزنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا سۆزلىنىدۇ.

## قۇلاقنىڭ سۇنۇشى

داۋالاش: قان ئېلىش ۋە يۇمشىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، سەبرى، موغاس، ئاقاقىيا، ئۇدھام، خېنە قاتارلىق بەش خىل دورىنى سۇدا ئېزىپ، قۇلاق سۇنۇپ قايسى تەرەپكە ئېگىلىپ قالغان بولسا، ئۇنى ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرغان تەرەپكە زىمات قىلىنىدۇ.

## قۇلاق يۇلۇنۇپ چىقىش

داۋالاش: قان ئېلىش ۋە يۇمشىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ھەمدە قۇلاقنى ئۆز جايىغا قويۇپ داكا ياكى تېڭىق لاتىسى بىلەن مەزمۇت تېڭىۋېتىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىش بولسا، ئۆدەك يېغى، ئاق لەيلى يوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۈيى ۋە كۆك قاپاقنىڭ پوستىنىڭ سىقىلغان سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋۈلىدۇ.

## قۇلاقنىڭ يىرىلىشى

بۇ كېسەل باللاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش: ئىككى ئۇقۇرەك ۋە قۇلاقنىڭ كەينىگە لوڭقا قويۇلىدۇ ياكى زۈلۈك قۇرتى چاپلىنىدۇ ۋە بۇ ئورۇننى ئايال كىشىنىڭ سۈتى بىلەن يۇيۇلىدۇ. مەدەستان ۋە قەنبىللەر ئېزىپ سېپىلىدۇ.

## قۇلاق قىچىشىش

داۋالاش: ئەفسەنتىننى سىركىدە قاينىتىپ سۈرۈپ، ئاچچىق بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ.

## ئاۋازدىن نەپرەتلىنىش

بۇ قاتتىق ئاۋازدىن نەپرەتلىنىدىغان بىر خىل كېسەلدۇر.

داۋالاش: كۆچلەندۈرگۈچى غىزالار ۋە دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، قۇۋۋەتلىگۈچى پۇراقلارنى پۇرىتىپ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ.

# بەشىنچى باب  بۇرۇن كېسەللىكلىرى

بۇرۇننىڭ تۆۋەندە ئىككى يول بولۇپ، بىر يول مېڭىگە، يەنە بىر يول گالغا تۇتىشىدۇ.

## پۇراش سېزىمى ئاجىزلىشىش ياكى پۈتۈنلەي يوقىلىش

بۇ بىر كېسەل بولۇپ، بۇنىڭدا ئاگلاش قۇۋۋىتى تامامەن يوقاپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى بۇرۇن يولىدا ئارتۇق گۆش پەيدا بولۇپ قالغان بولسا (بۇنى بۇرۇن بوۋاسىرى دەپ ئاتايدۇ)، بۇ ئايرىم بايان قىلىنىدۇ. ئەگەر ياللۇغ ياكى بىرەر خىلىتنىڭ سۇددە پەيدا قىلىشىدىن بولغان بولسا ئۇنىڭ ئالامىتى: ھەرقايسى خىلىتلارغا خاس ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئەگەر ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان بولسا، ئىسسىق ۋە سوغۇق غالىبلىقىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇرۇندىن ئاجرىلىپ چىققان ماددىدىنمۇ قايسى خىلىتتىن بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

داۋالاش: سەۋەبكە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىلىدۇ ۋە بۇ كېسەل ئۆتكۈر كېسەللىكلەردىن كېيىن قۇرۇقلۇق ياكى تارتىشىشتىن پەيدا بولغان بولسا، بۇ ئومۇمەن داۋاسىز.

## پۇراش قۇۋۋىتى بۇزۇلۇش

بۇ پۇراش قۇۋۋىتىدە بۇزۇلۇش بولىدىغان كېسەللىك بولۇپ، خاتا ياكى ئەكس پۇراقلارنى سېزىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ كېسەل ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرى: پۇراش قۇۋۋىتى بارلىق پۇراقلارنى بىر خىل سېزىدۇ. ئىككىنچىسى: بىر نەرسىدىن ئوخشاش پۇراقلارنى ھېس قىلىدۇ. ئۈچىنچى: بەزى پۇراقلارنى سېزىدۇ، بەزىلىرىنى سەزمەيدۇ. بۇ تۈرى يەنە ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى پەقەت خۇش پۇراقنى سېزىدۇ. يەنە بىرى سېسىق پۇراقنى

سېزىلىدۇ.

داۋالاش: مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئەگەر يارا بولسا ئۇنىڭ تەدبىرى قوللىنىلىدۇ، ئەگەر پەقەت خۇش پۇراقنى سېزەلىسە، قوندۇز قەھرى بۇرۇنغا تارتىلىدۇ. ئەگەر پەقەت سېسىق پۇراقنى سېزەلىسە، ئىپار بۇرۇنغا تارتىلىدۇ. بۇ خىل داۋالاشنى كېسەلنىڭ باشلىنىشىدا قوللىنىش كېرەك. ئەگەر سوزۇلما بولسا دەسلەپكى ھالەتتە ئىپار، كېيىنكى ھالەتتە قوندۇز قەھرى ئىشلىتىلىدۇ.

## بۇرۇن بوۋاسىرى

بۇرۇننىڭ ئىچىدە پەيدا بولغان ئۆسمە گۆش بولۇپ، بۇرۇن بوۋاسىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

داۋالاش: قان ئېلىش، زۇلۇك قۇرتى چاپلاش، مۇسھىل بېرىش، ئاندىن كېيىن زەنگا (مىس پوقى)، ئوشنان، مورمەككى قاتارلىق ئۈچ دورىنى باراۋەر ۋەزىندە ئېلىپ، مەلھەم تەييارلىنىدۇ ياكى بۇ دورىغا لاتىنى يۇقتۇرۇپ، شامچە قىلىپ يۇقتۇرۇپ ئۆسمە گۆش ئېرىپ كەتكەنگە قەدەر بۇرۇننىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇلىدۇ. ئەگەر بۇلار بىلەن ياخشىلانمىسا، تىغ بىلەن كېسىپ تاشلىنىدۇ ياكى ئاتنىڭ قىلىنى بۇرۇندىن كىرگۈزۈپ گېلىدىن چىقىرىپ ئېلىنىدۇ ھەمدە ئوبدان يۇرۇشتۇرۇپ ئارتۇق گۆش كېسىپ تاشلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇۋپا مەلھىمى ئىشلىتىلىدۇ.

## بۇرۇننىڭ ئىچىگە ئۇششاق مۇدۇرلار چىقىش

داۋالاش: ماددا تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئەگەر مۇدۇر قاتتىق بولسا موم يېغى بىلەن ياغلاپ يۇمشىتىلىدۇ. ئەگەر تارقىمىسا لوككا قويۇش، ئېرىتكۈچى مەلھەملەر (مەلھىمى ئەككال) ئارقىلىق ئارتۇق گۆشنى يوقىتىش، ئاندىن كېيىن يارىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئۇۋپا مەلھىمى سۈرۈش كېرەك.

## بۇرۇن ئىچىگە يىرىڭلىق چاقا چىقىش

داۋالاش: ئەگەر يارىدىن يىرىڭ ئاقسا قان ئېلىنىدۇ، مۇسھىل بېرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن مەدەستاننى گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا

چىپىلىدۇ. ئەگەر يارا قۇرۇق بولسا موم يېغى بىلەن ياغلاش كۇپايە قىلىدۇ.

## بۇرۇن قاناش

بۇرۇندىن قان كېلىش بۇرۇن قاناش دەپ ئاتىلىدۇ.

داۋالاش: بىلەك، يوتا، ئۇرۇق بېزى، قولاق ۋە كۆكرەك ساھەسى تېڭىلىدۇ. گەدەنگە ھىجامەت (لوڭقا) قويۇلىدۇ. ئەگەر قان ئوڭ بۇرۇندىن ئاقسا، جىگەر ساھەسىگە، ئەگەر سول بۇرۇندىن ئاقسا، تال ساھەسىگە ئىسسىق ئۆتكۈزىلىدۇ. يېڭى ئېشەك تېزىكىنى سىقىپ سۈيىنى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ، ئۆمۈچۈك تورىنى سىياھقا چىلاپ تۆگمەن توزۇندىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بۇرۇنغا قويۇلىدۇ. سەرشى (ھايۋان تېرىسىدىن تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېلىم دورا) غا سىغىزنى ئارىلاشتۇرۇپ باشقا چېپىپ قاننى توختىتىدۇ. ئەگەر بەدەندە قان كۆپ بولسا قان ئېلىنىدۇ. يەنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئاز ــ ئازدىن بىر قېتىمدىلا قان ئېلىنىدۇ. چىلان شەربىتى ۋە باشقىلار بىلەن قان خىلتى قويۇلدۇرۇلىدۇ. تېرىق ۋە گۈرۈچنى لىمونغا قوشۇپ ئىستېمال قىلىشمۇ قاننى ئوبدان قويۇلدۇرىدۇ.

پايدىلىنىش: يۇقىرى قىزىتما ۋە باش كېسەللىكلىرىدە بۇرۇن قانىسا، بوھران سەۋەبىدىن بولغانمۇ ياكى بوھرانسىز بولغانمۇ ئېنىقلاپ، ئەگەر بوھران سەۋەبىدىن بۇرۇن قانىغان بولسا، بىرەر چوڭ نورمالسىزلىق كېلىپ چىقمىسا، قاننى ھەرگىز توختاتماسلىق لازىم. ئەگەر بوھران سەۋەبىدىن بولمىغان بولسا، زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىلسا بولىدۇ.

پايدىلىنىش: ئەگەر مېڭە كېسەللىكلىرىدە بۇرۇننى قانىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا، بۇرۇننى قانىتىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر سايمان بار، بۇنىڭ بىلەن بۇرۇننىڭ ئەڭ ئىچىنى غىدىقلاپ بەرگەندە بۇرۇن قانايدۇ. بۇلاردىن باشقا، كۈندۈر، ياۋا ئىنتۈزۈمى، پەرپىيۇنلارنى يۇمشاق ئېزىپ، كالىنىڭ ئۆتى بىلەن خېمىر قىلىپ پىلىكۈچ ياساپ، بۇرۇنغا سېلىپ قويسا، بۇرۇن قانايدۇ.

## بۇرۇن پۇراش

بۇ كېسەلدە بۇرۇندىن سېسىق پۇراق كېلىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر بۇ كېسەل بۇرۇننىڭ مۇدۇرى ياكى بۇرۇن ئىچكە يىرىڭلىق چاقا چىقىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغانغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. ئەگەر مېڭىدە بىرەر خىلتنىڭ ئوفۇنەتلەنگەنلىكى (چىرىگەنلىكى) دىن بولغان بولسا، مېڭىدە بىرەر نورمال-سىزلىق مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئاشقازاندا بىرەر خىلتنىڭ ئوفۇنەت-لەنگەنلىك سەۋەبىدىن ئاشقازاندىن سېسىق پۇراقلىق گازلار ئۆرلەپ بۇرۇن تەرەپكە كېلىش بىلەن بۇرۇن پۇرىغان بولسا، ئاشقازاندىكى نورمالسىزلىقلا-ردىن بۇنى تونۇۋالغىلى بولىدۇ. بۇلارنى داۋالاشتا مېڭە ۋە ئاشقازاننى تەنقىيە قىلىش، سىركەنجۇبىلنى قىچا يېغىنىڭ ماغزىپىي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىزنى چايقاش (غار - غار قىلىش)، خۇش پۇراق دورىلار (مەسىلەن، سۇنبول، سەرئىدى كۈنى، ئۇدھىندى قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم بىرسىنى ياكى ھەممىسىنى يۇمشاق سوقۇپ) نى بۇرۇنغا پۇركەش مەنپەئەتلىكتۇر.

## بۇرۇن مىجىلىپ كېتىش

(ئۇرۇلۇش سوقۇلۇش، يانجىلىش قاتارلىق تاشقى كۈچنىڭ تەسىرىدە كېلىپ چىققان بۇرۇن كۆمۈرچىكىنىڭ يانجىلىپ كېتىشىدىن ئىبارەت - تەرجىمە قىلغۇچى)

داۋالاش: ئەگەر ياللۇغلىنىپ قېلىش ئەندىشىسى بولسا تېزدىن قان ئېلىنىدۇ، ئىمكانقەدەر بۇرۇننىڭ شەكلىنى تۈزەش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. بۇرۇن شەكلىنى تۈزەشتە نەپەس توختاپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىر نەيچىنى مۇناسىپ مەلھەملەرگە يۇقتۇرۇپ بۇرۇنغا قويۇپ قويىلىدۇ. ئەگەر بۇرۇننىڭ شەكلى ئەسلىگە كەلسە سەبرى، موغاس، ئاقاقىيا، مورمەك-كىدىن ئىبارەت 4 دورىنى يۇمشاق سوقۇپ پاقىيوپۇرمىقىنىڭ كۆكىنىڭ سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ، قەغەزگە يۇقتۇرۇپ بۇرۇنغا چاپلاپ قويۇلىدۇ.

## كۆپ چۈشكۈرۈش

خۇش پۇراق ياغلارنى بۇرۇنغا تېمىتىش. ئىلمان سۇ بىلەن باشنى يۇيۇش، قۇلاققا يىرىم ئىسسىق (ئىلمان) ياغنى قويۇش، قول - پۇت، كۆز، قۇلاق ۋە تاڭلاينى ئۇۋۇلاپ بېرىش كېرەك. ئەگەر باللاردا بۇ كېسەل

بولسا ئۆچكىنىڭ بۆرىكىنى پىشۇرۇپ ئۇنىڭدىن تامچىلىغان سۇنى بۇرۇنغا تېمىتىش مەنپەئەتلىكتۇر.

پايدىلىنىش: ئەگەر چۇشكۇرۇك نورمال بولسا بۇ سالامەتلىكنىڭ ئىپادىسى. لېكىن بەك كۆپ بولۇپ كېتىش ھەرخىل ئوگايسىزلىقلارغا سەۋەب بولىدۇ.

## بۇرۇن قۇرۇش

بۇ كېسەلدە بۇرۇن داۋاملىق قۇرۇپ تۇرىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر بۇرۇن قۇرۇش ئىسسىقلىقنىڭ سەۋەبىدىن بولسا، سوغۇق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر قۇرۇقلۇقتىن بولسا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇرۇنغا ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى سىغىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىك. ئەگەر بۇرۇن تۆشىكىدە بىرەر چاپلاشقان خىلتنىڭ چاپلىشىۋېلىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇ خىلتنى ياغ ۋە باشقىلار بىلەن يۇمشىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## بۇرۇن قىچىشىش

داۋالاش: ئەگەر بۇرۇننىڭ قىچىشىشى سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا، مېڭىنىڭ مىزاجىنى تەڭشەش ۋە ئىسسىقلىق دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش. ئەگەر زۇكام ياكى نەزلە ياكى چېچەك كېسەللىكلىرىنىڭ باشلىنىشى (مۇقەددىمىسى) بولسا، ئەسلىي كېسەلنى داۋالاش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ.

پايدىلىنىش: ئەگەر بىرەر نەرسە بۇرۇنغا كىرىپ كېتىپ توسۇلۇپ قالغان بولسا، بۇرۇنغا ياغ تېمىتىپ قول بىلەن ئۇۋۇلاپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نەرسە چىقىپ كەتكەنگە قەدەر چۇشكۇرۇك كەلتۇرۇلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا بۇرۇنغا كىرىپ كەتكەن نەرسە گال ئارقىلىق ئاغرىتماي چىقىپ كېتىدۇ.

# ئالتىنچى باب تىل ۋە ئېغىز كېسەللىكلىرى

## تىل ياللۇغى

داۋالاش: سەۋەبكە مۇۋاپىق تەنقىيە قىلىش، ئاندىن كېيىن (مۇناسىپ دورىلار بىلەن) ئېغىزنى چايقاپ بېرىش، قان ۋە سەپرا خىلتىدىن بولغان تىل ياللۇغىدا ئالدىنقى ئۈچ كۈنگىچە ئۇسۇك، كاسىنە، سېمىز ئوت، يەرلىك شوخلا قاتارلىقلارنىڭ تاتلىقى بىلەن ئېغىزنى چايقاپ بېرىش لازىم، ئۈچ كۈندىن كېيىن كاللەك بەسەي ( چەلەك) كۆكنىنىڭ سۈيى، يەرلىك شوخلا سۈيى ۋە زىغىرلۇئابى بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ. كېسەل ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەندە بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، بىنەپشە قاينىتىلمىسىغا خىيار شەنبەر ئېتى ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقىلىدۇ. بەلغەم خىلتىدىن بولغان تىل ياللۇغىدا پەقەت ھەسەل بىلەن ياكى ئۇنىڭغا ئايارەنجى پەيقىرا ئارىلاشتۇرۇپ، سەۋدا خىلتىدىن بولغىنىدا ئەنجۇرمونىكى، شۇمشا قاينىتىلمىلىرىغا بىنەپشە يېغى ۋە خىيار شەنبەر ئېتى ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقاشمۇ پايدىلىق. سەۋدادىن بولغان تىل ياللۇغىدا ئىسسىق دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن تىل راكى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن كاسىنە بىلەن يۇمغاقسۇتنى ئېغىزدا تۇتۇپ شۇمۇرۇپ بېرىش كېرەك. تىلنىڭ بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان ياللۇغلىرىدا ئېغىزنى چايقاشتا كېسەلنىڭ باشلىنىش، ئېغىرلىشىش، ساقىيىشقا قاراپ يۈزلىنىش ۋاقتىغا قاراش چەكلىمىسى يوق، بۇ چەكلىمە پەقەت ئىسسىقتىن بولغان ياللۇغلارغىلا خاس. ئەگەر تىلنىڭ ياللۇغى زەھەرلىك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن كېلىپ چىققان بولسا، زەھەرگە قارىتا داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## تىل ئېغىرلىقى

بۇ كېسەلدە بىمار ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەر مەسىلەن،

«باھەر» (لازىم دېگەن مەنىدە) سۆزنى تەلەپپۇز قىلالمايدۇ. ئەگەر تىل ئېغىرلىقنى پەيدا قىلغان سەۋەب ئېغىرراق بولسا تولۇق تەلەپپۇز قىلالمايدۇ.

داۋالاش: سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ تەدبىرىنى قىلىش، ئەگەر بۇ تىل ئەسەپلىرىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى (ئىسترخائى لسان) دىن بولغان بولسا، شۇنداقلا سەزگۈلەر (ئىچكى ۋە تاشقى بەش سەزگۈ) ۋە مېڭىنىڭ خىزمىتىدە سۇسلۇق ۋە بۇزۇلۇش بولغان بولسا، مېڭىنى تەنقىيە قىلىش لازىم. تەنقىيەدىن كېيىن ئېگىر ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دورىلارنى تىلغا چېپىش مەنپەئەتلىك. ئەگەر مېڭىدە بىرەر نورمالسىزلىق بولمىسا، پالەچنىڭ بايىدا بايان قىلىنغان ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق داۋالاش ئېلىپ بېرىش ھەمدە تىل ئېغىرلىقى نېرۋىلارنىڭ ئۇزۇلۇش ۋە يوقىتىش خاراكتېرلىك تارتىشىپ قېلىشى (مەسىلەن، قۇسۇش، ئىچ سۈ-رۈش، قان يوقىتىش...دىن بولغان تارتىشىش) دىن كېيىن پەيدا بولغان بولسا ۋە سوزۇلما بولسا بۇ داۋاسىزدۇر. ئەگەر سوزۇلما بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى تېز ۋە نۆشۇدۇرنى تىلغا سۈرتۈپ بەرگەندە شۆلگەي ئېقىپ كېسەل ساقىيىدۇ. تىل ئەسەپلىرىنىڭ بوشىشىپ كېتىشىدىن (ئىسترخادىن) بولغان تىل ئېغىرلىقىدا ئېگەكنىڭ ئاستىغا ئوتلۇق ھىجامەت قويۇش مەنپەئەتلىكتۇر.

## تىلنىڭ چوڭىيىپ قېلىشى

تىلنىڭ قېلىنلاپ قېلىشى «تىل چوڭىيىپ قېلىش»، ئەگەر تىل ئالاھىدە يوغىناپ ئېغىزنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالسا، ئۇ «تىل ئېغىزدىن سىرتقا چىقىپ قېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر بۇ كېسەل قان خىلتىدىن بولسا قان ئېلىنىدۇ. شۆلگەي ھاسىل بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە چۈچۈمەل نەرسە-لەر (مەسىلەن، ئەينۇلا، تەمرى ھىندى، غورا سۈرۈلىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەل بەلغەم خىلتىدىن بولغان بولسا، بەلغەم خىلتىنى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تىلغا تۇز ۋە سىركە سۈرۈلىدۇ.

## تىل بوششىپ كېتىش

داۋالاش: تىل بوششىپ كېتىشنى داۋالاش تىل ئېغىرلىقىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## تىل يېرىلىش

داۋالاش: ئەگەر مېڭىدە قۇرۇقلۇق غەلىبە قىلغانلىقتىن بولسا، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئاق موم تەركىبلىك مەلھەملەر (قىيروتى) ۋە بىنەپشە يېغى سۈرۈلىدۇ. مېڭىنىڭ مىزاجىنى تەڭشەش، تەرخەمەكنى ئېزىپ ئوبدان قوچۇپ كۆپۈكىنى چىقىرىپ، تىلغا سۈرۈشمۇ ناھايىتى پايدىلىق. ئەگەر بۇ كېسەل بۇزۇق يەللەرنىڭ (بۇخارمتلەرنىڭ) باشقا ئۆزگىگەنلىك سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئاشقازاندا نورمالسىزلىق بولىدۇ. مېڭىگە قۇرۇقلۇق يەتكەنگە ئالاقىدار بەلگىلەر (مەسىلەن، ئويقۇسىزلىق ۋە باشقىلار) تېپىلمايدۇ. ئۇنى داۋالاشتا مېڭىنى تەنقىيە قىلىش، سەرپىستاننى ئېغىزدا سۈمۈرۈپ بېرىش، تىلنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بولغان يېرىلىشىدا بايان قىلىنغان تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

## تىل قورغاقلىشىش

داۋالاش: ئەگەر قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن كېڭىيىپ چىققان بولسا، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار ۋە ياغلار ئىشلىتىلىدۇ ۋە نېلۇپەر سۈيىگە بېھى ئۇرۇقىنى چىلاپ لۇئابىنى ئېلىپ شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ شۈمۈپ بېرىلىدۇ. ئەگەر چاپلاشقاق خىلتلارنىڭ تىل يۈزىدە يىغىلىۋېلىشىدىن قورۇپ كەتكەن بولسا، سۆگەت يوپۇرمىقىنى سىركەنجىبىنگە يۇقتۇرۇپ تىلغا سۈۋۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قويۇلۇپ قالغان سۈيۇقلۇقلار يوقايدۇ. بىر تۈرى ئەسلىدە قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن بولغان تۈرنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا تىل ساغلام بولىدۇ. بۇ تۈرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئېغىزدا چاپلاشقان شۆلگەي بولىدۇ. سوغۇقلۇقتىن ماددىلارنىڭ قويۇقلۇقى كۈچىيىپ قالىدىغان بولغاچقا، سوغۇق دورىلارنى ئىستېمال قىلغاندا چاپلاشقاقلىق كۈچىيىپ بارىدۇ.

## تىل ئېچىشىش

داۋالاش: سوغۇق دورىلار ئارقىلىق سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش كېرەك، ئەگەر ئېچىشىش ماددىلىق (بىرەر خىلىتنىڭ سەۋەبىدىن) بولسا، كاپۇرنى تىلغا سۈرۈش ناھايىتى پايدىلىق. سوغۇق دورىلارنىڭ لۇئابى (بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، ئىسپىغۇل لۇئابى ۋە باشقىلار) دىن قايسىلا دورىنىڭ لۇئابىنى بولسۇن ئېغىزدا ئۇزۇنغىچە تۇتۇپ بېرىش، ئېغىزنى چايقاش، بۇ ئىشنى تەكرار قوللىنىش كېرەك.

## تىل قىچىشىش

داۋالاش: تەنقىيەدىن كېيىن ئىسسىق سۇ بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ، ئاندىن كېيىن شېكەر قوشۇلغان سۈت بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن سىركە ھەم گۈل يېغى بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ. تىلدىكى ئىسسىق خىلىتلارنى چىقىرىش ئۈچۈن سېرىق ھېلىلە تاتلىقىدا ئېغىزنى چايقاش، سېرىق ھېلىلىنى تىلغا سۈرۈش ۋە سېرىق ھېلىلىنى چايناپ بېرىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

## تىل ئاستىدا قۇمچاقسىمان ئۆسمۈكچە گۆش پەيدا بولۇش

بۇ تىلنىڭ ئاستىدا بەزگە ئوخشاش قاتتىق ئۆسمۈكچە پەيدا بولىدىغان كېسەل بولۇپ، چاپلاشقاق يامان بەلغەم خىلىتىدىن پەيدا بولىدۇ. قان خىلىتى تىلغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن سۇيۇق تەركىبى تارقاپ كېتىپ، قويۇق قىسمى قېلىپ بۇ كېسەلگە سەۋەب بولىدۇ.

داۋالاش: تەنقىيەدىن كېيىن نۆشۇدۇر، كۆيدۈرۈلگەن زەمچە، زەنگار (مىس پوقى)، مۇرمەككىلەرنى سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئۇرۇنغا سۈۋۈلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ياخشىلانمىسا ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك. ئەمما كەسكەندە تىل ئاستىدىكى ئىككى دانە تىل ئاستى ئارتېرىيەسىنى مۇھاپىزەت قىلىش لازىم.

بەزىدە تىل ئاستىدىكى قۇمچاقسىمان ئۆسمۈكچە تاشقا ئوخشاش قاتتىق بولسا، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى تېرىنى تىلساق ئۇنىڭدىن تاش پارچىسى

چىقىدۇ. بۇنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ساقىيىپ كېتىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا تىلنىڭ ئاستىدا يۇمشاق ئۆسۈكچە پەيدا بولىدۇ. تىلغاندا قويۇق سۈيۇقلۇق چىقىپ، كېيىن ئۇيۇپ قالىدۇ. بۇنى داۋالاشتا تىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پوستىنى قايچا ئارقىلىق شىرىيان تومۇرغا نۇقسان يەتكۈزمىگەن ھالدا ئېھتىيات بىلەن پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلىنىدۇ.

## تەم تېتىشنىڭ بۇزۇلۇشى

بۇ كېسەلدە ئادەم بىرەر يېمەكلىكنى ئىستېمال قىلغان ۋاقىتتا شۇ يېمەكلىكتە بولمىغان تەم سېزىلىدىغان كېسەللىك. بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى خىلتلاردىن مەلۇم بىر خىلتنىڭ غالىبلىقىدىن بولىدۇ. قايسى خىل تەم سېزىلسە، قايسى خىلت غالىبلىقىدىن بولغانلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تەمنىڭ ئاچچىق بولۇشى سەپرا خىلتى غالىبلىقىغا ۋە تاتلىق بولۇشى قان خىلتى ۋە تاتلىق بەلغەم خىلتى غالىبلىقىغا، چۈچۈمەل بولۇشى چۈچۈمەل بەلغەم ۋە سەۋدا غالىبلىقىغا، تۇزلۇق بولۇشى شورلۇق بەلغەم خىلتى غالىبلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

داۋالاش: قايسى خىلت غالىب بولسا قان ئېلىش ۋە مۇسھىل بېرىش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سىركەنجۇبىل بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ.

## تېتىش سېزىمىنىڭ يوقىلىشى

بۇ تېتىش قۇۋۋىتى ـ يوقىلىپ، ھېچقانداق تەمنى سېزەلمەيدىغان كېسەللىك بولۇپ، مۇشۇ كېسەلگە قوشۇلۇپ بەزى ۋاقىتلاردا تىلنىڭ سېزىش قۇۋۋىتىمۇ يوقاپ كېتىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن تىل ئىسسىق ـ سوغۇقنى سېزەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى ھۆللۈك مادىدىدا بولىدۇ. بۇ تەم سېزىش خىزمىتىنى بېجىرىدىغان نېرۋا (تەم سېزىش نېرۋىسى) غا سىرغىپ كىرىپ، تىل ئىچىگە تارقاپ بۇ كېسەلگە سەۋەب بولىدۇ.

داۋالاش: مۇنزىج (پىشۇرغۇچى دورا) بېرىپ مېڭە تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئەگەر ھارارەت بولمىسا ئاقىرقەرھا، ياۋا ئىنتىۇزۇمى ۋە قىچىد-

نىڭ قايىنتىلمىسى بىلەن ئىبغىز چايقىلىدۇ. ئەگەر ھارارەت (قىزىش) بولسا، قىزىلگۈل ۋە سۇماق قايىنتىلمىسىدا سىركەنجۇبىل ياكى ئاچچىقسۇ ئارىلاشـتۇرۇپ غار ــ غار قىلىنىدۇ.

## تىل ۋە ئىبغىز ئىچى شىللىق پەردىسىنىڭ سويۇلۇشى

بۇ كېسەلدە تىل ۋە ئىبغىزدىن نېپىز تېرە ئاجراپ چۈشىدۇ. رەختبىلەن سۈرگەندە تېخىمۇ كۆپرەك ئاجراپ چىقىدۇ.

داۋالاش: قان ئالغاندىن كېيىن سەپرا خىلتىنىڭ مۇسھىلىنى بېرىش، ئاندىن كېيىن نامازشام گۈلى ۋە قىزىلگۈلنى سىركىدە قايىنتىپ، ئىبغىزنى چايقاش كېرەك.

## ئىبغىز مودۇرى

بۇ ئىبغىز ئىچىگە ئۇششاق مودۇرلار چىقىدىغان كېسەلدۇر.

داۋالاش: قان ئېلىش، مۇسھىل بېرىش، ئاندىن كېيىن سىركىدە يۇمغاقسۇت، تېرىق، يەرلىك شوخلا يوپۇرمىقىنى قايىنتىپ، سۇيىدە ئىبغىز چايقىلىدۇ.

## ئىبغىز يارىسى

بۇ كېسەلدە ئىچكى ماددىلار نورمالسىز خىلتلارنىڭ تەسىرىدە ئىبغىزدا يارا پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش: ماددىغا مۇۋاپىق مۇسھىل بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر قان خىلتى ياكى سەپرا خىلتىنىڭ تەسىرىدىن بولسا، ئىبغىز دورىسى بايان قىلىنغان نۇسخىلار بىلەن ئىبغىز چايقىلىدۇ، شۇنداقلا تاباشىر، ئانارگۈلى، كاپۇرلارنى يۇمشاق ئېزىپ زەخمە يۈزىگە پۈركىلىدۇ. ئەگەر يارا ناھايىتى بەك بۇلغانغان بولسا، سىركە ۋە تۇز بىلەن يارا بۇزۇق ھۆللۈكلەردىن تازىلانغانغا قەدەر ئىبغىز چايقىلىدۇ. ئەگەر سىركىنىڭ ئۆتكۈرلىكىگە بەرداشلىق بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئورنىغا زەپەر ئارىلاشتۇرۇلسا بولىدۇ ياكى ئىككىسىنى (سىركە بىلەن زەپەرنى) قايىنتىپ ئىبغىز چايقىلىدۇ.

ئەگەر ئىبغىز يارىسى بەلغەم خىلتىدىن بولسا، مامىرانچىنى، ھېلىلە،

ئاقىرقەرھالارنى سىركىدە قايىنىتىپ ئىچىش چايقىلىدۇ. ئەگەر سەۋدادىن بولسا، خىنە يوپۇرمىقىنى چايناش ھەمدە كالا پاقالچىقىنىڭ يىلىكى سۈرۈلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا قوۋۇەتلەش ئۈچۈن موزا، يۇمغاقسۈت، ئانار پوستى قاتارلىق-لار سىركىدە قايىنىتىلىپ ئىغىز چايقىلىدۇ.

پايدىلىنىش: باللارنىڭ ئىغىز يارىسى ئۈچۈن تەرەنجىبىن جەۋھىرىنى كۆك يەرلىك شىرخىلىنىڭ سۈيىدە ئېرىتىپ چىپىش، شۇنداقلا گاۋزىبانىنى كۆيدۈرۈپ، يۇمشاق ئېزىپ، يەرلىك ئورۇنغا سېپىش ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

## ئىغىز گۆشخور چاقىسى

بۇ ئىغىز يارىسىنىڭ ناھايىتى يامان تۈرى بولۇپ، تېزلا پۈتۈن ئىغىزنى قاپلايدۇ.

داۋالاش: ئىغىز يارىسىنىڭ بايانىدا مۇسھىل بېرىش، بۇزۇق ھۆللۈكنى تازىلاش تەدبىرلىرى يېزىلدى، بۇ كېسەلگە ئىشلىتىلىسمۇ بولىدۇ. زەخمىنى يامراپ كېتىشتىن توسۇش ئۈچۈن، فلدىقيون (بۇ بىر خىل مۇرەككەپ دورا بولۇپ ئۆچۈرۈلمىگەن ھاك بىر ھەسسە، قىزىل زەرنىخ، ئالتۇن زەرنىخ، قەلەي كۆشتىسى، ئاقاقىيا ھەربىرى يېرىم ھەسسە، دورىلارنى ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، ئۈزۈم سىركىسى بىلەن قۇرس تەييارلاپ قورۇتۇپ، لازىم بولغاندا سىركىدە ئېرىتىپ يەرلىك ئورۇنغا ياكى سورتجان (بۇ بىر خىل مۇرەككەپ دورا بولۇپ، تەركىبى تاتلىق ۋە ئاچچىق ئانار پوستى ھەربىرى 9g، موزا، ئانارگۈل، كۆيدۈرۈلگەن زەمچە، ئاقىرقەرھا ھەربىرى 30g، سۇماق 45g، ھىندى تۇزى، نۆشۇدۇر ھەربىرىدىن 15g ئېلىپ ھەممە دورىلارنى ئېلىپ تاسقاپ سىركە ۋە نامازشام گۈلى كۆكىنىڭ سىقىلغان سۈيىدە يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ) ؛ توقۇچاق (قۇرس تەييارلاپ قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ) لار تاكى يارا تامامەن تازىلانغانغا قەدەر يەرلىك ئورۇنغا سۈرۈلىدۇ. ئەگەر بۇ دورىنى ئىشلىتىشتىن كۆيىشىش بولسا، سوغۇق دورىلار لوئابى (بېھى ئۇرۇقى، ئىسپىغول ياكى بىگى سۇتكە شىبكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىغىز چايقىلىدۇ) .

## ئېغىزدىن شۆلگەي كۆپ ئېقىش

بۇ بىمار مەيلى ئويغاق ياكى ئۇخلىغاندا بولسۇن، ئېغىزدىن شۆلگەي كۆپ ئاقىدىغان كېسەللىك. بۇ كېسەل ئاشقازانغا ئىسسىقلىق ياكى هۆللۈك يەتكەندىن ياكى ئاشقازانغا سوغۇقلۇق يەتكەندىن بولىدۇ. ئەگەر ئاشقازانغا ئىسسىقلىق تەسىر قىلغاندىن بولسا، ئاشقازان بوش هالەتتە شۆلگەي كۆپ ئاقىدۇ. ئەگەر سوغۇقلۇق تەسىردىن بولغان بولسا، ئاشقازان غىزا بىلەن تولغان هالەتتە شۆلگەي ئېقىش زىيادە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا هەزىمنىڭ ئاجىزلىششى، ئېغىز تەمىنىڭ چۈچۈمەل بولۇشى، شۇنداقلا شۆلگەينىڭ چاپلاشقاق بولۇشمۇ ئاشقازان سۇۋۇپ كەتكەنلىكنىڭ ئالامىتى.

داۋالاش: ئەگەر بىرەر خىلتنىڭ سەۋەبىدىن بولسا، ئاشقازانىنى بۇ خىلتتىن تازىلاش، ئىسسىقتىن بولغىنىدا كاسىنە كۆكنى چالا سوقۇپ، تۇز بىلەن قوشۇپ چايناش ۋە سۈيىنى يۇتۇۋېتىش لازىم، سوغۇقتىن بولغاندا كۈندۈر ۋە مەستىكىنى چايناپ بېرىش مەنپەئەتلىك.

## ئېغىز پۇراش

داۋالاش: ئەگەر ئېغىز پۇراشنىڭ سەۋەبى خاس ئېغىزنىڭ ئۆزىدە بولسا (مەسىلەن، چىش ئارىلىقىغا تاماق قالدۇقلىرى تۇرۇپ قېلىش ۋە باشقىلار) ئۇنى پاك ــ پاكىز تازىلىۋېتىش، ئەگەر مېڭە ياكى ئاشقازاننىڭ كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، بۇلارنى تەنقىيە قىلىش كېرەك. هەببول مىسكى (بۇ پىل پىل، قەلەمپۇر، ئاقىرقەرها هەربىرى 3g ، قىزىل ـ گۈل، سەندەل، سېرىق هېلىلە هەربىرى 6g ، تاباشىر 5g ، ئېپار، كاپۇر هەربىرىدىن 0.2g دىن ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ، بېهى سۈيى ۋە قىزىل گۈل ئەرقىدە يۇغۇرۇپ كۇمۇلاچ قىلىپ تەييارلىنىدۇ)نى شۇمۇپ بېرىلىدۇ. هەر كۈنى ئېغىزنى چوتكىلاش، گۈل يېغى ۋە كۈنجۈت يېغى بىلەن ئېغىزنى چايقاش، تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئۇسۇللاردۇر.

## تاڭلاي ياللۇغى

تاڭلاي ياللۇغى قان خىلتىدىن بولىدۇ ياكى بەلغەم خىلتىدىن

بولىدۇ. قان خىلتىدىن بولغان ياللۇغ قىزىل، ئاغرىش بىلەن بىرگە بولىدۇ. بەلغەم خىلتىدىن بولغان ياللۇغ ئاق، ئاغرىقسىز بولىدۇ.

داۋالاش: ماددىغا مۇۋاپىق تەنقىيە قىلىش ئېغىز يارىسىدا بايات قىلىنغان ئېغىز چايقاش نۇسخىلىرىنى (غار ـ غارلەرنى) خىلتقا مۇۋاپىق هالدا ئىشلىتىش كېرەك.

# يەتتىنچى باب كالپۇك كېسەللىكلىرى

## كالپۇك ئاقىرىپ قېلىش

بۇ ئاق كېسەل بولمايمۇ كالپۇك ئاقىرىپ قالىدىغان كېسەل.

داۋالاش: بەلغەم خىلىتىنى تەنقىيە قىلىپ، سىڭىشى تەس بولغان غىزالار تەرك ئېتىلىدۇ. ياسمەن يېغى، سېرىق سەئىبە يېغى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

## كالپۇك يېرىلىش، قاسىراقلىشىش ۋە قورۇش

بۇنى داۋالاش ئېغىز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش. يېرىلغان كالپۇكنى شامالداپ قېلىشتىن ساقلاش ۋە موزا، ئۇپا، نىشاستە، كەترالارنى سوقۇپ تاسقاپ، توخۇ يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىش تەجرىبىدىن ئۆتكەن چارىدۇر. كالپۇكقا قانداقلا دورا چېپىلسا توخۇم شاكىلىنىڭ ئىچىدىكى نېپىز پەردىسى چاپلاپ قويۇلىدۇ.

## كالپۇك تارتىشىش

داۋالاش: ئەگەر قان خىلىتى كالپۇكنىڭ تومۇرلىرىغا كېلىپ يەل تۇغۇلدۇرۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، قىيپال تومۇردىن قان ئېلىش، غىزانى ئازايتىش ۋە تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. ئەگەر قويۇق يەل بۇ كېسەلگە سەۋەب بولغان بولسا، باش كېسەللىكلىرىدىكى «تىترەش» (ئىختىلاج)نىڭ داۋاسىدا يېزىلغان دورىلارنى ئىستېمال قىلىش لازىم. ئەگەر بۇ كېسەل ئاشقازاننىڭ شېرىكچىلىكىدىن بولغان بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە ھىق تۇتۇشمۇ بولسا، بۇ قورۇشنىڭ ئالدىنقى بېشارىتى بولۇپ، قۇسقاندىن كېيىن يوقاپ كېتىدۇ. ئەگەر مېڭە (كېسەللىكلىرى)نىڭ سەۋەبىدىن بولغان بولسا، يۈز

نېرۋىسى پالىچى (لەقۋا)، تۇتقاقلىق كېسەل (سەرئى)نىڭ ئالدىنقى بېشارە-
تى بولۇپ، بۇنى داۋالاشتا پەرھىز تۇتۇش ھەمدە يۈز نېرۋا پالىچى ۋە
سەرئى كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## كالپۇك كىچىكلەپ كېتىش ۋە تارتىشىپ قېلىش

داۋالاش: ئەگەر بۇ كېسەل تولۇپ قېلىش خاراكتېرلىك تارتىشىپ
قېلىش (تەشەننوج ئىمتىلائى) سەۋەبىدىن بولغان بولسا، بەدەنسىز تەنقىيە
قىلىش ۋە كالپۇكنى ئىسسىق ياغلار بىلەن ياغلاش مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەگەر
تارتىشىش قۇرۇقلۇقتىن بولغان بولسا، بۇنىڭ داۋاسى يوق. ئەگەر بۇ
كېسەل باللىقتا بولسا، كالپۇكنى تارتىپ، روستلاپ تېڭىپ قويۇش بىلەن
ئوڭشىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

## كالپۇك بوۋاسىرى

بۇ تۆۋەنكى كالپۇكتا پەيدا بولغان ئۆسمە گۆشتىن ئىبارەت.
داۋالاش: قان ۋە سەۋدا خىلتىنى تەنقىيە قىلىش ۋە مەلھەملەرنى
سۈرتۈپ بوۋاسىرنى يوقىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## كالپۇك ياللۇغى

داۋالاش: خىلتقا مۇۋاپىق تەنقىيە قىلىش ۋە مۇناسىپ زىماتلارنى
چىپىش كېرەك. ھوزۇزى مەككىنى يەرلىك شوخلا كۆكىنىڭ سىقىلغان
سۈيىدە ئېرىتىپ چىپىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىك (جۇملىدىن ياللۇغ ئىس-
سىقتىن بولۇپ تېخى باشلىنىشى بولسا).
كالپۇك مودۇرى: بۇنى داۋالاشتىمۇ بەدەننى تەنقىيە قىلىش لازىم.
كالپۇك يارىسى: بۇنىڭ داۋاسى مۇناسىپ مەلھەملەرنى چاپىماقلىقتۇر.
كالپۇك گۆشخور چاقىسى: بۇ كېسەلنى ئېغىز كۆشخور چاقىسىنى
داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالىسا بولىدۇ.
پايدىلىنىش: ئەگەر كالپۇك مىزاجى بۇزۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامەتلە-
رىنى ئېنىقلاپ ئۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىر قىلىش لازىم.

# سەككىزىنچى باب چىش ۋە چىش مىلىكى كېسەللىكلىرى

## چىش ئاغرىقى

چىش ئاغرىقى ئەگەر ئىسسىقتىن بولسا، كۆپىنچە سوغۇق سۇدىن پەسىيىپ قالىدۇ. ئەگەر سوغۇقتىن بولسا، ئىسسىق سۇ بىلەن توختاپ قالىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان چىش ئاغرىقىدا ئىسسىقتىن بولغىنىدا سىركە بىلەن قىزىلگۈل ئۇرۇقىنى ئارىلاشتۇرۇپ، سوغۇقتىن بولغىنىدا بەرەنگى كابىلەنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ. ماددىلىقىدا ماددىغا مۇۋاپىق تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر چىش ئاغرىقى ئاشقازان يېمەكلىكلەر بىلەن تولغان ھالەتتە كۈچىيىپ قالسا، بۇ ئاشقازاندا ماددىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا ئاشقازاننى تەنقىيە قىلىش، ھەزىمنى كۈچلەندۈرۈش ھەمدە غىزاسىغا يۇمشاقسۇتنى كۆپرەك سېلىپ بېرىش كېرەك. چىش ئاغرىقىنىڭ مۇشۇ تۈرىدە قوستۇرۇشتىن ساقلىنىش، ئەگەر ئاغرىق بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكەلسە بۇ يەلدىن بولغان بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا يەلگە قارىتا تازىلاش ئېلىپ بېرىش، بەدىيان، رۇم بەدىيان ـ زىرە قاينىتىلمىسى بىلەن يېرىم ئىسسىق ئېغىز چايقاش مەنپەئەتلىك. ئەگەر چىشتا قۇرت پەيدا بولغان سەۋەبتىن چىش ئاغرىغان بولسا، چىشتا تۆشۈك بولغان بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا كۈدە ئۇرۇقى، بەزرۇلبەنجى، پىياز ئۇرۇقىنى ئاق مومغا ئارىلاشتۇرۇپ ئوتتا كۆيدۈرۈپ نەيچە ئارقىلىق تۈتۈنى چىشقىچە يەتكۈزۈلىدۇ.

پايدىلىنىش: گۈگگۈرت سۈرۈش بىلەن چىش ئاغرىقى يوقاپ كېتىدۇ.

لېكىن بۇنى باشقا چىشقا تەگكۈزۈپ سالماسلىق كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ساق چىشقا نۇقسان يېتىشى مۇمكىن. ئەگەر ئاغرىق سوغۇقتىن بولغان بولسا، كېلەرنى رەختكە ئوراپ ئىسسىتىپ ياكى تۇز بىلەن تېرىقنى لاتىغا ئوراپ ئىسسىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئالتۇن ياكى تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن داغلاش ناھايىتى مەنپەئەتلىك، لېكىن داغلىنىش ياخشى بولسۇن ئۈچۈن، داغلاشنى بىر نەچچە قېتىم ئېلىپ بېرىش كېرەك. داغلاشنى ئاغرىق ئورۇندىن باشقا ئورۇنغا قىلىپ سالماسلىق كېرەك. ئەگەر چىشنىڭ مىدىرلاپ قېلىش سەۋەبىدىن ئاغرىغان بولسا، ئۇنى چىڭىتىش تەدبىرىنى قوللىنىش، ئەگەر چىش ناھايىتى بەك مىدىرلاپ قالغان بولسا، ئۇنى يۇلۇۋېتىشتىن باشقا چارە يوق. لېكىن چىشنى يۇلىۋېتىشتىن ئىلگىرى كۆزگە زىيان يېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، چىش مىلىكىنى يۇمشىتىش كېرەك.

دورا: بۇ چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. تەركىبى: ئاقىرقەرھا، ئەپيۇن، تېكە ساقىلى ئۇساريسى، كۇندۇر تالقىنى قاتارلىقلارنى يۇمشاق ئېزىپ ئايال كىشىنىڭ سۈتىدە يۇغۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپلىنىدۇ.

## چىش قاماپ قېلىش

داۋالاش: ئەگەر بىرەر قېرىق ياكى ناھايىتى چوڭچوڭ نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغانلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئىسسىق مىزاجلىقلاردا سېمىز ئوتنىڭ يوپۇرمىقى ۋە ئۇنىڭ غولىنى چايناپ بېرىش، ئىسسىق كاۋاپ ياكى ئىسسىق ناننى ، چىشقا بېسىپ بېرىش، سوغۇق مىزاجلىقلاردا ئاچچىق بادام مېغىزى، نارجىل چايناپ بەرسە بولىدۇ. رەيھاننى چايناپ بېرىش، ئەمەن بىلەن تۇزنى ئارىلاشتۇرۇپ چىشقا سۈرۈش مەنپەئەتلىك. ئەگەر چىش ئىچكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قاماپ قالغان بولسا، ئېغىز ئاچچىق بولۇش، ئاچچىق كېكىرىش، شۆلگەيىنىڭ كۆپلۈكى ئۇنىڭ ئالامەتىدۇر.

داۋالاش: قۇستۇرۇش ئارقىلىق بەلغەم خىلتىنى تەنقىيە قىلىش لازىم. مەخسۇس قۇستۇرۇشتىكى سەۋەب بۇ كېسەلدە چىش ئاغرىمايدىغان بولغاچقا، ماددىنىڭ چىش تۈۋىگە زىيادە قويۇلۇشنىڭ ئەندىشىسى بولۇپ قېلىش

تىن ساقلىنىش ئۇچۇندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدىكى ماددا قۇستۇرۇش ۋە ئىچى سۈرۈش (مۇسھىل) ئارقىلىقلا ھەممىدىن ئوبدان تازىلىنالايدۇ.

## چىش پارقىراقلىقىنى يوقىتىش

بۇ كېسەلدە چىش سىرتىدىكى بىر قەۋەت پارقىراق ماددا يوقاپ كەتكەن بولغاچقا، بىمار ئىسسىق ياكى سوغۇق غىزالارنى ئىستېمال قىلغاندا يېقىمسىزلىنىدۇ ۋە بىر نەرسىنى چاينىيالمايدۇ.

داۋالاش: ئومۇمىي بەدەنگە تەنقىيە ۋە تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. سوغۇقتىن بولغىنىدا تالنى قورۇپ، چىشقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، گۈل يېغى ۋە كاپۇرلار بىلەن ئېغىزنى چايقاش ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. چۈنكى بۇ كېسەل چىش قاماپ قېلىش كېسىلىنىڭ بىر تۈرى، شۇڭا ئۇنى داۋالىغانغا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

## چىش كاۋاكلىشىپ كېتىش، ئۇۋۇلۇپ كېتىش ۋە كامار بولۇپ قېلىش

بۇ ھەر خىل ئىچكى تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرىدە چىشنىڭ كاۋاكلىشىپ، ئۇۋۇلۇپ ۋە ياكى كامار بولۇپ قېلىشىدىن ئىبارەت.

داۋالاش: مىڭىنى تەنقىيە قىلىش، ھوزۇزى مەككى، موزا، ئاقىرقەرھانى يۇمشاق ئېزىپ، چىشقا سىپىلىدىغان پاراشوك ياساپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەللەر چىشنىڭ تەبىئىي ھۆللۈكىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىدىن بولغان بولسا، چىش ئۇۋۇلىنىپ قالغان بولىدۇ. ۋە بەدەن تەبىئىي ھۆللۈكىنىڭ تارقاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. بۇ داۋاسىز، لېكىن چىش تەبىئىي ھۆللۈكىنىڭ يوقىلىشىنى كېمەيتىش ئۈچۈن ھۆللۈك يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## چىش تۈۋىدە ساپالغا ئوخشاش ماددىلار ئۆيۈۋېلىش

بۇ كېسەلدە چىش تۈۋىدە ساپالغا ئوخشاش قاتتىق (سېرىق، قارا ياكى كۆك رەڭلىك، نەرسىلەر ئۆيۈۋالغان بولىدۇ. تازىلاپ چىقىرىۋەتكىلى

بولمايدۇ. بۇ كېسەل «چىش تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

داۋالاش: قايسى ماددا غالىب بولسا (ئۇيۇۋالغان نەرسىنىڭ رەڭگىدىن قايسى خىلتنىڭ غالىبلىقىنى ئېنىقلىغىلى بولىدۇ) شۇ ماددىنى تەنقىيە قىلىپ، ئاندىن كېيىن تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن قىرىپ تاشلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن تۇز، كۆپۈكى دەريا، كۆيدۈرۈلگەن پەشمە، خۇرۇس لاردىن چىش پاراشوكى (سۇنۇن) ياساپ چىشقا سۈرۈلىدۇ (ئەگەر خالىسا ئۇنىڭغا كۆيدۈ- رۈلگەن سەدەپ، كۆيدۈرۈپ يۇمشاق سوقۇلغان ئەينەك (شىشە)، كۆيدۈرۈل- گەن بۇغا مۈڭگۈزى قوشۇپ قويۇلسا بولىدۇ). مۇشۇنداق قىلغاندا چىش- نىڭ تۆشۈكىنى پۈتتۈرۈپ قايتا تاماق قالدۇقلىرىنىڭ يىغىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## چىش رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى

چىش رەڭگىنىڭ سېرىق بولۇپ قېلىشى سەپرادىن؛ قارا ياكى پېتىنـ- گان (چەيزە) رەڭ بولۇپ قېلىشى سەۋدا خىلتىدىن؛ هال رەڭگىدە، ئاق بولۇپ قېلىشى بەلغەم خىلتىدىن بولىدۇ.

داۋالاش: قايسى ماددا غالىب كەلسە شۇ ماددىنى تازىلاش؛ ئۇنىڭدىن كېيىن سەپرادىن بولغىنىدا تېرىقنىڭ ئۇنىنى سىركە بىلەن قوشۇپ، سەۋدا خىلتىدىن بولغىنىدا بىيخ كەبىرنى گۈل يېغى بىلەن قوشۇپ، بەلغەم خىلتىدىن بولغىنىدا مەستىكى يېغى سۈرۈش كېرەك.

## چىش لىڭشىپ قېلىش

داۋالاش: باللار ۋە ياشانغانلارنىڭ چىشى لىڭشىپ قېلىشى ئۇلارنىڭ يېشىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ، داۋالاشنىڭ هاجىتى يوق. لېكىن بىرەر تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چىش مىدىرلاپ قالسا، سەۋەبكە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىش لازىم. چىش كۆپىنچە هۆللۈكنىڭ زىيادىلىكى، قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈزلىكى، چىش مىلىكىنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن مىدىرلاپ قالىدۇ. بۇنى داۋالاشتا قىيپال ياكى چاهار رەڭ (كۆك) تومۇردىن قان ئېلىش، ئېڭەكنىڭ ئاستىغا هىجامەت قىلىش، چىش مۇلكىگە زۇلۇك قۇرتى

چىپىش ۋە چىشنى قۇۋۋەتلىگۈچى چىش تالقانلىرى (سۇنۇن) نى ئىشلەتىش، ئەگەر دورا بىلەن ساقايماي تارتقۇزۇۋېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا، ئاۋۋال چىش مىلكىنى تىغ بىلەن كېسىپ تاشلاپ، ئاندىن ئىنەكپىتى يوپيۇرمىقىنى ئېزىپ، ئەنجۈر سۈتى (بۇ ئەنجۈرنىڭ غازىڭىنى ئۈزگەندە شۇ يەردىن ئاستا تەپچىرەپ چىقىدۇ) نى ئارىلاشتۇرۇپ، چىش يىلتىزى بوشىغانغا قەدەر يەرلىك ئورۇنغا تېڭىپ، ئاندىن كېيىن تارتسا ئاغرىتمايلا بولۇنۇپ چىقىدۇ.

## چىش ئۈزۈراپ قېلىش

داۋالاش: ئەگەر بۇ كېسەل قان غالىبلىقىدىن بولغان بولسا چىشتا ئاغرىش بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا قان ئېلىش ۋە مۇسھىل بېرىش تەدبىرىنى قوللىنىش؛ ئەگەر بەلغەم خىلىتىدىن بولسا ئاغرىش بولمايدۇ، بۇنىڭغا قارىتا بەلغەم خىلىتىنىڭ مۇسھىلىنى بېرىش لازىم. ئەگەر چىش ئەسلىدە ئۈزۈن بولمىسىمۇ ئۇ قاتتىق بولغاچقا، باشقا چىشلار بىلەن سۈركەلگەنلىكتىن مۇشۇ بىر چىش ئۈزىراپ قالغاندەك كۆرۈنسە، ئۇنى مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن كېسىپ قىرىپ (ئۈپرىتىۋېتىش) تاشلاش كېرەك.

بۇ كېسەلدە چىشتا قىچىشىش بولغانلىقتىن، بىمار چىشنى ئۆزئارا گىرىچلاتماي ياكى بىر نەرسىنى چايناي تۇرالمايدۇ.

داۋالاش: مەتبۇخى ئەفتىمۇن ۋە ھەببى ئايارەنجى بىلەن مېڭىنى تەنقىيە قىلىش؛ ئۆتكۈر، چۈچۈمەل، شۇنداقلا تۇزلۇق غىزالارنى ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش ھەمدە سىركىدە پاقىيوپۇرمىقى ئۆسۈملۈكىنىڭ يىلتىزىنى قاينىتىپ، ئېغىزنى چايقاپ بېرىش مەنپەئەتلىك.

## ئۇيقۇدا چىشنى گىرىچلىتىش

بۇ كېسەلدە بىمار ئۇيقۇدا چىشنى گىرىچلىتىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر بۇ كېسەل ماددىلارنىڭ تولۇپ قېلىشى (ئىمتىلائى) دىن بولغان بولسا، ئايارەج دورىلار ۋە مۇناسىپ ئېغىز چايقالمىلىرى بىلەن مېڭىنى تەنقىيە قىلىش ۋە گەدىنىنى قۇستە يېغى بىلەن ياغلاش مەنپەئەت

قىلىدۇ. ئەگەر بۇنداق قىلالمىسا، مۇۋاپىق تەكشەش ئېلىپ بارسىمۇ كۆپايە قىلىدۇ.

پايدىلىنىش: باللارنىڭ چىشنى ئاسان چىقىرىش ئۈچۈن باللارنىڭ بېشى قايماق ۋە كالا پاقالچىقىنىڭ يىلىكى بىلەن ياغلىنىدۇ ھەمدە چىش مىلكىگە قانجىق ئىتنىڭ سۈتىنى سۈرۈپ بېرىش چىشنى ئاسان چىقىرىشتا تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر. يەرلىك شوخلا ئۇسارىسى بىلەن گۈل يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ چىش مىلكىگە سۈركەشتىن چىش چىقىش جەريانىدا پەيدا بولغان ئاغرىقنى يوقىتىدۇ. چىش چىقىۋاتقان مەزگىلدە چىش پەيدا قىلغۇچى ماددىنىڭ تارقاپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باللارنى بىرەر قانداق قاتتىق نەرسىنى چايناشتىن ساقلاش كېرەك.

## چىش مىلكى ياللۇغى

داۋالاش: ماددىغا مۇۋاپىق تەنقىيە ئېلىپ بېرىلىدۇ (يەنى قىيپال ۋە چاھار رەڭ تۇتۇن تومۇردىن قان ئېلىش، بۇنىڭ بىلەن ياللۇغ تارقىمىسا، مەتبۇخى فەۋاتى، مەتبۇخ ھېلىلە ياكى مەتبۇخ شاھتارىلەر بېرىلىدۇ). ئاندىن كېيىن ماددىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن، يېسسىمۇق (گولىياڭ)، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، ئانار گۈل، نامازشام گۈلى ئۇرۇقى، قىزىل سەندەل، پۈپەل ۋە سۇماق قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېغىز چايقالمىسى ياساپ، ئېغىز چايقاپ بېرىلىدۇ.

## چىش تۈۋى قاناش

داۋالاش: ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى چىش مىلكىنىڭ ئوزۇقلاندۇرغۇچى كۈچ قۇۋۋىتى غازىيەسى ئاجىزلىغانلىقتىن بولسا موزا، كۆيدۈرۈلگەن بېسسىموق (ئەدەس)، تاباشىر قاتارلىقلارنى يۇمشاق ئېزىپ چىش تۈۋىگە بېسىلىدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسە يۇقىرىقى نۇسخىغا نامازشام گۈلى، سۇماق، ئەدەپ دەرىخىنىڭ پوستى قوشۇپ قويۇلسا ئۈنۈمى ياخشىراق بولىدۇ. ئەگەر قان غالىبلىقىدىن بولسا، قان ئېلىش ۋە سوغۇق دورىلار بىلەن ئېغىز چايقاش مەنپەئەتلىك.

## چىش مىلكىگە يېرىڭلىق چاقا ۋە ئاقما پەيدا بولۇش

ئەگەر چىققان چاقا يېرىڭلىسا «چىش مىلكى يېرىڭلىق چاقىسى»، 40 كۈن ئۆتۈپ كەتسە «چىش مىلكى ئاقمىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

داۋالاش: ئېغىز يارىسىدا بايان قىلىنغان تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ. ئاقمىنى ئىنچىكە نەيچە ئارقىلىق داغلاپ داۋالىسا بولىدۇ.

## چىش مىلكىنىڭ يىگلەپ بوششىپ كېتىشى

بۇ كېسەلدە چىش مىلكى مۇسكۇلى يىگلەپ كېتىدۇ ياكى بوششىپ كەتكەنلىك سەۋەبتىن چىش لىڭشىپ قالىدۇ.

داۋالاش: قىزىلگۈل، جۇپىنى بەللۇت، ئانارگۈلى، ناماز شام گۈلىنىڭ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 12g، خەرنۇپ شامى، ئالقات، ئاقىر قەرھالارنىڭ ھەربىرىدىن 15g ئېلىپ تاھايىتى يۇمشاق ئېزىپ چىش مىلكىگە بېسىلىدۇ.

## چىش مىلكىدە ئۆسمە گۆش پەيدا بولۇپ قېلىش

بۇ كېسەلدە كۆپىنچە ئېغىز، چىش مۇسكۇلىدا (مىلكىدە) ئارتۇق گۆش پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

داۋالاش: مۇرمەككى، كۆك زەمچىنى يۇمشاق ئېزىپ ئۆسمە گۆشكە سېپىپ، ئۆسمە گۆش تازىلىنىدۇ.

# توققۇزىنچى باب گال، ئەقىل تىل، قىزىلئۆڭگەچ ۋە كاناي كېسەللىكلىرى

«گال» ھەممىگە تونۇشلۇق، كىچىك تىل «ئەقىل تىل» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ چىلغوزىسىمان تەن بولۇپ، گالغا چاپلىشىپ تۇرىدۇ. قىزىلئۆڭگەچ ئاشقازانغا تاماق توشۇيدىغان كانالدىن ئىبارەت. كاناي بولسا نەپەس ئالماشتۇرۇلىدىغان كانالسىمان ئەزادىن ئىبارەت.

## كىچىك تىل ياللۇغى

داۋالاش: ماددىغا مۇۋاپىق تازىلاش (تەنقىيە) ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئېغىز چايقالمىلىرى (غار ـ غارلار) ئىشلىتىلسە بولىدۇ. يەنى قاندىن ۋە سەپرادىن بولغىنىدا: سىركە، يەرلىك شوخلا ئۇسارىسى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا دورىلار بىلەن، بەلغەم خىلىتىدىن بولغىنىدا ئاچچىقسۇ ياكى سىركەنجىۋىلگە قىچا ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقىلىدۇ. سەۋدا خىلىتىدىن بولغىنىدا: يېڭى سېغىلغان سۇتكە خىيارشەنبەر قوشۇپ ئېرىتىپ ئېغىز چايقىلىدۇ. مۇۋاپىق دەپ قارىسا يۇقىرىقى نۇسخىغا بادام يېغى، شۇمشا لوئابى ۋە ئازراق تۇز قوشۇپ قويۇلسا بولىدۇ.

## كىچىك تىلنىڭ بوشاپ كېتىشى

بۇ كېسەلدە كىچىك تىل بوشىشىپ ساڭگىلاپ قالىدۇ. بىمارنىڭ گېلىدا بىرەر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ. بۇ كېسەلنى «كىچىك تىل تۆۋەنلەش» دەپمۇ ئاتايدۇ. كېسەلدە كەينى ـ كەينىدىن يۆتەل بولۇپ گالدا قىم ـ قىم بولىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر قان غالىب بولسا قان ئېلىنىدۇ. سىركە بىلەن

قىزىلگۈل ئۇرۇقىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېغىز چايقىلىدۇ. قىزىلگۈل، سەندەل، ئانار گۈلى، كافۇر يۇمشاق ئېزىپ چېپىلىدۇ. ئەگەر بەلغەم خىلىتىدىن بولسا بەلغەم خىلىتىنى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەسەل سۈيى بىلەن غار ــ غار قىلىنىدۇ. زەمچە ۋە بۇغا مۈڭگۈزلىرىنى كۆيدۈرۈپ نۆشۈدۈر بىلەن قوشۇپ يۇمشاق ئېزىپ، قوشۇقتا سىلىپ كىچىك تىل ساھەسىگە تەگكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنى ئۈستىگە كۆتۈرۈش ھەمدە باش تاڭلاي ساھەسىگە سەرھىش (بۇ ھايۋان تېرىسىدىن ئىشلىنىدىغان يېلىم دورا) نى ئېرىتىپ سىركىگە ئىسپىغۇل، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى ئارىلاشتۇرۇپ سۈرۈلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا كىچىك تىلنى ئۈستىگە كۆتۈرگىلى بولىدۇ. موزىنى سىركىدە ئېزىپ بالىلارنىڭ تاڭلىيىغا چېپىشمۇ تۆۋەنلەپ كەتكەن كىچىك تىلنى كۆتۈرىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گىل ئەرمىنىنى كۆيدۈرۈپ سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ، تاڭلاي ساھەسىگە چېپىشمۇ پايدىلىق. ناۋادا قاتتىق زۆرۈر-يەت بولمىسا، كىچىك تىلنى تۆمۈر ئەسۋاب ياكى دورا بىلەن كەسمەسلىك لازىم. جۈملىدىن يىلتىزدىن قومۇرۇۋەتمەسلىك لازىم. چۈنكى يىلتىزدىن قومۇرۇۋەتكەندە بەزى ھەرپلەرنى تەلەپپۇز قىلىش توسقۇنلۇققا ئۇچراپ قالىدۇ.

## بوغما كېسلى (گال ياللۇغى)

بوغما (گالنىڭ ئىششىقى) كېسلىدە گالنىڭ ئىچىدە يات توقۇلما پەيدا بولغان سەۋەبتىن نەپەس ئېلىش ياكى بىرەر نەرسىنى يۇتۇش ياكى بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

داۋالاش: قان ۋە سەپرادىن بولغىنىدا ئاۋۋال قىيپال ياكى تىلنىڭ ئاستىدىكى تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. قاننى ئاز ــ ئاز، بىر نەچچە قېتىم ئېلىش، ئەمما بەدەندە قان بەك كۆپ بولۇپ، زەئىپلىشىپ قېلىشنىڭ ئەندىشىسى بولمىسا، ئېھتىياجغا مۇۋاپىق بىرلا قېتىمدا مۇۋاپىق مىقداردا (ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس) قان ئېلىۋېتىشكە بولىدۇ. ئاندىن كېيىن زۆرۈر تېپىلسا ئاز ــ ئازدىن قان ئېلىش، قان ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر قەۋزىيەت بولسا، يۇمشاتقۇچى كېلىزمىلار ياكى مېۋىلەرنىڭ سۈيى

ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دورىلار بىلەن چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، تەنقىيەدىن كېيىن سۇماق ۋە باشقا سوغۇق دورىلارنىڭ قايىنتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ. تەگشەش ئۈچۈن، هارارەتنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن سوغۇق شەربەتلەر ئىچكۈزۈلىدۇ. غىزاسىغا پەقەت ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل بولمىسا ئىچىشكە ۋە ئېغىز چايقىشقا چۈچۈمەل نەرسە-لەرنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

ئەگەر ياللۇغ سىرتقى تەرەپتە كۆرۈنۈپ تۇرسا ئۇنىڭغا لوگقا قويۇش، زۇلۇك قۇرتى چاپلاش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا خاس ئەزانىڭ ئۆزىدىن ماددىنى چىقارغىلى بولىدۇ. قان خىلتىدىن بولغىنىدا، پاقالچاققا لوگقا قويۇش پايدىلىق. ئەگەر كېسەل بولۇپ ئۈچ كۈن ئۆتكەن بولسا خىيار شەنبەر ئېتىنى كالا سۈتىدە تاتلىقنى چىقىرىپ سۈزۈپ ئېغىز چايقىلىدۇ.

ئەگەر تېۋىپ بىمارنىڭ قېشىغا بىمار ئاللىقاچان ئاجىزلاپ قالغاندا يېتىپ بارغان بولسا، زۆرۈرىيەتسىز قان ئېلىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىك لازىم.

گالدىكى ئىششىق پىشقان بولسا توغرىغۇ، ھىڭ، قارلىغاچ مايىقى قاتارلىقلارنى يېگى سۈت ۋە ئىسسىق ياغلارغا قوشۇپ، ياللۇغ ئېغىز ئالغانغا قەدەر ئېغىزنى چايقاش، ئېغىز ئالغاندىن كېيىن سىركە ھەسەلنى ئارىلاشتۇ-رۇپ يىرىڭدىن تازىلانغانغا قەدەر ئېغىز چايقىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىمارغا بۇغداي كېپەكنىڭ سۈيى، بادام يېغى، شېكەرلەر بىلەن هالۋا تەييارلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

پايدىلىنىش: گال ئاغرىقىدا (بوغما كېسىلىدە) گالنىڭ سىرتىغا سو-غۇق دورىلارنى چاپلاسلىق لازىم. بەلكى تەنقىيەدىن كېيىن زوفتى رۇمى، توغرىغۇ، قىچا قاتارلىقلارنى سۇدا ئېزىپ، چېيىپ بەرگەندە ماددا ئىچىدىن سىرتقى تەرەپكە مايىللىشىدۇ (قىزىللىئۆڭگەچ ۋە كاناي تەرەپكە قويۇل-مايدۇ). شۇ سەۋەبتىن ئېڭەكنىڭ ئاستىغا لوگقا قويۇش پايدىلىق. بەلغەم خىلتىدىن بولغان گال ئىششىقىدىمۇ كېلىزما ھەم دورا ئىچكۈزۈپ قەۋزىيەت يوقىتىلىدۇ. تۇرۇپنىڭ سۈيىگە ھەسەللىك سىركەنجىۋىل (سىركەنجىۋىل ھەسەلى) ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقىلىدۇ. ئەگەر كېسەل ئېغىر بولسا،

تىلىنىڭ ئاستىدىكى تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. گەدەنگە ۋە ئېڭەكنىڭ ئاستىغا لوڭقا قويۇلىدۇ.

سەۋدا خىلتىدىن بولغان گال ئىششىقىدا باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. قويۇق سەۋدا خىلتىمۇ چىقالىغىدەك دەرىجىدە قان تومۇرنى كەڭرەك تېشىپ ھاجەتكە مۇۋاپىق قان ئېلىۋېتىش ھەمدە كلىزما قىلىش ياكى مەتبۇخى ئەفتىمۇن بىلەن قەۋزىيەتنى يوقىتىش، كالا سۈتىدە خىيار شەنبەر ئېتىنى ئېرىتىپ ئېغىزنى چايقاش ھەمدە شۈمشا، بابۇنە گۈلى، كاللەك سەي كۆكى قاتارلىقلارنى سوقۇپ سۈزۈپ، مەغەرگۈلى يېغى ۋە ئۆسۈك يېغى ئارىلاشتۇرۇپ گالنىڭ سىرتىغا چېپىش كېرەك.

پايدىلىنىش: بوغمىنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، بۇ ئىت خاراكتېرلىك بوغما (خەنىاقى كۈلبى) دەپ ئاتىلىدۇ. بوغمىنىڭ ناھايىتى ئېغىر تۈرى بولۇپ، بىمار ئىتقا ئوخشاش ئېغىزنى ئېچىپلا تۇرىدۇ ۋە تىلىنى سىرتقا چىقىرىۋالىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبىدىن گال مۇسكۇللىرىنىڭ ياللۇغلىنىشى بولسا خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ھاجەت ئېتىبارى بىلەن تەنقىيە قىلىش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر ئومۇرتقىنىڭ ئۆز ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشى بۇ كېسەلگە سەۋەب بولغان بولسا، سەۋەبكە قارىتا مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك.

بوغما كېسەلىنىڭ يەنە بىر تۈرى «زوبھە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بوغما كېسەلىنىڭ ناھايىتى ئېغىر تۈرى بولۇپ، بۇنىڭدا بىمار گەپمۇ قىلالمايدۇ. بىر نەرسىنىمۇ يۇتالمايدۇ. ئەگەر بىرى نەرسىنى زور بىلەن ئىچىسە بۇرۇندىن چىقىپ كېتىدۇ. بوغمىنىڭ مۇشۇ تۈرىدە گالنىڭ ئىچىدە قىزىللىق پەيدا بولسا بۇ ياخشى ئالامەت. بۇنى داۋالاش ئۇسۇلىمۇ بايان قىلىنىپ بولدى.

پايدىلىنىش: ئەگەر بىرەر نەرسىنى يۇتۇش قىيىن بولسا، بويۇن ئىككىنچى ئومۇرتقىسىغا ئوتلۇق ھىجامەت (لوڭقا)قويۇپ شۈمۈرتسە، بۇ تەدبىر بىلەن قىزىلئۆڭگەچ مەلۇم دەرىجىدە كېڭىيىپ، سۇيۇق نەرسىنى يۇتۇش مۇمكىن بولىدۇ. ئەگەر نەپەسلىنىشتە تەسلىك بولسا، يۇتقۇنچاقنى چوڭ كىتابلاردا بايان قىلىنغان ئۇسۇل بويىچە تىلىپ نەپەس

راۋانلاشتۇرۇلىدۇ.

## گال مۇدۇرى

گال، قىزىلئۆڭگەچ، كانايدا مودۇر پەيدا بولسا، يەرلىك ئورۇندا قىزىقلىق بولىدۇ، ئەگەر مودۇر قىزىلئۆڭگەچتە بولسا يېمەكلىكلەر جۇملىدىن چۈچۈمەل ۋە ئۆتكۈر يېمەكلىكلەر قىزىلئۆڭگەچتىن ئۆتكەن ۋاقىتتا قىزىلئۆڭگەچ ساھەسىدە قاتتىق ئاغرىش بولىدۇ. ئەگەر گال كانايلاردا مودۇر پەيدا بولغان بولسا، سۆزلەشكەن، بىرەر نەرسىنى چاينىغان، ئىس ـ تۈتەك، چاڭ ـ توزانلار بىلەن يولۇققاندا ئاغرىش كۈچىيىپ قېلىش، ئەمما يېمەكلىك ئۆتكەن ۋاقىتتا بىرەر دىشۋارلىق بولماسلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش: قان ئېلىش، مېۋىلەرنىڭ سۈيى بىلەن ئىچىنى سۈرۈش ھەمدە سىڭىشى تەس غىزالارنى بەرمەسلىك كېرەك. ئەگەر مۇدۇر پىشىپ ئېغىز ئالغان بولسا، خۇددى بوغمىدا بايان قىلىنغانغا ئوخشاش تازىلاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. گالدىكى مودۇرلارنى داۋالاشتا بوغما كېسەللىكىدە بايان قىلىنغان ئېغىز چايقاش (غار ـ غار) نۇسخىلىرى كۆپرەك ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

## گالغا سازاڭ قۇرتى چاپلىشىپ قېلىش

كۆپىنچە سۇلاردا ئۇششاق زۈلۈك قۇرتلىرى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بىرەر ئادەم ئۇ سۇنى ئىچسە زۈلۈك سۇ بىلەن قوشۇلۇپ گال، كاناي ياكى قىزىلئۆڭگەچتە ياكى تاڭلاي يولى بىلەن بۇرۇنغا كېلىپ چاپلىشىۋالىدۇ. قىسقىسى ئېغىز ئىچىدە يېقىمسىزلىنىش بولۇپ، بىرەر نەرسە كۆرۈنمىسە، پەقەت بىماردا غەمكىنلىك ۋە پەرىشانلىق بولسا، باشقا بىرەر روشەن سەۋەبسىزلا ئېغىزدىن سۈيۈق قان كەلسە، زۈلۈك قۇرتىدىن باشقا يېقىمسىزلىك ئەمەسلىكىنى ئېنىقلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر كانايدا زۈلۈك چاپلىشىۋالغان بولسا، ھەر ۋاقىت يۆتەل بولىدۇ. ئەگەر تاڭلاي تەرەپتىن كېلىپ بۇرۇن يولىغا چاپلىشىۋالغان بولسا، دىمىقى پۈتۈپ قالغان بولىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر زۈلۈك كۆرۈنسە ئۇنى موچىن بىلەن قىسىپ ئېلىۋې-

ىش لازىم. بۇنىڭ ئۇسۇلى زۇلۇكنىڭ ئېغىزى ئەزالار بىلەن چاپلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى موچىن بىلەن تۇتۇپ ئازراق بېسىپ تۇرسا، ئۇ ئاجىزلاپ ئەزادىن ئاجرايدۇ، ئاندىن كېيىن ئېلىپ تاشلىسا بولىدۇ. ئەگەر زۇلۇك قۇرتى توقۇلمىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، موچىن بىلەن قىسقىلى بولمىسا، بىر خالتىغا سېغىز قاچىلاپ بىمارنىڭ ئېغىزىغا سېلىنىدۇ. زۇلۇك سېغىزغا مايىل (ئامراق) بولغاچقا، ئۇ ئەزادىن ئايرىلىپ سېغىز خالتىسىغا چاپلىشىدۇ، ئاندىن كېيىن ئېلىۋەتسە بولىدۇ.

ئەگەر زۇلۇك تاڭلاي تەرەپتىن بۇرۇن يولىغا چاپلىشىۋالغان بولسا سىيادان، ئېشەك مەدىكى، يەنى موگۇ (قىشائۇل ھىمار)، خەربەق سىياھلارنى سىركىدە قاينىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. ئەگەر ئاجرىغان ۋاقىتتا ئاشقازانغا چۈشسە دەرھال قۇستۇرۇش ۋە ياكى مۇسھىل بېرىش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش كېرەك.

پايدىلىنىش: سۇ ئىچكەن ۋاقىتتا قارىماي، تازىلىماي ھەرگىز ئىچمەس-لىك كېرەك.

## يىڭنە يۇتۇپ سېلىش

بۇ كېسەلدە بىمار ئېھتىياتسىزلىقتىن يىڭنە، مىخ ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخ-شاش نەرسىلەرنى يۇتۇپ سالىدۇ. (تەرجىمە قىلغۇچىلاردىن)

داۋالاش: ماگنىت تېشىدىن 3g نى يۇمشاق ئېزىپ بىر قوشۇق ئۆزۈم شىرنىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ناشتىدا ئىستېمال قىلدۇرۇش، يېرىم سائەتتىن كېيىن مۇسھىل بېرىش كېرەك. يىڭنە يۇتۇپ سالغاندىن كېيىن ئاشقازاننىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، لايىقىدا تەدبىرلەر قوللىنىش لازىم.

## گالغا تىكەن قىلتىرىق ياكى تاماق تۇرۇپ قېلىش

بۇ گالنىڭ ئىچىدە بېلىق ۋە باشقىلارنىڭ قىلتىرىقى، غىزا لوقمىسى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا نەرسىلەرنىڭ تۇرۇپ قېلىشىدىن ئىبارەت.

داۋالاش: ئەگەر كەپلىشىۋالغان نەرسىنى چىقىرىۋېتىش، مۇمكىن بولسا چىقىرىپ تاشلاش، ئەگەر كەپلىشىۋالغان نەرسە بادام مېغىزى ئۇرۇقچىسىغا

ئوخشاش ئاسان قوزغىلىدىغان بولسا گەدەن ۋە ئېككى ئوقۇرەكنىڭ ئارىلى-
قىغا كەپلىشىۋالغان نەرسە ئېغىز ئارقىلىق چىقىپ كەتكەن ياكى ئاشقازانغا
چۈشۈپ كەتكەنگە قەدەر كۆچەپ ئۇرۇلىدۇ. ئەگەر قىلتىرىق ياكى سۆڭەك
كەپلىشىۋالغان بولسا، ئوبدان بىركاپام لوقما يېگۈزۈلسە لوقمىغا قوشۇلۇپ
ئاشقازانغا كېتىپ قالىدۇ. ئەگەر بۇ تەدبىرلەرنىڭ نەتىجىسى بولمىسا بىر
قۇرۇق ئەنجۈرنى يىپ بىلەن مەزمۇت باغلاپ، ئازراق چايناپ يېپىنىڭ بىر
ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ يۇتتۇۋەتكەندىن كېيىن ئەنجۈر بىردىنلا تارتىپ
ئېلىنىدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندا قىلتىرىق ياكى سۆڭەك ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ
چىقىدۇ. ئەگەر چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن گالدا يېقىمسىزلىق بولسا،
لوئابلىق دورىلار ھەم ھالۋىلار (بۇلار بۇغداي كېپىكى، ياغ، شېكەر قاتارلىق-
لاردىن تەييارلىنىدۇ) بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە بولىدۇ.

## قىزىلئۆڭگەچ توسۇلۇش

قىزىلئۆڭگەچ توسۇلغانلىقنىڭ ئالامىتى سۇ ۋە شورپىغا ئوخشاش
يەڭگىل نەرسىلەرمۇ ھەرگىز تۆۋەنگە ئۆتمەيدۇ. ئەمما يىرىك ھەم چوڭ
لوقمىلار ئاغرىتماي ئوبدان ئۆتۈپ كېتىدۇ.

داۋالاش: بەلغەم خىلتىنى ئايارەج دورىلار ھەم (سېرىقچېچەك، كۆك
پۇرچاق، تۇرۇپنىڭ ئۇرۇقلىرى، سىركەنجۇبىل ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈپ) ئېغ-
ىزنى چايقاش ئارقىلىق بەلغەم خىلتىنى تەنقىيە قىلىش كېرەك. ئۇندىن
باشقا رۇم بەدىيان، كۇندۇر، سۇمبۇل، ئاق بەھمەن، مەستىكى قاتارلىقلارنى
قايىنتىلما ياساپ ئىلمان ھالدا يۇتۇم - يۇتۇملاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئېڭەكنىڭ
ئاستىغا ئوتلۇق ھىجامەت قويۇش ياكى تىغ بىلەن تىلىپ قوندۇز قەھرى
ۋە سەكبىنەجنى سۈرتۈپ بېرىش مەنپەئەتلىكتۇر.

## يۇتقۇنچاق بوشاپ كېتىش

يۇتقۇنچاق بوشاپ كەتكەنلىكنىڭ ئالامىتى تەسلىكتە نەپەس ئېلىش
ياكى پەقەت نەپەسلىنەلمەسلىكتىن ئىبارەت.

داۋالاش: قىزىلئۆڭگەچ توسۇلۇش بىلەن بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى

ئوخشاش بولغاچقا، قىزىلئۆڭگەچ توسۇلۇشتىكى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللى-
نىلسا بولىدۇ.

## قىزىلئۆڭگەچ قىچىشىش (هوككا كۆل مەرى)

داۋالاشتا: قۇستۇرۇش (سىرىقچىچەك، كۆك ماش، تورۇپ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ سۇيىگە سىركەنجۇبىل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش)، ئاندىن كېيىن كونا سىركە بىلەن ئېغىزنى چايقاش، يەنى غار ـ غار قىلىش ھەمدە سۇتكە شېكەر قوشۇپ بىر يۇتۇم، بىر يۇتۇمدىن ئىچىش مەنپەئەتلىكتۇر.

## كانايىنىڭ تىترىشى ۋە لىگىلدىشى

«ئىختىلاج» سۆزىنىڭ مەنىسى لىكىلداش ۋە «ئىرتئا» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى «تىترەش» دېگەنلىك بولىدۇ. كاناي قوزغىلىشىنىڭ كېسىلى-دە سۆزلىگەندە گەپ توختاپ قېلىش ئالامىتى بولىدۇ. كانايىنىڭ تىترىشىدە سۆزلەشكەندە خۇددى قېرىلار سۆزلىگەنگە ئوخشاش سۆز تىترەپ چىقىدۇ.

داۋالاش: رەئشە (تىترىمە كېسەل)، ئىختىلاج (مۇسكۇللارنىڭ لىكىل-دىشى) نى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. بۇ يەردە مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئېغىزنى چايقاش ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

## سۇدا تۇنجۇقۇش

سۇدا تۇنجۇققان ئادەمنى ئەگەر سۇدىن چىقارغاندىن كېيىن ھوشسىز بولۇپ، ئەمما نەپەستىن قالمىغان بولسا، ئۇنى ئوڭدا ياتقۇزۇپ قورساقنى بېسىپ، قورساق ۋە نەپەس يوللىرىدىكى سۇنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قارىمۇچ ۋە زەنجىۋىلنى سۇدا قاينىتىپ گېلىغا قويۇلىدۇ. لېكىن ئۆپكىنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، نوقۇت ئۇنى ۋە سۈت بىلەن ھالۋا تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

كۆپچىلىك كىشىلەر سۇدا تۇنجۇققان ئادەم ئۈچ كۈنگىچە سەكتە كېسىلى بىلەن ئاغرىغان بىمارلارغا ئوخشاش ھايات تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ.

بۇ تامامەن خاتا قاراش، شۇڭا بىرەرسى سۇدا تۇنجۇقۇپ نەپەسى توختاپ قالغان بولسا ئۇنى قەتئىي ئۆلۈك دەپ چۈشىنىپ داۋالايمەن دەپ ئازابلاپ ئولتۇرماسلىق لازىم.

## بوغۇلۇپ قېلىش

ھەر خىل سەۋەبلەر، ئاساسلىقى گالغا سىرتماق سېلىپ بوغۇش ياكى دارغا ئېسىلغانلىق سەۋەبىدىن گال بوغۇلۇپ تېخى نەپەستىن قالمىغان بولسا، دەرھال تاسمىنى كېسىپ تاشلاش، ئاندىن كېيىن مەزكۇر كىشىنىڭ ئېغىزىدا كۆپۈك بولمىسا قىيپال تومۇردىن قان ئېلىش، يۇمشاتقۇچ كېلىز-ملار بىلەن چوڭ تاھارەتنى راۋانلاشتۇرۇش ھەمدە قىچىنى يۇمشاق ئېزىپ قول پۇتنىڭ ئالىقان تاپانلىرىغا كۇچەپ سۇۋاش، بۇ ئارقىلىق ھوشىغا كەلسە بىنەپشە يېغى ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن ئېغىزنى چايقاش كېرەك. ئەگەر ئېغىزدا كۆپۈك بولسا، ئۇنىڭ تىرىكلىكىدىن ئۈمىد يوق، داۋالاشمۇ پايدىسىز.

## يۇتۇش قىيىنلىشىش

يۇتۇش قىيىنلىشىش نەپەس يوللىرىنىڭ تارىيىپ قېلىشىدىن بولىدۇ. بۇنى «بوغما كېسىلى» (گال ئىششىقى)، قىزىلئۆڭگەچ توسۇلۇش» دەپ ئاتايدۇ. بۇلار بايان قىلىنىپ بولدى. ئەگەر بۇ قىزىلئۆڭگەچ مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان بولسا، سەۋەبكە مۇۋاپىق ھالدا مىزاجنى تەڭشەش ئۈچۈن (يەنى قىزىلئۆڭگەچ مىزاجى ئىسسىقتىن بۇزۇلغان بولسا)، تەمرى ھىندى شەربىتى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى شىرىسى ۋە ئىسپىغۇل لوئابى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن كاسىنە كۆكى ئۇسارى (قايىنتىپ ئېلىنغان جەۋھىرى)، كۆك يۇمغا قسۇت قىيامى ۋە يۇسۇنلارنىڭ سۈي بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ ھەمدە ئاقسەندەل، كاپۇر، ئۇسۇلۇك كۆكى ئۇسارىسى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، يۇمغاقسۇتلەر بىلەن چېپىلما تەييارلاپ چېپىلىدۇ ياكى بىنەپشە يېغىغا ئاق موم قوشۇپ سىرتتىن ياغلىنىدۇ. ئەگەر قىزىلئۆڭگەچ مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولغان بولسا، دىنار شەربىتى، بادىرەنجى بۇيا

شەربىتى، بەدىيان قايىنتىلمىسى قاتارلىقلارغا مەستىكى ۋە سۈنيۇل ئارىلاش-تۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر قۇرۇقلۇق يەتكەندىن بولسا بىنەپشە شەربىتى، نىلۇپەر شەربەتلىرىگە ئىسپىغۇل ياكى بىھى ئۇرۇقى قوشۇپ تاتلىقىنى ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە ئىككى تاغاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا چېپىلىدۇ. چۈنكى قىزىلئۆڭگەچ دۈمبە تەرەپكە، كاناي كۆكرەك تەرەپكە مايىلدۇر.

## قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى

داۋالاش: ماددىغا مۇۋاپىق تەنقىيە قىلىنىدۇ (يەنى ئەگەر ئىسسىقتىن بولسا ئوكھەل تومۇردىن ياكى باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ). كېسەلنىڭ باشلىنىشىدا ياللۇغ ماددىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۈزۈم سىركىسى، شاتۇت ۋە مېۋىلەر شەربىتىگە سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئوسۇك ئۇرۇقى، ئانار شەربىتى ئارىلاشتۇرۇپ بىر يۇتۇم - بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. سەندەل، قىزىلگۈل ئەرەقى، بىھى سۈيى، نامازشام گۈلى كۆكىنىڭ سىقىلغان سۈيى قاتارلىقلار-نى قايىنتىپ، ئىككى تاغاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قويۇلىدۇ. ياللۇغنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە بىنەپشە شەربىتى، كاكىنەج شەربىتىنىڭ بىرىگە خىيارشەن-بەر ياكى ئارپىنىڭ سۈيىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشكە بولىدۇ.

ياكى تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ ياكى مۇناسىپ شەربەتلەر مەسىلەن بىنەپشە شەربىتى، كاكىنەج شەربىتى قاتارلىقلار بىلەن تەڭشەش ئېلىپ بېرىلسە بولىدۇ.

## قىزىلئۆڭگەچ يارىسى

بۇ كېسەلنىڭ ئالامىتى قىزىلئۆڭگەچ ساھەسىدە ھەر ۋاقىت ئاغرىش بۆلۈش، ئۆتكۈر ۋە چۇچۇمەل غىزالار گەرچە مىقدارى ئاز بولسىمۇ قىزىل-ئۆڭگەچتە ئاغرىش پەيدا قىلىدۇ، ئەمما مايلىق غىزالارنى ئىستېمال قىلغاندا ئاغرىش بولمايدۇ. مۇبادا يۇتۇلغان لوقما بەك چوڭ بولسا، يۇتقۇنچاق ياللۇغىنىڭ ئالامىتىنىڭ ئەكسىچە ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. شۇڭا مۇشۇ ئالامەت-لىرىگە ئاساسەن قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى بىلەن يارىسى پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

قىزىلئۆڭگەچ يارىسى گەرچە قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغىنىڭ ئېغىر ئالغىنى-

دىن كېيىن پەيدا بولسىمۇ، لېكىن ئۆتكۈر ماددا (خىلىت) لارنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياللۇغلانمايمۇ پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

داۋالاش: ئاۋۋالقى ئۈچ كۈنگىچە ھەسەل سۈيى ياكى شېكەر قوشۇلغان سۈت يارا تازىلانغانغا قەدەر ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئاق مومنى گۈل يېغىدا ئېرىتىپ ئاز ـ ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

## ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش

ئاۋاز پۈتۈش ئەگەر نەزلە كېسىلىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان بولسا، خەشخاش شەربىتى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. نەزلە ماددىسى يوقالغانغا قەدەر كۆكنار (ئەپيۇن غوزىكى) قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ، ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، مىزاجنى تەگشەشنىڭ مۇۋاپىق تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

كاۋاۋىچىنىنى چايناپ بەرگەندىمۇ ئاۋاز سۈزۈلىدۇ. بۇلاردىن باشقا پۇرچاق، ئەنجۈر مونىكى، چىلغوزا مېغىزى، بادام مېغىزى، قارا شېكەر، مائۇل ھەسەل، زىغىرنىڭ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ قايسى بىرىنى ئىستېمال قىلغاندا ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ.

# ئونىنچى باب ئۆپكە ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرى

## تۇتقاقلىق دەم سىقىلىش ـ زىققە كېسىلى

بۇ كېسەلنى «زىققە كېسىلى» (بوھەر) دەپمۇ ئاتايدۇ. بەزى تېۋىپلار بۇ ئۈچ سۆزنى «تۇتقاقلىق دەم سىقىش» (زەيقۇن نەپەس)، «نەپەس قىيىنلىشىش» (بوھەر)، ھاسىراش (رەبو) دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەن پەرقلەندۈرىدۇ. بۇ كېسەل ئۇزاققا سوزۇلۇپ تەكرار قوزغىلىدۇ. ناھايىتى تەستە ساقىيىدۇ. بۇ كېسەلگە قانچە تېز تەدبىر قوللىنىلسا شۇنچە ياخشى. ئەگەر بۇ كېسەل بەلغەم خىلىتىدىن بولغان بولسا، يۆتەل ئارقىلىق بەلغەم چىقىرىدۇ. كۆكرەكتە خىرىپ (خىرقىرغان ئاۋاز) بولىدۇ.

داۋالاش: بەلغەم خىلىتىنىڭ مۇنزىج، مۇسھىلىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئەتىگەن كەچ ۋە ئۇخلاش ۋاقتىدا قايناق سۇغا زۇپا شەربىتىدىن 24ml ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا تۇرۇپ ئۇرۇقى قايىنـ تىلمىسىغا ھەسەل قوشۇپ ئىچكۈزۈپ قۇستۇرۇلىدۇ ھەمدە ئۇچارلىقلارنىڭ گۆشىگە ئىسسىق دورا دەرمانلارنى سېلىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بەلغەم خىلتى غالىب بولسا، زىغىر ئۇرۇقىنى چالا سوقۇپ، قايىنىتىپ سۈزۈپ، ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلسە تېزدىن ئارام بېرىدۇ. ئىسسىق زەھەرلىك دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى بۇ كېسەلنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىشكە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. كۆكرەكنى ئۆچكە بۆرەك يېغى ھەمدە زىغىر يېغىغا ئاق موم ئارىلاشتۇرۇپ ياغلاپ بېرىش مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەگەر بۇ كېسەل بۆرەكتىن بۇخارات (گازلار)نىڭ نەپەس يوللىرىغا ئۆرلىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بىمار تومۇرى ۋە نەپىسى ئارقىمۇ ئارقا، چوڭ بولىدۇ، ئۇسسۇزلۇق بولىدۇ.

داۋالاش: سول قولنىڭ باسلىق تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ. لوئابلىق (شويلىسى چىقىدىغان) دورىلار ۋە يۇمشاتقۇچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ، قول - پۇت مۇجۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەل ماددىسىز ئىسسىقلىقنىڭ ئۆپكىگە تەسىر قىلىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، تومۇرى ئارقىمۇ ئاقا سالىدۇ، ئۇسسۇزلۇق بولىدۇ، تومۇرى چوڭ بولمايدۇ.

داۋالاش: سوغۇق دورىلارنى ئىچكۈزۈش ۋە كۆكرەككە سوغۇق دورىلارنى چېپىش بىلەن تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەل كۆكرەك مۇسكۇللىرىنىڭ بوشىشىپ كېتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، تومۇرى يۇمشاق بولىدۇ، يىغلىغان ئادەمدەك نەپەس ئالىدۇ (خۇددى بالا يىغلىغاندەك)، ئەگەر بىمار كۆكسىنى رۇسلىمىغىچە پەس ئالالمايدۇ.

داۋالاش: يەرلىك ئورۇن نەرگەس يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ ھەمدە پالەچ كېسەلنى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش قىلىنىدۇ. شۇمشا ۋە دارچىننى قاينىتىپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ بىر يۇتۇم - بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەل ئۆپكىگە قۇرۇقلۇق يەتكەندىن بولغان بولسا ئاۋاز ئىنچىكىلەپ قالىدۇ، ئۇسسۇزلۇق بولىدۇ. ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى نەرسىلەر مەنپەئەت قىلىدۇ.

داۋالاش: ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. ھوللۇك يەتكۈزگۈچى دورىلارنى قاينىتىپ بىمارنى ئۈنىڭدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. بۇ كېسەلگە ئۆچكە سۈتىنى ئىچكۈزۈشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەگەر بۇ كېسەل ئۆپكىگە سوغۇق يەتكەندىن كېلىپ چىققان بولسا ئۇنىڭ ئالامىتى: سوغۇق نەرسىلەر زەرەر قىلىدۇ. بۇنىڭ چارىسى ئۆپكىگە ئىسسىقلىق يەتكۈزمەكلىكتۇر، يەنى شۇمشا 15g، بىنەپشە 6g، رۇم بەدىيان، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 30 دانە ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا چىلاپ قويۇپ، قائىدە بويىچە قاينىتىلما تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم 120ml—100 غىچە ئىستېمال قىلدۇرۇش، كۆكرەك ساھەسىنى ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار بىلەن ياغلاش لازىم، غىزاسىغا كەپتەر گۆشى ۋە ئىللىتىلغان توخۇ تۇخۇمى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەل قويۇق يەلنىڭ نەپەس يوللىرىدا يىغىۋېلىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، كۆكرەك ساھەسىدە ئېغىرلىق بولمايدۇ، يۆتىلىدە بەلغەم بولمايدۇ. يەللىك نەرسىلەر زىيان قىلىدۇ. بۇ ئالامەتلەردىن بۇ كېسەلنىڭ يەلدىن بولغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

داۋالاش: تەنقىيە قىلىش ۋە تەڭشەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يەل تارقىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. سېرىقچېچەك ۋە بابۇنەلەرنى كۆكرەك ۋە يانپاش ساھەسىگە زىمات قىلىش، ئىچىدىن ماددەتۇلھايات ئىستېمال بېرىش يەل تارقىتىش ئۈچۈن ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

ئەگەر بۇ كېسەل ئۆپكە ياكى كۆكرەك پەردىلىرى ياكى جىگەر ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ياللۇغى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، شۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئەگەشمە ئالامەتلىرى بولغان بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا مۇشۇ كېسەللىكلەرگە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا زىققە ئۆزلىكىدىن ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەل بوغما (گال ئىششىقى) كېسەللىكىنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنىپ بولدى. ئەگەر بۇ كېسەل ئاشقازاندا ماددىلار نورمالسىز خىلتلارنىڭ تولۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئاشقازان يېمەكلىكلەر بىلەن تولغان ھالەتتە بۇ كېسەل پەيدا بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا ئاشقازاننى تەنقىيە قىلىش، غىزانى كېمەيتىش، شۇنداقلا ھەزىمنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

زىققە كېسەللىكىنىڭ يەنە بىر ئېغىر تۈرى بولۇپ، بۇنىڭدا بىمار كۆكسىنى رۇسلىمىغۇچە ياكى كۆكسىنى يەرگە چاپلاپ ياتمىغۇچە نەپەس ئالالمايدۇ، شۇڭا بۇنى «ياتالماي ئولتۇرۇپ نەپەس ئېلىش» (ئىنتىسابى نەپەس) دەپ ئاتايدۇ. بۇ قويۇق ماددىنىڭ كانايلارغا تەسىر قىلىشى، كاناي ياللۇغى، كۆكرەك مۇسكۇللىرىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇلارنىڭ ھەربىرىنى داۋالاش ئىلگىرىكى مەزمۇنلاردا سۆزلىنىپ بولدى.

## يۆتەل

ئەگەر يۆتەل ئۆپكە مىزاجىنىڭ ماددىسىز بۇزۇلۇشلىرىدىن بولغان

بولسا، مەيلى ئۇ ئىسسىقتىن، سوغۇقتىن، هۆللۈكتىن ياكى قۇرۇقلۇقتىن بولسۇن، ھەربىرىنىڭ ئالامەتلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ بولدى. بۇنى داۋالاشتا تەكشەش، يەنى ئىسسىقتىن بولغان بولسا سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش، سوغۇقتىن بولغان بولسا ئىسسىقلىق يەتكۈزۈشكە ئوخشاش چارىلەر قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل قان خىلتىنىڭ كۆپلىكىدىن بولغان بولسا، بىمارنىڭ نەپىسى چوڭ ۋە قىزىق بولىدۇ، يۈزىدە قىزىللىق بولىدۇ. ئۇنى داۋالاشتا باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەل جىگەرگە ئىسسىقلىق يەتكەندىن كېلىپ چىققان بولسا، سوغۇق دورىلار بىلەن ئىسسىقلىقنى پەسەيتىش كېرەك. مۇناسىپ دەملەنمىلەر ئارقىلىق چوڭ تاھارەتنى يۇمشىتىپ راۋانلاشتۇرۇشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەگەر يۆتەل مېڭىدىن سۈيۈق ماددىنىڭ قويۇلغانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقسا قۇرۇق يۆتەل بولىدۇ. يۆتەل كېچىدە ۋە ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن كۈچىيىپ قالىدۇ.

داۋالاش: خەشخاش قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىزنى چايقاش، ئەرەب يېلىمىنى ئېغىزدا شۈمۈپ بېرىش ئارقىلىق ماددا (نەزلە سۈيۈقلۇقى) نىڭ قويۇلۇشىنى توسۇش مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەگەر مېڭىدىن ئۆپكىگە ماددا (نەزلە سۈيۈقلۇقى) قويۇلغانلىق سەۋەبىدىن يۆتەل بولغان بولسا، يەنە كېلىپ ماددا ئۆپكىگە كېلىپ قويۇقلىشىۋالغان بولسا، ناھايىتى كۈچەپ يۆتەلگەندە چاپلاشقاق بەلغەم ئاجراپ چىقىدۇ، كۆكرەك ساھەسىدە ئېغىرلىق بولىدۇ، يۆتەلدىن ئىلگىرى زۇكام بولغانلىق تارىخى بولىدۇ.

داۋالاش: زۇپا، ئەنجۈر مونىكى، شۇمشا، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا ئەسەل بىلەن سېلىنغان گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. چۈچۈكبۇيا قىيامى، پىلپىل، ئاق شېكەر قاتارلىق ئۈچ خىل دورىنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ كۆمىلاچ قىلىپ ئېغىزغا سېلىپ، شۈمۈپ بېرىشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەگەر يۆتەل ئۆپكە ۋە كۆكرەككە زىيادە هۆللۈك تەسىر قىلغاندىن

كېلىپ چىققان بولسا، يۆتەلگەندە چاپلاشقاق بەلغەم ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ، كۆكرەكتە ھۆل خىرىپ بولىدۇ. بۇ خىل يۆتەل قېرىلار ۋە ھۆل مىزاجىدىكى كىشىلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇنى داۋالاشتا بەلغەم خىلتىدىن بولغان تۇتقاقلىق دەم سىقىلىشنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، يەنى ماددىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن بەدىيان يىلتىزى، كەرەپشە ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، زۇپا، پىرسىياۋشان قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە قاينىتىلما ياساپ، ئىستېمال قىلىپ، ماددا پىشقاندىن كېيىن ھەببى غارىقۇن بىلەن ماددىنى تەنقىيە قىلىش ھەمدە ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش مەقسە-تىدە چۈچۈكبۇيا قىيامى، زوپا گۈلى، سەۋسەن يىلتىزى، ئاچچىق بادام مېغىزى ھەربىرى 12g ، ھىلى، جۇۋىنا ھەربىرىنى 3g دىن ئېلىپ سوقۇپ تاسقاپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئۇق تەييارلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر يۆتەل چاڭ - توزان ۋە ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى گازلارنىڭ ئۆپكىگە تەسىر قىلىپ، ئۆپكە توقۇلمىلىرىنى يىرىكلەشتۈرۈپ قويغىنىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇنى داۋالاشتا ئاقلانغان ئارپا، ئاق خەشخاش ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئاق شېكەر ۋە بادام يېغى بىلەن ھالۋا تەييارلاپ ئىستېمال قىلىش، كىنىدىك ۋە مەقئەتكە قايماقنى سۈرۈش قاتارلىقلار ئارقى-لىق ئۆپكىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش مەنپەئەتلىك.

ئەگەر يۆتەل باشقا كېسەللىكلەرگە ئەگەشمە بولۇپ كېلىپ چىققان بولسا، شۇ كېسەللىكلەرنى داۋالىغاندا يۆتەل ئۆزلىكىدىن ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئەگەر يۆتەل ئۆپكىدە مۇدۇر پەيدا بولغان سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بولسا، بىمارنىڭ تومۇرى تېز سالىدۇ، سۈيدۈكى كۆپۈشۈپ كېلىدۇ، سوغۇق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلسا يۆتەل پەسىيىپ قالىدۇ.

داۋالاش: قان ئېلىنىدۇ. كۆكرەك ساھەسىگە لوكقا قويۇلىدۇ. سەپرا خىلتىنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ. گال مۇدۇرىنى داۋالاشتا بايان قىلىنغان داۋالاش تەدبىرلىرىگە ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر سەۋدا ماددىسىنىڭ ئۆپكىگە قويۇلغانلىق سەۋەبىدىن بۇ كېسەل كېلىپ چىققان بولسا، يۆتەلگەندە قارا ياكى كۆكۈش بەلغەم خىلتى چىقىش بىلەن بىرگە سەۋدا خىلتىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى مەۋجۇت بولىدۇ.

داۋالاش: بۇغداي كېپىكى بىلەن تەييارلانغان ھالۋىنى شېكەر ياكى ھەسەل بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. سەۋدا خىلىتىنىڭ مۇنزىچىنى بېرىپ، ئارقىدىن مۇسھىل بېرىلىدۇ. نوقۇت سۈيىدە توخۇ ياكى ئۆچكىنىڭ گۆشىنى پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر يۇتقۇنچاقتا سۇ ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ قويۇلغانلىق سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇ نەرسە چىقىپ كەتمىگۈچە يۆتەل پەسەيمەيدۇ. ئۇنى داۋالاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، بەزى ۋاقىتلاردا يۇتقۇنچاقتا چۈشكەن نەرسە ئېغىر بولۇپ چىقىپ كەتكىلى ئۇنىماي، بىمارنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كۆكرەك ۋە گالنى ئۇۋۇلاپ بېرىش، قۇستۇرۇش مەنپەئەتلىكتۇر. چۈنكى بۇ تەدبىرلەر بىلەن يۇتقۇنچاق ۋە كانايدىن ئۇ نەرسە چىقىپ كېتىپ، بىمار ئامان قېلىشى مۇمكىن.

## قان تۈكۈرۈش

قان ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالار، چىش مىلكىي قاتارلىقلاردىن كېلىدۇ ياكى مېڭىدىن كېلىپ ئېغىز ئارقىلىق چىقىدۇ ۋە ياكى ئۇ ئىچكى ئەزالار مەسىلەن، يۇتقۇنچاق، كاناي، ئۆپكە ۋە باشقا ئىچكى ئەزالاردىن كېلىدۇ. ئەگەر قان ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالاردىن كەلسە تۈكۈرۈك بىلەن بىللە كېلىدۇ. ئەگەر مېڭىدىن كەلسە كۆپۈكلۈك بەلغەم بىلەن چىقىدۇ، ئۇ چىقىپ بولغاندىن كېيىن باش يېنىكلەپ قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ. قاننىڭ مېڭىدىن كەلگەنلىكىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئەگەر يۇتقۇنچاق ۋە كانايدىن كەلسە، كۆپۈكلۈك بەلغەم بىلەن ئازراق چىقىدۇ. يۇتقۇنچاقتىن كەلگەن قان سۇيۇق بولۇپ، يۆتەلسىز چىقىدۇ. كانايدىن كەلگەن قان كۆپۈكلۈك بولىدۇ، بۇ يۆتەل ۋە ئاغرىق بىلەن چىقىدۇ. ئۆپكىدىن كەلگەن قان توق قىزىل، كۆپۈكلۈك كېلىدۇ، يۆتەل بىلەن ئاغرىقسىز چىقىدۇ. كۆكرەكتىن كەلگەن قان ئۇيۇغان ھالەتتە ئاز مىقداردا كېلىدۇ ھەمدە ئۆتكۈر يۆتەل بىلەن چىقىدۇ، زەخىملەنگەن ئورۇن يېقىمسىزلىنىدۇ. ئوڭدا ياتقاندا يۆتەل ۋە ئاغرىق كۈچىيىپ قالىدۇ. ئەگەر قان

قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان، جىگەر ياكى تالدىن كەلگەن بولسا، قۇسۇش ئارقىلىق چىقىدۇ. قايسى ئەزادىن كەلگەن بولسا، شۇ ئەزادا ئاغرىش بولغان بولىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر قان ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئەزالار، چىش مىلكى ۋە باشقا ئەزالاردىن كەلسە قورۇغۇچى (قابىز) دورىلار مەسلەن، نامازشام گۈلى، ئانارگۈلى، موزا، زەمچە ۋە باشقىلارنىڭ قايىنىتىلمىسى بىلەن ئېغىزنى چايقاش كېرەك. ئەگەر گالغا زۇلۇك چاپلىشىۋالغاندىن قانىغان بولسا، ئۇنى داۋالاش ئالدىنقى بابلاردا بايان قىلىنىپ بولدى.

ئەگەر قان مېڭىدىن كەلگە بولسا، قىيپال تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، گەدەنگە ھىجامەت قويۇلىدۇ، مەزكۇر قايىنىتىلما بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ.

ئەگەر قان يۇتقۇنچاق ۋە كانايدىن كەلسە مەزكۇر قايىنىتىلما بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ. قۇرسى نەفسوددەمنى شۇمۇپ بېرىش كېرەك. كانايىنىڭ ئىچكىرى شىللىق پەردىلىرى زەخىملەنگەن بولسا، بۇنى داۋالاش بىر قەدەر قىيىن. ئەگەر قان ئۆپكىدىن كەلسە سابىن ۋە باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، پاقالچاققا لوڭقا قويۇلىدۇ، قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ، زۇرۇرىيەتكە مۇۋاپىق تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. زۇرۇر تېپىلغاندا ئۆپكىدە ياللۇغ بولمىغان شەرت ئاستىدا كۆكرەككە قابىز دورىلار چېپىلىدۇ.

ئەگەر قان كۆكرەكتىن كەلسە باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، قۇرسى نەفسىسوددەم ئاز ـ ئازدىن بېرىلسە ھەمدە قايناق سۇدا ئېرىتىپ كۆكرەككە زىمات قىلىنسا، كۆكرەك زەخىملىرى تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. كۆكرەكتىن قان كېلىشىنىڭ خەتىرى ئۆپكىنىڭ زەخىملىنىشىدىن بولغان قاناشقا نىسبەتەن خەتىرى تۆۋەن بولىدۇ.

ئەگەر ئۆپكىدىن قان سىرغىپ كەلگەن بولۇپ يۆتەل ئېغىر بولمىسا، سىركە ۋە قىزىلگۈل ئۇرۇقى بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ (غار ـ غار قىلىنىدۇ) ھەمدە ئازراق يۇتقۇزۇلىدۇ. ئەگەر يۆتەل بولسا، يالپۇزنى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يالىتىلىدۇ، ئەنجۈر ياغىچىنىڭ كۈلىنى سودا قوچۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇ سۇغا شۇمشا ئارىلاشتۇرۇلسا تەسىرى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، مەنپەئەتى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

## يىرىڭ تۈكۈرۈش

ئۆپكىدىكى ياكى كۆكرەك پەردىسىدىكى ياللۇغنىڭ ئېغىر ئېلىشى (يىرىلىشى)، ئۆپكە تۇبېركۇلوزى (ئۆپكە سىلى)، ئاشقازان يىرىڭلىق ئىششىقى قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبىدىن يىرىڭ كەلسە، بۇلارنىڭ ھەربىرى ئايرىم — ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

ئەگەر يىرىڭ گال، يۇتقۇنچاق ئېغىر ئەزالىرىدىن كەلسە گال ياللۇغى ۋە مۇشۇ ئورۇنلاردىكى باشقا ياللۇغلار ئاشكارا كۆرۈنىدۇ.

ئەگەر كۆكرەكتىكى ياللۇغلارنىڭ ئېغىر ئېلىشىدىن يىرىڭ كەلگەن بولسا، ئۇنى داۋالاشتا خىلىتلارنى لەتىفلەشتۈرۈش (سويۇلدۇرۇش) تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ (يەنى زىغىر ئۇرۇقى چىلغۇزا مېغىزى، چىگىت مېغىزى، شۇمشا ئۇرۇقى، چۈچۈك بويا قىيامى ۋە سەۋسەن يىلتىزى قاتارلىقلارنى سوقۇپ تاسقاپ ئەمەل بىلەن يۇغۇرۇپ كۈمىلاچ ياساپ، قائىدە بويىچە ئىستېمال قىلىش). شۇنداقلا بەلغەمى يۆتەلدە بايان قىلىنغان ماددىنى لەتىفلاشتۇرۇپ سىرغىپ ئۆتەلەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئاق موم، بابۇنە يېغى، توخۇ يېغى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ كۆكرەككە چېپىشمۇ مەنپەئەتلىك. ئەمما كەيپىيات جەھەتتىن سوغۇق، قورۇغۇچى نەرسىلەر قەتئىي بېرىلمەيدۇ. زۇپا، ھاشا، ئەنجۇر مونىكى، چۈچۈكبۇيا قاينىتىلمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. كۆكرەك پەردىلىرى ۋە ئۆپكىدە پەيدا بولغان ياللۇغلارنىڭ ھەممىسىگە نىسبەتەن ئېغىز ئالدۇرۇش ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

پايدىلىنىش: كۆكرەكتىكى ماددا ئۆپكىگە كېلىپ كاناي يولى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر چىقىپ كېتىش يولى يوق. ئەگەر يىرىڭ ئۆپكىگە ياكى كۆكرەك بوشلۇقىغا قويۇلۇپ توپلىنىشۋالسا، ئۇنى «كۆكرەككە يىرىڭ يىغىلىش» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

## ئۆپكە ياللوغى

ئەگەر ئۆپكىنىڭ ياللۇغى ئىسسىقتىن بولسا، مەيلى بۇ ئىسسىقلىق قان خىلىتىنىڭ ياكى سەپرا ۋە ياكى شورلۇق بەلغەم خىلىتىنىڭ ئىسسىقلىقى

بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئالامىتى ئىزچىل يۇقىرى قىزىتما بولىدۇ. دەم سىقىلىش ئېغىر بولىدۇ. كۆكرەك ساھەسىدە ئېغىرلىق، ئاغرىش بولىدۇ، چىرايى جۇملىدىن مەڭزى قىزىرىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئۇسسۇزلۇق غالىب بولىدۇ، كېسەللىك ماددىسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە مۇناسىپ باشقا ئالامەتلەرمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش: باسلىق تومۇردىن قان ئېلىش، ئەگەر قان خىلتى كۆپ بولسا، ئاۋۋال ساقىن تومۇردىن، ئۇنىڭدىن كېيىن باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. قان ئالغاندىن كېيىن مەتبۇخى مولەييىن ۋە ياكى يۇمشاتقۇچى كلىزمىلار ئارقىلىق چوڭ تەرەت راۋانلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەل نەزلەنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، قىيپال تومۇردىنمۇ قان ئېلىنىدۇ.

پايدىلىنىش: ئۆپكە، يانپاش ۋە مۇشۇلارغا ئالاقىدار ئەزالار ۋە كۆكرەك پەردىلىرىنىڭ ياللۇغىدا كېسەل باشلىنىپ ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى (كېسەلنىڭ باشلىنىشىدا) قان ئېلىشقا توغرا كەلسە، قارشى تەرەپتىكى تومۇرلاردىن قان ئېلىش، يەنى ياللۇغ ئەگەر سول تەرەپتە بولسا، ئوڭ تەرەپتىكى، ئەگەر ئوڭ تەرەپتە بولسا، سول تەرەپتىكى تومۇرلاردىن قان ئېلىش لازىم. ئەگەر كېسەل بولغىلى ئۈچ كۈندىن ئاشقان بولسا ۋە ماددا قويۇلۇشتىن توختىغان بولسا، مۇۋاپىق تەرەپتىكى قان تومۇرلاردىن قان ئېلىنىدۇ. ئەگەر ياللوغ ئوڭ تەرەپتە بولسا، ئوڭ تەرەپتىكى، سول تەرەپتە بولسا، سول تەرەپتىكى قان تومۇرلاردىن قان ئېلىنىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا كېسەللىك ماددىسىنى ياللۇغ بار ئەزادىن چىقارغىلى بولىدۇ.

ئەگەر ئۆپكىنىڭ ئوڭ بۆلىكىدە ياللۇغ بولسا، قىزىغان ۋاقىتتا ئوڭ تەرەپ مەڭزى بەكرەك قىزىرىپ قالىدۇ ھەمدە مۇشۇ تەرەپتە ھەر ۋاقىت ئېغىرلىق سېزىلىدۇ. شۇنداقلا مۇشۇ تەرەپنى بېسىپ ئۇخلىغاندا ئېغىزدىن شۆلگەي كۆپ ئاقىدۇ. ئەگەر ياللۇغ سول بۆلىكىدە بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە ئالامەتلەر تېپىلىدۇ.

ئەگەر بىمار بەرداشلىق بېرەلىسە، ئالدىنقى ئۈچ كۈندە بىمارنى مۇۋاپىق دەم ئالدۇرۇپ، زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق قان ئېلىنىدۇ، قان ئېلىپ بولغاندىن كېيىن مۇۋاپىق سۇرگە بېرىلىدۇ. كېسەللىك ماددىنى سىرتقى

تەرەپكە شۇمۇرتۇش ئۇچۇن كۆكرەككە لوگقا قويۇلىدۇ. تەنقىيەدىن كېيىن دەسلىپىدە ماددىلارنى قاتۇرغۇچى، ئاندىن كېيىن يۇمشاتقۇچى دورىلار (مەسلەن، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بىنەپشە، ئارپا ئۇنى قاتارلىقلارنى سوقۇپ بابۇنە يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ) كۆكرەككە زىمات قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاغرىق پەسەيتىش ئۇچۇن زىمات شىرنىسىنى كۆكرەككە چېپىش ناھايىتى مەنپەئەتلىك. زىمات شوسەنىڭ تەركىبى: بابۇنە، سېرىق چېچەك، شۇمشا، ئارپا ئۇنى قاتارلىقلارنى ئۇندەك سوقۇپ ئازراق سۇدا قاينىتىپ، سۈيىگە كۈنجۈت يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، كۆيمىگۈدەك ھالەتتە كۆكرەككە زىمات قىلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش: بىرەر قابىز دورا، مەسلەن، كاسىنەنىڭ سۈيى، قويۇق دورا، مەسلەن، دىيا قۇزا ۋە شەربىتى خەشخاش ھەرگىز بېرىلمەيدۇ، شۇنداقلا سوغۇق سۇنى بېرىشمۇ مەنئى قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۆپكىنىڭ ئىششىقى كېسىلىنىڭ بىر تەركىبى بولسا، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كۆكرەكنى ھۆللۈكتىن پاكلاشقا تىرىشىش ھەمدە قىزىتما پەسەيتىش ئۈچۈن، سوغۇق دورىلارنى ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، پەقەت مۇناسىپ شەربەتلەر بېرىلسە بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا، تەرخەمەك، تاۋۇز ۋە قاپاقلارنىڭ سۈيىنى بېرىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ دورىلاردا توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرى بولۇپ، تۇتۇش (قابىز) تەسىرى يوق. سىركەنجىۋىلى بەك چۈچۈمەل بولمىسا بېرىش ناھايىتى مەنپەئەتلىك. ئەگەر نەپەسنى ئارقىمۇئارقا، يەنى تېز ـ تېز ئالغىلى تۇرسا، لوئابقا قەنت ئېرىتىلمىسى قوشۇپ بىر يۇتۇم ـ بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. نەپەس نورماللاشقان، ئاغرىق پەسەيگەنگە قەدەر كۆكرەك ۋە يانپاش ساھەسىگە قويۇلىدۇ. ياللوغ قانداق ئەزادا بولمىسۇن ئۇ ئۈچ خىل ھالەتتىن خالىي ئەمەس، بىرى ياللۇغ تارقاپ كېتىدۇ ياكى ماددا پىشىپ تۆكۈلۈك ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ ياكى ئۇنىڭدا يىرىڭداش بولىدۇ. يەنە بىرى ئۇ قاتتىقلىشىپ قالىدۇ، ياللۇغ تارقاپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ـ ئەگەشمە ئالامەتلەر كۈندىن كۈنگە يېنىكلەپ بارىدۇ، بەلغەم تۆكۈلۈش ئاسانلىشىدۇ، يىرىڭ يىغىلىپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتى ماددا پىشقانغا قەدەر ئەگەشمە ئالامەتلەر ئۆتكۈرلىشىپ بارىدۇ، جۇملە-

دىن قايسى كۈنى مادда پىششقا باشلىسا ياكى پىشسا قىزىتما ۋە ئاغرىق پەسىيىپ قالىدۇ. لېكىن كۆكرەك ساھەسىدىكى ئېغىرلىق كۈچىيىپ بارىدۇ. قايسى چاغدا ياللۇغ ئېغىز ئالسا، جۇغ ـ جۇغ بىلەن يۇقىرى قىزىتما قوشۇلۇپ كېلىدۇ. ياللۇغنىڭ قاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى كۆپىنچە ئىككىلەمچى ئالامەتلەر يېنىكلىسىمۇ، لېكىن دەم سىقىلىش، قۇرۇق يۆتەل، كۆكرەكتىكى ئېغىرلىق كۈچىيىپ بارىدۇ. قاتتىقلىشىپ بولغاندىن كېيىن ياللۇغ ئاز ساندا ئېغىز ئالىدۇ. ئەگەر ياللۇغ ئېغىز ئالسا يىرىڭ ئوبدان چىقىپ كەتكىنى ياخشى. ئەگەر تولۇق چىقىپ كېتەلمىسە، «يىرىڭ تۆكۈرۈش» نى داۋالاشتا بايان قىلىنغان تەدبىرلەر ئارقىلىق يىرىڭنى تولۇق چىقىرىپ تاشلاش لازىم. كۆپىنچە ھاللاردا بىرەر كۈچلۈك سەۋەبلەر مەسىلەن، ئاچچىقلىنىش، قۇ-سۇش، ھەرىكەت قىلىشقا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ياللوغ ئېغىز ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ساپ قان ياكى قانغا خام يىرىڭ ئارىلاش چىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا دەرھال قان ئېلىش ھەمدە قان تۆكۈرۈشنى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئەگەر ئۆپكە ياللۇغى سوغۇقتىن بولسا خالىس بەلغەم خىلتىدىن بولىدۇ ياكى سەۋدا خىلتىدىن بولىدۇ. بەلغەم خىلتىدىن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى: ئېغىزدا شۆلگەي كۆپ بولىدۇ، ياللۇغلانغان ئورۇندا ئېغىرلىق زىيادە سېزىلىدۇ، دەم سىقىلىش ئېغىر بولۇپ، چىرايىنىڭ مۇسكۇللىرى بوششىپ كەتكەن بولىدۇ، ئىسسىقلىققا ئالاقىدار ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈلمەيدۇ، لېكىن قىزىتما ئىچكى ئەزا ياللوغلىرىدا چوقۇم كۆرۈلىدىغان ئالامەت بولۇپ، كېسەل ئىسسىق خىلت-لاردىن بولغاندا قىزىتما ئۆتكۈر بولىدۇ. سوغۇق خىلتلاردىن بولغاندا قىزىتما يېنىك بولىدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئۆپكە ياللوغىنىڭ سەۋدا خىلتى-دىن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى بىماردا قۇرۇق يۆتەل بولىدۇ، نەپەسنى ناھايىتى تەستە ئالىدۇ (نەپەس ئېلىش خاراكتېرلىك نەپەس قىيىنلىشىش بولىدۇ) ، ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دەم سىقىلىش تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ.

ئەگەر ئىسسىقتىن بولغان ياللۇغ ئاخىرى قېتىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى ئۆپكىنىڭ ئىسسىقتىن ياللوغلانغانلىق تارىخى بولىدۇ، يەنى قېتىش-تىن ئىلگىرى ئىسسىقتىن ياللۇغلانغان بولىدۇ.

داۋالاش: بەلغەم خىلتىدىن بولغىنىدا ئالدى بىلەن يۇمشاتقۇچى دورىلار ئارقىلىق چوڭ تەرەت راۋانلاشتۇرۇلىدۇ. كۆكرەك ساھەسىدە ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلار زىمات قىلىنىدۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن قىزىتما يانسا «بەلغەمدىن بولغان يۆتەلنى داۋالاشتا بايان قىلىنغانغا ئوخشاش بەلغەم خىلتىنىڭ مۇنزىجىنى بېرىپ ماددا تەنقىيە قىلىنىدۇ (بۇ مەقسەتتە زۇپا، ئەنجۈر مونىكى ۋە شۇمشىلارنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ ئىچىشكە بولىدۇ. ئارقىدىن شەربىتى ھەببول ئاس بېرىلىدۇ).

سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئۆپكە ياللۇغىدا زىغىر ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى لوئابىنى بادام يېغى ياكى قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى بىلەن قوشۇپ يۇتۇم — يۇتۇملاپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. يۇمشاتقۇچى دورىلار (بىنەپشە يېغى، ئاق موم، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، شۇمشا ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن ئېھتىياجغا مۇۋاپىق ئېلىپ، سوقۇشقا تېگىشلىكلىرىنى سوقۇپ ئۆزئارا ئارىلا-شتۇرۇپ) كۆكرەك ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ. ئۆپكىنىڭ سەۋدا خىلتىدىن بولغان ياللۇغى بەك تەستە ياخشىلىنىدۇ.

بەزىدە ئۆپكە ياللوغلانغاندا ئۆپكىدە دوۋساق تېشىغا ئوخشاش تاش پەيدا بولۇپ قالىدۇ، ئاندىن كېيىش يۆتەل پەسىيىپ قالىدۇ، بەزىدە ئۆپكە ياللۇغى ئۆپكە سىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

## ئۆپكە سىلى (ئۆپكە توبىركىليۇزى)

ئۆپكە سىلىغا جۇدەتكۈچى (ئورۇقلاتقۇچى) قىزىتما بىرگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ، يۆتەلگەندە يىرىڭ چىقىدۇ يىرىڭ خام بەلغەمگە ئوخشاش بولىدۇ، ئۆپكىدىن ئاجرىلىپ چىققان خام بەلغەم بىلەن بولغان پەرقى بولسا سىل كېسەللىدىكى بەلغەمنى سۇغا تاشلىسا سۇغا چۆكۈپ كېتىدۇ، ئوتقا تاشلىغان-دا سېسىق پۇراق چىقىدۇ، لېكىن خام بەلغەمدە بۇنداق ئەھۋال بولمايدۇ.

داۋالاش: گەرچە بۇ كېسەل داۋاسىز بولسىمۇ، ئەمما داۋالاش ئوبدان ئېلىپ بېرىلسا، بىمار ئۇزۇنغىچە ھايات كەچۈرەلىشى مۇمكىن. شەيىخ ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنا بىر ئايال بۇ كېسەلگە مۇپتىلا بولغان ئىكەن، ئوتتۇز يىلغىچە ياشىيالىدى دەيدۇ. جالىينۇس بىر ئادەمنىڭ ئۆپكىسىدىن قان كەلگەنىكەن،

تۇنجى كۈنىلا مەن ئۇنىڭغا دورا ئىشلەتتىم. ئۇ ياخشى بولۇپ كەتتى دەيدۇ.

بۇ كېسەلنىڭ ئومۇمىي داۋالاش ئۇسۇلى بولسا، كېسەل پەيدا بولۇشىدىلا باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. تاتلىق سۇنىڭ قىسقۇچپاقسىنىڭ قول ۋە پۇتلىرىنى كېسىۋېتىپ قورسىقىنى يېرىپ، ئىچ ئەزالىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئارپا سۈيىدە قاينىتىپ، سۈيىنى ئىچىپ شورپىسى ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، جۇدەتكۈچى قىزىتمىنى داۋالاشتا بايان قىلىنغان داۋالاش تەدبىرلىرى بۇ كېسەلنى داۋالاشقا باب كېلىدۇ. بۇ كېسەلگە مۇشۇ يىلى سېلىنغان يېڭى گۈلقەندنى ئىچى سۈرۈپ قالمىغۇدەك دەرىجىدە نان بىلەن قوشۇپ كۆپرەك ئىستېمال قىلىش ــ ئەبۇئەلى ئىبنى سىنانىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن ياخشى داۋالاش چارىسىدۇر.

## ئۆپكە غىلابى، كۆكرەك پەردىسى، مۇسكۇللىرى ۋە باشقىلارنىڭ ياللۇغى

بۇ كۆكرەكنىڭ پەردىلىرى، ئۆپكە غىلابى ۋە كۆكرەك مۇسكۇللىرىغا مۇناسىۋەتلىك ياللۇغلار بولۇپ، قەدىمكى تېۋىپلار ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ياللۇغلىنىش يۈز بەرگەن ئورۇن ھەمدە ياللۇغنىڭ ئاددىي ياكى مۇرەككەپلىك ئېتىبارى بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئايرىم ــ ئايرىم ناملار بىلەن ئاتىغان. مەسىلەن، ئەگەر ياللۇغ ھەقىقىي قوۋۇرغىلارنىڭ ئىچكى تەرىپىنى ئەستەرلەپ تۇرغان پەردىدە ياكى ھەزىم قىلىش ئەزالىرى (قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان ۋە باشقىلار) بىلەن نەپەسلىنىش ئەزالىرى (يۇتقۇنچاق، كاناي، ئۆپكە ۋە باشقىلار) نىڭ ئارىلىقىنى ئايرىپ تۇرغان پەردىلەردە پەيدا بولغان بولسا، بۇنى «ھەقىقىي، يەنى قۇرۇق كۆكرەك پەردە ياللۇغى» (زاتىل جەنبە سەھىھ) دەپ ئاتىغان. بەزى تېۋىپلار بۇنى ھەقىقىي شەۋسە[①] دەپ ئاتىغان.

ئەگەر ياللۇغ قوۋۇرغىلارنىڭ ئىچكى تەرىپىنى ئەستەرلەپ تۇرغان بارلىق پەردىلەر (ئوڭ ــ سول) دە بولسا، ئۇنى «خانىقە» دەپ ئاتايدۇ.

ئەگەر ياللۇغ قوۋۇرغا ئارىلىق مۇسكۇلى ياكى قوۋۇرغىلارنى سىرتىدىن ئوراپ تۇرغان پەردىدە بولسا، «ھەقىقىي بولمىغان ياكى ھۆل كۆكرەك

① زامانىۋى تۈرگە ئايرىش بويىچە «ھەقىقىي پلېۋرىت» دېيىلىدۇ.

پەردە ياللۇغى» (زاتىل جەنبە غەيرى خالىس ياكى زاتىل جەنبە غەيرىي سەھىھە ۋە ياكى زاتىل جەنبە موغالتە) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر يېتىم قوۋۇرغىلار ئىچكى تەرىپىدىكى پەردىلەر ياللۇغلانسا «شەۋسە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ياللۇغ ئاشقازان بىلەن جىگەرنىڭ ئارىلىقىدىكى بۆلگۈچ پەردىدە پەيدا بولسا، «كىرگەن پەردە» (دىئافراگما) ياللۇغى دەپ ئاتىلىدۇ. گەرچە تېۋىپلار ئاشقازان ۋە جىگەرنىڭ ئارىلىقىدىكى پەردىنى دىئافراگما دەپ ئاتىسىمۇ، بۇ پەردىدىن باشقا ھەزىم ئەزالىرى بىلەن نەپەسلىنىش ئەزالىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پەردىنىمۇ قەدىمكى تېۋىپلار «دىئافراگما» دەپ ئاتىغان.

بەزىدە ياللۇغ كۆكرەكنى ئوڭ ـ سول ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ تۇرىدىغان پەردىدە پەيدا بولىدۇ. بۇ پەردە كۆكرەك ئالدىنقى تەرىپىدە تۆش سۆڭىكىنىڭ ئۆزىنىلا (تاكى خەنجەرسىمان ئۆسۈككە قەدەر يۆگەپ تۇرغان پەردە ياللۇغلانسا، «ئارىلىق بوشلۇق ياللۇغى» (زاتىسسەدەر)① دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ پەردىنىڭ ئارقىدىكى ئومۇرتقىنىڭ يۈزىنى ئوراپ تۇرغان قىسمى ياللۇغلانسا، «تىك پاسىل ياللۇغى» (زاتىل ئەرىز) دەپ ئاتىلىدۇ.

پايدىلىنىش: ئەبۇل ئەلى ئىبنى سىنا «ئارىلىق بوشلۇق ياللۇغى» (زاتىسسەدەر)، قوۋۇرغىنى ئىچىدىن ئەستەرلەپ تورغان پەردىنىڭ ياللۇغى، «دىئافراگما ياللۇغى» (بەرسام) لارنى پەرقلەندۈرمىگەن بولۇپ، بۇلارنى مەنىداش ئاتالغۇلار دەپ قارىغان.

كېسەللىك ئالامىتى ۋە داۋالاش: بۇ كېسەلنىڭ ئالامەتلىرى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى «ئۆپكە ياللۇغى» نى داۋالاشقا ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا داۋالاشنىڭ پرىنسىپلارغا رىئايە قىلىش زۆرۈر. قايسى ئورۇن ئاغرىسا، شۇ تەرەپتىكى كۆكرەك پەردىدە ياللۇغ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. كۆكرەك ئارىلىق بوشلۇق ياللۇغىدا كۆكرەككە، كۆكرەك بوشلۇق پەردىسىنىڭ ئارقىسىدىكى ئومۇرتقىنىڭ يۈزىنى ئوراپ تۇرغان قىسمىنىڭ ياللۇغى (زاتىل ئەرىز) لەردە ئىككى تاغاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇناسىپ زىماتلارنى تېڭىش مەنپەئەتلىكتۇر.

بۇ ياللۇغلار بىلەن «ئۆپكە ياللۇغى»نىڭ پەرقى: ئۆپكە ياللۇغىدا

① زامانىۋى تۈرگە ئايرىش بويىچە «مېدىئاستىنال پىلېۋرىت» دېيىلىدۇ.

بىمارنىڭ تومۇرى دولقۇنسىمان سالىدۇ. ئېغىر دەرىجىدىكى دەم سىقىلىش بولىدۇ. دىئافراگما ياللۇغىدا بىمارنىڭ ئەقلى ئېقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بەزى تېۋىپلار بەرسام بىلەن مېڭە پەردە ياللۇغىدا تومۇرنى كېسەلنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ۋاستە قىلمىغان.

كۆپىنچە ئەھۋالدا جىگەر ياللۇغلىنىپ تارتمۇشلارنىڭ تارتىشىپ قىلىش سەۋەبىدىن نەپەس قىيىنلىشىش پەيدا بولغاچقا، بۇ كۆكرەك پەردە ياللۇغىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۈرۈش زۆرۈر. جىگەر ياللۇغىدا بىمارنىڭ رەڭگى سارغىيىدۇ، يۆتەل بولمايدۇ، جىگەر ساھەسىدە ئېغىرلىق ۋە ئاغرىش بولىدۇ، سۈيدۈك كۆپ، قويۇق كېلىدۇ. لېكىن كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا بۇنداق ئەھۋاللار بولمايدۇ.

ئەسكەرتىش: ئەگەر بۇ ياللۇغلار ئېغىز ئالسا، تۇكۇرۇكنىڭ (بەلغەمنىڭ) رەڭگى ۋە قويۇلۇپ قېلىشىدىن ئىبارەت. يىرىڭلىق ياللۇغنىڭ پىشقانلىقىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر كۆرۈلسە، دەرھال يەرلىك ئورۇندىكى ماددا يىرىڭغا ئايلىنىشتىن ئىلگىرى تۇكۇرۇك ئارقىلىق (بەلغەم بوشىتىش ئارقىلىق) تازىلاشقا تىرىشىش كېرەك. بۇ مەقسەتتە قايناق سۇ، سۇيۇق تەييارلانغان ئارپا ئېشىغا شېكەر، قايماق ۋە ئەمەل قوشۇپ بېرىش مەنپەئەتلىك. قايسى تەرەپتە ياللۇغ بولسا شۇ تەرەپنى بېسىپ يېتىش كېرەك. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا يانپاش بىلەن ئۆپكە ئوبدان ئۇچرىشىپ كېسەللىك ماددىسىنى ئوبدان شۈمۈرۈپ ئالالايدۇ ھەمدە يىغىلىپ قالغان ماددىنىڭ ئۆپكە ئارقىلىق تۇكۇرۇك، بەلغەم بولۇپ چىقىپ كېتىشكە ياردىمى بولىدۇ.

پايدىلىنىش: كۆكرەك پەردە ياللۇغى ھەقىقىي كۆكرەك پەردە ياللۇغى ۋە ھەقىقىي بولمىغان كۆكرەك پەردىسى ياللۇغىدىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ھەقىقىي كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا كۆكرەك پەردىلىرىدە ياللۇغ بولغان بولىدۇ. ھەقىقىي بولمىغان كۆكرەك پەردە ياللۇغىدا قوۋۇرغىلار ئارىلىقى، ئۆپكە غىلاپىنىڭ ئارىلىقىدا قويۇق يەل يىغىلىپ ئاغرىشنى پەيدا قىلغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ يەل كۆكرەك پەردىلىرى ئارىلىقىدا يىغىلىپ قالغان بولغاچقا، يۆتكىلىپ كېتەلمەي ھەقىقىي كۆكرەك پەردە ياللۇغىغا ئوخشاش

ئالامەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئاساسلىق پەرقى: يەلدىن بولغان ھەقىقىي بولمىغان كۆكرەك پەردىسى ياللۇغىدا كۆكرەك ساھەسىدە ئېغىرلىق سېزىلمەيدۇ، قىزىتمىمۇ بولمايدۇ. بۇنىڭغا قارىتا پەقەت ئىششىق قايتۇرغۇچى دورىلارنى چېپىشلا كۇپايە قىلىدۇ. بەزىدە مۇسھىل بېرىش ياكى قان ئېلىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ. قارشى تەرەپتىكى قولنىڭ ئۇسەيلىم تومۇرىدىن قان ئېلىشمۇ ناھايىتى تېز مەنپەئەت قىلىدۇ.

## كۆكرەككە يىرىڭ يىغىلىش

بۇ كېسەلدە كۆكرەك بوشلۇقىغا يىرىڭ يىغىلىۋالىدۇ. يىرىڭنىڭ پەيدا بولۇشى ئۆپكە ۋە كۆكرەك پەردىسىدىكى ياللۇغ ئېغىز ئالسا، ئۇنىڭدىن چىققان يىرىڭ ئۆپكىنىڭ سىرتىدىكى بوشلۇققا يىغىلىپ قويۇلۇۋالغانلىق سەۋەبتىن، قايتا ئۆپكىگە شۇمۇرۇلۇپ كېتەلمەيدۇ ياكى سۈيدۈك ياكى چوڭ تەرەت يولى بىلەن چىقىپ كېتەلمەيدۇ ــ دە، كۆكرەك بوشلۇقىغا يىغىلىپ بۇ كېسەلگە سەۋەب بولىدۇ.

كېسەللىك ئالامىتى: ئەگەر ئۆپكە كۆكرەك ۋە باشقا ئەزالاردا ياللۇغ پەيدا بولۇپ، يىرىڭ يىغىلسا، يىرىڭ سىرتقا چىقىپ كېتەلمىگەچكە، بىمار ھەر ۋاقىت قىزىيدۇ. بۇ يىرىڭنىڭ كۆكرەك ئىچىدە سولۇنۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

داۋالاش: ئەنجۈر مونىكى، زۇپا، سەرپىستان، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، پىرسىياۋشان، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قايناتىلما تەييارلاپ، ناۋات ۋە بادام يېغى قوشۇپ، كېسەللىك ماددىسى سۈيۈلۈغانغا قەدەر ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن بەلغەم ئاجرىلىپ چىقىشقا ياردەم بېرىدىغان بەلغەم بوشاتقۇچىلار بېرىلىدۇ ھەمدە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە كېسەللىك ماددىسى سۈيدۈك ئارقىلىق ياكى چوڭ تەرەت ئارقىلىق بەدەندىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر سۈيدۈك يولى ئارقىلىق چىقىپ كەتكەن بولسا، دوۋساق ھەم بۆرەكنى تازىلايدىغان دورىلارنى بېرىش كېرەك. ئەگەر چوڭ تەرەت يولى بىلەن كەلسە، يۇمشاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپتىن كەلسە (ئەمما بۇ ناھايىتى

ئاز ئۇچرايدۇ) ، بەزىدە سۇيدۇك ھەيدىگۈچى، بەزىدە چوڭ تەرەتنى يۇمشاتـ
قۇچى دورىلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

## كۆكرەك مۇسكۇلنىڭ تارتىشىپ قېلىشى

بۇ كېسەلنى كۆكرەك سوۋۇپ كېتىش» (بەردۇل سەدىر) دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ ئىچكى ياكى تاشقى تەرەپتىن سوغۇق تەگكەندىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالامىتى: بىمارنىڭ كۆكرىكى ھەم كېڭىيەلمەيدۇ، ھەم تارىيالمايدۇ. كېسەل پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى سوغۇق ئۆتكەنلىك تارىخى بولىدۇ.

داۋالاش: قۇستە يېغى، سەۋسەن يېغىغا ئوخشاش ئىسسىق ياغلارغا قۇندۇز قەھرى قوشۇپ ياغلىنىدۇ. ئىسسىق دورىلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە ئىسسىق دورىلار زىمات قىلىنىدۇ (يەنى يالپۇز، ھىلىڭ، ئەفسەنتىن ۋە قۇندۇز قەھرىلەرنى سوقۇپ تاسقاپ، ھەسەل ياكى ياڭاق يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ كۆكرەككە چېپىلىدۇ) . ھىڭنى قىزىل ئۈزۈم شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئاز ـ ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ، مۇناسىپ ھالۋىلار ھەم ھەسەل سۈيى ئۇزۇۇقلۇقتا بېرىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: ھاراق، ئەپيۇن، قوغۇشۇننى ئېرىتكەندە ھاسىل بولغان پۇراق ھەم تۇتۇندىمۇ كۆكرەك مۇسكۇلى تارتىشىپ قېلىش كېسىلى پەيدا بولىدۇ. قايسى نەرسىدىن بۇ كېسەل كېلىپ چىققان بولسا، شۇ نەرسىگە قارشى داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئىسسىق دورىلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش مەنپەئەتلىك. ئەگەر بۇ كېسەل ئەپيۇندىن بولغان بولسا، ئۇنىڭغا زەپەر يېغى بىلەن گۈلاب بېرىش ناھايىتى مەنپەئەتـ لىك. ئەگەر قوغۇشۇننىڭ تۇتۇنىدىن بولغان بولسا، قۇستە يېغى بىلەن گۈلاب بېرىش مەنپەئەتلىكتۇر. قوغۇشۇننى ئېرىتكەندە بەدەننى ئۇنىڭ تۇتۇشىدىن مۇھاپىزەت قىلىش كېرەك.

# ئون بىرىنچى باب يۈرەك كېسەللىكلىرى

## يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى

ئەگەر يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى ماددىسىز كەيپىياتلار تەسىرىدىن بولغان بولسا، تەگشەش ئېلىپ بېرىلسا كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر ماددىلىق (خىلىت ئۆزگىرىشىدىن) بولغان بولسا، تەنقىيە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىدۇ. ئەگەر قان ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا، ئەمما مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قان ئېلىشقا بولمىسا، قان ئېلىشنىڭ ئورنىغا ئىككى تاغاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا لوڭقا قويۇلىدۇ. مىزاج بۇزۇلۇشىنى پەيدا قىلغان سەۋەبنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە ئاساسەن يەككە ھەم مۇرەككەپ دورىلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق تەنقىيە (تازىلاش)، تەگشەش (تەئدىل) ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ (يەنى يۈرەك مىزاجىنىڭ ماددىسىز ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدا قۇرسى كاپۇرنى ئانار شەربىتى ياكى سەندەل شەربىتىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىچىشكە بېرىلىدۇ). كاپۇر بىلەن سەندەلنى قىزىلگۈل ئەرەقىدە سۈرۈپ يۈرەك ساھەسىگە سېپىلىدۇ. سوغۇق تەبىئەتلىك خۇش پۇراقلىق دورىلار پۇرىتىلىدۇ. بىمارنىڭ تۇرىدىغان ئورنى ھاۋالىق ھەم سوغۇق بولۇشى كېرەك. بىماردا قەۋزىيەت بولسا، تەمرى ھىندى، ئەينۇلا ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دورىلارنىڭ سۈيى بىلەن چوڭ تەرەت راۋانلاشتۇرۇلىدۇ. يۈرەك مىزاجى ماددىسىز سوغۇقلۇقتىن بۇزۇلغان بولسا، داۋائىلمىشكى بېرىش بىلەن بىرگە يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى شەربەتلەردىن گاۋزىبان شەربىتى، بادرەنجى بۇيا شەربىتى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئۇچارلىقلارنىڭ گۆشىنى دارچىن، زەپەر، زىرە بىلەن خۇش پۇراق قىلىپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ھەمدە سۇنبۇل ھىندى سەئدى كوفى، دارچىن، قەلەمپۇر قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ مەرزەنجۇشنىڭ سۈيىدە يۇغۇرۇپ كۆكرەككە زىمات قىلىنىدۇ. ئەگەر يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى ماددىسىز قۇرۇقلۇقتىن بولغان بولسا، ئارپا سۈيىگە شېكەر قو-

شۈپ بادام يېغى تېمىتىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. يۈرەكنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بولغان ماددىسىز مىزاجى بۇزۇلۇشىدا بىماردا قىزىتما بولسا، سۈت ئىستېمال قىلىپ بېرىش مەنپەئەتلىك. يۈرەك مىزاجىنىڭ ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاشتا غىزانى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئازلىتىش ھەمدە قۇرۇتقۇچى دورىلار مەسىلەن، قەلەمپۇر، زەپەر، بادرەنجى بۇيىغا ئوخشاش دورىلار بېرىلىدۇ. غىزاسىغا نوقۇت سۈيى، قىيما شورپىسى قاتارلىقلار بېرىلسە بولىدۇ. تەنقىيە-دىن كېيىن يۈرەكنى قۇۋۋەتلەشنى چىقىش قىلىش كېرەك. ئەگەر يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى قان خىلتىدىن بولغان بولسا، قان خىلتىدىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇشىنى داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلسا بولىدۇ. يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىنى داۋالاشتا ئېغىرلىق قىلماسلىق (ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك) كېرەك. چۈنكى يۈرەك مىزاجى بۇزۇلۇش ئۇزۇنغا سوزۇلسا ساقىيىشى قىيىن بولىدۇ.

## يۈرەك قوزغىلىش

يۈرەك قوزغىلىش ئېغىر بولسا، ئايلىنىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۈرەك قوزغىلىش ئىككى خىل بولىدۇ:

1) يۈرەك قوزغىلىشنى پەيدا قىلغان سەۋەب يۈرەكنىڭ ئۆزىدە بولغان بولىدۇ.

2) باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى، مەسىلەن: ئاشقازان، مېڭە، جىگەر، ئۈچەي، بالىياتقۇ، ئۆپكە، كۆكرەك پەردىسى كېسەللەنگەندە ياكى ئومۇمىي بەدەندە كېسەل بولغاندا بۇلار يۈرەككە تەسىر قىلىشتىن كېلىپ چىققان خەفەقاندىن ئىبارەت. ئەگەر يۈرەك قوزغىلىش چايان چاققاندىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇنى داۋالاش كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا مەخسۇس سۆزلە-نىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر يۈرەك قوزغىلىش باشقا ئەزالار شېرىكچىلىكىدە بولسا، ئۇنى داۋالاش پرىنسىپى كېسەللەنگەن ئەزانى داۋالاشتىن ئىبارەت. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەشكە ئېتىبار بېرىش كېرەك. ئەمما يۈرەك قوزغىلىشنى پەيدا قىلغۇچى سەۋەب خاس يۈرەكنىڭ ئۆزىدە بولسا،

ماددىغا مۇۋاپىق تەڭشەش ۋە تەنقىيە قىلىش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ (يەنى ئەگەر يۆرەك قوزغىلىش قان خىلتى غالىبلىقىدىن بولغان بولسا، سول قولدىكى باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. قۇرسى كاپۇر بېرىلىدۇ. سەپرا خىلتىدىن بولغان يۆرەك قوزغىلىشتا سەپرا خىلتىنى سۈرۈپ چىقىرىش مەقسىتىدە مۇنۇسجىدىن كېيىن مەتبۇخ بېرىلىدۇ. بەلغەم خىلتىدىن بولغىنىدا مۇنزىجتىن كېيىن ھەببى ئىستەمخىقۇن بىلەن ئايارەج پەيقرانى قوشۇپ تەنقىيە قىلىنسا بولىدۇ). ھەرقايسى تۈردە تەنقىيەدىن كېيىن يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش مەقسىتىدە قاندىن ۋە سەپرا خىلتىدىن بولغىنىدا داۋائىلمىشكى بېرىلىدۇ، بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغىنىدا داۋائىلمىشكى ھار ياكى داۋائىلمىشكى شىرنىلەر بېرىلىپ ماددا تەڭشىلىدۇ. ئەگەر يۆرەك قوزغىلىش يۆرەك سەزگۈرلىكىنىڭ ئارتىپ كېتىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، سىزىمنى تۆۋەنلەتكۈچى، مەسىلەن: خېمىرى خەشخاش، شەربىتى خەشخاش قاتارلىق دورىلار بېرىلىدۇ. ئەگەر ئادەتلىنىش خاراكتېرلىك يوقىتىش، يەنى ئىستىفراغ (مەسىلەن، قەرەللىك سۈرگە ئىچىش، كۆپ تەرلەش...قاتارلىقلار) ۋە ئادەتلىنىشتىن بولمىغان يوقىتىش (مەسىلەن، ھەرخىل قاناش، مەنىي كۆپ چىقىش قاتارلىقلار) سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا (بۇ سەۋەبلەردىن يۆرەك زەئىپلىشىپ يۆرەك قوزغىلىش كېلىپ چىقىدۇ) بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يۆرەكنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ۋە غىزالارنى ئىستېمال قىلدۇرۇپ، يۆرەك زەئىپلىكى يوقىتىلىدۇ.

پايدىلىنىش: ھەر قانداق ئادەمدە ئىسسىقتىن بولغان يۆرەك قوزغىلىش بار بولسا (مەيلى ماددىسىز، مەيلى ماددىلىق بولسۇن)، بىمارنى ھاۋاسى ئىسسىق جايدا تۇرغۇزماسلىق كېرەك. چۈنكى ئىسسىقتىن بولغان يۆرەك قوزغىلىش بىلەن ئاغرىغان بىمارلار ئىسسىق جايلاردا تۇرسا كېسەل ئېغىرلىشىپ بىمارنىڭ بالدۇر ئالەمدىن ئۆتۈشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ئايلىنىپ كېتىش (غىشى)نىڭ بايانىدا مىزاجنى تەڭشەشكە پايدىلىق بولغان مەخسۇس تەدبىرلەر بايان قىلىندى، قوللىنىلسا بولىدۇ. جۈملىدىن قاش تېشىنى ئاشقازان ساھەسىگە سانگىلىتىپ ئېسىۋېلىش يۆرەك قوزغىلىشنى داۋالاشتا ئۆزىگە خاس داۋالاش تەسىرىگە ئىگە.

## ئايلىنىپ كېتىش

ئەگەر يۈرەك قوزغىلىشىنىڭ سەۋەبى ئېغىر بولۇپ، غالىب ئورۇندا تۇرسا، ئايلىنىش كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر ئايلىنىش كۆپ بولسا، بىمارنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ. ئايلىنىش ئۈچ خىل بولىدۇ:

1) روھنىڭ تارقاپ (خوراپ كېتىشىدىن) كېلىپ چىقىدۇ.

2) يــۈرەكتە روھى ھايــۋانىيەنىڭ كېمىيىپ كېتىشــدىن كېلىپ چىقىدۇ.

3) روھنىڭ ھاسىل بولۇشىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

روھنىڭ خوراپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى: چىقىرىش (ئىستىفراغ) نىڭ كۆپ بولۇشى (مەسىلەن، ئىچ سۈرۈش، كۆپ تەرلەش، كۆپ جىما قىلىش، قۇسۇش، زىيادە خۇشاللىنىش، زىيادە لەززەتلىنىش، بەدەننىڭ مەلۇم بىر ئورۇندا قاتتىق ئاغرىقنىڭ بولۇشى قاتارلىقلار روھنىڭ خوراپ كېتىشىگە (تارقاپ كېتىشىگە) سەۋەب بولىدۇ. روھنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى: بەدەندە ماددىلارنىڭ زىيادە تولۇپ قېلىشى (ئىمتىلا)، جۇملىدىن ھاراقنى كۆپ ئىچىش، غەم ــ ئەندىشىنىڭ كۆپ بولۇشى ياكى تۇيۇقسىز قورقۇپ كېتىش قاتارلىقلار بەدەندە روھنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. روھ ھاسىل بولۇشىنىڭ يېتەرسىزلىكىنىڭ سەۋەبلىرى بولسا يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبلىك يۈرەك زەئىپلىشىپ كېتىدۇ. يۈرەكتە روھى ھايۋانىيەنىڭ ھاسىل بولۇشى يېتەرسىز بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، روھنى ھاسىل قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىغان، بۇزۇلۇپ سۈپىتى ئۆزگەرگەن ئوزۇقلۇقلارنى ئىستېمال قىلىشمۇ يۈرەكتە روھى ھايۋانىيەنىڭ ھاسىل بولۇشىنىڭ يېتەرسىز بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

پايدىلىنىش: مۇرەككەپ كېسەللىك ماددىسى قوبۇلسا، بۇ ماددا يۈرەكنىڭ قان تومۇرلىرىدا قېپىۋالىدۇ ۋە ياكى يۈرەكنىڭ سىرتىدىكى قېپىغا يىغىلىۋالىدۇ. بۇ «يۈرەك دالانچە ياللۇغى»دا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

داۋالاش: بىمار ئايلانغان ھالەتتە پۈركىلما ۋە گالغا تېمىتىلىدىغان ۋە يۈرەك ساھەسىگە زىمات قىلىدىغان دورىلار مىزاجنى تەڭشەشنى چىقىش قىلىپ ئىشلىتىلىشى كېرەك. ئىسسىقتىن بولغان ئايلىنىشتا بىمارنىڭ چىراي

ۋە كۆكرىكىگە قىزىلگۈل ئۇرۇقى ياكى سوغۇق سۇنى پۈركۈش بىمارنى ناھايىتى تېز ھوشىغا كەلتۈرىدۇ. لېكىن ئەگەر ئايلىنىش كۆپ، ئىچى سۈرۈش، بەدەندىن كۆپ قان چىقىپ كېتىش ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بولسا (بۇلار بەدەندە سوغۇقلۇق ئارتىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدۇ)، بىمارنىڭ چىراي ۋە كۆكسىگە قىزىلگۈل ئەرەقى ياكى سوغۇق سۇ پۈركىمەسلىك كېرەك. بۇنداق ئەھۋالدا كاۋاپ (جۇملىدىن توخۇ كاۋاپ) ۋە يېڭىدىن قومۇرغان ئىسسىق نان يۇتۇۋالسا بولىدۇ. مائىل لەھمىنى ئاز مىقداردىكى ئۈزۈم شىرنىسىگە قوشۇپ گالغا تېمىتىش، ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنى ئىسسىق ياغلار بىلەن ياغلاپ بېرىش ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەگەر ئايلىنىش كۆپ تەرلىگەنلىك سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بولسا (بەدەندە ئىسسىقلىقنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ تەر كۆپ كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا)، تەرنى پەسەيتىش مەقسىتىدە نامازشام گۈلى يوپۇرمىقىنى سوقۇپ سىقىپ بەدەنگە سۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا موزا ۋە باشقا قورۇغۇچى (قابىز) دورىلارنى ئىشلىتىشمۇ مەنپەئەتلىك.

ئەگەر ئاغرىش مەلۇم بىر ئەزانىڭ قاتتىق ئاغرىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن فولونىيا بېرىلىدۇ. ئەگەر بىماردا ئۈچەي توسۇلۇش (قۇلۇنجى)نىڭ تەسىرى بولۇپ، ئايلانغاندا كۆڭۈل ئايلىنىپ، ھېق تۇتۇش ئەھۋالى بولسا قۇستۇرۇلىدۇ. قۇستۇرۇش ئايلىنىپ كېتىشنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك تۈرلىرىگە مەنپەئەتلىكتۇر. ئەگەر كۆپ تەرلەش سەۋەبىدىن ئايلىنىش بولغان بولسا، قەي قىلدۇرۇش زىيانلىق. ئەگەر ئايلىنىش چايان چاققان سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بولسا، تەرياق (تەركىبى: پىلپىل، ئاق مۇچ ھەربىرى 1.5g، جىنتىيانا 3g، يۇمىلاق زىرە ۋە 4.5g، ئادراسمان ئۇرۇقى، سىيادان، زىرە ھەربىرىنى 6g ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ ئەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ تەرياق تەييارلىنىدۇ) بېرىلىدۇ ياكى زەھىرى مورى، فادى زەھىرى ھايۋانغا ئوخشاش زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار بېرىلسە بولىدۇ.

ئەگەر ئايلىنىپ كېتىش ھىستېرىيە كېسىلىنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، سېسىق پۇراقلىق نەرسىلەر (مەسىلەن، ھىلىڭ) پۇرىتىلىدۇ. خۇش پۇراقلىق نەرسىلەر (سۇنبۇل، پەرەنجى مىشكىگە ئوخشاش) بالىياتقۇغا سېلىنىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئايلىنىشتا خۇش پۇراق نەرسىلەر پۇرىتىلمايدۇ. ئايلىنىپ كېتىشنىڭ تامامى قىسىملىرىدا قول – پۇتنى ئۇۋۇلاپ بېرىش مەنپەئەتلىكتۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بارلىق تەدبىرلەر بىمار بىھوش ۋاقىتتا قوللىنىلىدۇ. لېكىن بىمار ھوشىغا كەلگەن ۋاقىتتا كېسەل سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىلسا بولىدۇ. مەسىلەن، ئايلىنىش مىزاج بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، قارىمۇ قارشى كەيپىياتتا تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بەدەندە ماددىلارنىڭ تولۇپ قېلىشى (ئىمتىلا) سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا مۇنزىج، مۇسھىل بېرىپ ماددا تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئەگەر بەدەندە ساقلىنىشقا تېگىشلىك ماددىلارنىڭ چىقىپ كېتىشى (ئىستىفراغ) (مەسىلەن، ئىچ سۈرۈش، قۇسۇش، قاناش، كۆپ جىما قىلىش قاتارلىقلار) نىڭ كۆپلىكى سەۋەبىدىن ئايلىنىش بولغان بولسا، بۇنى داۋالاشتا ماددىلارنىڭ بەدەندىن نورمالسىز ھالدا چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش (يەنى ئېھتىباس) تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. ئەگەر ئايلىنىش باشقا بىر ئەزا كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، شۇ كېسەللەنگەن ئەزاغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

پايدىلىنىش: چىرايىنىڭ سارغىيىشى، قول – پۇتىنىڭ سوۋۇپ كېتىشى، تومۇرنىڭ ئاجىز سوقۇشى ئايلىنىشتا كۆرۈلىدىغان ئورتاق ئالامەتلەر بولۇپ، ئەگەر ئايلىنىش ئېغىر بولسا، بىمار كۆزىنىمۇ ئاچالمايدۇ. سەكتە كېسىلى بىلەن ئاغرىغان بىمارلارنىڭ ئەكسىچە بۇ كېسەلدە بىمار ئاۋازنى ئاڭلىيالايدۇ، بۇنىڭدىن سەكتە كېسىلى بىلەن ئايلىنىش (غىشى) كېسىلىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئايلىنىشتا كۆرۈلىدىغان ئىككىلەمچى ئالامەتلەر سەكتە كېسىلىدە كۆرۈلمەيدۇ، بۇلارغا ئاساسەن ئايلىنىش بىلەن سەكتە كېسىلىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئەگەر ئايلىنىش يۈرەكنىڭ سەزگۈرلۈكىنىڭ ئارتىپ كېتىشىدىن پەيدا

بولغان بولسا، ئادەتتىكى سەۋەبلەردىن ئايلىنىش بولۇپ، ئايلىنىش يەڭگىل ئۆتىدۇ، ناھايىتى تېز يوقاپ كېتىدۇ.

يۈرەك كېسەللىكلىرىگە خاس بولغان مۆتىدىل تەبىئەتلىك دورىلار ئاساسلىقى: ياقۇت، لاجۋەرد، ئالتۇن، كۈمۈش، گاۋزوبىان قاتارلىقلار.

يۈرەك كېسەللىكلىرىگە مەخسۇس ئىشلىتىدىغان ئىسسىق دورىلار: دۇرۇنەج ئەقرەبى، پارپا، ئەنبەر، زورۇنبات، پىلە غوزىكى (ئەبرشىيم)، زەپەر، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، قەلەمپۇر، ئىپگىر، بادىرەنجى بۇيا، بادىرەنجى بۇيا ئۇرۇقى، رەيھان، رەيھان ئۇرۇقى، لاچىندانە، كاۋاۋىچىن، ئاپىلىسىن (جۆيزە) پوستى، سازەنج ھىندى، شام زەنجىلى قاتارلىقلار.

يۈرەك كېسەللىكلىرىگە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار: مەرۋايىت، كەھرىۋا، بىخ مارجان، سەندەل، تاباشىر، گىلى مەختۇم، ئالما، يۇمغاقسۈت قاتارلىق دورىلار.

يۈرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار: مۇپەررىھى ياقۇت. (تەركىبى ۋە تەييارلىنىشى: تېشىلمىگەن مەرۋايىت، گاۋزىبان ھىندى، بىخ مارجان، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، ئاق بەھمەن، قىزىلگۈل، كەھرىۋا، ئاپىلىسىن پوستى، پىلە غوزىكى، سېمىزئوت ئۇرۇقى ھەربىرى 6g، كاپۇر 1g، سوقۇپ، تاسقاپ، ھەسەل ۋە ھېلىلە مورەبباسى بىلەن يۇغۇرۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ). مۇپەررىھ دىلكو شات مۆتىدىل. تەركىبى: بىخ مارجان، كەھرىۋا، زورۇنبات، دۇرۇنەج ئەقرەبى، ھەربىرى 3g، ئۇد خام 3.3g، كابىلە ھېلىلە پوستى، پىستىنىڭ تاشقى پوستى، ئاپىلىسىن پوستى، قىرقىلغان پىلە، تېشىلمىگەن مەرۋايىت، تاباشىر، ھەربىرى 9g دىن، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن ھەربىرى 15g، گاۋزىبان، شاھتەرە، بادىرەنجى بۇيا 50g دىن، ئانارنىڭ سۈيى، بېھىنىڭ سۈيى، پاقا يوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۈيى، زىخنىڭ سىقىلغان سۈيى ھەربىرى 50ml، شەربىتى بىنەپشە 350ml، قەنت 350g، دورىلاردىن قائىدە بويىچە موپەررىھ تەييارلىنىدۇ) ۋە داۋائىل-مىشكى مۆتىدىل قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. يۈرەكنىڭ ھۆللۈكتىن ۋە قۇرۇقلۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرى ئۈچۈن كېسەل پەيدا قىلغۇچى سەۋەبكە قارىمۇقارشى بولغان ئىسسىق ياكى سوغۇق دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

يۇرەكتە ئىسسىقلىق ياكى سوغۇقلۇق بولسا، مۇناسىپ دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

گەرچە يۇرەكتە ئىسسىقلىق (هارارەت) كۆچلۈك بولغان تەقدىردىمۇ، ئاشۇرۇپ سوغۇقلۇق قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى ئىلگىرىكى تېۋىپلار يۇرەكـ نىڭ ئىسسىقلىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن بېرىلگەن قۇرسى كاپۇرغا زەپەر قوشۇپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرگەن. چۈنكى زەپەر قۇرسى كاپۇرنىڭ تۇزەتـ كۈچىسى، شۇڭلاشقا ئۇ سوغۇق دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى يۇرەككىچە تېز يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. ئورگانىزمنىڭ «تەبىئەت كۈچى» (كېسەلگە قارشى تۇرغۇچى كۈچى) زەپەردىن تۇغۇلغان ئىسسىقلىقنى روھنىڭ هاسىل قىلىنىـ شىغا سەرپ قىلىدۇ. دورىلارنىڭ زىيادە سوغۇقلۇقىنىڭ يۇرەككە بولغان ناچار تەسىرىنى تۈزىتىدۇ.

## يۇرەك دالانچە ياللۇغى

يۇرەك يۇقىرىقى رايوندا ئىككى بوشلۇق بولۇپ، بۇ ئارقىلىق يۇرەككە ساپ هاۋا يېتىپ كېلىدۇ، مانا بۇنى يۇرەك دالانچىلىرى دەپ ئاتايمىز. ئەگەر كېسەللىك ئۇزۇنغا سوزۇلسا، يۇرەكتە روھ (روهى هايۋانىيە) تارقاپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئەگەر ئوزۇقلۇق ماددىلار قان ئارقىلىق يۇرەككە يېتىپ كەلگەندە، يۇرەك ئۇنى ئۆزگەرتىپ ئۆزلەشتۈرۈۋالالمىغان بولغاچقا، يۇرەكنى ئوزۇقلانـ دۇرالمايدۇ ھەمدە يۇرەكتە ياللۇغ پەيدا بولىدۇ. شۇڭا تېۋىپلار يۇرەكنىڭ ياللۇغى سوغۇقتىن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى يۇرەكنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ياللۇغى يۇرەك ياكى ئۇنىڭ غىلابى (قېپى) ياكى ئۇنىڭ دالانچىسىـ دا پەيدا بولۇپ، بىمارنى ناهايىتى تېزلا ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما يۇرەكنىڭ سوغۇقتىن بولغان ياللۇغى يۈەك مۇسكۇلىنىڭ ئۆزىدە بولغان تەقدىردە نىسبەتەن هالاكەتلىك بولىدۇ. لېكىن يۇرەكنىڭ غىلابى ۋە دالانـ چىلىرىنىڭ سوغۇقتىن بولغان ياللۇغىغا قارىتا جىددىي داۋالاش ئېلىپ بارسا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا بىمار كۆندىن ــ كۆنگە ئورۇقلاپ ئاخىرى ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

كېسەللىك ئالامىتى: كۆكرەك ساھەسىدە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا

يېقىن ئورۇندا ئېغىرلىق سېزىمى بولىدۇ، كۆپىنچە ئايلىنىش (غىشى)قا ئۇخشايدىغان بىر خىل ھالەت يۈز بېرىپ، يۈرەك كېگىيەلمەي قالىدۇ. بىمارنىڭ كۆزلىرى ئېسىلىپ، چىراي سارغىيىپ كېتىدۇ.

داۋالاش: بابۇنە ئىكلىلمىلىك، پىرسىياۋشان، بۇغداي كېپىكى قاتار-لىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ كۆكرەك ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا قويۇلىدۇ ھەمدە ياللۇغ قايتۇرغۇچى چىپىلمىلار (مەسىلەن: بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، زىغىر ئۇرۇقى، ئاق لەيلى كۆكى، كاللەك سەي كۆكى، تاغ پىننىسى، زەپەرلەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ زىمات تەييار-لاپ) چىپىلىدۇ. يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر سوغۇقتىن بولغان ياللۇغ يۈرەكنىڭ غىلابىدا پەيدا بولغان بولسا، ئۇ يۈرەك دالانچە ياللۇغىغا نىسبەتەن يېنىكرەك ئۆتىدۇ ھەمدە ئايلىنىشمۇ يېنىكرەك بولىدۇ.

## تۇتۇن كېسىلى — يۈرەك قېپىغا ھاۋا تولۇش

بۇ كېسەلدە بىمار ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى تۇتۇن ئىچىدە قالغاندەك ياكى يۈرىكىدىن تۇتۇن چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ ئاۋۋال ئېغىر بولسا، ئەقلىنىڭ زايىل بولۇپ ئايلىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

داۋالاش: بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىد-نى تەنقىيە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ (كۆيگەن سەۋدا خىلتىنى تەنقىيە قىلىش ئۇچۇن، مەتبۇخى ئەفتىمۇن مەنپەئەتلىكتۇر).

## يۈرەك مۇسكۇلى تىترىمىسى

بۇ كېسەلدە بىماردا يۈرىكى قاتتىق سىقىلغاندەك سېزىم بولۇپ، ھوشىدىن كېتىدۇ، بىمارنىڭ ئېغىزىدىن شۆلگەي ئېقىشقا باشلايدۇ، ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىمار ئەسلىگە كېلىدۇ.

داۋالاش: جىگەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش ھەمدە سەۋدا خىلتىنىڭ مۇسھىلىنى بېرىش كېرەك. ئاندىن كېيىن كۆڭۈلگە خوشلۇق يەتكۈزگۈچى دورىلار (مەسىلەن، گاۋزىبان، بىخ مارجان، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، مەرۋايىت، ئاق بەھمەن، ئاپىلسىن پوستى، كەھرىۋا، پىلە غوزىكى، سېمىز ئوت

ئۈرۈقى قاتارلىق دورىلارنى 20g دىن ئېلىپ، كاپۇردىن 0.2g ئېلىپ، سوقۇپ تاسقاپ، ئۈچ ھەسسە ھەسەل ۋە ھېلىلە مۇرابباسى قوشۇپ مەجۇن تەييارلاپ، 6g دىن ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ) بىلەن يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش ھەمدە تەرياق كېبىرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

## يۈرەك سويۇلغاندەك سېزىم بولۇش

بۇ كېسەلدە بىمارغا گويا ئۆزىنىڭ يۈرىكى سويۇلۇۋاتقاندەك مەلۇم بولىدۇ، ئاغرىقىنىڭ ئۆتكۈرلىكىدىن بىمار ھوشسىزلىنىدۇ، يەنە دەرھال ھوشىغا كېلىدۇ. ھوشسىزلانغان ۋاقىتتا ئاغرىق سەۋەبىدىن چىراي تاتىرىپ كېتىدۇ، بەدەنىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش كۈچى ئاجىزلاشقان سەۋەبتىن بىمار بەك كۆپ تەرلەيدۇ.

داۋالاش: كېسەللىك ماددىسى مېڭىدىن قۇيۇلغانمۇ ياكى ئىككىنچى بىر ئەزادىن قۇيۇلغانمۇ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ قايسى ماددىدىن بولغان بولسا، شۇنىڭغا مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىلىدۇ. غىزاسىغا ئاسان سىڭىدىغان ساپ خىلىت تۇغدۇرۇش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولغان غىزالار (مەسىلەن، كەكلىك، پاختەك، تېۋىلغۇ گۆشلىرى) بېرىلىدۇ. سەپرا خىلىتىدىن بولغان بولسا، سەپرا خىلىتىنى تەنقىيە قىلىش ھەمدە نەزلە سۇيۇقلىقىنىڭ يۈرەككە قويۇلۇشىدىن بولغان بولسا، تەنقىيە (ئومۇمىي بەدەنلىك تازىلاش) دىن كېيىن خەشخاش شەربىتى بېرىش ناھايىتى پايدىلىقتۇر.

## يۈرەك قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇش كېسىلى

بۇ كېسەلدە بىمارغا گويا يۈرىكى سىرتقا چىقىپ كەتكەندەك مەلۇم بولىدۇ. بۇ كېسەل قان خىلىتىدىن بولىدۇ ياكى سەپرا خىلىتىدىن بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا بىمارنىڭ چىرايىدا كېسەل پەيدا قىلغان ماددىغا مۇۋاپىق ئۆزگىرىش بولىدۇ.

داۋالاش: ئوڭ قولنىڭ باسلىق تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ، سەپرا خىلتىنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ. قىزىلگۈل ئۇرۇقى، بىدىمىشكى ئۇرۇقى ۋە سەندەل شەربىتىنى ئۆزمەي بېرىش، ئالىي غىزالار ۋە كۆكۆلگە خۇشلۇق

يەتكۈزگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## يۈرەك تۈۋەنگە تارتقاندەك سېزىم بولۇش

بۇ بىمارغا گويا يۈرىكى تۈۋەنگە تارتىلغاندەك سېزىم بولىدىغان كېسەلدىن ئىبارەت.

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى جىگەرنىڭ تارىمۇشلىرىغا تەسىر قىلىپ ئۇنى تارتىشتۇرىدىغان بىر خىل غەيرىي تەبىئىي ماددىدىن ئىبارەت. شۇڭا يۈرەك-مۇ تارتىشقاندەك سېزىم بولىدۇ. بەزىدە يۈرەك تۈۋەنگە تارتىشقاندەك سېزىم بولغان ۋاقىتتا يۈرەكتە يېنىك دەرىجىدە ئاغرىش بولىدۇ. ئايلىنىشقا ئوخ-شاش بىر خىل ھالەت پەيدا بولىشمۇ مۇمكىن.

كېسەل تۇتقان ۋاقىتتا بىمارنىڭ چىرايىدىن قايسى خىلىت غالىبلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

داۋالاش: خىلىتقا مۇۋاپىق تەنقىيە قىلىنىدۇ (بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى قان ياكى سەپرا خىلىتىدىن يۈرەك مىزاجىنىڭ ماددىلىق بۇزۇلۇشىدىن بولغان بولسا، ئۇلۇك قولدىكى باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. مەتبۇخى شاھتەرە ياكى مەتبۇخى ھېلىلە بىلەن چوڭ تەرەت راۋانلاشتۇرۇلىدۇ. تەنقىيەدىن كېيىن يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش مەقسىتىدە كۆڭۈلگە خوشلۇق يەتكۈزگۈچى دورىلاردىن مۇپەررىھى مۆتەدىل (ئايلىنىشنى داۋالاشتا سۆزلەن-دى)نى ئەرەقى گۈل، ئەرەقى بىدىمىشكى، ئەرەقى سەندەللەر بىلەن قو-شۇپ بېرىلىدۇ.

## يۈرەك قېپىغا سۇ يىغىلىش

بۇ، بىمار يۈرىكىنى سۇنىڭ يۈزىدە لەيلەپ، تەۋرىنىپ تۇرغاندەك ھېس قىلىدىغان بىر خىل كېسەل بولۇپ، بۇ كېسەلنى قەدىمكى تېۋىپلار «يۈرەك قوزغىلىش» (خەفەقان) كېسىلىنىڭ بىر تۈرى دەپ قارىغان. بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى يۈرەك غىلابىنىڭ ئىچكى قىسمىغا زىيادە سۇيۇقلۇق يىغىلىۋېلىشتىن (نورمال ئەھۋال ئاستىدا يۈرەك غىلابى ئىچىدە مەلۇم مىقداردا سۇيۇقلۇق بولۇپ، يۈرەكنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ھەمدە يۈرەك غىلابى بىلەن بولغان پاسسىپ سۈركىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئەمما

بۇ كېسەلدە ئېككىلەمچى هالدا يۇرەك غىلابىغا زىيادە سۇ يىغىلىپ يۇرەك-نىڭ نورمال خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ) كېلىپ چىقىدۇ.

داۋالاش: ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش مەقسىتىدە ئايارەج دورىلاردىن ئايارەج جالىنوس، ئايارەج لوغانزىيا، ئايارەج پەيقىرا قاتارلىقلارنىڭ قايسى بىرى تاللاپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ ھەمدە قىزىلگۈل، سۇمبۇل، زەپەر قاتارلىق-لارنى سوقۇپ قايناق سۇ بىلەن زىمات تەييارلاپ، يۇرەك ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ، بەدەن چېنىقتۇرۇلىدۇ. بۇ كېسەلدە يىغىلىۋالغان زىيادە ھۆللۈكنى تارقىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بىمارنى تېرىكتۇرۇش، ئاچچىقلىتىشتىن ئىبارەت.

پايدىلىنىش: بەزىدە يۇرەك غىلابىغا يىغىلىۋالغان ھۆللۈك ئىسسىقلىق-نىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن خوراپ يۇرەككە چاپلىشىپ قالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا يۇرەك كېڭىيەلمەيدۇ. نەپەس رىتىمى بۇزۇلىدۇ. بەدەن قۇۋۋىتى يوقاپ، بىمارنىڭ ئاچچىقى يامان بولۇپ قالىدۇ. بۇنى داۋالاشتا يۇمشاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. كۆكرەك ساھەسىگە ئاق موم تەركىبلىك مەلھەملەر (قىيروتىلا-ر) قۇرغاقلىق يوقالغانغا قەدەر ياغلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ھۆللۈكنى بەدەندىن تەنقىيە قىلىش ھەمدە ھەرھالدا يۇرەكنى كۈچلەندۈرۈشنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم. يۇرەك ئادەم بەدىنىدىكى ئەزالار ئىچىدە مۇھىم بىر ئەزا بولۇپ، ئۇنىڭ كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك.

# ئون ئىككىنچى باب  ئەمچەك كېسەللىكلىرى

ئاللا ئەمچەككە ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيەتنى ئاتا قىلغان بولۇپ، قان ئۇرۇق بېزىگە كېلىپ مەنىي بولۇپ شەكىللىنىپ چىققانغا ئوخشاش، قان ئەمچەككە كېلىپ ئاپئاق سۈت بولۇپ شەكىللىنىپ چىقىدۇ.

## سۈت كەملىك

سۈتنىڭ كەملەپ كېتىشى ئۈچ سەۋەبتىن بولىدۇ.

(1) قان ئازلىق ـ ھەرخىل ئامىللار تەسىرىدىن قاننىڭ بەدەندە كۆپ چىقىپ كېتىشىدىن، مەسىلەن، قان ئېلىش، ھەيزنىڭ كۆپ كېلىشى، چىللە قېنىنىڭ كۆپ بولۇشى، شۇنداقلا ئۇزۇن مۇددەت كېسەل تارتىش سەۋەبىدىنمۇ قان ئازلىق كېلىپ چىقىدۇ.

(2) قاننىڭ زىيادىلىكى: ئەگەر ئەمچەككە قان زىيادە كەلسە ئەمچەكتىكى ھەزىم قىلغۇچى كۈچ ئۇنى ھەزىم قىلالماي سۈت ئاز تۇغۇلىدۇ.

(3) مىزاجنىڭ ماددىلىق ياكى ماددىسىز بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن قان بۇزۇلۇش سۈت ئازلاپ كېتىشكە سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ماددىسىز ياكى ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئېنىقلاش مۇمكىن.

داۋالاش: ئەگەر قان ئازلىق بولسا قان كۆپەيتكۈچى نەرسىلەر، مەسىلەن، سۈت، تۇخۇم سېرىقى، گۆش ۋە باشقىلارنى ئېھتىياجغا مۇۋاپىق ھالدا ئىستېمال قىلدۇرۇلسا بولىدۇ. قاننىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان سۈت كەملىكتە قان ئېلىش، لوگقا قويۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، قان بۇزۇلۇش سەۋەبىدىن سۈت كەملەپ كەتكەن بولسا، قان تازىلاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

سۈتنىڭ سۇيۇق، سېرىق كۆيۈشۈپ كېلىشى سەپرا خىلتىنىڭ غالىبلىقىدىن بولىدۇ. سۈتنىڭ بەك ئاق، سۇيۇق بولۇشى، چۇچۇمەل بولۇشى

بەلغەم خىلتىنىڭ غالىبلىقىدىن، بەك قويۇق بولۇشى رەڭگىنىڭ توق بولۇشى، مىقدارىنىڭ بەك ئاز بولۇشى سەۋدا خىلتىنىڭ غالىبلىقىدىن بولىدۇ. ئەگەر بەلغەم خىلتى بىلەن سەپرا خىلتىنىڭ قوشۇلۇشى سۈت كەملىككە سەۋەب بولغان بولسا، سۈتنىڭ تەمى تۇزلۇق بولىدۇ.

پايدىلىنىش: قانداقلىكى نەرسە مەنىينى كۆپەيتسە، سۈتنىمۇ كۆپەيتىدۇ. ئەگەر سۈت كەملىك بەدەنگە قۇرۇقلۇق يەتكەن ۋە بەدەننىڭ ئۇرۇقلاپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان بولسا، هايۋانلارنىڭ سۈتلىرى (مەسىلەن، كالا سۈتى، ئۆچكە سۈتى، قوي سۈتى، تۆگە سۈتى...قاتارلىقلار)نى ئىچكۈزۈش سۈت كۆپەيتىش جەھەتتە تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر.

## ئەمچەككە سۈت كۆپ كېلىۋېلىش

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى سۈت كەملىكنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

داۋالاش: سۈتنىڭ سۇ تەركىبىنى كېمەيتىش (قۇرۇتۇش)قا تىرىشىش ھەمدە ھەيزنى راۋانلاشتۇرغۇچى دورىلار (مەسىلەن، ئازغان مونچىقى، ئارچا مېۋىسى، ئاپتاپپەرەس گۈلى، ياپۇز، زاراڭزا گۈلى قاتارلىقلار)نى ئىشلىتىش مەنپەئەتلىكتۇر. ئۇندىن باشقا لوكى مەغسۇل، مەدەستانلارنى سوقۇپ گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئەمچەككە چېپىشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر. شۇنداقلا زىرە ۋە يېسىمۇق (گولياڭ)نى سىركىدە قاينىتىپ ياكى ئىسسىغۇل ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىنى ئېزىپ ئەمچەككە چېپىشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر. ئەمما بەدەندە سوغۇقلۇق غالىب بولسا سۇزاپ، سۇزاپ ئۇرۇقى ۋە چەلەڭ ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن چېپىلما تەييارلاپ ئەمچەككە چېپىشمۇ مەنپەئەتلىك.

## ئەمچەكنىڭ ياللۇغلىنىشى ۋە چىقىلىشى

داۋالاش: ئەگەر بۇ كېسەل ئىسسىق خىلتلاردىن (قان ۋە سەپرا خىلتىدىن) بولغان بولسا، سىركە بىلەن قايناق سۈنى بىرەر هايۋاننىڭ ئۆتىگە تولدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. كۆك يەرلىك شوخلىنىڭ يوپۇرمىقىنى سوقۇپ يالغۇز ياكى گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ

چىپىلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەمچەكتە سۈت ئۇيۇپ قېلىشنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن چىپىلما چىپىلىدۇ.
ئەگەر بۇ كېسەل سوغۇق خىلتلاردىن بولغان بولسا، كەرەپشە ئېزىپ چىپىلىدۇ ياكى بابۇنىدىن سوقۇپ بەدىيانىنىڭ سۈيىدە خېمىر قىلىپ چىپىلىدۇ.

## ئەمچەكتە سۈت ئۇيۇپ قېلىش

بۇ كېسەلدە ئىككى ئەمچەكتە سۈت ئۇيۇشالىدۇ. سۈتنىڭ ئۇيۇپ قېلىشى ئەمچەكتە ياللۇغلىنىشنى پەيدا قىلىدۇ. ئەمچەكتە سۈت ئۇيۇپ قېلىش بەدەندە ئىسسىقلىق (ھارارەت)نىڭ غالىبلىقى تۈپەيلىدىن، سۈتنىڭ سۇيۇق ئۈچۈچان قىسمىنى تارقىتىۋېتىپ ئۇنى قۇيۇلدۇرۇپ قويۇش سەۋەبىدىن بولىدۇ ياكى بەدەندە سوغۇقلۇقنىڭ ئارتىپ كېتىشى سۈتنى ئۇيۇتۇپ قويىدۇ. شۇ سەۋەبتىن سۈت ئەمچەكتىن خېلى ئۇزاققىچە چىقىپ كېتەلمەي تۇرۇپ قېلىپ، قويۇلۇپ ئۇيۇپ قالىدۇ.
داۋالاش: ئەمچەك ياللۇغىدا بايان قىلىنغىنىغا ئوخشاش سەۋەبكە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىش، ئەگەر ئەمچەكلەردىن سۈت چىقىپ كېتەلمەسلىك سۈت ئۇيۇپ قېلىشقا سەۋەب بولغان بولسا، (مەيلى بالىنىڭ ئوبدان شورىماسلىقى ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەردىن بولسۇن) بۇنى داۋالاشتا ئەمچەككە ئىسسىق سۇنى جىقىرتىپ قويۇش ھەمدە ئەمچەككە يىغىلىۋالغان سۈت تولۇق چىقىپ كەتكەنگە قەدەر يېنىك دەرىجىدە شوراپ بېرىش؛ لېكىن ئەگەر سۈت ئۇيۇپ قېلىش بىلەن بىرگە سۈت بۇزۇلغان بولسا، بۇنى ياللۇغنىڭ رەڭگى، سۈتنىڭ تەمى ۋە سوت رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلاردىن ئېنىقلاپ، ياللۇغنى پىششۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.
ياللۇغنى پىششۇرۇش مەقسىتىدە زىغىر ئۇرۇقى، شۈمشا ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئاقلەيلى يوپۇرمىقى، بابۇنە قاتارلىق دورىلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ تاسقاپ، قىزىلچىنىڭ سۈيى ياكى تاس سۇ بىلەن خېمىر قىلىپ، ئۈچ كۈنگىچە زىمات قىلىنىدۇ. ياللۇغ پىشقاندىن كېيىن دورىنىڭ تەسىرىدە ئېغىز ئالسا ياخشى، ئۇنداق بولمىسا، تىغ بىلەن ئېغىز ئالدۇرۇلسا

بولىدۇ.

بەزىدە تىغ بىلەن تىلغاندا بەك ئۇزە تىلىنىپ قالسا، تىغ يېرىلگەندىغان ئورۇنغىچە يېتىپ بارالمىغان بولغاچقا قانلا چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆپ ساندىكى كىشىلەر ياللۇغ يېرىك يىغمىغانىكەن دەپ چۈشىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ماھىر ئوپېراتسىيىچى قورقماي تۆ-شۈكنى چوڭقۇرراق تېشىپ، يېرىڭنى تولۇق چىقىرىۋېتىپ بولغاندىن كې-يىن، تىل ۋە ئېغىز يارىلىرىنى داۋالىغان دورىلار بىلەن داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. چۈنكى نازۇك يارىلارنىڭ داۋالاش چارىسى ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر ئەمچەكتە قاتتىق تۈگۈنچەك شەكىللىنىپ قالغان بولسا، بادام يېغى بىلەن ياغلانسا بولىدۇ.

## ئەمچەك تۈگمىسى ئېزىلىپ كېتىش

(بۇ ئەمچەك تۈگمىسىنىڭ بالىنىڭ چىشلىشى ۋە باشقا سەۋەبلەردىن ئېزىلىپ كېتىشىدىن ئىبارەت)

داۋالاش: دەسلەپتە ماشنى ئايرىم ياكى قىزىل ئۈزۈمنىڭ ئۇرۇقچىسى-نىڭ ھەمراھلىقىدا سوقۇپ، نامازشام گۈلىنىڭ سىقىلغان سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ ئەمچەككە چېپىلىدۇ، ئاندىن كېيىن مۇناسىپ تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ. ئەگەر ئەمچەك تۈگمىسىدە ياللۇغلىنىش بولسا ياللۇغقا قارىتا داۋالا-ش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

پايدىلىنىش: ئەمچەك بەك يوغىناپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زەمچىنى زەيتۇن يېغى بىلەن قوشۇپ ئېزىپ، قوغۇشۇن ھاۋانچىدا سالاھ-يەت قىلىپ، ھەمىشە ئەمچەكنى ياغلاپ بەرسە ھەمدە ئۇرۇق بېزىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدە بايان قىلىنغان تەدبىرلەر قوللىنىلسىمۇ ئەمچەكنى بەك يوغىناپ كېتىشتىن توسىدۇ.

# ئون ئۈچىنچى باب   ئاشقازان كېسەللىكلىرى

## ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى

ئىسسىق ـ سوغۇققا ئالاقىدار ئالامەتلەر، شۇنداقلا مىزاجىنىڭ ماددىسىز ياكى ماددىلىق بۇزۇلۇشىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. يۈرەك مىزاجىنىڭ ماددىسىز ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى سىڭىشلىك ھەم ئازراق غىزا ئىستېمال قىلىشمۇ ھەزىم بۇزۇلىدۇ. ئەكسىچە سىڭىش ياخشى بولمىغان غىزالارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلسا ئوبدان سىڭىدۇ.

شورلۇق بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدا بىماردا ئۇسسۇزلۇق بولىدۇ. ئۇسسۇزلۇقنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى قايناق سۇ ئىچسە ئۇسسۇزلۇق پەسىيىدۇ. ئەمما سوغۇق سۇ ئىچسە ئۇسسۇزلۇق بېسىلمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇسسۇزلۇق ماددىسىز ئىسسىقلىق ياكى سەپرا خىلتى غالىبلىقىدىن كېلىپ چىققان بولسا، سوغۇق سۇ ئىچكەندە ئۇسسۇزلۇق يوقايدۇ.

داۋالاش: ئاشقازان مىزاجىنىڭ ماددىسىز بۇزۇلۇشىدا تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ماددىلىق بۇزۇلۇشىدا ماددىغا مۇۋاپىق ئومۇمىي بەدەننىڭ تازىلاش (تەنقىيە) قىلىنىدۇ. كېسەللىك ماددىسىنى ئاشقازاندىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، قۇستۇرۇش ئىنتايىن مەنپەئەتلىك. ئەگەر باشقا ئەزالاردىن غەيرىي تەبىئىي خىلىت ئاشقازانغا كېلىپ ئاشقازان مىزاجىنى بۇزغان بولسا، شۇ ئەزانى تەنقىيە قىلىش كېرەك.

ئاشقازانغا كۆپىنچە مېڭە، جىگەر، تالدىن كېسەللىك ماددىسى قۇيۇلىدۇ. بۇنى مېڭە نەزلىسى، جىگەر ياكى تالنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇش ئەھۋاللىرىدىن بىلۋالغىلى بولىدۇ. مېڭە نەزلىسىدە قىيپال تومۇردىن، جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدا ئوڭ تەرەپ باسلىق تومۇردىن ياكى ئوسەيلىم تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. تال مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدا سول قولنىڭ باسلىق

ياكى ئۇسەيلىم تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ.

كۆپىنچە ئاشقازان كېسەللىك ماددىسىدىن پاكلانسا ھەزىم خىزمىتى كۈچىيىدۇ. ئەمما قورساق ئاچقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە غىزالىنالماسلىق سەۋەبىدىن ئاجىزلاپ، كېسەللىك ماددىسى يەنە ئاشقازانغا قۇيۇلۇپ ئاشقازاندا يىقمىسىزلىنىش بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ئايلىنىپ كېتىش كېسىلىگە گىرىپتار قىلىدۇ.

داۋالاش: ئەتىگەندە ئاچچىق ـ چۈچۈك غىزالار بىلەن ناشتا قىلدۇرۇلىدۇ ھەمدە ئاچ قورساق يۈرۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئاشقازان مىزاجىنىڭ ماددىلىق بۇزۇلۇشىدا كېسەللىك ماددىسى (نورمالسىز خىلىت) ئاشقازان توقۇلمىسى ئارىلىقى بوشلۇقىغا يىغىلىۋالغان بولسا، بۇنى ئاشقازاننىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن قۇستۇرۇش ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاشتا ئايارەنجى پەيقىرانى ئەفسەنتىن شەربىتى ياكى سىرىق ھېلىلە دەملىمىسى بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىش ھەممىدىن مەنپەئەتلىكتۇر.

## ئاشقازان ئاغرىقى

ئاشقازان ئاغرىقى ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان بولسا، بۇ يۇقىرىدا سۆزلەندى. ئەگەر ئاشقازان ياللۇغى ياكى ئاشقازان يارىسىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇمۇ ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئاشقازان ئاغرىقى يەلدىن بولسا، كېكىرىش كۆپ بولىدۇ. قورساق كوركىراپ، قورساق كۆپۈۋالىدۇ. غىزا ئاشقازاننىڭ تېگىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن تال ساھەسىدە ئاغرىش بولىدۇ.

داۋالاش: بۇغداي كېپىكى، تۇز ياكى يېسسىمۇق (كۆممىقوناق) بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. لاچىنداننى قىزىلگۈل ئەرەقىدە قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. كېكىرىك كەلتۈرۈش ئۈچۈن پىننە چايناپ بېرىلسە ياكى جاۋارىش كۇمۇنى بېرىلسە بولىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەل قويۇق يەلدىن بولغان بولسا، بەلغەم خىلىتىنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ. ئومۇمەن ھەزىمنى ياخشىلاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. ئاشقازان ساھەسىگە ئوتلۇق لوڭقا قويۇشمۇ ئاغرىقنى دەرھال پەسەيتىدۇ.

ئاشقازان ئاغرىقلىرى مەيلى قايسى سەۋەبتىن كېلىپ چىقمىسۇن، سىركەنجىۋىلنى سوغۇق سۇغا ياكى قىزىلگۈل ئەرەقىگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىك. كۆپىنچە ئەھۋالدا ئاشقازان سۇيۇق بەلغەم خىلتى ياكى شورلۇق بەلغەم خىلتى تەسىرىدە ئاغرىيدۇ.

بۇ خىل ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاشتا سوغۇق دورىلار بېرىلسە بولىدۇ. چۈنكى بۇ دورىلاردىن كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ سۇيۇقلۇقى ۋە سىزىپ ئۆتۈش ئالاھىدىلىكى تۆۋەنلىگەچكە، ئاغرىق پەسىيىپ قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېسەل پەيدا قىلغان ماددا (خىلىت) ئىسسىق ماددا ئىكەن دېگەن گۇمان تۇغۇلىدۇ، شۇنداقلا قويۇق يەلنى پارچىلاپ يەل تارقىتىش مەقسىتىدە ئىسسىق دورىلارنى بەرگەندە ئوخشاشلا ئاغرىق پەسىيىپ قالسا كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلىت سوغۇق خىلىتكەن دېگەن گۇمان تۇغۇلىدۇ. دەرۋەقە ھەر ئىككى قاراش خاتا بولۇپ، ھەر ئىككى ئاشقازان ئاغرىقى ئۈچۈن ئاخىرقى ھېسابتا پايدىسىز. شۇڭا، ئاغرىقنىڭ ۋاقىتلىق پەسىيىپ قالغانلىقىغا ئالدىنىپ قالماستىن، ئاشقازان ئاغرىقىغا قوشۇلۇپ كەلگەن باشقا ئالامەتلەرنى ئېنىقلاپ كېسەللىك ماددىسىنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇق ئىكەنلىكىنى ئايرىپ، مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىش لازىم. ئەگەر مىقدارى ۋە مىزاجى جەھەتتىن ئاشقازاندا ئۆتكۈر شەلۋەرەش پەيدا قىلىدىغان غىزالار ئاشقازاندا يېقىمسىزلىشىش، ئاغرىش پەيدا قىلغان بولسا، بۇنى داۋالاشتا ئاشقازاندىكى بۇ خىل غىزانى قۇسۇق ئارقىلىق چىقىرىۋېتىش ھەمدە تاماقنى كۆپ يېيىش سەۋەبىدىن ئاشقازان ئاغرىغان بولسا، بىرقانچە كۈن غىزانى كەمرەك ئىستېمال قىلىش؛ ئەگەر ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى غىزالارنى ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئاسان ھەزىم بولىدىغان سىڭىشلىك غىزالارنى بېرىش لازىم.

ئەگەر ئاشقازان ئاغرىقى ئاشقازان ئاجىزلاپ كېتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، تاماق يېگەندىن كېيىن ئاغرىق كۈچىيىپ قۇسۇش ياكى ئىچى سۈرۈش بىلەن ئاغرىق قويۇپ بېرىش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش: ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلاردىن جاۋارىش جالىنوس (تەركىبى ۋە تەييارلىنىشى كىتابنىڭ ئاخىرىدا) ياكى ئامىلە نوشدارىلار

بىرىلسە بولىدۇ. ئەگەر كېسەل ئاشقازان ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن ئاشقازاندا كېسەللىك ماددىسىنىڭ يىغىلىۋالغانلىقىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئاشقازاننى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن قۇرسى كەۋكە ۋە قۇرسى ئەنسۇنلار (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قاراڭسۇن) بېرىلسە ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. ئەگەر ئاشقازان ئاغرىقى ئاشقازاننىڭ سەزگۈرلۈكىنىڭ ئارتىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى ئادەتتىكى سەۋەبلەر، مەسىلەن، يېمەكلىكلەردىن تۇغۇلغان يەل، تويۇنۇپ تاماق يېيىش، تالدىن ئاشقازانغا سەۋدا خىلتىنىڭ قۇيۇلۇپ قېلىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئاشقازاندا ئاغرىش پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭغا يارىشا ئاشقازاننى تەكشۈرسە بىرەر نومالسىزلىق كۆرۈلمەيدۇ.

داۋالاش: سېزىمنى سۇسلاشتۇرۇپ ئاشقازاندىكى زىيادە سېزىمچانلىقنى تۆۋەنلىتىش مەقسىتىدە خەشخاش پوستىنىڭ قاينىتىلمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. كاللا ـ پاقالچاق (قوينىڭ) يېگۈزۈلىدۇ.

ناشتىدا، ئاشقازان بوش ۋاقىتتا پەيدا بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يەنە بىرخىل ئاشقازان ئاغرىقى بولۇپ، تاماق يېگەندىن كېيىن يوقىلىپ كېتىدۇ. بۇ ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرى، قويۇق يەل ئاشقازان بوش ۋاقىتتا كۆپىيىپ قالغىنىدىن بولىدۇ، بۇنداق بولۇشى ئاچلىق ھالىتىدە ئاشقازان سۈيۇقلۇقى خوراپ ئۇنىڭدىن يەل تولۇپ قالىدۇ. ئىككىنچى، ئاشقازانغا يېمەكلىك چۈشمىگەن ۋاقىتتا جىگەردىن ئاشقازانغا قۇيۇلغانلىق سەۋەبتىن بولىدۇ. سەۋدا بىرەر ئۆتكۈر كەيپىياتنى قوبۇل قىلىپ، تالدىن ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا ئاشقازان بوش ۋاقتىدا چۈشكەن) ۋاقىتتا نورمىدىن زىيادە قۇيۇلۇش سەۋەبىدىن بولىدۇ.

يەلدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقى كېكىرىش بىلەن يېنىكلەپ قالىدۇ، باشقا ئالامەتلەر تېپىلمايدۇ. سەپرا خىلتى ۋە سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ ئالامەتلىرى بىرقانچە قېتىم بايان قىلىندى مەسىلەن، سەۋدادىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىدا ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا كۆيۈشۈش بولىدۇ.

داۋالاش، يەلدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىدا ئومۇمىي بەدەننى تازىلا-

ش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. سەپرا خىلىتىدىن بولغىنىدا سەپرانى تەڭشەش ۋە تەنقىيە قىلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ئۇلۇك قولدىكى ئۇسەيلىم تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. سەۋدا خىلىتىدىن بولغان قىسىمدا ئەگەر كېسەللىك ماددىسى كۆپ بولسا تەنقىيە قىلىنىدۇ. سول قولنىڭ ئۇسەيلىم تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئاشقازاننىڭ سەزگۈرلۈكىنىڭ ئارتىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، سىزىمنى تۆۋەنلەتكۈچى (مەسلەن، خەشخاش شەربىتى، كاللا ـ پاقالچاق قاتارلىقلار)، ئاشقازان مۇسكۇلىنىڭ ئىنكاس قوبۇل قىلىشچانلىقىنى پەسەيتكۈچى (مەسلەن: مېغىزلاردىن تەييارلانغان ھالۋىلارغا ئوخشاش) دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

## ھەزىم ئاجىزلىقى، ھەزىم بۇزۇلۇش، تاماق سىڭمەسلىك

يۇقىرىقى ئۈچ كېسەلنىڭ سەۋەبى ئوخشاش، ئەمما كېسەللىك سەۋەبى يېنىك بولسا ھەزىم ئاجىزلىقى، كۈچلۈك بولسا تاماق سىڭمەسلىكنى، ئەگەر ئوتتۇراھال بولسا ھەزىم بۇزۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ھەزىم ئاجىزلىقىنىڭ ئالامىتى بولسا يېمەكلىك ئاشقازاندا خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، ئادەتتىكىدەك ھەزىم بولۇپ تۆۋەنگە چۈشىدۇ. ھەزىم بۇزۇلۇشنىڭ ئالامىتى يېمەكلىك ئوبدان ھەزىم بولمايدۇ، ئاشقازاندا يېقىمسىزلىق پەيدا بولغان بولىدۇ. تاماق سىڭمەسلىكنىڭ ئالامىتى ئۇزۇقلۇقلار ھەزىم كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي ھەزىم بولماي قۇسۇش ياكى ئىچى سۈرۈش ئارقىلىق ئەينەن چىقىدۇ.

داۋالاش: سەۋەبكە قارىتا مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىش كېرەك. ئەگەر يېمەكلىكلەر ئاشقازان ۋە ئۈچەيدە 24 سائەتتىن تۆۋەن، 12 سائەتتىن ئارتۇق تۇرسا، بۇنى نورمالسىز ئەھۋال دەپ چۈشىنىش كېرەك. سىركەنجەۋىل سەپەرجىلى (كىتابنىڭ ئاخىرىدىن كۆرۈلسۇن)گە ئازراق زەنجىۋىلنى يۇمشاق ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈشمۇ ئارتۇقچە ئىسسىق تەسىرىدە كېلىپ چىقمىغان ئاشقازان كېسەللىكلىرىنىڭ ھەممىسىگە مەنپەئەتلىكتۇر. بىر لىتىر سىركەنجىۋىلگە 30 زەنجىبىلنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېھتىياجغا مۇۋاپىق

ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

## خولېرا

خولېرا كېسىلىدە بۇزۇق ھەم بەدەنگە ئۆزلەشمىش سالاھىيىتى بولمى-غان ماددىلار ئاشقازانغا كېلىپ، ناھايىتى ئۆتكۈر ئىچى سۈرۈش ۋە قۇسۇش بىلەن بەدەن سىرتىغا چىقىرىلىدىغان كېسەل بولۇپ، بىماردا قۇسۇش بولمىسا، كۆڭۈل ئېلىشىش بىلەن بىرگە كېسەللىك ماددىسى كۆپ ئىچى سۈرۈش يولى بىلەن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن.

گەرچە بۇ كېسەل ناھايىتى جىددىي ھەم خەتەرلىك بولسىمۇ، لېكىن بۇ كېسەلدە ئىچى سۈرۈش كۆپ بولۇش، ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاش، تومۇرنىڭ قولغا بىلىنمەسلىكى، تارتىشىپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر ئۆزن-چىۋالا خەتەرلىكمۇ ئەمەس. ئەگەر داۋالاش توغرا ئېلىپ بېرىلسا، بۇ ئىككىلەمچى ئالامەتلەرمۇ دەرھال يوقاپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ باللاردا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ، قىسقىسى داۋالىغۇچى يۈرەكلىكرەك بولۇشى، ئىككىلەمچى ئالامەتلەردىن قورقۇپ كەتمەسلىكى لازىم.

داۋالاش: خولېرا مەيلى قايسى سەۋەبتىن بولمىسۇن، بۇزۇلۇپ سۇيې-تى ئۆزگەرگەن ماددىنى، ئىچى سۈرۈشنى ياكى قۇسۇشنى تىزگىنلەش يولى بىلەن دەرھال توختىتىپ قويماستىن، بەلكى قۇسۇش ياكى ئىچى سۈرۈش ئارقىلىق تولۇق تازىلىنىشىغا يول قويۇش، شۇنداقلا قۇسۇش ياكى ئىچى سۈرۈش يېتەرلىك بولمىسا، مۇناسىپ قۇستۇرغۇچى ياكى سۈرگۈچى دورىلار بىلەن ياردەم قىلىش، مۇبادا بەدەن زىيادە ئاجىزلاش ئەندىشىسى بولسا مىزاجىغا مۇۋاپىق دورا بېرىپ ئۇنى توختاتسا بولىدۇ. ئاپىلسىننىڭ (جۇزد-نىڭ) پوستىنى شۇمۇرۇپ بېرىشمۇ قۇسۇش ۋە ئىچى سۈرۈشنى توختىتى-دۇ. ئەگەر بىماردا قىزىقلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق بولسا، تەرياقى پارۇق (كىتاب-نىڭ ئاخىرىدا تونۇشتۇرۇلدى)نى بېرىش مەنپەئەتلىك. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىرەر ئىسسىق دورىنى ھەرگىز بەرمەسلىك لازىم. خولېرا كېسىلىدە بىمارنى ھەرىكەتلەندۈرمەسلىك، بىرەر يېمەكلىكمۇ بەرمەسلىك كېرەك. لېكىن ھاجەت كۈچلۈك بولسا، ئازراق يېمەكلىك بەرسە بولىدۇ ھەمدە

ئىمكانقەدەر بىمارنى ئۇخلىتىشقا تىرىشىش كېرەك. چۈنكى بۇ كېسەلدە بىمارنى تىنچ قويۇش، يېمەكلىك بەرمەسلىك ۋە ئۇخلىتىشتىن ياخشى بىرەر تەدبىر يوق. ئۇخلىتىش ئۈچۈن بارلىق ئۇخلىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا، بۇ تەدبىرلەرنىڭ بىرەرسى بىمارنى ئۇخلىتىشى مۇمكىن. خولىرا بېسىققاندىن كېيىن بەدەن قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سىڭىشلىق بولغان يېمەكلىكلەرنى ئازراق بېرىش كېرەك.

پايدىلىنىش: ئەگەر بىمار كېچىنىڭ ئاخىرى، تاڭ ئېتىشقا يېقىن قۇسسا، كۆپىنچە كىشىلەر بەك قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئالدىراپ، تېنەپ تەرياق پارۇق (كىتابنىڭ ئاخىرىدا تونۇشتۇرۇلدى)، قەلەمپۇر ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىسسىق دورىلارنى ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىمار بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ قىزىتمىغا گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ.

ئەستە تۇتۇش كېرەككى، «دات رەڭدە قۇسۇش» دېيىلىدىغان بىرخىل قۇسۇش بولۇپ، بۇ ناھايىتى خەتەرلىك قۇسۇشتۇر. مەيلى كېچە بولسۇن، مەيلى كۈندۈز بولسۇن، بىماردا ئايلىنىش ۋە ئاجىزلاش بولىدۇ. ئەگەر كۆڭۈل ئېلىشقاندا سوغۇق سۇ ئىچسە بۇخىل قۇسۇشنىڭ زەھىرىنى باسىدۇ. قىسقىسى ئەتىگەندە كۆڭۈل ئېلىشىپ قۇسۇش بولۇپ ئايلىنىش ۋە باشقا ئەھۋاللار بولسا، تەرياق پارۇقنى بېرىش مەنپەئەتلىكتۇر ۋە ئەگەر ئايلىنىش ۋە باشقا ھېچقانداق ئالامەت بولمىسا، بىرەر دورا ئىشلەتمەستىن، بەلكى بەدەندىكى «تەبىئەت كۈچى»نىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇش، 9 سائەتكىچە يېمەكلىك بەرمەسلىك، ئايلىنىش بولسا كۈنجۈت يېغىغا جوزنى يۇمشاق ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ، بەدەننى ئىلمان ياغلاش ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

## ئىشتىھانىڭ ئازلىشى ۋە ئىشتىھا يوقلىش

ھەر ئىككىلى كېسەلنىڭ سەۋەبى ئوخشاش بولۇپ، ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى يېنىكرەك بولسا «ئىشتىھانىڭ ئازلىشى»، ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى ئېغىر بولۇپ قورساق پەقەت ئاچمىسا، «ئىشتىھا يوقلىش» دېيىلىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى كۆپ، ئاساسلىقى:

(1) ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا پەيدا بولغان ماددىسىز ئىسسىقتىن ياكى سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش. (2) ئاشقازاندا خىلىتلار يىغىلىۋېلىش. (3) پۈتۈن بەدەن خام خىلىتلار بىلەن توشۇپ كەتكەن بولغاچقا، جىگەر ئاشقازاندىن ئوزۇقلۇق ماددىلارنى تەلەپ قىلمايدۇ (تەر تۆشۈكچىلىرى ئېتىلىپ قېلىپ تېرە قاتتىقلىشىپ قالغان سەۋەبتىن ماددا ئالمىشىش ئاخىرقى مەھسۇلاتلىرىنىڭ تارقاپ كېتەلمەسلىكى) . (5) جىگەرنىڭ ئاجىزلاپ قېلىشى ياكى جىگەردە ياكى ئۈچەيدىن جىگەرگە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى شۈمۈرگۈچى كۆك تومۇرلار (ماسارىقا) توسۇلۇش. (6) ئاشقازان كىرىش ئېغىزى بىلەن تال ئوتتۇرىسىدىكى يولدا توسالغۇ پەيدا بولۇش. (7) ئاشقازان كىرىش ئېغىزى سېزىمىنىڭ يوقاپ كېتىشى.

كېسەللىك ئالامىتى: بۇ كېسەل ئاشقازان مىزاجىنىڭ ماددىسىز ياكى ماددىلىق بۇزۇلۇشىدىن بولغان بولسا، شۇنىڭغا خاس ئالامەتلەر ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. مېڭىدە بىرەر نورمالسىزلىق كۆرۈلگەن سەۋەبتىن تال بىلەن ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئوتتۇرىسىدىكى يولغا توسۇلۇش چۈشكەن سەۋەبتىن تەبىئىي سەۋدا ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا ئوبدان قۇيۇلالمىغانلىقتىن، «ئىشتىها كېمىيىش» ، «ئىشتىها تۇتۇلۇش» بولغان بولسا، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا تەبىئىي سەۋدا قۇيۇلالماي قالغان ئەھۋال ئاستىدا، چۈچۈمەل تەملىك يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغاندا ئىشتىها پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ سېزىمى يوقىلىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا چۈچۈمەل تەملىك يېمەكلىكلەرنىڭمۇ ئىشتىهانى ئېچىشقا پايدىسى بولمايدۇ.

پايدىلىنىش: قانداق ۋاقىتتا ئەزالار ئوزۇقلۇق ماددىلارغا ئېھتىياجلىق بولسا، ئەزالار قان تومۇرلاردىن سۈمۈرۈش شەكلى بىلەن ئوزۇقلۇق ماددىلارنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا قان تومۇرلار جىگەردىن، جىگەر ماسارىقا تومۇرلاردىن، ماسارىقا تومۇرلار ئاشقازاندىن ئوزۇقلۇق ماددىلارنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاشقازان كىرىش ئېغىزى زىيادە سەزگۈر، ئورۇق بولغاچقا، ئۇ ھەزىم جەريانىدىكى مەزكۇر شۈمۈرۈشلەرنى دەرھال سېزىدۇ ـ دە، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تالدىن ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا سەۋدا قۇيۇلىدۇ. ئاشقا-

زان كىرىش ئېغىزىغا قويۇلغان سەۋدا خىلىتى ئۆزىنىڭ قېرىقلىقى ۋە چۈچۈمەللىكى بىلەن ئاشقازاننى غىدىقلاپ، ئاشقازان مۇسكۇلىنى قىسقارتىدۇ. بۇ ھالەت «قورساق ئېچىش» دېيىلىدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ قايسى بىرىسىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلسە، ئىشتىھا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

داۋالاش: مىزاجىنىڭ ماددىسىز بۇزۇلۇشىدا تەڭشەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ (يەنى ئاشقازان مىزاجىنىڭ ماددىسىز ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدا تەمرى ھىندى، ئەيىنۇلا، بېھىگە ئوخشاش سوغۇق دورىلارنى، سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدا سامساق، پىننە، زەنجىۋىلگە ئوخشاش ئاشقازاننى قىزىتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ). ئاشقازان مىزاجىنىڭ ماددىلىق بۇزۇلۇشىدىن بولغىنىدا (كېسەل پەيدا قىلغان خىلىتنى ئېنىقلاپ، شۇنىڭغا قارىتا مۇنزىج، مۇسھىل بېرىپ) ماددا تەنقىيە قىلىنىدۇ. تەر تۆشۈكچىلىرى ئېتىلىپ تەر ۋاقتىدا بەدەن سىرتىغا چىقالماي بۇ كېسەلنى پەيدا قىلغان بولسا، ئىلمان مۇنچىدا يۇيۇندۇرۇپ، تېرە تەر بەزلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، جىگەر زەئىپلىكى بۇ كېسەلگە سەۋەب بولغان بولسا جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئەگەر تال بىلەن ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ئوتتۇرىسىدىكى يول توسۇلۇپ قالغاندىن بولغان (تالدا مىزاج بۇزۇلۇش پەيدا قىلغان خىلىتنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ مۇنزىج، مۇسھىل بېرىپ) بولسا، تال كېسەللىك ماددىسىدىن تازىلىنىدۇ (تەنقىيە قىلىنىدۇ) ھەمدە «تال چوڭىيىشى»نى داۋالاشتىكى باشقا تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ. ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ سېزىمى يوقىلىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا مېڭىدىن بىر نېرۋا ئۆپكە ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئاداشقان نېرۋىنىڭ بىر شاخچىسى، شۇڭا مېڭىنى قۇۋۋەتلەش كېرەك. مېڭىنى قۇۋۋەتلىگەندە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ سېزىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

پايدىلىنىش: بەزىدە ئىشتىھانىڭ بۇزۇلۇشى كەم قانلىق، ئاماقنى ۋاقتى قەرەلىدە يېمەسلىك، غەم ـ ئەندىشە ۋە باشقا سەۋەبلەردىن بولۇپ قالىدۇ. بۇنى داۋالاشتا مۇناسىپ بولغان روھى ۋە دورىلىق داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلسا بولىدۇ.

ئەگەر ئۈچەي قۇرتى سەۋەبىدىن قورساق ئاچمىغان بولسا، قۇرتقا

قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ (بۇ قورساق قۇرتى دېگەن مەزمۇندا سۆزلىنىدۇ). مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كېسەلگە نېمە سەۋەب بولغان بولسا، شۇنىڭغا قارىتا مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىلسا بولىدۇ.

ئىشتىھانى ئاچقۇچى دورىلار: سىركەنجىۋىل سەپەرجىلى، شەربىتى لىمون (بۇلارنىڭ تەركىبى ۋە ياسىلىشى كىتابنىڭ ئاخىرىدا تونۇشتۇرۇلـ دى)، سىركىگە چىلانغان كۆك پىننە، سىركىگە چىلانغان پىياز، تۇزلىغان بېلىق، ئاچچىق ئانار، پىننە شەربىتى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا دورىلار.

## ئىشتىھانىڭ بۇزۇلۇشى

ئىشتىھانىڭ بۇزۇلۇشى ـ يېگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر، مەسىلەن، سېغىز، كۆمۈر، هاك ۋە باشقا نەرسىلەرنى يېگۈسى كېلىپ قالىدىغان بىرخىل كېسەل بولۇپ، هامىلىدار ئاياللاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەلنى «بەدتەمىنى ياقتۇرۇش كېسىلى» (ۋەهەم) دەپمۇ ئاتايدۇ. مەن بىر ئايالنى ئۇچراتقان ئىدىم، ئۇ ئايال پاختا ۋە قەغەز يېيىشكە ئامراق بولۇپ قالغانـ كەن.

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى ئاشقازاندا بۇزۇق خىلىتلارنىڭ يىغىلىۋالغانلىق سەۋەبىدىن ئاشقازانغا يىغىلىۋالغان خىلىتقا قارشى بولغان نەرسىلەرنى يېگۈسى كېلىپ قالىدىغان ئەهۋال پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

داۋالاش: ئاشقازاننى بۇزۇق خىلىتلاردىن تازىلاش (يەنى قايسى خىـ لىتتىن بولغان بولسا، شۇ خىلىتنىڭ مۇنزىج، مۇسهىلىنى ياكى شۇ خىلىتنىڭ قۇستۇرغۇچىلىرىنى بېرىپ تەنقىيە قىلىش) كېرەك. هامىلىدار ئاياللاردا بۇخىل ئىشتىھانىڭ بۇزۇلۇشىنى نەدەندىكى تەبىئەت كۈچىنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرساق بولىدۇ. چۈنكى هامىلىدارلىقنىڭ 3 ـ ئېيى ئۆتتۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ كېسەل ئۆزلىكىدىن يوقىلىپ كېتىدۇ.

كەپتەر باچكىسىنىڭ سۆڭىكىنى قورۇپ چايناپ بېرىش ۋە ئۇنىڭ سۆيىنى يۇتتۇپ بېرىش بىلەنمۇ يات نەرسىلەر جۈملىدىن سېغىز يېيىش ئادىتى مەيلى هامىلىدارلىقتا بولسۇن ياكى باشقا سەۋەبلەردىن بولسۇن ئۇنى يوقىتىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كەكلىك، تۆۋلىغۇ ۋە توخۇ چۈجىسىنىڭ

سۆگىكنى قوروۇپ چايناپ بېرىش ۋە سۈيىنى يۇتتۇرۇش ھەمدە جۇۋىنە ۋە زىرىنى چايناپ سۈيىنى يۇتتۇرۇشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر.

## ئىت ئىشتىھاسى

بۇ كېسەلدە بىمار قانچە كۆپ يېسىمۇ قورسىقى تويمايدۇ. بۇ كېسەلـنىڭ سەۋەبى ئەگەر ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا يېنىك دەرىجىدىكى سوغۇقـتىن مىزاج بۇزۇلۇش پەيدا بولۇپ، سېزىمچانلىقنى تۆۋەنلىتىپ قويغان بولسا، ئۇسسۇزلۇق كەم، قورساق كۆپۈش كۆپ بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا جوۋىنا، مەستىكى ۋە باشقا دورىلارنى چايناپ بېرىش ۋە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا جۆز، سۇنبۇللارنى (سوقۇپ قايناق سۇ بىلەن خېمىر قىلىپ) ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا تېڭىپ، ئۈستىدىن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش كېرەك. مىزاج بۇزۇلۇش بىلەن بىرگە بەلغەم خىلتى غالىب بولسا ئاۋۋال ھەببى قوقىيا، ھەببى ئايارەج (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قاراڭلار) ئىشلىتىپ بەلغەم خىلتىنى تەنقىيە قىلىش لازىم.

ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى سەۋدا خىلتىنىڭ تالدىن ئاشقازانغا ئادەتتىكى مىقداردىن كۆپ قۇيۇلۇشتىن بولغان بولسا، ئاشقازان بوش (يېمەكلىك كىرمىگەن) ھالەتتە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا قاتتىق سانجىق ۋە كۆيۈشۈش پەيدا بولىدۇ. غىزا يېمىگۈچە كۆيۈشۈش پەسەيمەيدۇ.

داۋالاش: مەتبۇخى ئەفتىمۇن بىلەن سەۋدا ماددىسى تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئوك قولنىڭ باسلىق ياكى ئۇسەيلىم تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ. تال ساھەسىگە ئۇتلۇق ھىجامەت (لوگقا) قويۇلىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى ئاشقازان ياكى ئومۇمىي بەدەندە ئىسسىقلىق ئېشىپ كەتكەن سەۋەبتىن بولغان بولسا، ئىسسىقلىق ئېشىپ كېتىشنىڭ سەۋەبلىرى ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش كېرەك.

ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى بەلغەم خىلتى بولۇپ، ئۇ مېڭىدىن ئاشقازان كىرىش ئېغىزىغا قۇيۇلۇپ، مۇشۇ ئورۇندا ئاچچىق تەمگە ئۆزگەرـگەن بولسا، ئاچچىق كېكىرىش بولىدۇ. دەسلەپىدىلا نەزلە بولغان تارىخى

بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا نەزلە سۈيۇقلۇقىنىڭ قويۇلۇشتىن توسۇش تەدبىر-لىرى قوللىنىلسا بولىدۇ (بۇ نەزلىنى داۋالاشتا سۆزلەندى).

ئەگەر ئاشقازان، ئۈچەي قۇرتى بۇ كېسەلگە سەۋەب بولغان بولسا، بىمار نېمىنى يېسە قۇرت ئۇنى شورىۋالىدۇ، مۇشۇ ۋەجىدىن ئوزۇقلۇق ماددىلار ئەزالارغىچە يېتىپ بارالماي، بۇ كېسەلنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى ۋە داۋالاش «قۇرساق قۇرتى» دېگەن مەزمۇنغا قارالسۇن.

## كالا ئىشتىھاسى

بۇ كېسەلنى گىرىك تىلىدا «ئۇپقان» (بوليمۇس) دەپ ئاتايدۇ. بۇ كېسەلدە ئاشقازان بىر لوقما غىزادىمۇ سەسكىنىدۇ. شۇڭا، ئاشقازاندا ئاچلىق سېزىمى قەتئىي بولمايدۇ. ئەمما باشقا بارلىق ئەزالار ئوزۇقلۇق ماددىلارغا ئېھتىياجلىق بولۇپ ئاچلىق ھالىتىدە بولىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ بۇ كېسەلگە «ئاچلىق» دېگەن ئاتالغۇ قوشۇپ قويۇلغان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئاچلىق ئەسلىدە ئاشقازان كىرىش ئېغىزى مۇسكۇلنىڭ قىسقىرىشىدىن پەيدا بولىدۇ، ئەمما بۇ كېسەلدە بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئەزالارنىڭ ئاچلىق ھالىتىدە ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى بىرەر روشەن سەۋەبسىز بىمارنىڭ ئورۇقلاپ بەدەن قۇۋۋىتى تۆۋەنلەپ كېتىشىدۇر. كېسەل ئۇزاقراق داۋاملاشسا بىمار ئايلىنىپ كېتىدۇ.

داۋالاش: ئايلىنىش بولغان بولسا «ئايلىنىپ كېتىش» بابىدا سۆزلەن-گەن ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەر ئارقىلىق بىمار-نى ھوشىغا كەلتۈرۈش، ئاندىن كېيىن سەۋەبكە مۇۋاپىق داۋالاش قىلىنسا بولىدۇ. ئەگەر بەدەن قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كەتكەن بولسا، تەنقىيە قىلىش چارىسىنى قوللانماسلىق كېرەك. ھەر ھالدا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازان مىزاجىنى تەڭشەشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش لازىم.

## قورساق ئېچىپ ئايلىنىپ كېتىش

بۇ كېسەلدە ئادەم ئاچلىققا تاقەت قىلالمايدۇ. ئەگەر قورساق ئاچقاندا غىزالىنالمىسا، ھوشىدىن كېتىدۇ.

داۋالاش: ھەرقانداق ۋاقىتتا يېمەكلىكنى تەييارلاپ قويۇش، ناخۇش

ئانار ياكى ئالمىنىڭ سۈيىگە توم ناننى (بىرقەدەر قېلىن نان) چىلاپ، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى قۇۋۋەتلەنگەنگە قەدەر يېگۈزۈپ بېرىلىدۇ.

## كۆپ ئۇسساش

كۆپ ئۇسساش ئىككى خىل بولىدۇ. (1) ھەقىقىي كۆپ ئۇسساش، (2) ساختا كۆپ ئۇسساش. ھەقىقىي كۆپ ئۇسساش كېسەلدە بەدەندىكى قىزىقلىقنى بېسىش، خوراپ كەتكەن تەبىئىي بەدەن ھۆللۈكىنى تولۇقلاش ئۈچۈن «تەبىئەت كۈچى» سۇ تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى سوغۇق سۇ ئىچكەندە ئۇسسۇزلۇق پەسىيىدۇ. بەدەندە قۇرۇق ئىسسىقلىقلىق غالىبلىقىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ساختا كۆپ ئۇسساش بولسا، ئاشقازاندا شورلۇق بەلغەم خىلتى، گەجسىمان بەلغەم خىلتى، كۆيگەن سەۋدا خىلتى يىغىلىۋالغان بولىدۇ. شۇڭا «تەبىئەت كۈچى» مۇشۇ ماددىلارنى تازىلاش مەقسىتىدە سۇ تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى سوغۇق سۇ ئىچىش بىلەن ئۇسسۇزلۇق پەسىيىدۇ ھەمدە كېسەل پەيدا قىلغان نورمالسىزلىقتا مۇناسىپ ھالدا ئېغىز تەمى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇخىل كۆپ ئۇسساشنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئەگەر بىمار ئۇسسۇزلۇقتا سەۋر قىلالىسا، سۇ ئىچمىسە ئۇسسۇزلۇق ئۆزلىكىدىن يوقاپ كېتىدۇ.

داۋالاش: قايسى ئورۇندا قىزىش ئالامىتى مەۋجۇت بولسا، مەسىلەن، ئاشقازان، جىگەر، كۆكرەك، ئۆپكە، يۈرەك قاتارلىق ئەزالارنىڭ قايسى بىرسىدە قىزىقلىق (ھارارەت) بولسا، ھارارەت پەيدا قىلغان كېسەلنى پەرقلەندۈرۈپ، شۇ ئەزاغا سوغۇقلۇق يەتكۈزۈشكە تىرىشىش كېرەك. ئۆپكە، كۆكرەك، ئۆت، يۈرەكتە قىزىقلىق (ھارارەت) بولسا، سوغۇق ھاۋادىن نەپەس ئېلىش ھەمدە سوغۇق تەبىئەتلىك پۇرىتىلمىلار (مەسىلەن، ئۇسۇڭ-نىڭ سۈيىگە نېلۇپەر يېغى ئارىلاشتۇرۇپ پۇرىتىلما تەييارلاپ)نى پۇراش ناھايىتى مەنپەئەت قىلىدۇ. ئاشقازان ۋە جىگەردە قىزىقلىق بولسىمۇ سوغۇق سۇ ئىچىش بىلەن ئۇسسۇزلۇق دەرھال يوقايدۇ. لېكىن قىزىقلىق نەپەس ئەزالىرىدىمۇ ياكى ھەزىم قىلىش ئەزالىرىدىمۇ بۇنى ئايرىش لازىم. ئەگەر بۇ كېسەل سوغۇق خىلتلارنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا، ئىسسىق سۇغا

سىركەنجۋىل ئارىلاشتۇرۇپ قۇستۇرۇلىدۇ، بادىيان ئەرمىقى ئىچكۈزۈلىدۇ، توخۇ گۆشى ۋە نوقۇت سۇيى ئىستېمال قىلدۇرۇلسا بولىدۇ، سامساقنى ھەسەلگە قوشۇپ بېرىشمۇ مۇشۇ خىل كۆپ ئۇيىساش كېسىلىنى داۋالاشتا تەجرىبىدىن ئۆتكەن. لېكىن شورلۇق بەلغەم خىلىتى تۇغۇلدۇرغان قىزىشتا كەلتۈرۈپ چىقارغان كۆپ ئۇيىساشنى داۋالاشتا ئەرمىقى بەدىياندىن باشقا بىر ئىسسىق دورا بېرىلمەيدۇ. ئەگەر بەدەندە ئازراق قۇرۇقلۇقنىڭ ئالامىتى بولسا، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. بادام يېغى بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى جىمى دورىلار ئىچىدە ھەممىدىن مەنپەئەتلىك دورىدۇر. ئەگەر ئۇسسۇزلۇق يۇقىرى قىزىتما، جىگەر ياللۇغىنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇنى داۋالاشتا قىزىتما ۋە جىگەر ياللۇغىغا قارىتا مۇناسىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ (بۇ ئۆز نۆۋىتىدە تەپسىلى سۆزلىنىدۇ).

پايدىلىنىش: كۆپىنچە بەدەندە كۆپ مىقداردا قان يوقىتىش بولغاندىن كېيىن، سەپرا خىلىتى غالىب كەلگەن سەۋەبلىك ۋە (تۈزلىغان) بېلىق ئىستېمال قىلغان سەۋەبتىن ئاشقازاندا چاپلاشقاق ماددا تۇغۇلۇش سەۋەبىدىن كۆپ ئۇسسىغان بولسا، ئاۋۋال سوغۇقلۇق قىلىش، ئاندىن كېيىن چاپلاشقاق بەلغەم خىلىتىنى تازىلاپ چىقىرىش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ (مەسىلەن، بەلغەم خىلىتىنىڭ مۇنزىج، مۇسھىللىرىنى بېرىش ياكى سىرىق چېچەك قايىنتىلمىسىغا سىركەنجۋىل قوشۇپ، ئىلمان ئىچۈرۈپ قۇستۇرۇش ۋە باشقىلار).

قار يېيىشتىنمۇ ئۇسسۇزلۇق پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا تېۋىپلار ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بار. (مەسىلەن، ئۇستاز قۇتبىددىن (Kutbiddin)ئىيرازى قار ئاشقازانغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ سوغۇقلۇقى بىلەن بەلغەم خىلىتى ۋە ئاشقازان سۇيۇقلىقىنى قويۇلدۇرۇپ قويىدۇ، نەتىجىدە ئاشقازان ھەزىم سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاشقازان توقۇلما ئارىلىق بوشلۇقىدا تۇرۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئاشقازاننىڭ ھارارىتى (قىزىقلىقى)نى ئاشۇرۇپ زىيادە ئۇسسۇزلۇق پەيدا قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. جامال قەرشى بولسا مۇز تۇتقاندا سوغۇق بىلىنمىسىمۇ، ئەمما گاز ھالىتىدىكى ماددىلارنىڭ سوغۇق ھاۋادىكى بىرىكىشىدىن ئىبارەت بولغاچقا،

ماددىي تەسىر جەھەتتىن ئىسسىق بولۇپ بەدەننى قىزىتىش تەسىرىنى بېرىدۇ، نەتىجىدە ئۇسسۇزلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇنى داۋالاشتا لىمون شەربىتى ۋە سىركەنجىۋىل بېرىلسە ئۇسسۇزلۇق پەسىيىپ قالىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن يېمەكلىكلەر، مەسىلەن: پىياز، سامساق ۋە باشقىلارنى ئىستېمال قىلغاندا زىيادە ئۇسسۇزلۇقنى پەيدا قىلسا مىزاجغا رىئايە قىلغان ئاساستا ئۇ پەسەيتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

## ئاشقازان ياللۇغى

ئاشقازان ياللۇغى مەيلى قايسى ماددىدىن (قايسى نورمالسىز خىلىتتىن) بولمىسۇن، ئۇنىڭدا ئاغرىش ۋە قىزىتما بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئىسسىق خىلىتلارنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا، قىزىش ۋە ئاشقازاندىكى ئاغرىش ئېغىر بولىدۇ. ئەگەر سوغۇق خىلىتلارنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا، قىزىتما ۋە ئاغرىش يېنىكرەك بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىسسىقى ۋە سوغۇقى ئېشىپ كەتكەنگە مەخسۇس بولغان ئالامەتلەر ئىپادىلىنىپ چىققان بولىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر ئىسسىق خىلىتلار (قان، سەپرا)دىن بولسا قان ئېلىنىدۇ ھەمدە كۈچلۈك سۈرگە دورىلىرىنى بېرىشتىن، قۇستۇرۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر بىماردا قەۋزىيەت بولسا، خىيارشەنبەر ئېتىنى قۇرۇق يەرلىك شوخلا، تەمرى ھىندى، قىزىل گۈل قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا قوشۇپ بېرىلسە بولىدۇ. ياللۇغنىڭ دەسلىپىدە سەندەل ۋە مامىسانى يومشاق سوقۇپ (قايناق سۇ بىلەن) زىمات تەييارلاپ (ئاشقازان ساھەسىگە) زىمات قىلىنىدۇ. 3 كۈندىن كېيىن ئارپا ئۇنى، ئاق لەيلى ۋە قىزىل گۈلنى ئەرەقى گۈلدە ئېزىپ (ئاشقازان ساھەسىگە) چاپلىسا بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەل سوغۇق خىلىتلار (بەلغەم، سەۋدا خىلىتلىرى)نىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا، ئالدى بىلەن (مائۇل ھەسەل بىلەن) بەلغەم خىلىتى تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئۈزۈم دەرىخى شېخىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن كۈلى، سەئىدى كۇفى، ئىزخىر، سۇنبۇل قاتارلىقلارنى سىركىدە ئېزىپ ئىسسىق ھالدا ئاشقازان ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ. ئەگەر چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا، زۇپا قاينىتىلمىسىغا خىيار شەنبەرئېتى قوشۇپ

ئىچكۈزۈلسە بولىدۇ. سەۋدا خىلىتىدىن بولغان ئاشقازان ياللۇغىدا ئاشقازان ساھەسىدە قاتتىقلىق بولىدۇ. ئەگەر قىزىش بولمىسا بىرەر ئەنجۈر يېغىغا خىيارشەنبەر ئېتى (پونۇس) قوشۇپ، ئۈچ كۈن بېرىلسە ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. ئەگەر ئاشقازان ياللۇغى سوزۇلما بولۇپ قالغان بولسا، قۇرسى سۇنيۇل بېرىلىدۇ (بۇنىڭ تەركىبى ۋە ياسىلىشى كىتابنىڭ ئاخىرىدا تونۇشتۇرۇلدى)

## ئاشقازان يىرىڭلىق ئىششىقى

ئاشقازاننىڭ ياللۇغى ياناللماي بىر ئورۇنغا يىغىلىپ يىرىڭ پەيدا قىلسا، «ئاشقازان يىرىڭلىق ئىششىقى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر يىرىڭلىق ئىششىق ئىسسىق خىلىتلاردىن بولغان بولسا، «خوراج» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاشقازان ياللۇغىدا يىرىڭ يىغىلىپ پىشىپ ئېغىز ئالغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى «كۆكرەك پەردە ياللۇغى» ۋە «ئۆپكە ياللۇغى»نىڭ بايانلىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى.

داۋالاش: ئەگەر كېسەللىك ماددىسى يىغىلغان، يەنى ئېغىز ئېلىشقا تەييارلانغان بولسا شۇمشا، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، ئاچچىق بادام مېغىزى قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ئىنەكپىتى يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئوبدان يىرىڭ يىغىلغانغا قەدەر چېپىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزى ئېغىز ئالسا تېخى ياخشى. ئۇنداق بولمىسا قايناق سۇ ياكى يېڭى سۈت ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە يىرىڭلىق ئىششىق بار ئورۇننى بېسىپ ئېغىز ئالدۇرۇلىدۇ. ئېغىز ئېلىپ بولغاندىن كېيىن سۈت بىلەن مائۇل ھەسەل ۋە ياكى شىكەر سۈيى تاكى يىرىڭ تازىلانغانغا قەدەر ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن كۈندۈر، خۇنسىياۋشان، ئانار گۈلى، كەھرىۋا، گىل ئەرمىنى قاتارلىقلارنى سۇفۇپ قىلىپ، يارا ئەسلىگە كەلگەنگە قەدەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئوزۇقلىنىشتا ئارپىنىڭ سۈيى ياكى مېغىزلاردىن تەييارلانغان ھالۋىلار بېرىلىدۇ.

## ئاشقازان يارىسى ۋە ئاشقازان مودۇرى

ئاشقازان يارىسى ۋە ئاشقازان مودۇرىنىڭ ئالامىتى— چۇچۇمەل، ئۆتكۈر (غىدىقلىغۇچى) يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغاندا ئاغرىش كۈچەيىپ قالىدۇ. ئاشقازان يارىسى، ئاشقازان مودۇرىنىڭ ئاشقازان كىرىش

ئېغىزىدا ياكى ئاشقانىنىڭ ئۈلىدا ئىكەنلىكىنى ئاغرىش ئورنىدىن بايقىۋالغىلى بولىدۇ.

داۋالاش: قان ئېلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن دەسلىپىدىلا ئاشقازان ياللۇغىنى داۋالاشتىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. قارا موزايلىق كالىنىڭ چۇچۇمەل قېتىقىغا تاباشىر، قىزىلگۈل، پاقىيوپۇرمىقىنىڭ ئۇرۇقىنى تالقانلاپ، ئارىلاشتۇرۇپ، ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئاشقازاندىكى مۇدۇرلار يىرىڭ يىغقان بولسا، ئاشقازان ياللۇغىنى داۋالاشتا بايان قىلىنغان تەدبىرلەر ئارقىلىق ئاۋۋال يىرىڭنى تازىلاش، ئاندىن كېيىن يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ، ھەرۋاقىت يىرىڭنى تازىلاشقا سەل قارىماسلىق كېرەك. بىرنەچچە كۈن مۇدۇرنى يىرىڭدىن تازىلىغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ، بىرنەچچە كۈن يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ. چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە خىيارشەنبەر تالقىنى كاسىنە بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئىچى سۈرۈش بولسا، قۇرسى تاباشىر قابىز ۋە قورۇلغان ئارپا تالقىنى بېرىلىدۇ.

## قورساق كۆپۈش

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى ئاشقازان مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى، سۈپىتى ئۆزگەرگەن غىزالارنى ئىستېمال قىلىش ياكى ئاشقازاندا نورمالسىز يىغىلىۋېلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ ئالامىتى ھەم داۋاسىنى «ھەزىم ئاجىزلىقى» ، «ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى» دېگەن مەزمۇندىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ. لاچىندانىنى قىزىلگۈل ئەرەقىدە قايىنتىپ ئىچكۈزۈشمۇ پايدىلىق.

## كېكىرىش، ئەسنەش، كېرىلىش

كېكىرىش — ئاشقازاندىكى يەل ئېغىز ئارقىلىق چىققان ۋاقىتتىكى ھالەت. ئەسنەش — ئادەم ئىختىيارسىز ئېغىزنى ئېچىشقا مەجبۇر بولغان ھالەت. كېرىلىش — ئادەم پۈتۈن بەدىنىنى سوزۇشقا مەجبۇر بولغان ھالەت بولۇپ، بۇ ئۈچ كېسەلنىڭ سەۋەبى بەدەندە گازلارنىڭ (نورمالسىز) ھاسىل بولۇشىنىڭ كۆپلىكى، ئاشقازان ۋە بەدەندە يەلنىڭ كۆپ توغۇلغانلىقىدىن

بولىدۇ.

داۋالاش: ئومۇمى بەدەننى تەنقىيە قىلىش (يەنى مىزاجىغا مۇۋاپىق سۈرگە دورىلىرىنى ياكى قۇستۇرغۇچى دورىلارنى بېرىش) ھەزىمنى كۈچەيتىندۇرۇش كېرەك. بەدىيانىنى يۇمشاق ئېزىپ، گۈلقەندگە قوشۇپ ئىستېمال قىلىش، ئىپارنى مۇناسىپ يوللار بىلەن ئىستېمال قىلىش، بەدەندىن يەلنى تارقىتىدۇ. شۇنداقلا مەستىكىنى ھەسەلگە قوشۇپ بېرىشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر.

## قۇسۇش، ھۆ بولۇش، كۆڭۈل ئاينىش، كۆڭۈل غەشلىكى

قۇسۇش — ئاشقازاننىڭ يېمەكلىكلەرنى ئېغىز ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن پەيدا قىلغان ھەرىكىتىنىڭ نامىدۇر.

ھۆ بولۇش — ئاشقازاننىڭ يېمەكلىكلەرنى ئېغىز ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان، ئەمما ئاشقازاندىن ھېچ نەرسە چىقمىغان ھالەتنىڭ نامىدۇر.

كۆڭۈل ئاينىش — قۇسۇشتىن ئىلگىرى بىمارغا ھېلى قۇسۇدىغاندەك مەلۇم بولىدىغان ھالەتنىڭ نامىدۇر.

كۆڭۈل غەشلىكى — ئەگەر كۆڭۈل ئاينىش ھەمىشە بولسا كۆڭۈل غەشلىكى (تەقەللىبوننەپەس) دېيىلىدۇ.

داۋالاش: قايسى خىلىت غالىب بولغان بولسا، شۇ خىلىتنى تەنقىيە قىلىش كېرەك. ئەگەر بىرەر توسالغۇ بولمىسا قۇستۇرۇپ، تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن سىركەنجۇبىلنى ئىلمان سۇغا ئارلاشتۇرۇپ قۇستۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئاشقازانغا باشقا ئەزالاردىن كېسەللىك ماددىسى يىغىلىپ بۇ كېسەللەرنى پەيدا قىلغان بولسا، شۇ ئەزانى تەنقىيە قىلىش، شۇ ئەزانىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئەگەر قۇسۇش بوھران كۈنلىرى يۈزبەرگەن بولسا، ئۇنى توختاتماسلىق لازىم.

سەپرالىق قۇسۇشنى پەسەيتكۈچى، قۇسۇشنى پەسەيتكۈچى دورىلار — ئامىلە، كەھرىۋا، تەمرى ھىندى، سېمىز ئوت، تاباشىر، قورۇلغان ئارپا قاتارلىق دورىلارنى ئايرىم ياكى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەندە، سەپرادىن

بولغان قۇسۇشنى پەسەيتىدۇ.

بەلغەمدىن بولغان قۇسۇشنى پەسەيتكۈچى دورا: ئېكىر، قەلەمپۇر، مەستىكى، قۇرۇق پىننە ھەربىرى 7g، دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ تالقانلاپ، 3g مىقداردا ئېلىپ، 36g قىزىلگۈل گۈلقەنتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئىستېمال قىلغاندا بەلغەم خىلتىدىن بولغان قۇسۇشنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋ-ۋەتلەيدۇ.

چىپىلما (زىمات): سەۋدا خىلتىدىن بولغان قۇسۇشنى پەسەيتىدۇ. لادەن (بىرخىل دەرەخنىڭ يېلىمى)، ئىكلىلمىلىك، ئۇشنە، ئامازشام گۈلى يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنى سوقۇپ تاسقاپ قورۇغۇچى شەربەتلەر (مەسىلەن: ئەنجىباھار شەربىتى) بىلەن خېمىر قىلىپ ئاشقازان ۋە تال ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ. بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرىدىن بولغان قۇسۇشتا قۇرسى ئىلائۇس (كىتابنىڭ ئاخىرىدا تونۇشتۇرۇلدى) ناھايىتى مەنپەئەتلىك دورىدۇر.

مەزكۇر دورىلاردىن باشقا، كىندىككە يېقىن جايغا، ئىككى تاغاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىلماي لوڭقا قويۇش، قول - پۇتنى مۇجۇش، ئۇيقۇ كەلتۈ-رۈش قاتارلىقلار قۇسۇشنى داۋالاشتا ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەگەر قۇسۇش بۇزۇلغان غىزالارنى ئىستېمال قىلىشتىن بولغان بولسا، بۇزۇلغان غىزانى قۇستۇرۇش ياكى سۈرگە بېرىش ئارقىلىق تولۇق چىقىرىپ تاشلاش لازىم. ئەگەر ئاشقازان زەئىپلىكى كېسەللەرگە سەۋەب بولغان بولسا، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش كېرەك، ئەگەر ئۈچەيدە قۇرت پەيدا بولغان سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بولسا، قۇرتنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك (بۇ ئۈچەي قۇرتى دېگەن مەزمۇندا ئايرىم سۆزلىنىدۇ).

## قان قۇسۇش

قان قۇسۇش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى قىزىل ئۆڭگەچ ياكى ئاشقازاننىڭ بىرەر تومۇرى يېرىلغان ياكى ئۈزۈلۈپ كەتكەن سەۋەبتىن، قاناش ئېغىزى شەكىللەنگەن سەۋەبتىن بولىدۇ، بۇنىڭ ئالامىتى قىزىلئۆڭ-گەچ ياكى ئاشقازان ساھەسىدە يېقىمسىزلىق بولىدۇ. قىزىلئۆڭگەچ يارىسى-نىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ئىككى تاغاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاغرىش

بولىدۇ.

داۋالاش: باسلىق تومۇردىن قان ئېلىپ زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق قان چىقىرىۋېتىلىدۇ، قول ـ پۇتنى موجۇش، پاقالچاققا لوڭقا قويۇش، قان توختاتقۇچى دورىلار (بىھى سۈيىگە، ئانارگۈلى، كۇندور، ئەرەب يېلىمى، گىل ئەرمىنى ئارلاشتۇرۇپ)نى بېرىش مەنپەئەتلىك. ئۈزۈمنىڭ ئۈرۈقىنى ئالماي ئىستېمال قىلىپ بېرىش قاناش ئېغىزىنى ئېتىش ئۈچۈن مەنپەئەتلىكتۇر. ئەگەر قىزىلئۆڭگەچ قانىغان بولسا، قان توختاتقۇچى دورىنى ئاستا ـ ئاستا ئۇزۇندا ئىچىپ بېرىش كېرەك. قۇرسى كۆھلى (كىتابنىڭ ئاخىرىدا تونۇشتۇرۇلدى) تومۇر يېرىلىپ پەيدا بولغان قان قۇسۇش ئۈچۈن مەنپەئەتلىك. بۇنىڭدىن باشقا پاقىيوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۈيى، سېمىز ئوت سۈيى قاتارلىقلارمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

جىگەر، تال ياكى باشقا بىرەر زەربە يەتكەن سەۋەبتىن قان بۇ ئورۇنلاردىن ئاشقازانغا قۇيۇلۇپ قۇسۇق ئارقىلىق چىقىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى قايسى ئەزادىن قان كەلگەن بولسا، شۇ ئەزادا يېقىمسىزلىق بولىدۇ.

داۋالاش: مەيلى قان قايسى ئەزادىن كەلسۇن، ھەممىسىنىڭ داۋاسى قان ئېلىشتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كېسەللەنگەن ئەزانىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قان ئالغاندا قاننى ئاز ـ ئازدىن بىرنەچچە قېتىم ئېلىش، لېكىن ئەگەر قان بەك كۆپ بولسا، بىر قېتىملا كۆپ مىقداردا قان ئالسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئاشقازان يارىسىنىڭ سەۋەبىدىن قان قۇسۇش بولغان بولسا، ئاشقازان يارىسىغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ، ئۇ ئېلگىرى بايان قىلىنىپ بولدى.

ئەگەر كۆكرەك ساھەسىگە تاياق تەگكەن سەۋەبتىن قان قۇسۇش بولغان بولسا، قان ئالغاندىن كېيىن كۆك ماش، موغاس، ئاقاقىيا، گىل ئەرمىنى، سەبرى، مۇرمەككىلەرنى نامازشام گۈلى كۆكىنىڭ سىقىلغان سۈيىدە يۇغۇرۇپ تاياق تەگكەن ئورۇنغا زىمات قىلىنىدۇ. قۇرۇسى كەھرىۋادىن 4gنى، قورۇلغان سېمىز ئوت ئۇرۇقى تاتلىقنىڭ ھەمراھلىقىدا بەرسە قان ئالمايمۇ مەزكۇر چېلغا بىلەن ساقىيىپ كېتىشى مۇمكىن.

## ئاشقازاندا قان ۋە سۈت ئۇيۇپ قېلىش

ئەگەر باشقا ئەزالاردىن ئاشقازانغا قۇيۇلۇپ ئاشقازاندىن ۋاقتىدا چىقىپ كېتەلمىسە، ئاشقازاندىكى تۆۋەن تېمپېراتورىنىڭ تەسىرىدە ئۇيۇپ قالىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۈت ئىچىلسە ئاشقازان سوۋۇپ كەتكەن بولسا ياكى بىرەر ئۇيۇشچان يېمەكلىك (مەسىلەن: بوتىلاق ئوغۇزسۈتى) ئىشلىتىش سەۋەبىدىن سۈت ئاشقازاندا ئۇيۇپ قالىدۇ. ھەربىرسىنىڭ ئالامىتى كۆڭۈل ئايىنىش ۋە سوغۇق تەرلەش بولىدۇ. جۇغ ـ جۇغ بولىشمۇ مۇمكىن.

داۋالاش: سېرىقچېچەك ۋە پىننىنى قايىنىتىپ سىركەنجۋىل ئارىلاشتۇرۇپ ئىسسىق پېتى ئىچكۈزۈلىدۇ. جىمى ھايۋانلار جۇملىدىن توشقاننىڭ ئوغۇزسۈتى ئۇيۇپ قالغان قان، ئۇيۇپ قالغان سۈتنى ئېرىتىش ئۇچۇن ناھايىتى مەنپەئەتلىك، توشقان ئوغۇزسۈتىنىڭ ئالاھىدىلىكى سۈيۇق سۈتنى ئۇيۇتىدۇ، ئۇيۇپ قالغان سۈتنى ئېرىتىدۇ.

پايدىلىنىش: كۆپىنچە سۈت ئىمۋاتقان بالىلاردا ئانا سۈتىنىڭ نورماللىسىزلىقى، بالا ئاشقازىنىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن سۈت ئۇيۇپ قالىدۇ. ئۇنى داۋالاشتا ئۇيۇپ قالغان سۈتنى ئېرىتكەندىن كېيىن، مۇشۇ ئانىنىڭ سۈتىنى ئىمىتمەستىن ئۇنىڭ ئورنىغا تۆگىنىڭ، كالىنىڭ ياكى ئۆچكىنىڭ سۈتىنى ئېمىتىش ھەمدە بۇ ھايۋانلارنى سۈزاپ ھەم بەرەنجاس بىلەن بېقىپ، ئۇلارنىڭ سۈتىنى ئېمىتسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەگەر ئانىنىڭ سۈتىدىن ئايرىغىلى بولمىسا، ئانىغا سۈپەتلىك غىزالارنى بېرىش، ئارىلاپ تەرياق پاروق (تەركىبى ۋە تەييارلىنىشى كىتابنىڭ ئاخىرىدا سۆزلەندى) بېرىپ تۇرۇپ ئېمىتسە، بالىغىمۇ ئاز مىقداردا تەرياق فارۇق بەرسە بولىدۇ. بالىنىڭ قورسىقىنى سۈتكە بەك تويغۇزۇۋەتمەسلىك ھەمدە سۈت ئېمىپ بولغاندىن كېيىن قورسىقى يېنىك سىلاپ بېرىلسە بولىدۇ. قۇرۇق پىننىدىن 18g نى ئىستېمال قىلىپ بەرسە، ئۇيۇپ قالغان سۈتنى تېزلا ئېرىتىدۇ.

## ھېق تۇتۇش

بۇ ئاشقازان ئىچكىرى قەۋىتىدىكى توقۇلمىلارنىڭ بىردىنلا قىسقىراپ كېڭىيىش ھەرىكىتىنىڭ نامى بولۇپ، تۇتقاندا بىمار ھېقىلداپ قالىدۇ.

ئەگەر ھېچ تۈتۈش تاماقنى كۆپ يېيىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، تاماق يېگەندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ داۋاسى تېزدىن ئىسسىق سۇ ئىچكۈزۈپ، غىزانى قۇسۇق ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش ھەمدە ھەزىمنى كۈچلەندۈرۈش كېرەك. ئۇندىن باشقا لاچىندانە ۋە پىننىنى چايناپ بېرىش بىلەنمۇ ھېچ تۈتۈش توختاپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەگەر يەلنىڭ سەۋەبىدىن ھېچ تۈتۈش بولغان بولسا، ھەزىمنى بۇزىدىغان يەل پەيدا قىلىدىغان غىزالارنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن ھېچ تۈتۈش بولىدۇ. بۇخىل ھېچ تۈتۈش كۆپرەك بالىلاردا كۆرۈلىدۇ. داۋالاشتا يەل تارقاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى بىرەر ئۆتكۈر خىلىتنىڭ تەسىرى ياكى ئۆتكۈر دورىنى ئىستېمال قىلغانلىقتىن بولغان بولسا، بۇنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن سىركەنجۇبىلگە ئىلمان سۇ قوشۇپ، قۇستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاشقازاننىڭ مىزاجىنى تەڭشەش ئۈچۈن، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك لوئابلىق دورىلار (مەسىلەن: بىنەپشە، ئىسپىغۇل...)نىڭ تاتلىقىنى چىقىرىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە قايناقسۇغا بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ يۇتتۇم — يۇتتۇملاپ ئىچكۈزۈش ۋە غىزاسىغا قايماق بېرىش ناھايىتى تېز ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئەگەر بەلغەمى ھۆللۈكنىڭ ئاشقازان يۈزىگە چاپلىشىۋالغانلىقىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى ئاشقازانغا سۇ تولۇۋالغان بولىدۇ. ھەزىم بۇزۇلىدۇ، ئاچچىق كېكىرىش بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا ھەببى ئايارەج بېرىپ بەلغەم خىلىتى تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئەگەر سوغۇقتىن ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇش كېسەلىگە سەۋەب بولغان بولسا، سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى روشەن ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. بۇنى داۋالاشتا يەيدىغان، ئىچىدىغان ۋە سىرتىدىن چاپىدىغان دورىلار بىلەن ئاشقازانغا ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ھېچ تۈتۈشنىڭ يەل ۋە بەلغەمى ھۆللۈكنىڭ سەۋەبىدىن بولىدىغان يەنە بىرقىسمى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى داۋالاشتا نەپەسنى ۋاقتىنچە بوغۇپ بېرىش (بىرنەچچە سېكۇنت تىنماي تۇرۇش) ھەممىدىن ياخشى داۋالاش تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاچچىقلىنىش، ھەرىكەت قىلدۇرۇش، چۈشكۈرۈكنى توختىتىۋېلىش ۋە باشقا تەدبىرلەردە روھنىڭ

ئىچكى قىسمىدا ھەرىكەت پەيدا بولۇپ ھېق تۇتۇش پەسىيىدۇ.

ئەگەر ھېق تۇتۇش جىگەر ياكى ئاشقازاننىڭ ياللۇغى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى ۋە داۋاسىنى جىگەر ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرى بابىدىن ئىزدىسە بولىدۇ.

پايدىلىنىش: كۆپ ساندىكى ھېق تۇتۇشلاردا چۆشكۈرۈك كەلتۈرۈش پايدىلىق. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پىننە سۈيىنى ئاچچىق ئانار سۈيىگە قوشۇپ ئىچكۈزۈش، سوغۇق سۇنى كۆپرەك ئىچىش، پىندۇق (كەشمىر بادىمى) نى گېلىغا ئېسىپ قويۇش، قورقۇتۇش ۋە دارچىن، مەستىكىلەرنىڭ قايندىلمىسىنى ئىچكۈزۈشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر.

## ئاشقازاننىڭ تەتۈر قىسقىرىشى

بۇ كېسەلدە بىمار ئازراق لوقما يېسە ھەزىم بولمايلا قۇسۇق ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ، بۇ ئاشقازانغا تۇتاشقان 12 بارماق ئۈچەينىڭ غىدىقلىنىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى يېمەكلىكلەر ھەزىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن مۇشۇ ئۈچەي تەرەپكە ئاقسا، بەدەننىڭ «تەبىئەت كۈچى» ئۈچەينى جىددىي غىدىقلاپ، ئۈچەينى قىسقارتىپ تەتۈر قىسقىراش ھەرىكىتىنى پەيدا قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى قۇسۇش ئارقىلىق يوقىتىدۇ. بۇنى داۋالاش ئۈچەي غىدىقلىنىش (ياللۇغلىنىش)نى داۋالاش بىلەن ئوخشاش (ئۆز جايىغا قارالسۇن).

## ئاشقازاننىڭ بىئارام بولۇشى

بۇ كېسەلدە ئاشقازاندا بىئاراملىق بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن بىمار گويا قوۋاسىنىڭ ئۈستىدە سەكرەۋاتقاندەك قاتتىق بىئارام بولۇپ، تىنىم تاپالمايدۇ.

بۇ كېسەلنى «ئاشقازاننىڭ قوزغىلىشى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

داۋالاش: قايسى خىلت بۇ كېسەلگە سەۋەب بولغان بولسا شۇ خىلتنى تەنقىيە قىلىش (يەنى بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى ئىككى خىل بولۇپ، سەپرا خاراكتېرلىك ئىسسىق ماددىنىڭ ئاشقازاندا توغۇلۇشىدىن، يەنە بىرى سوغۇق تەبىئەتلىك غىدىقلىغۇچى نەرسىلەر مەسىلەن: تۇزلۇق، چۈچمەل، قېرىق ۋە ئۇفۇنەتلىك (پۇرلۇفان) ماددىنىڭ ئاشقازاندا تۇغۇلىشىدىن كې-

لىپ چىقىدۇ. ئاۋۋالقى سەۋەبتىن بولغىنىنى داۋالاشتا ئىلمان سۇغا سىركەن-جۇل ئارلاشتۇرۇپ قۇستۇرۇپ، ئاشقازاننى تازىلىغاندىن كېيىن قورۇلغان ئارپا، تاباشىر ۋە ئامىلە ھەم مۇۋاپىق مىقداردىكى شېكەر بىلەن سوقۇپ تەييارلاپ بېرىلىدۇ. سەندەل، كاپۇر، قاپاقنىڭ پوستى قاتارلىقلارنى قىزىل-گۈل ئەرەقىدە ئېزىپ، ئاشقازان ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ. كېيىنكى سەۋەبتىن بولغىنىدا سىركەنجۇل ھەسەلىگە سېرىقچېچەك قاينىتىلمىسىنى قوشۇپ ئىچكۈزۈش، ماددىنى تارقىتىش مەقسىتىدە بادىيانىنىڭ سۈيىنى ئەفسەنتىن شەربىتىگە قوشۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك.

## ئاشقازاننىڭ تىترىشى

بۇ كېسەلدىمۇ يۈرەك قوزغىلىشقا ئوخشاش ئاشقازاندا تىترەش ھەرى-كىتى يۈز بېرىدۇ.

داۋالاش: كېسەل پەيدا قىلغان خىلتنى ئىنىقلاپ، ئۇنىڭغا قارىتا مۇنزىج، مۇسھىل بېرىپ، كېسەللىك ماددىسىنى تەنقىيە قىلىش، ئەگەر ئىسسىقلىق بۇ كېسەلگە سەۋەب بولغان بولسا، ئۇنى كېمەيتىش كېرەك.

## ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ ئاغرىقى

بۇ ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا پەيدا بولىدىغان ناھايىتى قاتتىق ئاغرىش بولۇپ، بۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغان بىمارنىڭ قول- پۇتى سوۋۇپ كېتىدۇ، ئايلىنىپ قالىدۇ.

داۋالاش: ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

## ئاشقازاننىڭ كۆيۈشى

ئەگەر ئاشقازاننىڭ كۆيۈشى پېترىنان، پىشمىغان مېۋىلەرنى ئىستې-مال قىلغانلىق سەۋەبتىن بولغان بولسا ياكى ئاشقازاندا خام ھۆللۈكنىڭ تۇرۇپ قالغانلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى كېسەل بولۇشتىن ئىلگىرى سىگىش تەس، ھۆللىكى ئارتۇق يېمەكلىكلەرنى ئىستې-مال قىلغانلىق تارىخى بولىدۇ. يېنىك دەرىجىدە ئۇسسۇزلۇق بولىدۇ. ئەگەر

ئاشقازان كۆيۈشش تالدىن سەۋدانىڭ قۇيۇلغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، قورساق ئاچ چاغدا كۆيۈشش زىيادە بولىدۇ، ياغلىق غىزالارنى ئىستېمال قىلغاندا بېسىقىپ قالىدۇ.

داۋالاش: سىگىش تەس، ھۆللۈكى يۇقىرى غىزالارنى ئىستېمال قىلـ-غانلىق سەۋەبتىن ئاشقازان ئېچىشقان بولسا، قۇستۇرۇش يەنى سېرىقچىچەك ۋە تۇرۇپنىڭ سۈيىگە ھەسەل ۋە تۇز ئارلاشتۇرۇپ، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى بېرىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىمەك كېرەك.

ئەگەر سەۋدا خىلتىنىڭ (ئاشقازان كىرىش كېغىزىغا) قۇيۇلۇشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، سول تەرەپتىن ئۇسەيلىم ياكى باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن ھېلىلە مۇراببىاسى ۋە سىركەنجىۋىل بۇزۇرى بېرىلىدۇ.

## ئاشقازان تۆۋەنلەش

بۇ كېسەل ئىككى خىل بولۇپ، بىرى كېسەل ئاشقازاننىڭ ئۆزىدە بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالامىتى ھەزىم بۇزۇلىدۇ، كۆكرەك پۈلتايغان بولىدۇ. ئىككىنچىسى، ئاشقازاننى باشقا ئەزالار بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تارد-مۇشلار بوشىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى قايسى تەرەپتىكى تارىمۇش بوشىشىپ كەتكەن بولسا، ئاشقازان قارشى تەرەپكە ئېگىلگەن بولىدۇ (خۇددى ئاشقازان چىدىرغا ئوخشاش تۆت تەرەپتىن تارىمۇشلار بىلەن باغلانغان بولىدۇ. شۇنداقلا ئاشقازاننىڭ بىر تەرىپى تۆش سۆگىكى بىلەن، ئىككىنچى تەرىپى بەل ئومۇرتقىسى بىلەن، ئۈچىنچى ئۇڭ تەرەپ، تۆتىنچىسى ئاشقازان تارىموش ئارقىلىق باغلىنىپ تۇرىدۇ. ئاشقازان قايسى تەرەپكە ئېگىلگەن بولسا، شۇ تەرەپتە ئېغىرلىق سېزىمى بولىدۇ.

داۋالاش: ئىستىرخا ۋە پالەچنى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ، سىگىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ. خۇش پۇراق قابىز دورىلار (مەسىلەن، لاچىندانە، قاقىلە، زەرنەپ، سۈنبۇل قاتارلىقلار) ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «ئاشقازان» توقۇلمىسىنىڭ بوشاپ كېتىشىنى داۋالاشتا بايان قىلىنغان دورىلار بۇ كېسەلگە بېرىلسە ياخشى مەنپەئەت بېرىدۇ.

## ئاشقازان توقۇلمىسىنىڭ بوشاپ كېتىشى

بۇ ئاشقازاننىڭ ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدىكى ئىستىراخاسى بولۇپ، ئاشقازاننىڭ ھەربىر بۆلىكىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ ئاشقازان كېسەللىكلىرى ئىچىدىكى ئەڭ يامان كېسەلدۇر.

ئالامىتى: ئاشقازاننىڭ ھەزىم خىزمىتى پۈتۈنلەي يوقالغان بولىدۇ، مەيلى قانداقلا يېمىشاق، ئاسان سىڭىدىغان غىزا يېيىلمىسۇن، ئاشقازاندا قەتئىي ھەزىم بولمايدۇ، ئېغىر دەرىجىدە قەۋزىيەت بولىدۇ، ئاشقازان ياللۇغى ياكى ئاشقازان مىزاجى بۇزۇلۇشىنىڭ ھېچقانداق ئالامىتى تېپىلمايدۇ.

داۋالاش: جاۋارىش ئۇد (تەركىبى كىتابنىڭ ئاخىرىدىن كۆرۈلسۇن) نى ئىچىدىن بىرىپ مەستىكى يېغى (تەركىبى، تەييارلىنىشى كىتابنىڭ ئاخىرىدا سۆزلەندى) بىلەن ئاشقازان ساھەسى ياغلىنىدۇ. كەكلىك ۋە تۇرۇلغا گۆشلىرى بېرىلىدۇ. توخۇ تاشلىقىنىڭ تاشقى پوستىنى سوقۇپ تاسقاپ بېرىشمۇ مەنپەئەتلىك.

## ئاشقازاننىڭ تارتىشىپ قېلىشى

ئەگەر تارتىشىش خاس ئاشقازاننىڭ ئۆزىدە بولسا، ھەزىم بۇزۇلىدۇ، ئەگەر ئاشقازان تارىموشلىرىدىن بەل تارىموشى تارتىشىپ قالغان بولسا، ئوزۇقلۇقلار ئاشقازانغا كىرىپلا ئۇچەي تەرەپكە كېتىپ قالىدۇ، بىمار ئوڭ ياكى سول تەرەپكە ئېگىلىپ قالىدۇ. ئەگەر تۆشكە تۇتاشقان تارىموشى تارتىشىپ قالسا، بىمار قورساق تەرەپكە ئېگىلىپ قالىدۇ، بەلنى رۇسلىغىلى بولمايدۇ.

داۋالاش: ماددىنىڭ تولۇپ قېلىشىدىن بولغانمۇ ياكى ئىستىفراغنىڭ كۆپلىكىدىن بولغانمۇ ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرىنى ئوبدان تەھقىقلەپ، ئاندىن كېيىن تەشەننۇجنى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

## ئاشقازاننىڭ قېتىۋېلىشى

ئاشقازاننىڭ قېتىۋېلىشى كۆپىنچە ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا كۆرۈلىدۇ. چۈنكى بۇنى قول بىلەن سىلاپ بىلگىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇ كېسەلنى

تونۇش ئۈچۈن باشقا ئالامەتلەرنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئەگەر بۇ قاتتىقلىق ئېغىر بولغاندا قاراپمۇ بايقىغىلى بولىدۇ. بۇ كېسەلدە ئاشقازان توقۇلمىسى بۇزۇلغان بولىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر بىماردا ئىسسىقلىق ئالامەتلىرى تېپىلسا (مەسىلەن: ئۇسسۇزلۇق بولسا، سۈيدۈكنىڭ رەڭگى سېرىق بولسا) باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. ئاق مومنى گۈل يېغى ۋە بىنەپشە يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇن ياغلىنىدۇ ھەمدە گۆشتىن چەكلىنىدۇ. ئەگەر بەدەندە سوغۇقلۇق ئالامەتلىرى تېپىلسا (تىلدا ئاق ياكى كۆل رەڭ گەز بولۇش، سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق ياكى توپارەڭ بولۇش، ئۇسسۇزلۇق بولماسلىق) بابۇنە، سۈنبۇل، بىنەپشە، ئىزخىر، شۈمشا، موتەك، ئاچچىق بادام مېغىزى، توخۇ يېغى قاتارلىقلاردىن زىمات تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىلىدۇ. قويۇق خىلىتلارنى تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە بولغان دورىلار ئىچىشكە بېرىلىسمۇ ياكى كلىزما قىلىشقا بېرىلىسمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھۆللۈك يەتكۈزۈشكىمۇ يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

پايدىلىنىش: بەزى ۋاقىتلاردا تال قاتقان سەۋەبتىن قوشنا بولغان ئاشقازان توقۇلمىلىرىدا قاتتىقلىق پەيدا بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا تال قېتىشنى داۋالاش چارىسى قوللىنىلسا بولىدۇ.

## قورساق موسكۇلىنىڭ قاتتىقلىشىشى

ئاشقازان ئۈدۈلىدا ئۆزۈنىسىغا سوزۇلغان قاتتىقلىق بىلىنىدۇ. قاتقان ئورۇن خۇددى چاشقاننىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش بىر تەرىپى توم، يەنە بىر تەرىپى ئىنچىكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ كېسەلدە ئاشقازاندا بىرەر نورمالسىزلىق بولمىغاچقا، ئاشقازاننىڭ بارلىق خىزمىتى ساق سالامەت بولغان بولىدۇ.

داۋالاش: ئىسسىقتىن ياكى سوغۇقتىن بولغىنىنى ئايرىپ مۇناسىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ (يەنى ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلغان بولسا، تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن شاھتەررە، تەمرى ھىندى، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن قاتارلىقلاردىن قاينىتىلما تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە قۇرۇق بىنەپشە، قىزىلگۈل، بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئاق مۇم، بادام يېغى

قاتارلىقلاردىن قىروتى تەييارلاپ يەرلىك ئورۇن ياغلىنىدۇ. زۆرۈر تېپىلسا باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. ئەگەر سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلغان بولسا، قويۇق خىلىتلارنى چىقىرىش تەسىرىگە ئىگە بولغان دورىلار، مەتبۇخى ئەفتىمۇنغا ئوخشاش دورىلار بېرىلىدۇ. ئۇشەق، مۇقەل، كۆيدۈرۈلگەن كاللەك سەي يىلتىزى، قوندۇز قەھرى، زەپەر قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق ئېلىپ شۇمشا سۈيى ياكى زەيتۇن يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ مەلھەم تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا چاپلىنىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئاشقازان قېتىشنى داۋالاشتىكى تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

## ئاشقازان مەنبەلىك ئىچى سۈرۈش ۋە تولغاقلىق ئىچى سۈرۈش

بەزى تېۋىپلارنىڭ قارىشىچە، يۇقىرىقى ئىككى ئاتالغۇ مەنىداش ئاتالغۇلار بولۇپ، ئاشقازان خىزمىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ھەر ئىككىسىدە ئىچى سۈرۈش بولىدۇ.

ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش بۇ كېسەلگە سەۋەب بولغان بولسا، مەيلى مىزاجنىڭ ماددىسىز بۇزۇلۇشى بولسۇن، مەيلى ماددىلىق بۇزۇلۇشى بولسۇن، ئۇنىڭ سەۋەبى ۋە ئالامەتلىرى «ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى»دا بايان قىلىنىپ ئۆتتى، سەۋەبكە مۇۋاپىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. ئەگەر ئاشقازانغا مۇدۇر چىققان ياكى ئاشقازاندا يارا پەيدا بولغان سەۋەبتىن بۇ كېسەل كېلىپ چىققان بولسا، ئۇلارمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى، بۇ تۈرگە سۇپۇپى زەلەقۇل ئەمئا بەسۇرى ۋە سۇپۇپى ھەببى رۇممان ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر (بۇلارنىڭ تەركىبى ۋە تەييارلىنىشى كىتابنىڭ ئاخىرىدا سۆزلەندى)، ئەگەر مېڭىنىڭ نەزلىسى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇ «مېڭە مەنبەلىك ئىچى سۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى ناھايىتى ئۇزۇن، ئوخلىغاندىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچى سۈرۈش بولىدۇ. ئاندىن كېيىن بىر مەزگىل توختاپ قالىدۇ. بۇنى داۋالاشتا باشقا كېسەللىكلەردىن نەزلىنى داۋالاشتا تونۇشتۇرۇلىدىغان دورىلار بىلەن سەۋەبكە مۇۋاپىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ خىل ئىچى سۈرۈش (يەنى مېڭە مەنبەلىك ئىچى سۈرۈش)نى ھەرگىز توختاتماسلىق لازىم. بەلكى پۈتۈن نىشانىنى مېڭىنى كۈچلەندۈرۈش، نەزلىنى پەسەيتىش تەرىپىگە قارىتىش لازىم.

ئەگەر سۈپىتى ئۆزگەرگەن يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن ئىچى سۈرۈش بولغان بولسا، سۈپەتلىك غىزالار بىلەن غىزالاندۇرۇش ۋە ھەزىمنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئەگەر ئىچى سۈرۈش قان تومۇرلارنىڭ خىلىتلار (خام) بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى بىماردا گەرچە ئىچى سۈرۈش بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ سېمىز، پور قۇۋۋەت ھالدا يۈرىدۇ، ئىچى سۈيۈلىدۇ. بۇنى داۋالاشتا قان ئېلىنىدۇ، بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە بەدەننى ئۇۋۇلاپ بېرىش ھەمدە مۇنچىدا تەرلىتىش ۋە روزا تۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەل جىگەر زەئىپلىكى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى بىمارنىڭ بەدىنى كۈندىن كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىدۇ، ئاق ياكى كۆكۈش ئىچ سۈرىدۇ. بۇنى داۋالاشتا ئىچىدىن يەيدىغان، سىرتىدىن چاپىدىغان دورىلار ئارقىلىق جىگەرنى قۇۋۋەتلەش بىلەن بىرگە ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈش لازىم. بۇ مەقسەتتە جاۋارىش مەستىكى ئىشلىتىلسە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

پايدىلىنىش: كەيلۇس (ئاشقازان ۋە ئۈچەيدە ھەزىم بولۇپ ئۇماچ ھالىتىگە كەلگەن يېمەكلىك بوتقىسى) ئەگەر ئاشقازاندىن جىگەرگە بارالمىسا، ئاق رەڭلىك ئىچى سۈرۈش بولىدۇ. ئەگەر ماسارىقا تومۇرلىرىغا ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلسە، كۆكۈش ئىچى سۈرۈش بولىدۇ.

ئاشقازان مەنبەلىك ئىچى سۈرۈشنىڭ يەنە بىرى بولۇپ، «تۇتقاقلىق ئىچى سۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا بەلگىلىك ۋاقىتتا تۇتقاقلىق ئىچى سۈرۈش بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى باشقا ئەزالاردىن ئاشقازانغا ماددىنىڭ قۇيۇلغانلىقىدىن ئىچى سۈرىدۇ. ئىچى سۈرگىنىنىڭ رەڭگىدىن قايسى خىلىتتىن بولغانلىقىنى، قايسى ئەزادىن قۇيۇلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ (مەسىلەن: ئىچى سۈرۈش تۇتقاقلىق قىزىش بىلەن بىرگە بولسا ۋە رەڭگى سېرىق بولسا، سەپرا خىلىتىنىڭ غالىبلىقىدىن، 4 كۈندە بىر قىزىپ، ئىچى سۈرىكى

قارا راڭدە كەلسە، سەۋدا خىلىتىنىڭ غالىبلىقىدىن، كۆندە بىر قىزىپ ئاق رەڭدە كەلسە، بەلغەم خىلتى غالىبلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ) . بۇخىل ئىچى سۈرۈكنىڭ ئالامىتى ماددا قايسى ئەزادىن قوزغالغان بولسا، شۇ ئەزادا ئاغرىش بولىدۇ. ئاغرىش ئىچى سۈرۈپ بولغاندىن كېيىن پەسىيىپ قالىدۇ. بۇنى داۋالاشتا قايسى غالىب بولغان بولسا، شۇ خىلىتىنىڭ مۇنزىج ۋە مۇسھىلنى بېرىپ، كېسەللىك ماددىسى تەنقىيە قىلىنسا بولىدۇ.

ئاشقازان مەنبەلىك ئىچى سۈرۈشنىڭ يەنەبىر تۈرى بولۇپ، ماسارىقا (ئۈچەيدىن جىگەرگە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى توشۇيدىغان كۆك قان تومۇر-لار)دا توسۇلۇش بولغان سەۋەبتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئالامىتى جىگەرنىڭ توسۇلۇش (سۇددىسى)دىكى ئالامەتلەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇنى داۋالاش جىگەرنىڭ توسالغۇسىنى ئېچىشتا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

ئاشقازان مەنبەلىك ئىچى سۈرۈشنىڭ يەنە بىرتۈرى بولۇپ، ئۇ ئاشقازان تۈۋرۈكلىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا ئاشقا-زان تۈۋرۈكلىرى يوقىلىپ كەتكەن بولغاچقا، غىزانىڭ ئاشقازاندا ۋاقىتلىق تۇرالمىغانلىقىدىن بۇنى بايقىغىلى بولىدۇ. ئاشقازان تۈۋرۈكلىرى نابۇت قى-لىشچانلىقى يۇقىرى بولغان خىلتلارنىڭ تەسىرى ياكى ئاشقازاننىڭ ئىس-سىقتىن بولغان ياللۇغى ئىسسىق تەبىئەتلىك زەھەرلەرنى ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن يوقىلىپ كېتىدۇ.

داۋالاش: كېسەللىك سەۋەبىنى يوقاتقاندىن كېيىن سۇماق، قىزىلگۈل چېچىكى (زەراۋەرندە)، تاباشىر، پوپەل، سەندەل، ئانار پوستى، ھۆزۈرى مەككى قاتارلىق دورىلارنى يومشاق سوقۇپ تاسقاپ، بېھى سۈيى ياكى ئۈزۈم دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ. قورۇلغان ئارپا تالقىنى، ئالما، بادام يېغى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، غىزاسىغا كەكلىك، پاختەك گۆشلىرى بېرىلىدۇ. تاماق يەپ بولۇپ خېلى ئۇزاققىچە ئۇڭ تەرەپنى بېسىپ يېتىشقا بۇيرۇلىدۇ. مۇتلەق ھەرىكەت قىلدۇرۇلمايدۇ. بەزى تېۋىپلارنىڭ قارىشىچە، توم نان ۋە سۈت بىلەن غىزا تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان تۈۋرۈكىنى ئۇندۇرىدىكەن. ئەگەر سۈرگە دورىسى

ئىشلەتكەن سەۋەبتىن بۇ كېسەل كېلىپ چىققان بولسا، بۇنى داۋالاشتا مۇناسىپ تەدبىرلەر ئارقىلىق ئىچى سۇرۇشنى پەسەيتىش، قېتىقتىن دوغاپ تەييارلاپ ئىچكۈزۈش ناھايىتى تېز مەنپەئەت قىلىدۇ.

## ئاشقازاننىڭ كىچىكلەپ كېتىشى

ئەگەر ئاشقازان تۇغما كىچىك بولغان بولسا، دەسلەپتىن تارتىپ قانچە سىڭىشلىك يۇمشاق غىزا بولسۇن، كۆپرەك ئىستېمال قىلسا سىڭمەي، زەرەر قىلغانلىق تارىخى بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا بۇنداق كىشىلەرگە مىقدارى ئاز، ئەمما ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان غىزالار بېرىلىدۇ. ئەگەر ئاشقازان-نىڭ تارتىشىپ قېلىشى ياكى ياللۇغلىنىشى سەۋەبىدىن كىچىكلەپ قالغان بولسا، شۇ كېسەللەرنى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

# ئون تۆتىنچى باب   جىگەر كېسەللىكلىرى

## جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى

جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى مەيلى ماددىسىز بولسۇن، مەيلى ماددىلىق بولسۇن، ھەرقايسىسىدا جىگەر ساھەسىدە يېقىمسىزلىق بولۇش بىلەن بىرگە ھەربىر مىزاج بۇزۇلۇشقا خاس بولغان ئالامەتلەر تېپىلىدۇ مەسىلەن: جىگەر مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدا ئۇسسۇزلۇق كۆپ، تىلى قۇرۇق (قۇرغاق) ، ئىشتىھاسى كەم بولىدۇ، قەۋزىيەت بولىدۇ، تومۇرى تېز بولىدۇ. سۈيدۈكنىڭ رەڭگى قىزىل، جىگەرنىڭ ئۇدۇلى قىزىق بىلىنىدۇ. قان خىلىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغىنىدا پۇت ـ قولدا ئېغىرلىق، ئېغىز تەمىنىڭ تاتلىق بولۇش ئالامەتلىرى بولىدۇ. ئەگەر سەپرا خىلىتىدىن بولغان بولسا، بەدەننىڭ رەڭگى سېرىق بولىدۇ، سەپرالىق قۇسۇش ۋە سەپرالىق ئىچى سۈرۈش بولىدۇ. سوغۇقتىن بۇزۇلغاندا سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق، بەدەنلىرى ئېسىلگەن، جىگەر ساھەسىدە ئېغىرلىق، ئۇسسۇزلۇق كەم بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر بولىدۇ. ئەگەر بەلغەم خىلىتىدىن بۇزۇلغان بولسا، سۈيدۈكى نىسبەتەن قويۇق، بەدىنى سوغۇق، بەلغەملىك قۇسۇش ئالامەتلىرى بولىدۇ. جىگەر مىزاجى قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلغان بولسا، بەدەننىڭ تېرىلىرى، ئېغىزى ۋە تىلى قۇرۇپ كەتكەن بولىدۇ. ئەگەر سەۋدا خىلىتىدىن بولغان بىماردا قورقۇنچاقلىق، خىيالپەرەسلىك بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا كېسەللىك سەۋەبىچىسىنى يوقىتىش كېرەك. لېكىن شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش كېرەككى، جىگەر مىزاجى بۇزۇلۇشىنىڭ ھەممە قىسىملىرىدا (مەيلى ئىسسىقتىن بولسۇن، مەيلى سوغۇقتىن بولسۇن) كاسىنە ناھايىتى شىپالىق دورىدۇر، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ. زۆرۈرىيىتى بولغان ئەھۋالدا كاسىنەنى خىيار شەنبەر ئېتى بىلەن قوشۇپ بېرىلسە، جىگەر مىزاجىنىڭ ماددىلىق بۇزۇلۇشى ئۈچۈن ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

بۇ يەردە جىگەر كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا مەخسۇس ئىشلىتىدىغان ئىسسىق، سوغۇق دورىلار يېزىلدى. كېسەللىك سەۋەبى ھەم قەۋزىيەتلىكنى بوشىتىشنى چىقىش قىلىپ ئېھتىياجغا مۇۋاپىق ئېلىپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

سوغۇق دورىلار: كاسىنە سۈيى، ئانار سۈيى (ناخوش ياكى ئاچچىق ئانار)، سەندەل شەربىتى، سىركەنجۇبىل، زىخىنىڭ سۈيى، قېتىق سۈزمىسى، ئىسپۇل لۇئابى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دورىلار، بۇ دورىلارنى ئايرىم ياكى بىر قانچىسى قوشۇپ بېرىلسە بولىدۇ. ئەگەر ئىچى سۈرۈۋاتقان بولسا، قۇرسى تاباشىر قابىزنى (تەركىبى ۋە تەييارلىنىشى كىتابنىڭ ئاخىرىدا)، رۇببىسى، ئالما رۇببىسى، جۇملىدىن پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش ناھايىتى مەنپەئەتلىك. ئەگەر بىماردا قەۋزىيەت بولسا، ھېلىلە ۋە خىيارشەنبەر ئېتى قايىنىتىلمىسى بېرىش مەنپەئەتلىكتۇر.

جىگەر مىزاجىنىڭ قان خىلىتىدىن بۇزۇلۇشىدا ھەرقانداق تەدبىر قوللىنىشتىن ئىلگىرى قان ئېلىشتىن چەكلەيدىغان بىرەر توسالغۇ بولمىسا، باسلىق ياكى ئەبتى تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. جىگەر مىزاجىنىڭ سەپرا خىلىتىدىن بۇزۇلۇشى كۈچەپ سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش، ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسە قان ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. سوغۇق دورىلارنى (مەسىلەن، كۆك قاپاق[1] ئۇساربىسى، تەرخەمەك، ئارپا ئۇنى، سەندەل، قىزىلگۈل، يۇمغاقسۇتنى جىگەر ساھەسىگە زىمات قىلىش بىلەن جىگەرنىڭ قىزىقلىقى (ھارارىتىنى) پەسەيتكىلى بولىدۇ. لېكىن جىگەر مىزاجىنىڭ ماددىلىق بۇزۇلۇشىدا جىگەردە سۇددە پەيدا بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جىگەر ساھەسىگە زىمات چېپىشتىن ساقلىنىش لازىم.

ئىسسىق دورىلار: بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، ھەسەل بىلەن سېلىنغان گۈلقەنت، ئاساناسىيا، داۋائىل كۆركۈم (بۇ ئىككى دورىنىڭ تەركىبى كىتابىمىزنىڭ ئاخىرىدا تونۇشتۇرۇلدى) ۋە باشقا دورىلار.

بەلغەم خىلىتىنى تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن، مائۇل ئۇسۇل، ھەببى سەبرى (تەركىبى ۋە تەييارلىنىشى كىتابىنىڭ ئاخىرىدا سۆزلەندى) ئىشلە-

---

① ئۇ سارى — «دورىلارنى يېتەرلىك سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئۆزلۈكسىز قايىنتىپ ئىرىپنى سۈزۈۋېتىپ، يەنە قايىنىتىپ ياكى يالدۇرۇپ، تۇماچتەك ئۇيۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

تىش مەنپەئەتلىكتۇر. زۇپا قايىنتىلمىسىنى داۋائىل كۆركۇمدىن 4g بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىشمۇ جىگەرگە ئىسسىقلىق يەتكۈزۈپ، جىگەرنى قۇۋ-ۋەتلەشتە ئۈزىگە خاس تەسىرگە ئىگە، مۇشۇ مەقسەتتە يەنە ماددەتۇلھايات، ئىترىفىل كەبىر (كىتابىنىڭ ئاخىرىدا سۆزلەندى) قاتارلىقلار بېرىلسىمۇ بولىدۇ.

تەنقىيەنى بەك ئاشۇرۇپ قىلماسلىق لازىم، چۈنكى ئاشۇرۇپ تەنقىيە قىلغاندا بىمارنىڭ زىيادە جۇدەپ كېتىشىنىڭ ئەندىشىسى بولىدۇ. ئەگەر بەلغەم خىلتىدىن جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدا ئىچى سۈرۈش قوشۇلۇپ كەلسە رەيھان ئۇرۇقى، ئەرەب يېلىمىنىڭ ھەربىرىدىن 9g ئېلىپ ئىككىسىنى قوشۇپ قىزىلگۈل ئەرەقىدە ئىرىتىپ ئىستېمال قىلىنسا ئىچى سۈرۈشنى پەسەيتىدۇ.

جىگەر مىزاجىنىڭ سەۋدا خىلتىدىن بۇزۇلۇشىدا مەتبۇخى ئەفتىمۇن ياكى ھەببى ئەفتىمۇن (كىتابىنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن)لار بىلەن سەۋدا خىلتى تەنقىيە قىلىنسا بولىدۇ. لېكىن تەنقىيە قىلىشتىن ئىلگىرى بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن مائىل جەبىن (كىتابىنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) ئىچكۈزۈلىدۇ. جىگەر ساھەسىگە ھۆللەشتۈرگۈچى قىيرۇتىلار (بۇ ئومۇمىي قىسىمدا سۆزلەندى)نى چېپىش ناھايىتى مەنپەئەتلىك. لېكىن ھەددىدىن زىيادە ھۆللۈك يەتكۈزۈشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىن قورساقتا سۇ چۈشۈشنىڭ ئەندىشىسى تۇغۇلۇپ قالىدۇ.

ئوزۇقلاندۇرۇش: بىمارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇناسىپ غىزالار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلسا بولىدۇ. ئەگەر كېسەل مۇرەككەپ بولسا، داۋالاشنىمۇ مۇ-رەككەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## جىگەر زەئىپلىكى

جىگەر زەئىپلىكى مەيلى قايسى سەۋەبتىن بولسۇن، ئۇنىڭدا كۆپىنچە چوڭ تەرەت ۋە كىچىك تەرەت گۆش يۇغان سۇنىڭ رەڭگىدە كېلىدۇ. بىمارنىڭ بەدىنى ئورۇق، ئىشتىھاسى كېمەيگەن ياكى پۈتۈنلەي يوقالغان بولىدۇ. ئوڭ تەرەپ بىقىنىدا يېتىم قوۋۇرغىغا قەدەر يېتىپ بارغان تارتىشىش

بىلەن يەڭگىل ئاغرىش سىزىمى بولىدۇ. جۇملىدىن غىزالانغاندىن كېيىن كەيلۇس جىگەر تەرەپكە سۈرۈلگەندە بۇ ئەھۋال تېپىك بولىدۇ. بىمارنىڭ رەڭگى كۆكەمتۇل ياكى ئاقغا مايىل بولىدۇ، بەزىدە سېرىق ياكى جىگەررەڭگە مايىل بولىدۇ.

ھەربىر ئەزادا تۆت كۆچ (قۇۋۋەت) بولۇپ، سۇمۇرۇش كۈچى (قۇۋۋەتى جازىبە)، تۇتۇپ تۇرۇش كۈچى (قۇۋۋەتى ماسىكە)، ھەزىم قىلىش كۈچى (قۇۋۋەتى ھازىمە)، چىقىرىپ تاشلاش كۈچى (قۇۋۋەتى دافىئە) دىن ئىبارەت. تۆۋەندە جىگەردىكى بۇ ھەربىر كۈچنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر تونۇشتۇرۇلدى.

جىگەرنىڭ تارتىش كۈچى (قۇۋۋەتى جازىبە) ئاجىزلاپ قالغاندا چوڭ تەرەت ئاق، يۇمشاق، مىقدارى كۆپ كېلىدۇ، بەدەن ئورۇق بولىدۇ.

جىگەرنىڭ ھەزىم قىلىش كۈچى (قۇۋۋەتى ھازىمە) ئاجىزلاپ قالغاندا بىمارنىڭ مۇسكۇللىرى بوش، چىرايى ئىسسىلىپ قالغاندەك بولۇپ قالىدۇ، چوڭ تەرەت گۆش يۇغان سۇنىڭ رەڭگىدە كېلىدۇ، بىمارنىڭ سۈيدۈكى ئاق بولىدۇ.

جىگەرنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش كۈچى (قۇۋۋەتى ماسىكە) ئاجىزلاپ قالغاندا، جىگەر ئوزۇقلۇق ماددىلارنى ساقلاپ تۇرالمىغان بولغاچقا، ئوزۇقلۇقلار جىگەردە ئۇبدان ھەزىم بولماي قالغاچقا، چوڭ تەرەت ۋە سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق، چوڭ تەرەتنىڭ مىقدارى كۆپ، بىمارنىڭ بەدەنلىرى بوشىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇندىن باشقا، جىگەرنىڭ ھەزىم قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدە بايان قىلىنغان ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈلىدۇ. چۈنكى جىگەرنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش كۈچى ئاجىزلاپ قالسا، ئوزۇقلۇق ماددىلار بەلگىلىك مۇددەتتە جىگەردە تۇختاپ تۇرالمىغان بولغاچقا، ھەزىم قىلىش كۈچى ئوزۇقلۇق ماددىلارغا قارىتا تولۇق ھەزىم قىلىشنى ئېلىپ بارالمايدۇ ـ دە، جىگەرنىڭ ھەزىم كۈچى ئاجىزلاشتا كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر تۇتۇپ تۇرۇش كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەندىمۇ كۆرۈلىدۇ.

جىگەرنىڭ چىقىرىپ تاشلاش كۈچى ئاجىزلاپ قالغاندا، سۈيدۈك ۋە چوڭ تەرەت ئاقۇش، مىقدارى ئاز كېلىدۇ، بىمارنىڭ بەدىنى بوشىشىپ

كەتكەن بولۇپ قەۋزىيەت بولىدۇ. چۈنكى بەزىدە جىگەرنىڭ بىرخىل كۆچى (قۇۋۋىتى)نىڭ بەزى خىزمەتلىرى ياكى مۇتلەق كۆپچىلىك خىزمەتلىرى ئاجىزلاپ قالىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جىگەرنىڭ بىر كۆچى (قۇۋۋىتى) ياكى بىرقانچە كۆچى ئاجىزلاپ قالىدۇ. بۇلارنى مەزكۇر ئالامەتلەردىن ئېنىقلاش مۇمكىن.

ئەگەر جىگەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك كۆچلىرى ئاجىزلاپ قالسا، قان سۇيۇقلۇقىدىن سۇنى ئايرىپ تومۇرلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كۆچمۇ ئاجىزلاپ كەتكەن بولغاچقا، قاندىن سۇ تەركىبىنى ئوبدان ئايرىيالماي، سۇيىدۈكنىڭ رەڭگى دەسلەپتە گۆش يۇغان سۇنىڭ رەڭگىدە، كېيىن قىزىلغا مايىل كېلىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر جىگەر زەئىپلىكىنىڭ سەۋەبى جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ تەدبىرلىرى جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇ-شىدا بايان قىلىنىپ بولدى. ئەگەر جىگەرنىڭ توسۇلۇش، ياللۇغلىنىشى ياكى جىگەرنىڭ يېرىلىشى ۋە باشقا سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇلار تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ.

ئەگەر باشقا ئەزا كېسەللىكىنىڭ شېرىكچىلىكىدە كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا كېسەللەنگەن ئەزاغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە جىگەرنى قۇۋۋەتلەشكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

ھەرھالدا خۇش پۇراق دورىلار ۋە غىزالارنى ئىستېمال قىلىش جىگەر زەئىپلىكىنى داۋالاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جىگەرنىڭ چىقىرىش تاشلا-ش كۆچى ئاجىزلاپ قالغاندا ئۇسەيلىم تومۇردىن قان ئېلىش مەنپەئەتلىك.

## جىگەر تومۇرلىرىنىڭ توسۇلۇشى

بۇ كېسەلدە جىگەرنىڭ بوشلۇقلىرى ۋە قان تومۇرلىرىدا قويۇق چاپلاشقاق خىلتلار (مەسىلەن: قويۇق قان خىلتى، قويۇق سەۋدا خىلتى، قويۇق بەلغەم خىلتى قاتارلىقلار) يىغىلىپ توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ.

كېسەللىك ئالامىتى: قاننىڭ ئىشلىنىشى يېتەرسىز بولۇپ، بەدەننىڭ رەڭگى سېرىق بولىدۇ، گۆش يۇغان سۇنىڭ رەڭگىدە ئىچى سۈرىدۇ، جىگەر

ساھەسىدە ئېغىرلىق بولىدۇ. ئەگەر توسۇلۇش جىگەرنىڭ دۆڭچە قىسمىدا بولسا، جىگەر ساھەسىدە ئېغىرلىق زىيادە بولىدۇ، بىمارنىڭ سۈيدۈكى سۈيۈق، ئاز كېلىدۇ. جىگەرنىڭ ئويمان قىسمىدا بولسا، چوڭ تەرەت سۈيۈق، مىقدارى كۆپ كېلىدۇ.

جىگەر تومۇرلىرىنىڭ توسۇلۇشى بىلەن جىگەر ياللۇغىنىڭ پەرقى تۆۋەندىكىدەك:

جىگەر ياللۇغىدا قىزىتما بولۇپ، جىگەر ساھەسىدە شىددەتلىك ئاغرىش بولىدۇ. جىگەرنىڭ توسۇلۇشىدا ئېغىرلىق زىيادە بولىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر توسۇلۇش جىگەرنىڭ دۆڭچە قىسمىدا بولسا، مىزاجغا مۇۋاپىق سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر (مەسىلەن: ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلغان بولسا، تۈز ۋە ئەگرى تەرخەمەك ئۇرۇقلىرى (تۇخۇمى خيارىي)، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى، پىرسىياۋشان قاتارلىقلارنىڭ تاتلىقىنى ئېلىپ، سىركەنجىۋىل ساددە بىلەن قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئەگەر مىزاج سوغۇقتىن بۇزۇلغان بولسا ئاسارۇن، دارچىن، سېرىق ئوت (ئەفتىمۇن)، كەرەپشە ئورۇقى، رۇم بەدىيان قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، تاتلىقىنى چىقىرىپ، سىركەنجىۋىل ئۇسارى ياكى سىركەنجىۋىل بۇزۇرى بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ ھەمدە جىگەر ساھەسىگە جوئدە (چاڭگاك)، ئەفسەنتىن رۇمى، زىراۋەندە قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا سوقۇپ، كاسىنە كۆكىنىڭ سىقىلغان سۈيى بىلەن زىمات تەييارلاپ چېپىلىدۇ)نى بېرىش، ئەگەر توسۇلۇش جىگەرنىڭ ئويمان قىسمىدا بولسا، مىزاجغا مۇۋاپىق مۇسھىل بېرىش، مۇناسىپ چېپىلمىلارنى جىگەر ساھەسىگە چېپىش ھەمدە ئوزۇقلۇقنىمۇ مىزاجغا رىئايە قىلغان ئاساستا بېرىش كېرەك.

ئەگەر قورۇغۇچى (قابىز) يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغانلىق سەۋەبىدىن جىگەردە توسۇلۇش پەيدا بولغان بولسا، سۈت، شېكەر، ھالۋا، بادام يېغى، سېمىز توخۇنىڭ شورپىسى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىش بىلەنمۇ يوقىلىپ كېتىدۇ. ئەگەر جىگەر قان تومۇرلىرى تۇغما تار بولغان سەۋەبتىن توسۇلۇش پەيدا بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى بالىلىقتىن تارتىپ ئاشكارىلىنىشقا باشلىغان بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا سىڭىش تەس بولغان

غىزالاردىن پەرھىز قىلىپ، ھەممىشە سۇيىدۇك ھەيدىگۈچى دورىلار (مەسىلەن: سىركەنجىۋىل بۇزۇرى مۆتىدىل، سىركەنجىۋىل بۇزۇرى هار قاتارلىقلار) بىمارنىڭ ئەسلى مىزاجىنى چىقىش قىلىپ بېرىلسە بولىدۇ.

## جىگەرگە ئۇزۇقلۇق توشۇغۇچى تومۇرلارنىڭ توسۇلۇشى

بۇ كېسەلنىڭ ئالامىتى: ئاشقازان ۋە قورساقتا، جىگەر ساھەسىدە تارتىشىش ۋە ئېغىرلىق بولىدۇ، ئاشقازان ۋە جىگەردە بىرەر قانداق ئاغرىش سېزىمى بولمايدۇ، لېكىن بىمارنىڭ چوڭ تاھارىتى ئاق ھەم ئارپا ئېشىدەك كېلىدۇ. بىمار ئورۇقلاپ كېتىدۇ. بۇ كېسەلنى داۋالاش جىگەرنىڭ توسۇلۇشىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## جىگەرنىڭ ھاۋالىق كۆپىششى

بۇ كېسەلنىڭ ئالامىتى: ئوڭ قوۋۇرغىلارنىڭ ئاستىدا تارتىشىش بىلەن بىرگە ئاغرىش بولىدۇ، ئېغىرلىق بولمايدۇ ۋە يەنە قىزىتمىمۇ بولمايدۇ، يېمەكلىك ھەزىم بولۇپ بولغاندىن كېيىن كۆپىشىش (ئېسىلىپ ئاغرىش) كۈچىيىپ قالىدۇ.

داۋالاش: جاۋارىش كۇمۇنى ۋە دىنار شەربىتى (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) بېرىلىدۇ. ناشتىدا مۇنچىدا يۇيۇندۇرۇلىدۇ. تۇز بىلەن كۆممىقوناق (گولياڭ)نى خالتىغا چىگىپ، ئىسسىتىپ، جىگەر ساھەسىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق (مەسىلەن، بەلغەم خىلتى غالىب بولسا، جاۋارىش شەھرىيان بىلەن، سەپرا خىلتى غالىب بولسا جاۋارىش سەپەرجىل مۇسھىلى بىلەن، سەۋدا خىلتى غالىپ بولسا، مەتبۇخى ئەفتىمۇن بىلەن سۈرگە بېرىلسە بولىدۇ (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) ياكى سۇيىدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ ھەمدە يەل تارقاتقۇچى غىزالار (مەسىلەن: دورا ــ دەرمەكلەپ پىشۇرغان كاۋاپ، پاقلان گۆشىنىڭ شورپىسىغا زىرە، پىننە سېلىپ تەييارلانغان شورپا) بېرىلىدۇ.

## جىگەر ئاغرىقى

جىگەر ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى، توسۇلۇشى ياكى

جىگەرنىڭ كۆپىشىشى سەۋەبىدىن بولسا، بۇلار يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئەگەر سوغۇق سۇنى دەم تارتىپ ئىچىشتىن بولغان جىگەر ئاغرىقى (شىرقە) بولسا ياكى جىگەر ياللۇغى، جىگەر يىرىڭلىش، ئۆت تېشى، ئۆت قۇمى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، بۇلار ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

## سوغۇق سۇ ئىچىشتىن جىگەر ئاغرىش

ناشتىدا ياكى قاتتىق جىسمانىي ئەمگەكتىن كېيىن ياكى مۇنچىدىن چىقىپلا سوغۇق سۇ ئىچىلسە، سۇ كەيپىيات جەھەتتىن تەڭشەلمەيلا جىگەرگە يېتىپ بارغان بولغاچقا، قاتتىق ئاغرىشنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ كلاسسىك كىتابلاردا «شىرقە» دەپ ئاتىلىدۇ.

داۋالاشتا: رەختنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ، جىگەرگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. سۇنبۇل، مەستەكلەر بىلەن زىمات تەييارلاپ، جىگەر ساھەسىگە چاپلىنىدۇ ھەمدە جىگەر ساھەسىگە ئىسسىق سۇ قۇيۇپ بېرىش تېزدىن ئارام بېرىدۇ (خۇدا خالىسا).

ئەگەر تېۋىپ بۇ كېسەلنى داۋالاشتا خاتالىق سادىر قىلسا، نەتىجىدە قورساقتا سۇ چۈشۈش ياكى جىگەر ياللۇغى كېلىپ چىقىدۇ.

## جىگەر ياللۇغى

جىگەر ياللۇغى قاندىنمۇ، سەپرادىنمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئالامىتى: قىزىش، ئۇسساش، جىگەردە ئېغىرلىق، ئاغرىش، كۆيۈشۈش بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، خىلتقا ئالاقىدار باشقا ئالامەتلەر تېپىلىدۇ. ياللۇغنىڭ جىگەرنىڭ ئويمان قىسمىدا ياكى دۆڭچە قىسمىدا ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش جىگەر توسۇلۇشتا بايان قىلىنىپ بولدى. بۇلاردىن باشقا، جىگەرنىڭ ئويمان قىسمىدىكى ياللۇغدا قۇسۇش، كۆڭلى ئاينىش، قول - پۇتنىڭ سوۋۇپ كېتىش ئالامەتلىرى بولغان بولىدۇ. ئەگەر ياللۇغ جىگەرنىڭ دۆڭچە قىسمىدا بولسا، ئۆتكۈر يۆتەل، دەم سىقىلىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، تۆش سۆڭەك ئاستىدا تارتىشىش، جىگەر ساھەسىدە ھىلال ئاي شەكىللىك ياللۇغنىڭ بولۇشى بۇنىڭ مەخسۇس ئالامىتىدۇر.

داۋالاش: قان خىلتىدىن بولغان جىگەر ياللۇغدا ئالدى بىلەن

باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ھەمدە بىرنەچچە قېتىم قان ئېلىنىۋېتىلىدۇ. قان ئېلىپ بولغاندىن كېيىن كاسىنە سۈيى، يەرلىك شوخلا سۈيى، ئىككى خىل ئانار سۈيى (تاتلىق، ئاچچىق ئانار سۈيى)، قەنتلىك سىركەنجۇبىل قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ياللۇغ جىگەرنىڭ ئويمان قىسمىدا بولسا، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى بەرمەستىن، بەلكى چوڭ تەرەتنى يۇمشاتـقۇچى دورىلاردىن پەقەت مېۋىلەرنىڭ سۈيى ئىشلىتىلسە بولىدۇ. ئەگەر بۇنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىشقا توغرا كەلسە، خىيار شەنبەر ئېتىنى كامىنە تاتلىقى، يەرلىك شوخلىنىڭ سىقىلغان سۈيى بىلەن قوشۇپ بېرىش تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەگەر ياللۇغ جىگەرنىڭ دۆڭچە قىسمىدا بولسا، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. قەۋزىيەت ئاغرىقنى كۈچەيتىپ قويغىنى ئۈچۈن، قەۋزىيەتنى بوشىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. قەۋزىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن، ناھايىتى يېنىك دەرىجىدىكى يۇمشاتقۇچى دورىلار كۇپايە قىلىدۇ. مەسىلەن: بېھى ئۇرۇقىنىڭ لۇئابى، ئىسپىغۇل لۇئابى، ئارپا سۈيى ۋە باشقىلار.

قاندىن بولغان جىگەر ياللۇغىنىڭ دەسلەپىدە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ئىششىق قايتۇرغۇچى 2 خىل خۇسۇسىيەتلىك دورىلارنى قوشۇپ، جىگەر ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ. لېكىن دەسلەپىدە ماددىنى قايتۇرغۇچى، كېسەلنىڭ ئاخىرىدا ئىششىق قايتۇرغۇچى دورىلارنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ. ئارىلىقتىكى مەزگىلدە بولسا، ھەرئىككى خىل خۇسۇسىيەتتىكى دورا باراۋەر مىقداردا بولسا بولىدۇ.

سەپرادىن بولغان جىگەر ياللۇغىدا قان ئالغاندىن باشقا، قان خىلتىدىن بولغان جىگەر ياللۇغىنى داۋالاشتا بايان قىلىنغان داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. ئەمما كېسەلنىڭ باشلىنىشىدا پەقەت ماددىلارنى قايتۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئارپا ئۈنى، سەندەل، قىزىلگۈل ئەرقى، كاسىنە سۈيى، سىركە قاتارلىقلار. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا يۇقىرىقى نۇسخىغا ئازراق كاپۇر قوشۇپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ. ئەگەر جىگەر ياللۇغى بەلغەم خىلتىدىن بولسا، جىگەر ساھەسىدە ئېغىرلىق كۆپ بولىدۇ، قىزىتما بولمايدۇ. ئەگەر ياللۇغنىڭ سەۋەبى شورلۇق بەلغەم خىلتىدىن بولغان

بولسا، بۇ چاغدا بىمارنىڭ چىرايى، تىلى ۋە چوڭ تەرىتىنىڭ رەڭگى ئاق بولىدۇ، ئاغرىش نىسبەتەن كەم بولىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر ياللۇغ جىگەرنىڭ دۆڭچە قىسمىدا بولسا، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار (مەسىلەن: كەرەفشە ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان، بەدىيان، جۇۋىنە، كاسىنە يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ تاتلىقىنى ئېلىپ سىركەنجۇبىل بوزۇرى بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ) بېرىلىدۇ.

ئەگەر ياللۇغ جىگەرنىڭ ئويمان قىسمىدا بولسا قۇرسى ئەفسەنتىن، قۇرسى رەۋەن قاتارلىقلار بىلەن مۇسھىل بېرىلىدۇ، ئاندىن كېيىن مۇناسىپ تەڭشەش تەدبىرلىرى (جىگەرنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەدبىرلىرى) قوللىنىلىدۇ.

م: قىزىلگۈل، رۇم بادىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، ئىزخىر، مەستىكى، سۇنبۇل، ئاسارۇن، زىراۋەندە، لوكى مەغزۇل، ئوردان، زەپەر قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە قۇرس تەييارلاپ مۇۋاپىق مىقداردا بېرىلىدۇ. تەنقىيەدىن كېيىن نوقۇت سۈيى، كەكلىك گۆشىنىڭ شورپىسىغا نۇقۇت، زىرە، دارچىن سېلىپ خۇش پۇراق قىلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر جىگەرنىڭ ياللۇغى سەۋدا خىلتىدىن بولسا، جىگەر ساھەسىدە قاتتىقلىق بولىدۇ.

داۋالاش: سەۋدانىڭ مۇنزىجىنى بېرىپ، ئاندىن كېيىن مەتبۇخ ئەفتىمۇن بىلەن تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، جىگەر ساھەسىگە ئاق موم تەركىبلىك مەلھەملەر چاپلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ماددا پىشىپ قاتتىقلىق يوقاپ، يۇمشاقلىق پەيدا بولسا، سەۋدا خىلتىنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ ھەمدە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ (مەسىلەن: مائۇل ھەسەل ۋە سىركەنجۇبىل بۇزۇرىغا ئوخشاش). ئەگەر مۇۋاپىق كەلسە قان ئالسىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭ مەنپەئەتى ناھايىتى تېز كۆرۈلىدۇ.

بىر پىيالە تۆگە سۈتىنى قەنت بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىچكۈزۈشمۇ ناھايىتى پايدىلىق. ئەگەر جىگەرنىڭ ياللۇغى ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولسا قان ئېلىنىدۇ. گىل ئەرمىنىدىن 3g نى ئېزىپ، ئىسپىغۇل لۇئابى بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، زىراۋەندە، گىل ئەرمىنى، ناماشام گۈلى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى سۇفۇپ قىلىپ ئىستېمال قىلدۇرۇشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر. ئاقلانغان نوقۇت، جۇڭگو رەۋىنى ھەربىرى 10g ، مۇميا 7g، ئېزىپ بىنەپشە يېغى ياكى ئىككىنچى بىر ياغلارغا قوشۇپ يۇغۇرۇپ، جىگەر ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ. باشقا تەدبىرلەر يۇقىرىدا بايان قىلىندى، ئېھتىياجغا مۇۋاپىق ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

## قورساق مۇسكۇلى ياللۇغى

قورساق مۇسكۇلىدا پەيدا بولغان ياللۇغ مەيلى ئۇزۇن، مەيلى كەڭ بولسۇن، ئەمما بىر تەرىپى قېلىن، يەنە بىر تەرىپى نېپىز بولىدۇ، لېكىن ياللۇغنىڭ شەكلى ھەرگىز جىگەر ياللۇغىدەك ئايسىمان شەكىلدە بولمايدۇ، بۇنىڭدىن جىگەر ياللۇغى بىلەن قورساق مۇسكۇلى ياللۇغىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

داۋالاش: قان ئېلىش ۋە مۇسھىل بېرىش، ياللۇغنىڭ دەسلەپىدە پەقەت ماددىلارنى قايتۇرغۇچى (سوغۇق قابىز دورىلار) يەرلىك ئورۇنغا چېپىلىدۇ. ياللۇغ ماددىسىنىڭ قېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ. ياللۇغنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە پەقەت ئىششىق قايتۇرغۇچى چېپىلمىلار يەرلىك ئورۇنغا چېپىلسا بولىدۇ. چۈنكى كېسەل رەئىس ئەزالار (باشقۇرغۇچى ئەزالار — يۈرەك، مېڭە، جىگەر)دە بولمىغاچقا، زىمات چېپىش بىلەن قۇۋۋەتنىڭ تارقاپ كېتىشىدىن قەتئىي ئەندىشە قىلمىسىمۇ بولىدۇ. جىگەرگە چېپىلىدىغان چېپىلمىلار پەقەت ماددىلارنى قايتۇرغۇچى دورىلار ۋە ئىششىق تارقىتىدىغان دورىلار بىلەنلا چەكلىنىشى كېرەك. ياللۇغ ماددىسى پىشسا تۆزلىكىدىن ئېغىز ئېلىشىنى ياكى ئېغىز ئالدۇرغۇچى دورىلار (مەسىلەن: ئەنجۈر مۇنىكى، شۈمشاھ بابۇنە، ئاق لەيلى، چۈچۈك بۇيا يىلتىزى قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان مەلھەم) بىلەن ئېغىز ئالدۇرۇشقا ساقلاپ ئولتۇرماستىن، دەرھال تىغ بىلەن تېشىپ ئېغىز ئالدۇرۇۋېتىش كېرەك. چۈنكى كېچىكىپ ئېغىز ئالدۇرۇلسا، قورساق مۇسكۇلى ۋە قورساق پەردىسى بولغىنىپ قالىدۇ ھەمدە يىرىڭنىڭ ئىچكى تەرەپكە ئېغىز ئېلىپ قېلىشىنىڭ خەتىرى تۇغۇلۇپ قالىدۇ.

## جىگەر يىرىڭلىق ئىششىقى

جىگەر يىرىڭلىق ئىششىقىنى داۋالاش «ئۆپكە ياللۇغى»، «ئاشقازان
يىرىڭلىق ئىششىقى»نى داۋالاشتا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر بىلەن ئوخشاش
بولۇپ، ئەگەر كېسەللىك ماددىسى ئۈچەي تەرەپكە مايىل بولسا، يەڭگىل
سۈرگە بېرىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى بۆرەك تەرەپكە مايىل بولسا،
سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى
قورساق بوشلۇقى تەرەپكە مايىللاشقان بولسا، «ئەزالاردا ئارتۇق سۇ يىغى-
لىپ قېلىش — سۇلۇق ئىششىق» (ئىستىسقا) كېلىپ چىقىشىنىڭ خەۋپى
تۇغۇلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قورساققا سۇ چۈشۈش (ئىستىسقائى
زىققى)نىڭ داۋاسىنى قىلىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىمۇ ناھايىتى تەس-
لىكتە دورىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئەگەر ياللۇغ ماددىسى پىشقاندىن كېيىن ئۇلتۇرۇشۇپ
ئىككىلەمچى ئالامەتلەرمۇ يېنىكلىسە، بۇنىڭ ئەكسىچە چوڭ تەرەت ۋە
سۈيدۈكتە يىرىڭ چىقمىسا، چىققان تەقدىردىمۇ ئاز چىقسا، ياللۇغ ماددىسى
قورساق بوشلۇقىغا ئېقىز ئاپتۇ، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

## جىگەر يۈزى مۇدۇرى

بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامىتى جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىغا قوشۇلۇپ،
جىگەر ساھەسىدە كۆيۈشۈش بولىدۇ، ھەتتا جىگەرنىڭ سىرتقى تەرەپ
تېرىسىدىمۇ مۇدۇر پەيدا بولۇشى مۇمكىن ھەمدە ئاربىلاپ ـ ئاربىلاپ توڭلاپ
تىترەش پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنى داۋالاش جىگەر مىزاجىنىڭ ماددى-
لىق ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## جىگەر بىئارام بولۇش

بۇ كېسەلدە جىگەر تەرتىپسىز قوزغىلىپ تىترەيدۇ، گويا بىرەر نەرسى-
نى جىگەرگە پۈركەۋاتقاندەك مەلۇم بولىدۇ، لېكىن تېزلا بۇ ھالەت يوقاپ
كېتىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى جىگەرنىڭ تۇسۇلۇشىدىن ئىبارەت. بۇنى
داۋالاشتا جىگەرنىڭ تۇسالغۇلىرىنى ئېچىش (بۇ مەقسەتتە سىركەنجۇبىل

بۇزۇرىغا ماھىران چىنى، زەپەر، زىراۋەندە ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇناسىپ توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلارنى قوشۇپ بېرىش)، ئوك قولنىڭ ئوسەيـ لىم تومۇرىدىن قان ئېلىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

## جىگەر قېتىش

جىگەردە قېتىش پەيدا بولغانلىقنىڭ ئالامىتى يېمەكلىك ئاشقازاندا ھەزىم بولغاندىن كېيىن قۇسىدۇ، جىگەر ساھەسىدە سانجىلىش ۋە ئاغرىش بولىدۇ، جىگەر ساھەسىنى سىلاپ كۆرگەندە ياكى ئىنچىكىلەپ قارىغاندا ياللۇغ ياكى قاتتىقلىق سېزىلىشى مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر ئالامەت ئوڭ قولنىڭ باسلىق تومۇرىدىن تومراق نەشتەر بىلەن تىغ ئۇرۇپ، قان ئېلىپ تەكشۇرۇپ كۆرگەندە قان سۇيۇقلۇقىنىڭ تېگىدە قۇمغا ئوخشاش ئۇششاق زەرىچە كۆرۇنىدۇ. بۇنى داۋالاش بۆرەك تېشىـنى داۋالاش بىلەن ئـوخشاش ئـېلىپ بېـرىلسا بـولىدۇ (بـۇ بـۆرەك كـېسەللىكلىرىدە سۆزلىنىدۇ).

## جىگەر كىچىكلەپ قېلىش

بۇ كېسەلنىڭ ئالامىتى ئاشقازان كىچىكلەپ كېتىشتە بايان قىلىنىپ ئۆتتى، داۋالاشتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ، شۇنداقلا جىگەرنى تەنقىيە قىلىش ئۇچۇن يۇمشاتقۇچى ۋە سۇيدۇك ھەيدەـ گۇچى دورىلار بېرىلىشى لازىم. مەسىلەن: ئايارەج پەيقىرا، مائۇل ھەسەل، بۇزۇرى شەربىتى ۋە باشقىلار.

## جىگەر مەنبەلىك ئىچى سۈرۈش

جىگەر مەنبەلىك ئىچى سۈرۈش ئالتىگە بۆلۈنىدۇ:

(1) يىرىڭلىق ئىچى سۈرۈش — بۇ جىگەر يىرىڭلىق ئىششىقىنىڭ ئېغىز ئېلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنى داۋالاش جىگەر يىرىڭلىق ئىششىقىدا سۆزلەندى.

(2) گۆش يۇغان سۇدەك ئىچى سۈرۈش: بۇ جىگەر زەئىپلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. مۇشۇ خىل ئىچى سۈرۈشنى داۋالاشتا

شەيىخ ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا قۇرۇق ئۈزۈم ئىستېمال قىلىش تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر، دەيدۇ.

(3) قانلىق ئىچى سۈرۈش — بۇنى جىگەر مەنبەلىك قانلىق ئىچى سۈرۈش دەپ ئاتايدۇ. بەدەندە پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش ھادىسىسى بولماي تۇرۇپ، بەدەننىڭ قان بىلەن توشۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، قانداق ۋاقىتتا قاناش بولسۇن، قان بىردىنلا كۆپ مىقداردا كېلىدۇ. ئەمما ئۈزۈندا — ئۈزۈندا بىر قېتىم قانلىق تەرەت كېلىدۇ. بۇلاردىن باشقا تومۇرلاردا قان تولۇپ قېلىشنىڭ باشقا ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. ئەمما بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ئۈرۈلۈش، سوقۇلۇش ياكى قان تولۇپ قېلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان ھەم پۈتۈنلۈكنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا ئاشقازان، ئۈچەيدە يېمەكلىك بولمىغان ۋاقىتتا قان توختىماي كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىن باشقا ئۈرۈلگەن، سوقۇلغان تارىخى بولغان بولىدۇ.

داۋالاش: قان تومۇرلاردا قان تولۇپ قېلىشتىن بولغىنىدا ئىچى سۈرۈشنى ھەرگىز توختاتماسلىق، ناۋادا ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ قېلىش ئېھتىمالى بولسا توختاتىسمۇ بولىدۇ. كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا قان ئېلىنىدۇ. قول — پۇتنى باغلاش ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن جىگەردىكى كېسەللىك ماددىسىنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىشقا تىرىشىش، قان ئالغاندا بىرنەچچە قېتىم، لېكىن ئاز — ئازدىن ئېلىش كېرەك. ئەگەر ئىچى سۈرۈشنى پەسەيتىشكە توغرا كەلسە، قۇرسى كەھرىۋا (كىتابنىڭ ئاخىرىدا سۆزلىنىدۇ) نى سېمىز ئوت كۆكى ۋە پاقىيوپۇرمىقىنىڭ سۈيى بىلەن بېرىش، غىزانى كېمەيتىش كېرەك. قان تومۇرلاردا ماددىلارنىڭ تولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پۈتۈنلۈكنىڭ بۇزۇلۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشتىمۇ يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللانسا بولىدۇ. لېكىن ماددىلارنىڭ تولۇپ قېلىشى پەيدا قىلمىغان بولسا، كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش ھەمدە قۇرسى نەفسۇددەم (كىتابنىڭ ئاخىرىدا تونۇشتۇرۇلدى) تەركىبىگە باشقا خۇرۇچلار باراۋىرىدە رەۋەن سېلىپ تەييارلاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلسا، سۈرۈكنى توختىتىپ ئۈچەيدىكى زەخىملىنىشلەرنى

(ئىچى سۈرۈش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان) ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ناھايىتى ئۈنۈملۈكتۇر.

(4) سەپرا خىلتىدىن بولغان جىگەر مەنبەلىك ئىچى سۈرۈش: جىگەر ئىسسىقلىقىنىڭ (ھارارىتىنىڭ) ئارتىپ كەتكەنلىكىگە ئالاقىدار ئالامەتلەر تېپىلىدۇ. بۇنى داۋالاشتا ئىسسىقتىن جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش ۋە تەڭشەش ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئىچى سۈرۈشنى ھەرگىز توختاتماسلىق لازىم (بۇخىل ئىچى سۈرۈشتە كېسەللىك ماددىسىنى تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن، بىمارغا سەپرا خىلتىنىڭ مۇنزىجىنى بېرىپ، سىركەنجىۋىل بۇزۇرى بىلەن تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، جىگەرنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە تاتلىق ئانار شەربىتى، چىلان شەربىتى قاتارلىقلار بېرىلسە بولىدۇ. ئاخىرىدا ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن خەشخاش شەربىتى، ئەنجىباھار شەربىتىنىڭ قايسى بىرىنى ئاقلەيلى ئۇرۇقى قايىنتىلمىسى بىلەن قوشۇپ بېرىپ توختاتسا بولىدۇ.

(5) جىگەر مەنبەلىك زەردابلىق ئىچى سۈرۈش: بۇنىڭ سەۋەبى جىگەردە قان ۋە باشقا خىلتلارنىڭ كۆيىشىدىن بولىدۇ. بۇنى داۋالاش سەپرادىن بولغان جىگەر مەنبەلىك ئىچى سۈرۈشنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ بولدى. بۇنىڭدا ئىچى سۈرۈشكە قوشۇلۇپ زەرداب چىقىدۇ. بۇنى داۋالاشتا سەندەلنى گۈلاپتا ئېزىپ جىگەر ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ، بۇ يۈرەك ۋە جىگەردە خىلتلار كۆيۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئوڭ قولنىڭ ئوسەيلىم تومۇرىدىن قان ئېلىشمۇ مەنپەئەتلىك

(6) جىگەر مەنبەلىك يىرىڭلىق ئويۇملار كېلىدىغان ئىچى سۈرۈش: بۇنىڭدا چۆكمىسىمان چىقىرىندىلار (يەنى توپارەك يىرىڭغا ئوخشاش قويۇق ماددا) چىقىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبىمۇ جىگەر يىرىڭلىق ئىششىقىنىڭ ئېغىز ئېلىش ياكى خىلتلار كۈچلۈك دەرىجىدە كۆيۈپ جىگەردە پەيدا قىلغان توسۇلۇشنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتكەنگە ئوخشاش، سەۋەبكە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىلسا بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: گەرچە جىگەر مەنبەلىك ئىچى سۈرۈش بىلەن ئۈچەي مەنبەلىك ئىچى سۈرۈشتە ھەربىر ئەزاغا خاس ئالامەتلەر بولۇپ پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. لېكىن بىلىش زۆرۈر بولغىنى جىگەر مەنبەلىك ئىچى سۈرۈشتە ئىچى سۈرۈتكى سىيىق پۇراقلىق بولۇپ، ئىچى سۈرۈش كۆپىنچە تۇتقاقلىق بولىدۇ. ئاشقازان قۇرۇق (غىزادىن خالىي) ۋاقىتتا ئىچى سۈرۈش پەسىيىدۇ، ئەمما ئاغرىمايدۇ، ئورۇقلاش ۋە ئاجىزلاش كۈندىن كۈنگە كۈچىيىدۇ، لېكىن جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشسا، ئۈچەي مەنبەلىك ئىستىمالنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۈچەينىڭ غىدىقلىنىشىدىن بولغان ئىچ سۈرۈش (سەھەج)نىڭ ئالامەتلىرى جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن بولىدۇ. بۇنى داۋالاشمۇ بىرلەشمە (مۇرەككەپ) داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. (يەنى ئەگەر جىگەر مەنبەلىك ئىچى سۈرۈش بىلەن ئۈچەي مەنبەلىك ئىچى سۈرۈش قوشۇلۇپ كەلسە سەپرا زەرداب سۇ بىلەن، يىرىڭلىق ئۈيۈملار قان بىلەن ئارىلىشىپ چىقىدۇ. بۇنى داۋالاشتا جىگەرنىڭ مىزاجىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىسپىغۇل، پاقىيوپۇرمىقىنىڭ ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەممىشباھار ھەربىرى 4.5g ، ئىسپىغۇل ۋە پاقا يوپۇرمىقىدىن باشقا دورىلارنى چالا سوقۇپ دەملەپ تاتلىقىنى ئېلىپ، گۈل يېغى ئارلاشتۇرۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ).

## بەدەن كۆپۈپ ئىششىش

بەدەن كۆپۈپ ئىششىش سۇلۇق ئىششىقنىڭ (ئىستىسقا)نىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئالامىتى بىمارنىڭ چىرايى ۋە باشقا ئەزالىرى ئىششىپ قالىدۇ. بۇ كېسەلنى داۋالاشقا سۇلۇق ئىششىقنى داۋالاشتا ئوخشاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ، ئەمما بۇ كېسەل سۇلۇق ئىششىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا يېنىكرەك كېسەل بولغاچقا، بەك كۈچلۈك دورىلارنى ئىشلەتمەستىن، ياخشىسى بىمارنى پىيادە كۆپرەك يول مېڭىپ بېرىش ياكى ئۇلۇغ مەككە، مەدىنىگە سەپەر قىلىشقا ئۈندەش ناھايىتى پايدىلىق (چۈنكى مەككىگە سەپەر قىلغاندا روھنى ۋە ئېتىقادىنى پاكلىغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەدەننى چېنىقتۇرغىلى بولىدىغان بىر پايدىلىق ئىشتۇر). ئەگەر كېسەل

بەدەننى ئۇلجىغا ئېلىپ سۇلۇق ئىششىقنى پەيدا قىلسا، تۆگىنىڭ سۆتى (جۇملىدىن ئەرەب تۆگىسىنىڭ سۆتىنى) نى ياكى تۆگىنىڭ سۈيدۈكىنى يېرىم گىرام سوقۇلغان سەكىبىنەج بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ھەمدە ئانار يىگۈزۈشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. بۇ كېسەلدە سوغۇق سۇدىن پەرھىز قىلىش ناھايىتى مۇھىم. سۇنىڭ ئورنىغا ئەرەقى كاسىنە، ئەرەقى بەدىيان بېرىلسە بولىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى ھەيز تۇتۇلۇش ياكى بوۋاسىر قېنىنىڭ بىردىنلا توختاپ قېلىشى سەۋەب بولغان بولسا، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ۋە چېپىلمىلار ئارقىلىق ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇشقا تەدبىر قىلىش، ئەگەر بۇ تەدبىرلەر بىلەن ھەيز راۋانلاشمىسا، يەڭگىل مۇسھىل (مەسىلەن: ئەفتىمۇن قاينىتىلمىسى، ئەفسەنتىن قاينىتىلمىسى، ئايارەجى پەيقىرا قاتارلىقلار) بەرگەندىن كېيىن قان ئېلىش، ئەمما قاننى ئازراق ئېلىش لازىم.

## سۇلۇق ئىششىق

سۇلۇق ئىششىق ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. (1) گۆش سۇلۇق ئىششىقى (ئىستىسقائى لەھمى)، (2) قورساققا سۇ چۈشۈش (ئىتسىسقائى زىققى)، (3) ناغرىسىمان قورساق ئېيسىلىدىغان ئىستىسقا (ئىستىقائى تەبلى) دىن ئىبارەت.

ئەگەر بەدەننىڭ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئورۇنلىرى كۆپكەن بولسا، گۆش سۇلۇق ئىششىقى دېيىلىدۇ. چۈنكى كېسەللىك ماددىسى گۆشتە بولغان بولىدۇ. ئەگەر قورساق كۆپكەن بولسا، مەيلى ئۇنىڭغا باشقا ئەزالارنىڭ كۆپىششى قوشۇلۇپ كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن، يىغىلغىنى سۇ بولۇپ، قورساق پەردىلىرىنىڭ ئارىلىقىغا يىغىلىۋالغان بولسا، ئۇ «قورساققا سۇ چۈشۈش» (ئىستىسقائى زىققى) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئىستىسقانىڭ بۇ تۈرىدە قورساق سۇ بىلەن تولۇپ تولۇمغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر قورساق كۆپۈشنىڭ سەۋەبى يەل بولۇپ (سۇ بولمىسا)، ناغرىغا ئوخشاش ئىستىسقا (ئىستىقا تەبلى) دېيىلىدۇ. چۈنكى ئىستىسقانىڭ بۇ تۈرىدە قورساق مۇسكۇللىرى تارتىشىپ كەتكەن بولۇپ، چەككەندە ناغرىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقىدۇ.

داۋالاش: ھەممىدىن ئاۋۋال كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش تەدبىرلەرىنى قوللىنىش، ئاندىن كېيىن جىگەرنى قىزىتىش، جىگەر خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك (بۇ مەقسەتتە ئالدى بىلەن جاۋارىش جالىنوس، جاۋارىش بەسباسە قاتارلىقلارنى بېرىپ، ئارقىدىن مەجۇنى دەبىدىل ۋەرىد، ئاساناسىيا قاتارلىق دورىلار بىلەن جىگەرنىڭ خىزمىتى نورماللاشتۇرۇلىدۇ) . ئەگەر بىماردا قىزىقلىق بولسا، جىگەر مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدا سۆزلەنگەن دورىلار ئارقىلىق قىزىقلىقنى (ھارارەتنى) پەسەيتىش كېرەك. ئاندىن كېيىن سۈرگۈچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش، قۇرۇق ئىسسىق نەرسىلەرگە (مەسىلەن: قىزىق قۇم)غا كۆمۈش، ئىسسىق دورىلارنى (مەسىلەن: مەستىكى، سۈنبۇل، لاچىند دانە، دارچىن قاتارلىق) سۇلۇق ئىششىق بار ئورۇنغا چېپىش ئارقىلىق سۇلۇق ئىششىقنى داۋالاش كېرەك. ئەمما بەك ئىسسىق دورىلارنى ئىشلىتىش ھەمدە سوغۇق سۇ ئىچىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر سۇ ئىچمەي زادى چىدىيالماي قالسا، ئېغىزى كىچىك كوزا ياكى چەينەكنىڭ جوغىسىدىن ئاز ـ ئازدىن ئىچىپ بەرسە بولىدۇ. سۇ قايىنىتىلغان بولۇشى، بولۇپمۇ سىركە بىلەن قوشۇپ قايىنىتىلغان بولۇشى لازىم. ئەگەر سۇنىڭ ئورنىغا ئەرەقى كاسنە، ئەرەقى بەدىيانلار ئىچكۈزۈلسە تېخىمۇ ياخشى. لېكىن ئۇلارنىمۇ ئازراق بېرىش كېرەك. دېمەك، بىر كۈندە ئىچكەن سۇ پۈتۈن بىر كۈندە بەدەنگە قوبۇل قىلىنغان ئومۇمىي غىزانىڭ 3 ھەسسىسىدىن ئارتىپ كەتمەسلىكى كېرەك. نورمال ئەھۋالدا غىزا تەركىبىدە سۇنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئالتە ھەسسە بولۇشى لازىم. يېمەكلىكى ئۈچۈن ھەممىدىن ياخشىسى ئاناردۇر. قانچىلىك ئىستېمال قىلالىسا، شۇنچىلىك ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. توخۇ ياكى ئوغلاقنىڭ گۆشىنى نوقۇت قوشۇپ پىشۇرۇپ، سوماق بىلەن چۈچىمەل قىلىپ بېرىلىدۇ. بۇندىن باشقا، يېرىك زىرائەتلەردىن تەييارلانغان غىزالاردىن باشقا ھېچقانداق غىزا بېرىلمەيدۇ. ئەگەر زۆرۈر كەلسە گۈرۈچ تامىقى (سىڭىشلىك بولسا) بېرىشكە بولىدۇ. ئەگەر نان بىلەن غىزالاندۇرۇشقا توغرا كەلسە بەدىيان، رۇمبەدىيان سېلىپ پىشۇرۇپ، كاۋاپ ياكى گۆشنىڭ شورپىسى بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ. لېكىن

بىمار ئىغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەن بولسا، شۇنداقلا نان يەپ ئادەتلەنگەن بولسا، ئۇنى قۇرۇق نان بىلەن غىزالاندۇرغان ياخشى. بۇ كېسەلگە نىسبەتەن ھەممىدىن ياخشى ئۇزۇقلۇق تۆگە سۈتىدۇر. ئەگەر ئەرەب تۆگەسىنىڭ سۈتى بولسا تېخىمۇ ياخشى. جۈملىدىن سۇ ۋە غىزاسىنىڭ ئورنىغا سۈتنى ئىشلىتىپ بەرسە، ئالدىنقى كۈنى 150ml ئەتراپىدا، كېيىن ھەركۈنى 36ml دىن ئاشۇرۇپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە بولىدۇ. ئاخىرىدا قانچىلىكنى سىڭدۈرۈپ بولالىسا، شۇنچە كۆپ ئىچىپ بەرسە بولىدۇ. ئەمما ئاشقازاندا سۈتنىڭ ئۇيۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ پىننە بىلەن سەكبىنەج ئىستېمال قىلىپ قويسا بولىدۇ. چۈنكى بۇلار ئاشقازاندا سۈت ئۇيۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. تۆگە ۋە ئۆچكىنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچكۈزۈشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

گۆش سۇلۇق ئىششىقى بىلەن ئاغرىق بىمارلارنىڭ مۇسھىلى (سۈرگەسى) ئۈچۈن رەۋەن بېرىلسە بولىدۇ. ئەگەر گۆش سۇلۇق ئىششىقى بىلەن قىزىش بىرگە بولسا، مەتبۇخ ھېلىلە، قىزىلگۈل شەربىتى قاتارلىقلار ئىچكۈزۈلىدۇ. ناغرىغا ئوخشاش قورساق كۆپىدىغان ئىستىسقادا قىزىش بولمىسا، مەجۇنى كەلكىلانەج ھار، ئەگەر قىزىش بىرگە بولسا مەجۇنى كەلكىلانەم بارىد قاتارلىق دورىلار بېرىلسە بولىدۇ (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن). سېرىق ھېلىلە ئىشلىتىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىك. ناغرىسىمان قورساق ئېسىلىدىغان ئىستىسقانى داۋالاشتىمۇ مىزاجىغا مۇۋاپىق يۇقىرىدىكى مۇسھىللار بېرىلسە بولىدۇ. سۇلۇق ئىششىقنىڭ ھەممە قىسمىدا تەنقىيەدىن كېيىن جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن قۇرسى ئەنبەر بارىس ۋە باشقىلار بېرىلىدۇ. سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن قۇرسى مازارىيون ۋە باشقىلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ. بىر خىل سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىنى ئىزچىل ئىشلىتىۋەرمەستىن، بەلكى ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن يېڭىلاپ تۇرۇش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا بىر خىل دورىغا كۆنۈۋالمايدۇ. شۇنداقلا مەيلى قانداق دورا ئىشلىتىلسۇن ناھايىتى يۇمشاق سوقۇپ ئىشلىتىش لازىم، شۇنداق قىلغاندا دورا جىگەرگە ئاسان شۈمۈرۈلىدۇ.

سۇلۇق ئىششىق بىلەن ئاغرىغان بىمارلارنى تەرلىتىش ئۇسۇلى مۇن-

داق: توغرىقۇنى بابۇنە يېغى بىلەن قوشۇپ، پۈتۈن بەدەننى ياغلاش ياكى تۈزنى يۇمشاق ئېزىپ، كالىنىڭ يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، بەدەننى ياغلاش ھەممە كۆپرەك تەرلىتىش مەقسەت قىلىنسا، ھور مۇنچىسىدا ئولتۇرغۇزۇش ھەممە كەلگەن تەرنى سۈرتمەسلىك كېرەك. ئەگەر ئىلمان تونۇر بولسا بىمار ئولتۇرالىسا، تەرلەپ چىققان تەرنى تازىلاشتا ھور مۇنچىسىدىنمۇ ياخشى. سوغۇق ئىششىق بىلەن ئاغرىغان بىمارلارنى قۇمغا كۆمۈش ئۇسۇلى مۇنداق: بىمارنى ئۆزۈنىسىغا ياتقۇزۇپ ئىسسىق قۇم بىلەن (يۈزنى قالدۇ-رۇپ) پۈتۈنلەي كۆمۈۋېتىلىدۇ. قۇم سوۋۇپ قالسا، ئىسسىق قۇم ئالماشتۇرۇ-لىدۇ. قۇم بىمار بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك دەرىجىدە ئىسسىق بولسا بولىدۇ. بۇنىڭدىن سوغۇق ئىششىقا گىرىپتار بولغان بىمارلار ناھايىتى تېز شىپا تاپىدۇ. ئەگەر ئادەمنىڭ قايسى بىر ئەزاسى كۆپۈشۈپ قالغان بولسا، ئۇنىمۇ مۇشۇ تەرىقىدە كۆمسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئاپتاپقا دولىسىنى تەگلەپ ئولتۇرۇش، ئىسسىق بۇلاق ۋە دېڭىز سۇلىرى بىلەن بەدەننى يۇيۇشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر. ئەگەر تۈزنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا ئېرىتىپ بىرنەچچە كۈن ئاپتاپتا تۇرغۇزۇپ يۇيۇنسا، دېڭىز سۈيىنىڭ ئورنىنى باسالايدۇ.

زىمات نوسخىنى: بۇ سۇنى بەدەندىن شۇمۇرۇپ قۇرىتىدۇ. ياۋا شۇمشا، كەپتەرنىڭ مايىقى، ھەببەتۇل خۇزرا، كوناياغ (ئېرىك قوينىڭ دۇمبە يېغى)لارنى بىرلەشتۈرۈپ يۇغۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلىنىدۇ. يەنى گۆش سوغۇق ئىششىقىدا پۈتۈن بەدەنگە، قورساقتا سۇ چۈشۈشتە ۋە ناغرىسىمان قورساق كۆپۈشتە قول - پۇتقا زىمات قىلسا بولىدۇ.

بىلىش لازىمكى، ناغرىسىمان قورساق كۆپىدىغان ئىستىسقادا ئومۇمىي بەدەنلىك تازىلاش ئېلىپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن يەل تارقىتىش تەدبىرلى-رىنى قوللىنىش (مەسىلەن: كۈندۈر بىلەن زىرىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى شېكەر بىلەن سۇفۇپ قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلە-تىش ياكى مەجۇنى بادى شەكەمكە ئوخشاش دورىلارنى ئىشلىتىش) كېرەك. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا داۋالاش تەدبىرلىرى «ئاشقازان كۆ-پۈش» كېسىلىدە بايان قىلىنىپ بولدى. قۇرۇق سۆئلەب ئادىراسمان

ئۆرۈكى، بەدىيان، كەرەپشە ئۆرۈكى، توغرىغا، قارا شىكەرلەردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ تاسقاپ سۇزاپنىڭ سۈيىدە يۇغۇرۇپ ئۇششاق شامچە تەييارلاپ، مەقئەتكە ھەمەلچە قىلىنىدۇ. قورساقتا سۇ چۈشۈش كېسىلىدە بەزى تېۋىپلار قورساقتىن سۇنى تارتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ زەرداب سۇنى چىقىرىۋەتكەن، لېكىن بۇنداق قىلىشنىڭ خەتىرى كۆپ.

قورساقتىن سۇنى تارتىپ ئېلىۋېتىش ئۇسۇلى بولسا، نوكەش سۇ تارتىش يىڭنىسىنى قورساققا سانجىپ سۇنى چىقىرىۋېتىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ناھايىتى كۆپ ئومۇملاشقان ئۇسۇلنىڭ بىرىدۇر.

سۇنى سىركە بىلەن قوشۇپ قايناتىش ئۇسۇلى مۇنداق: يۈز ھەسسە سۇغا بىر ھەسسە كونا ئۈزۈم سىركىسى ئارىلاشتۇرۇپ تاكى جىمى سۇيۇقلۇقنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغۇچە قايناتىپ سۇۋۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بۇش ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ. سىركە ئىستىسقا كېسىلى بىلەن ئاغرىغۇچىنىڭ ئۇسسۇزلۇقنى يوقىتىپ توسالغۇلارنى ئېچىش ئۈچۈن ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. جۈملىدىن ئىسسىقتىن بولغان (قان، سەپرادىن بولغان) سۇلۇق ئىششىقتا يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا زىخ ئىشلىتىش (يەنى 100 ھەسسە سۇغا 1 ھەسسە زىخ سېلىپ $\frac{1}{3}$ قالغۇچە قايناتىپ، سۇۋۇتۇپ ئىستېمال قىلىش) مۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. ئەگەر بىماردا يۆتەل بولسا، چۈچۈمەل نەرسىلەرنى ھەرگىز ئىشلەتمەسلىك لازىم، شۇنداقلا كېسەلگە قوشۇلۇپ كەلگەن ئىككىلەمچى ئالامەتلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك (مەسىلەن: سۇلۇق ئىششىق تالنىڭ زەئىپلىكىدىن بولغان بولسا، سەۋدا خىلتىنى تەنقىيە قىلىش، تالنى قۇۋۋەتلەش زۆرۈر، ئەگەر سۇلۇق ئىششىق سوغۇقتىن بولسا، زۇپا شەربىتىگە قىزىلگۈل گۈلقەنتى قوشۇپ بېرىش، سۇلۇق ئىششىق باشقا ئەزالارنىڭ شېرىكچىلىكىدە بولغان بولسا، ئۇنىڭ سەۋەب ئالامەتلىرىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىش، شەربىتى بوزۇرى بارىد ۋە ھار (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

قورساقتا سۇ چۈشۈشتە قورساققا بۇ چېپىلما چېپىلىدۇ: توغرىغا،

گۈلى سەۋسەن يىلتىزى، قەردمانا (زىرىنىڭ بىر تۈرى)، ياۋا ئىتئۈزۈمى (مەۋىزەج) ھەربىرى 10g، چەلەڭنىڭ ئۇرۇقى 24g، ئۆچكىنىڭ مايىقى 18g، ئارپىنىڭ ئۇنى، كالىنىڭ تېزىكى ھەربىرى 200g ھەممىنى ئېزىپ بەدىيانىنىڭ سۈيى ياكى كاسنىنىڭ سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ قورساققا چېپىلىدۇ.

ناغرىسمان قورساق كۆپىدىغان ئىستىسقا (ئىستىسقائى تەبلى)دە ئەگەر سوزۇلما بولۇپ قالسا، قورساقتىكى قاتتىقلىق كۆچىيىپ كېتىدۇ. لېكىن بىمارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ قالغان بولىدۇ. قورساق يوغىناپ قېلىشتىن باشقا بىرەر بىقىمسىزلىق بولمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنى تولۇم قورساق (ھەبەن) دەيمىز. بۇنداق ئەھۋالدا يۇمشاتقۇچى دورىلار چېپىلىدۇ. ئەگەر جىگەردىكى قاتتىقلىق يۇمشىسا، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، مەرزەنجۇش، ياپۇز، سۇزاپ ئۇرۇقى، قۇندۇز قەھرى، يولغۇن شېخىنىڭ كۈلى، توغرىغا قاتارلىقلارنى سوقۇپ تاسقاپ، سۇزاپنىڭ سۈيى ۋە تۆگىنىڭ سۈيدۈكىگە ئارلاشتۇرۇلۇپ قورساققا زىمات قىلىنىدۇ، بۇ يەرلىك ئورۇندىن ماددىنى تارقىتىدۇ. ئەگەر دورا ئىشلىتىش بىلەن كېسەل ياخشىلانمىسا، بەش ئورۇن داغلىنىدۇ. بىرى ئاشقازان كىرىش ئېغىزى، ئىككىنچىسى جىگەر ئۇدۇلى، ئۈچىنچىسى تال ساھەسى، تۆتىنچىسى ئاشقازاننىڭ تۆۋەنكى قىسمى، بەشىنچىسى كىندىكنىڭ ئۈستى، ئەگەر بىمار بەرداشلىق بېرەلىسە، بىر قېتىمدىلا داغلاش، بەرداشلىق بېرەلمىسە، ئايرىم - ئايرىم ئازراق ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ داغلاش لازىم.

# ئون بەشىنچى باب يەرقان ۋە تال كېسەللىكلىرى

## يەرقان كېسىلى

بۇ كېسەلدە پۈتۈن بەدەننىڭ رەڭگى سارغىيىدۇ ياكى قارىدايدۇ. ئەگەر بەدەننىڭ رەڭگى سېرىق بولسا، سېرىقلىق چۈشىدىغان يەرقان ياكى سېرىق يەرقان (يەرقانى ئەسفەر)، ئەگەر بەدەن رەڭگى قارا بولسا، قارا يەرقان (يەرقان ئەسۋەد) دېيىلىدۇ. سېرىقلىق چۈشىدىغان يەرقان كۆپىنچە جىگەردىن، قارا يەرقان تالنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەربىرى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

## سېرىقلىق چۈشىدىغان يەرقان

بۇ سەۋەب ئېتىبارى بىلەن 14كە بۆلىنىدۇ.

(1) بوھران كۈنلىرى پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالامىتى: سەپرادىن بولغان قىزىتمىلاردا بوھران كۈنلىرى پەيدا بولىدۇ. ئۇنى داۋالاشتا بوھران كۈنلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان ۋاقىتتا بەدەننىڭ تەبىئەت كۈچى ئاجىزلاپ قالغان بولۇپ، كېسەللىك ماددىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئاجىز كەلسە، بەدەننىڭ «تەبىئەت كۈچى»گە ياردەم بېرىش، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا (يەنى «تەبىئەت كۈچى» كۈچلۈك بولسا)، «تەبىئەت كۈچى»نىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قويۇپ قويسا بولىدۇ. «تەبىئەت كۈچى»نىڭ كېسەللىك ماددىسىنى بەدەننىڭ سىرتقى تېرىسى ئارقىلىق يوقىتىش ئۈچۈن بىمارنى ئىسسىق سۇغا چۈمۈلدۈرۈش، سىركەنجىۋىلنى ئايرىم ياكى كاسىنە ئۇرۇقىنىڭ تاتلىقى بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈش كېرەك. ئەگەر «تەبىئەت كۈچى» كېسەللىك ماددىسىنى تېرە ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلىيالىسا، تېرە يۈزىدىن سېرىقلىق ئۆزلىكىدىن يوقىلىپ كېتىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا تېرىدىن سېرىقلىقنى يوقاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. (بۇ مەقسەتتە تۇخۇمنىڭ ئېقىغا

نشاسته قوشۇپ تېرىگە سۈرۈش ياخشى نەتىجە بېرىدۇ)

(2) جىگەر مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ ئالامىتى ۋە داۋاسى جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدا بايان قىلىندى. بۇ تۈرى كۆپىنچە قاننىڭ جۇش ئۇرۇشىدىن بولغان قىزىتما بىلەن قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

(3) ئۆت خالتىسى مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى سېرىقلىق چۈشۈش بىردىنلا پەيدا بولىدۇ، سۈيدۈك دەسلەپتە، ئاق كېيىن سېرىق كېلىدۇ، ئاندىن كېيىن قارا ياكى قويۇق كېلىشكە باشلايدۇ. جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدا جىگەرنىڭ توسۇلۇشىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر تېپىلمايدۇ، قورساق ئىچىش ئادەتتىكىدەك بولىدۇ. سىركەنجۇبىنى كاسىنە ئۇرۇقىنىڭ تاتلىقى بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. جىگەرنىڭ ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىغا قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ. تەنقىيە ئۈچۈن سېرىق ھېلىلە، شاھتەررە، ئەفسەنتىن، ئەينۇلا قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

(4) ئۆتنىڭ ياللۇغلىنىشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالامىتى بىمار داۋاملىق قىزىيدۇ، ھۆ بولۇپ قۇسىدۇ، تىلى يىرىك بولىدۇ. بۇنى داۋالاش جىگەر ياللۇغىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

(5) پۈتۈن بەدەن ۋە قان تومۇرلارنىڭ ئىسسىقلىقىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالامىتى بەدەننى سىلىغاندا قىزىق مەلۇم بولىدۇ، قەۋزىيەت بولىدۇ، بەدەنگە مۇدۇرچاقلار چىقىدۇ، قىچىشىش بولىدۇ، ئىسسىقلىق غالىبلىققا ئالاقىدار جىمى ئالامەتلەر تېپىلىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر ماددىسىز ئىسسىقتىن بولسا، سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش (يەنى سېرىق ھېلىلە، شاھتەرە، ئەفسەنتىن، ئەينۇلالارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن) كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر ماددىلىق بولسا، زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق ئومۇمىي بەدەنلىك تازىلاش (تەنقىيە) ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئومۇمىي بەدەننىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىلىدۇ. بەدەنگە بادام يېغى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ھۆللۈك ياغلار بىلەن ياغلىنىدۇ. ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ئابزەنلەر تەييارلىنىپ، بىمار ئۇنىڭغا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ (مەسە-

لەن: قىزىلگۈل، بادىرەنجى بۇيا، قاپاق، بىنەپشە، ئەنجىباھار، ئاق لەيلى گۈلى، نىلۇپەر قاتارلىق دورىلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ ئاپزەن تەييارلاپ، بىمار دورا قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

(6) سىرىقلىق چۈشىدىغان يەرقاننىڭ بىر تۈرى تېرە تەر تۆشۈكچە-لىرىنىڭ توسۇلۇپ قىلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئالامىتى يەرقان كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئىسسىق پەسىللەردە سەپەر قىلغان ياكى تېرە يۈزىگە چاڭ ـ توزان كۆپ يېپىشقان تارىخى بولىدۇ.

داۋالاش: مۇنچا ياكى ۋاننا قاچىسىدا بىنەپشە، ئىكلىلمىلىك، بابۇنە، ئاق لەيلى، بۇغداي كېپىكى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن بىمارنى يۇيۇندۇرۇش ئارقىلىق تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

(7) جىگەر ياللۇغى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى.

(8) جىگەرنىڭ توسۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ بولدى.

(9) سىرىقلىق چۈشىدىغان يەرقاننىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، بۇ زەھەرلىك جانىۋارلار چېقىۋېلىشتىن ياكى زەھەرلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلىشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا زەھەرنىڭ خاراكتېرىگە مۇناسىپ زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار ئارقىلىق بەدەندىن زەھەر تازىلىنىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك زەھەرلىك دورىلاردىن زەھەرلىنىشتە قۇرسى فۇر ۋە باشقا سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار (مەسىلەن: ئانارنىڭ سۈيى، ئىسپىغۇل لوئاب، كاسىنە ئۇرۇقى تاتلىقى، ئارپا سۈيى، بادام يېغى قوشۇپ ئىچكۈزۈش، قىزىلگۈل، ئاق سەندەل، يۇمغاقسۈت، ئاقاقىيا ۋە ئازراق كاپۇرنى قىزىل گۈل ئەرەقىدە يۇغۇرۇپ، جىگەر ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ) . سوغۇق تەبىئەتلىك زەھەر-لىك دورىلاردىن زەھەرلىنىشتىن بولغىنىدا تەرياق فارۇن (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) لار بېرىلسە بولىدۇ.

(10) ئۆت خالتىسى زەئىپلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۆت خالتىسى زەئىپلىشىپ قالغان سەۋەبتىن سەپرانى جىگەردىن شۈمۈرەلمەيدۇ، مۇشۇ

سەۋەبتىن سىرىقلىق چۇشۇش كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئالامىتى كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە سەپرالىق قۇسۇش بولىدۇ، قەۋزىيەت بولىدۇ، چوڭ تەرەت بويالغان ياكى يېرىم بويالغان بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا جىگەر زەئىپلىكىنى داۋالاشقا ئوخشاش چارە قىلسا بولىدۇ.

(11) سىرىقلىق چۇشۇش كېسىلىنىڭ يەنە بىر قىسمى بولۇپ، جىگەر بىلەن ئۆتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كانالنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى يۇقىرىدا ئۆت زەئىپلىكىدە بايان قىلىندى. ئۇندىن باشقا چوڭ تەرەت تەدرىجىي ئاق كېلىشكە باشلايدۇ. داۋالاشتا جىگەر توسۇلۇشىنى داۋالاشقا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا (يەنى هارارەت بولسا، كاسىنە ۋە يەرلىك شوخلا ئەرەقىنى سىركەنجۇبىل بۇزۇرى هار بىلەن بەرسە بولىدۇ. هارارەت بولمىسا كەرەپشە، بەدىيان، چەلەك سۇلىرىنى سىركەنجۇبىل بوزۇرى هار بىلەن بېرىلىدۇ).

(12) ئۆت بىلەن ئۈچەي ئوتتۇرىسىدىكى كانالنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى چوڭ تەرەت بىردىنلا ئاق كېلىشكە باشلايدۇ، قەۋزىيەت بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ۋە كىلىزما قىلىش ناهايىتى مەنپەئەتلىك، يۇقىرىقى ھەر ئىككى خىل توسۇلۇشتا خىيارشەنبەر ئېتىنى كاللەك سەي (چەلەك)نىڭ سۇيىدە ئېرىتىپ، ئاچچىق بادام يېغى ئارلاشتۇرۇلىدۇ.

(13) ھەر ئىككى كانال (يەنى جىگەر ـ ئۆت كانىلى، ئۆت ئۈچەي كانىلى)دا گۆش ياكى ئۆسمىلەر پەيدا بولۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئالامىتىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىندى. بۇنى دورا بىلەن داۋالىغىلى بولمايدۇ (مۇبادا مۇناسىپ دەستىكار تەدبىرى بىلەن بىمار شىپا تېپىپ كېتىشى مۇمكىن).

(14) يەرقاننىڭ بۇ قىسمىدا بەلغەمدىن ئۈچەي توسۇلۇش بولغاندا چاپلاشقاق بەلغەم سەپرا سۇيۇقلۇقى ئۈچەيگە قۇيۇلىدىغان كانالنىڭ ئېغىزىدا توپلىشىۋېلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنى داۋالاشتا قۇلۇنجىنى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. (بۇ قۇلۇنجنىڭ بايانىدا سۆزلىنىدۇ)

پايدىلىنىش: سىرىقلىق چۇشۇش كېسىلىدە كېسەللىك سەۋەبىنى

يوقاتقاندىن كېيىن، كۆزدىكى سېرىقلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن، كونا سىركىنى مۈنچىدىن چىققاندىن كېيىن بۇرۇنغا تارتىلسا بولىدۇ ھەمدە سىركە، قىزىلگۈل ئەرەقى، ئاچچىق ئانارنىڭ سۈيى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە تېمىتىش، ئەفسەنتىن قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىزنى چايقاپ بېرىشمۇ مەنپەئەتلىك.

## قارا يەرقان

بۇ تال مەنبەلىك يەرقان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ يەتتىگە بۆلۈنىدۇ:

(1) تال كېسەللىكلىرىدە بوھران يولى بىلەن «تەبىئەت كۈچىنىڭ سەۋدا خىلتىنى تېرە تەرەپكە ئىتتىرگەنلىكىدىن بولىدۇ. بۇخىل يەرقان كۆرۈلگەندىن كېيىن ئەسلىي كېسەل يېنىكلەپ قالىدۇ.

داۋالاش: زۆرۈر تېپىلسا سېرىقلىق چۈشىدىغان يەرقاندا بايان قىلىنغان تەدبىرلەر ئارقىلىق بەدەننىڭ تەبىئەت كۈچىگە ياردەم قىلىش زۆرۈر. چۈنكى «تەبىئەت كۈچى» كېسەللىك ماددىسىنى سىرتقى تەرەپكە ئىتتىرىپ بىرتەرەپ قىلىدۇ. سېرىقچېچەك ياغلىرى بىلەن ياغلاشمۇ مەنپەئەتلىك.

(2) قارا يەرقاننىڭ بۇ تۈرى جىگەر بىلەن تالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولدا توسۇلۇپ پەيدا بولۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

(3) تال بىلەن ئاشقازان كىرىش ئېغىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توسۇلۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ھەر ئىككىسىنىڭ ئالامىتى: يەرقان ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولىدۇ، جىگەر ساھەسىدە ئېغىرلىقى سېزىلىدۇ. ئاۋۋالقىسىدا (يەنى جىگەر بىلەن تالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولنىڭ توسۇلىشىدىن بولغىنىدا) ئىشتىھا تەدرىجىي تۇتۇلىدۇ، كېيىنكىسىدە تال ساھەسىدە ئېغىرلىق سېزىلىدۇ، ئىشتىھا بىردىنلا يوقاپ كېتىدۇ. ھەر ئىككىسىنى داۋالاشتا سۈرگە دورىلىرى ھەم توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلار ئارقىلىق توسالغۇلار ئېچىلىدۇ (يەنى جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن سىركەنجۇبىل بۇزۇرى ھەمدە باشقا شەكىلدىكى كۈچلۈك توسالغۇلارنى ئېچىش تەسىرىگە ئىگە دورىلار بېرىلىدۇ. ماددىنى سۈرۈش ئۈچۈن مەتبۇخى ئەفتىمۇن، مائۇل جەبەن بېرىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا كاسىنە سۈيى بىلەن سىركەنجۇبىل

بىرىشمۇ مەنپەئەتلىك ھەمدە باسلىق ياكى ئۇسەيلىم تومۇردىن قان ئېلىشمۇ تېز مەنپەئەت قىلىدۇ.

(4) جىگەرنىڭ كۆچلۈك ھارارىتى تەسىرىدە قان خىلىتىنىڭ كۆيۈشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى ۋە داۋاسى جىگەر مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

(5) تالنىڭ زەئىپلىششى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. مەيلى تالنىڭ سۇمۇرۇش كۈچى (جازىبە)، مەيلى تۇتۇپ تۇرۇش كۈچى (ماسىكە) ئاجىزلاپ قالسۇن، ئوخشاشلا بۇ كېسەل كېلىپ چىقىدۇ. لېكىن سۇمۇرۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىشتىھا يوقاپ، كۆزنىڭ ئېقى كۆكۈمتۈل بولۇپ قالىدۇ. تۇتۇپ تۇرۇش كۈچى (ماسىكە) ئاجىزلاپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتى بەدەندە سەۋدا غالىبلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسىمۇ، ئەمما بىمارنىڭ قورسىقى ۋە ئىچ سۈركىدە سەۋدالىق ئالامەتلەر تېپىلمايدۇ. بۇنى داۋالاشتا تال زەئىپلىكىنى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ (بۇ ئۆز نۆۋىتىدە سۆزلىنىدۇ).

(6) تالنىڭ ياللۇغىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ.

(7) جىگەر مىزاج سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنىڭ غالىبلىقىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا جىگەر مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىغا قارالسۇن.

ئەسكەرتىش: ئەگەر سېرىقلىق چۈشىدىغان يەرقان بىلەن قارا يەرقان قوشۇلۇپ كەلسە، 3 كۈندە بىر قېتىم ئىككى قولنىڭ باسلىق تومۇرىدىن قان ئېلىش لازىم. سەپرا ۋە سەۋدا خىلىتىنى سۈرۈپ چىقارغۇچى قاينىتىلمىلار بىلەن چوڭ تەرەت يومشىتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن قايسى خىلت غالىب بولسا، ئۇنى تەڭشەشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش، يەنى سەۋدا غالىب بولسا، تالنىڭ مىزاجىنى تەڭشەش تەدبىرلىرى، سەپرا غالىب بولسا، جىگەرنىڭ مىزاجىنى تەڭشەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

## تال مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى

ئەگەر تال مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى ئىسسىقتىن بولسا، تال ساھەسىدە كۆيۈشۈش سېزىمى بولىدۇ، چوڭ ــ كىچىك تەرەت قىزىلغا مايىل قارا

كېلىدۇ، ئىسسىقلىقنىڭ باشقا ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ، ئىشتىھا تۇتۇلىدۇ. ئەگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى قۇرۇقتىن بولسا، تال ساھەسىدە قاتتىقلىق، قاندا قويۇلۇش، جۇدەپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. ئەگەر تال مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى ھۆللۈكتىن بولسا، بىمار تال ساھەسىدە ئېغىرلىق ھېس قىلىدۇ، بەدەنىنىڭ رەڭگى قوغۇشۇن رەڭگىگە كىرىپ قالىدۇ.

داۋالاش: تال مىزاجىنىڭ ماددىسىز بۇزۇلۇشىدا پەقەت تەڭشەشلا كۇپايە قىلىدۇ. ماددىلىق بۇزۇلۇشىدا تەنقىيە بىلەن تەڭشەشنى بىرگە قوللىنىش كېرەك. بۇ جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدا بايان قىلىنىپ بولدى. لېكىن بۇيەردە چېپىلىدىغان دورىلار تال ساھەسىگە چېپىلىدۇ، سول قولنىڭ (باسلىق) تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ. بۇ دورىلار تال مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىغا شىپالىقتۇر.

ئۇلار: كۆك يەرلىك شوخلىنىڭ سىقىلغان سۈيى، سۆگەت يوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۈيى ۋە ئەفتىمۇنىنىڭ تاتلىقىنى سىركەنجۇۋىلنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىستېمال قىلدۇرۇش ھەمدە چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن مەتبۇخى ھېلىلە، خىيارشەنبەر ئىپتى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. قىزىقلىق ئۆتكۈر بولغان ۋاقىتتا تەركىبىگە قۇرسى كافۇر (ئاخىرىغا قارالسۇن) بېرىلىدۇ. جىگەر مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدا كەرەپشە سۈيىگە سىركەنجۇۋىل بوزورى ھار قوشۇپ بېرىلىدۇ ھەمدە مۇسەللەس (بۇ ھۆل ئۈزۈمنىڭ سىقىلغان سۈيىدىن 3 ھەسسە، خالىس سۇدىن بىر ھەسسە، قوشۇپ قاينىتىپ، $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغاندىن كېيىن چۈشۈرۈپ تەييارلىنىدۇ) نى ناشتىدا ئىچكۈزۈش ھەمدە تۇرۇپنىڭ سىقىلغان سۈيى، تەرياق ئەربەئە (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن)، قىزىل گۈل گۈلقەنتى، بىخ كەبىر پوستى، سىركەنجۇۋىل بۇزۇرىلار بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ.

جىگەر مىزاجىنىڭ قۇرۇقتىن بۇزۇلۇشىدا، بىنەپشە شەربىتى، مائۇلجەبەن ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ئىچىملىكلەر ۋە چېپىلمىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر مىزاج بۇزۇلۇش ماددىلىق بولسا، دەسلەپتە قان ئېلىنىدۇ. سەۋدا خىلتىنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ. جىگەر مىزاجىنىڭ

ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشىدا، قىزىلگۈل، بىخ كەبىر، زىراۋەندە، سۇنبۇل، يويۇل-غان لوك، زىخ قاتارلىقلارنى ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، يۇلغۇننىڭ سۈيىدە يۇغۇرۇپ، توقىچاق ياساپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ۋە قۇرۇتقۇچى دورىلار (مەسلەن، پىننە، توغرىغا، سۇزاپ، يۇلغۇن مېۋىسى قاتارلىقلارنى سوقۇپ كونا سىركىدە يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ) تال ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ. چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى مۇرەككەپ بولسا، داۋالاشمۇ مۇرەككەپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، تال مىزاجىنىڭ ھۆل سوغۇق-تىن بۇزۇلۇشىدا تەنقىيە قىلغۇچى دورىلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ. بىخ كەبىرنى باراۋەر مىقداردىكى سېرىق ئۇت بىلەن سوقۇپ، تاسقاپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، 7g دىن ئىستېمال قىلىنسا بولىدۇ. تال مىزاجىنىڭ قۇرۇق سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى «تال قېتىش» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

## تالنىڭ ياللۇغى

تالنىڭ ياللۇغى ئىسسىقتىن بولسا، بىماردا قىزىتما بولىدۇ. ئەگەر قان خىلتىدىن بولسا، 4 – كۈنى قىزىتما كۆچىيىدۇ. ئەگەر ياللۇغى سەپرا خىلتىدىن بولسا، 3 – كۈنى قىزىتما يۇقىرىلايدۇ. بۇلاردىن باشقا ھەربىر قىسىمدا خىلىت غالىبلىقىغا خاس ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئەگەر ياللۇغ بەلغەم خىلتىدىن بولسا، «تالنىڭ ئىسسىپ قېلىشى» دېيىلىدۇ. ئەگەر ياللۇغ سەۋدا خىلتىدىن بولسا، «تالنىڭ قېتىشى» دېيىلىدۇ. تال مىزاجىنىڭ ھۆللۈك ياكى قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر تال مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدا بايان قىلىندى.

داۋالاش: ئەگەر ماددىلىق (خىلتلىق) بولسا، ئۇنىڭغا مۇناسىپ تەنقى-يە ۋە تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان تال ياللۇغىدا ئارپا ئۇنى، يۇلغۇن يوپۇرمىقى، يەرلىك شوخلا كۆكى قاتارلىقلارنىڭ سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ تال ساھەسىگە چېپىلىدۇ. ئەگەر ياللۇغ بەلغەم خىلتى-دىن بولغان بولسا، ئۈزۈم دەرىخى شېخىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن كۈلنى گۈل

يېغى بىلەن قوشۇپ ياكى ئۆچكە مايىقىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن كۈلىدىن ئۈچ ھەسسە، بىخ كەبىرىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن كۈلىدىن بىر ھەسسە ئېلىپ سوكىگە ئارىلاشتۇرۇپ جىگەر ساھەسىگە چاپلىنىدۇ. سەۋدا خىلىتىدىن بولغان تال ياللۇغىدا ئۈشەقنى سىركىدە ئېرىتىپ ياكى سۈزۈپ ۋە پىنىنىنى سوقۇپ سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ ۋە ياكى بۇغدايىنىڭ كېپىكىنى سىركىدە قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ئۈشەقنى ئارىلاشتۇرۇپ چاپلىنىدۇ. بەزى كىشىلەر يۇلغۇن ياغىچىدىن قاچا ياساپ ئۇنىڭدا سۇ ئىچىپ بەرسە ياكى ئۇنىڭدا تاماق يەپ بەرسە قىرىق كۈندە تالنىڭ ئىششىقى تارقاپ كېتىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. ئەگەر پىرسىياۋشان، قۇرۇق زۇپالارنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ تاسقاپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، كۈندە 2 قېتىم، 7g دىن ئىستېمال قىلدۇرۇلسا، تال ئىششىقىنى تارقىتىشتا ناھايىتى مەنپەئەتلىك. شۇنداقلا ئەنجۈر ۋە بىخ كەبىرلەرنى سىركىگە چىلاپ قويۇپ، ئىستېمال قىلىشمۇ مەنپەئەتلىك. ئەگەر تال كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان بىمار ئەتىگەندە ئۆزىنىڭ سۈيدۈكىنى ئۈچ ئوچۇم ئىچىپ بەرسە، مەنپەئەتى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. تالنىڭ سەۋدا خىلىتىدىن بولغان قاتتىق ياللۇغىنى مەلھەملەر بىلەن يۇمشاتقاندىن كېيىن، سول قولنىڭ ئوسەيلىم تومۇرىدىن قان ئېلىشنىڭ مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

## تالدا يىرىڭ يىغىلىپ قېلىش

ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈركى، تالنىڭ ياللۇغى كۆپىنچە تارقاپ كېتىدۇ، بەزىدە قېتىش دېيىلىدۇ، لېكىن ياللۇغ پىشىپ يىرىڭ يىغىلىۋالىدىغان ئەھۋال ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. تال ياللۇغى پەيدا قىلغان ماددىنىڭ يىرىڭغا ئايلانغانلىقىنىڭ ئالامىتى تال ساھەسىدە سانجىلىپ ئاغرىش سېزىمى بولىدۇ، سۈيدۈك سېسىق پۇراقلىق كېلىدۇ ھەمدە سۈيدۈكتە تەبىئىي بولمىغان يات ماددىلار چىققاندىن باشقا، يىرىڭ ئاشقازانغا قۇيۇلۇشى ھەمدە قۇسۇش ياكى چوڭ تەرەت يولى بىلەن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن. تالدىن كەلگەن يىرىڭ توپا رەڭ كېلىدۇ. بۇمۇ بىلىش زۆرۈر بولغان ئالامەتنىڭ بىرى.

داۋالاش: بۇ كېسەلنى داۋالاش تەدبىرلىرى ئاشقازان يىرىڭلىق ئىش-

شىقىنى داۋالاشتىكى تەدبىرلەرگە ئوخشايدۇ. سۇيىدۇك ھەيدىگۈچى دورا ئىشلىتىلسە چوقۇم مىزاجغا رىئايە قىلىش كېرەك (يەنى بىمارنىڭ ئەسلىي مىزاجى سوغۇقچان بولسا، ئىسسىق سۇيىدۇك ھەيدىگۈچى دورىلارنى، ئىسسىقچان بولسا، سوغۇق سۇيىدۇك ھەرىكۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك) ، ئەگەر يىرىڭ يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن تالدا قاتتىقلىق بولسا، تالنىڭ سەۋدا خىلتىدىن بولغان ياللۇغىدا سۆزلەنگەن زىمات ئىشلىتىلسە بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن قۇرۇغۇچى (قابىز) دورىلارنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر تالنىڭ قاتقان ياللۇغى سوزۇلما بولۇپ، دورا بىلەن ساقايمىسا، تال ساھەسىنىڭ تېرىسىنى جۇپتەك بىلەن قىسىپ تۇرۇپ، ئىككى باشلىق داغلاش ئەسۋابى بىلەن داغلىنىدۇ. بىر قېتىم داغلىغان ئورۇنغا يېقىن يەنە بىر قېتىم داغلىنىدۇ. ئۈچ قېتىم داغلىسا بولىدۇ، ئۈچ باشلىق داغلاش ئەسۋابى بولسا، پەقەت بىر قېتىملا داغلىسا بولىدۇ.

## تالنىڭ زەئىپلىكى

ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈركى، تالنىڭ سۈمۈرۈش كۈچى (قۇۋۋىتى جازىبە) ئاجىزلاپ قالسا ئىشتىھا يوقىلىدۇ ھەمدە سەۋدايى كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر تۇتۇپ تۇرۇش كۈچى (قۇۋۋىتى ماسىكە) ئاجىزلاپ قالسا، سەۋدالىق ئىچى سۈرۈش كۆرۈلىدۇ. ئەگەر تالنىڭ چىقىرىش تاشلاش كۈچى زەئىپ بولۇپ قالسا تال يوغىناپ كېتىدۇ، ئىشتىھا تۇتۇلىدۇ.

داۋالاش: تالنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئەفسەنتىن، سۈنبۇل، يۇلغۇن مېۋىسى (گەزمازەج)، قەردمانا (زىرىنىڭ بىر تۈرى)، ئىزخىر، بىخ كەبىر، قىزىلگۈل، فوقەل قاتارلىقلارنى سوقۇپ تاسقاپ سۈزاپنىڭ سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، سىركە قوشۇپ تال ساھەسىگە چاپلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تال ساھەسىنى يىرىك رەخت بىلەن سۈرۈپ بېرىش، تىنماي لوڭقا قويۇشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر.

## تالنىڭ تومۇرلىرى توسۇلۇش

تال تومۇرلىرى توسۇلغانلىقنىڭ ئالامەتلىرى تال ساھەسىدە ئېغىرلىق سېزىمى بولىدۇ، تال ساھەسىدە ياللۇغلىنىش ئالامەتلىرى تېپىلمايدۇ.

داۋالاش: «جىگەر تومۇرلىرىنىڭ توسۇلۇشى»دا بايان قىلىنغان دورىلار بۇ كېسەلگىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ، ئەمما بۇ كېسەلدە كۆچلۈكرەك دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. سىركەنجۇبىل بوزۇرى ۋە قۇرسى كەھرىۋا (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) لارنى ئىشلىتىشمۇ مەنپەئەتلىك.

## تال ئېسىلىش

بۇ كېسەل تالنىڭ ھەزىم قىلىش، چىقىرىش كۈچىنىڭ زەئىپلىشىپ قېلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. تال كۆچلەندۇرۇلىدۇ (يەنى بەك سوغۇق سۇ، بەك سوغۇق نەرسىلەردىن مائۇل ھەسەل شۇنداقلا يەل قوزغايدىغان غىزالاردىن پەرھىز قىلىپ، سىركەنجۇبىل بوزۇرى ھار، سىركەنجۇبىل ئەنسلى قاتارلىقلارنى بەدىياننىڭ سۈيى بىلەن ئىچىشكە بېرىلىدۇ) ھەمدە بۇغداينىڭ كېپىكى، كۆممىقوناق، تۇز قاتارلىقلارنى خالتىغا سېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تال ساھەسىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. پىننە ۋە سوزاپنى سىركە ۋە ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ. جىگەر ساھەسىگە ئوتلۇق لوكقا قويۇلىدۇ. سۇفۇپى ھورۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## تالنىڭ قېتىشى

بۇنىڭ ئالامىتى سۈيدۈكتە قۇم كېلىدۇ، تال ساھەسىدە سانجىق بولىدۇ، باشقا ئەزالاردا بىرەر نورمالسىزلىق بولمايدۇ.

داۋالاش: سىركىگە چىلاپ ئېلىنغان ئەنجۈر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى سىرتىدىن چېپىلىدۇ. سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار (مەسىلەن: كاسنە ئۇرۇقى، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، بەدىيان، كاكىنەج، كەرەپشە ئۇرۇقى قاتارلىقلار)، يەل تارقاتقۇچى دورىلار (مەسىلەن: سوزاپ ئۇرۇقى، زىرە، جوۋىنە، توغرىغۇ قاتارلىقلار) بېرىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا بۆرەك ۋە دوۋساق تېشىنى پارچىلاپ چىقىرىدىغان دورىلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

# ئون ئالتىنچى باب ئۈچەي كېسەللىكلىرى

## ئۈچەي ھەزىمى بۇزۇلۇشتىن بولغان ئىچى سۈرۈش

ئۈچەي ھەزىمى بۇزۇلۇشتىن بولغان ئىچى سۈرۈشتە يېمەكلىكلەر ئۈچەيدىن ناھايىتى تېز چىقىپ كېتىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى: ئەگەر ئۈچەي ئىچكى يۈزىگە مودۇر چاقىلار چىققاندىن بولغان بولسا، بەدەندە ئىسسىقلىققا ئالاقىدار ئالامەتلەر تېپىلىدۇ. ئۇزۇقلۇقلار ئەگەر ئۈچەي تەرەپكە كەلسە، ئاغرىش سېزىمى بولىدۇ. يېمەكلىكلەرگە سۈيۈق زەرداب ئارىلىشىپ چىقىدۇ. ئۇنى داۋالاشتا قان ئېلىش، سەپرانى سۈرۈپ چىقىرىش كېرەك ھەمدە سوۋۇتقۇچى دورىلار (مەسىلەن، ئارپىنىڭ تاتلىقىنى گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ ياكى قىزىلگۈل، كۆممىقوناقنى قاينىتىپ ئېلىنغان سۈيىگە گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈش ياكى كلىزما قىلىش بىلەن قىزىقلىقنى پەسەيتىش كېرەك. بۇلاردىن باشقا سۇفۇپى زەقۇل ئەمما بۇسۇرىنى (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قاراڭسۇن)نى ئىشلىتىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەگەر مودۇرلار ئۈچەينىڭ سىرتقى يۈزىدە بولسا، قورساق بوشلۇقىدا كۆيۈشۈش ياكى قىچىشىش سېزىمى پەيدا بولىدۇ. ئاغرىق بەزىدە كىندىكنىڭ ئۈستى، بەزىدە كىندىكنىڭ ئاستىدا، بەزىدە يانپاش ساھەسىدە بولىدۇ. ئىچى سۈرۈكىدە ھەزىم بولمىغان غىزالار كېلىدۇ.

داۋالاش: كلىزمىدىن باشقا يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك. بۇ يەردە شەخسەن كىندىكنىڭ ئاستىغا سوغۇق دورىلارنى زىمات قىلىش تەكىتلىنىدۇ.

ئەگەر ئۈچەي ھەزىمىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان ئىچى سۈرۈش ئۈچەينىڭ ئىچكى يۈزىدىكى ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان سۈيۈقلۇقنىڭ مىقدارىنىڭ ئارتىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى تەرىتىدە ھەزىم بولمىغان غىزالار بىللە كېلىدۇ.

داۋالاش: بىمارنى قۇستۇرۇش، ئىچىنى سۈرگۈزۈش (بۇ ئارقىلىق ئۆچەيىنىڭ ئىچكى يۈزىدىكى بۇ خىل ماددىنى چىقىرىپ تاشلاش) تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. ئىچىنى سۈرۈش ئۈچۈن ھەببى ئايارەج ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن). مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەربىر دورا ۋە ھەربىر تەدبىر ئۆچەيگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

ئەگەر ئۆچەي مىزاجىنىڭ ماددىسىز ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن بۇ كېسەل كېلىپ چىققان بولسا، بەدەندە ھۆللۈك ئارتىپ كەتكەنلىكىگە ئالاقىدار ئالامەتلەر تېپىلىدۇ، لېكىن تەرىتى ئۇنچىۋالا سۇيۇق بولمايدۇ.

داۋالاش: قۇستۇرۇش ۋە سۈرگە بېرىش ئارقىلىق ئارتۇق سەپرا خىلتىنى بەدەندە تازىلاش سەپرا خىلتىنى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن سېرىق ھېلىلە پوستىنى شېكەر بىلەن قوشۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئىستېمال قىلدۇرۇشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەگەر بۇ كېسەل بەلغەم ۋە سەپرادىن ئىبارەت ئىككى خىلتنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ھەر ئىككى خىلت غالىبلىقىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر تېپىلىدۇ. شۇڭا بۇ تۈرىدە ئىچى سۈرۈش پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى مېۋىلەرنىڭ سۈيىنى ئىستېمال قىلغانلىق تارىخى بولىدۇ.

داۋالاش: سەپرا ۋە بەلغەم خىلتلىرى (ئىككى خىلتنىڭ مۇنزىج، مۇسھىللىرىنى قوشۇپ بېرىپ) تەنقىيە قىلىنىدۇ. بۇ سۇفۇپ تۈرىدىكى ئۆچەي ھەزمى بۇزۇلۇشتىن بولغان ئىچى سۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. تەركىبى: 7 دانە سېرىق ھېلىلىنىڭ پوستى، ئاق ئادراسمان ئۇرۇقى، نامازشام گۈلىنىڭ ئۇرۇقى، سۇماق، يۇلغۇن مېۋىسى (داۋا) ھەربىرىنى 7.25g دىن ئېلىپ، ئادراسمان ئۇرۇقىدىن باشقا دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ (ئادراسمان ئۇرۇقىنى سىركىگە چىلاپ قۇرۇتۇپ سوقۇپ) ئارىلاشتۇرۇپ، كۈندە ئىككى ۋاخ، 7 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەل ئۆچەي ئەسەبلىرىنىڭ پالەچلىنىش ياكى ئىسترخالىنىش سەۋەبىدىن ئۆچەيلەرنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇنى پالەچنى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

ئەگەر بىرەر كۈچلۈك سۈرگە دورىسى ئىچكەن سەۋەبتىن بۇ كېسەل

كېلىپ چىققان بولسا، توّت خىل ئۇرۇقنى (ئىسپىغۇل ئۇرۇقى رەيھان ئۇرۇقى ھەشقى پېچەك ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى)نى قورۇپ گۈل يېغى بىلەن ياغلاپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئاق ئادراسمان ئۇرۇقىنى قېتىق بىلەن قاينىتىپ، ئۇماچتەك بولغاندا سوۋۇتۇپ، ئىستېمال قىلسا ناھايىتى تېز مەنپەئەت قىلىدۇ.

## قانلىق ئىچى سۈرۈش

قانلىق ئىچى سۈرۈش خاس ئۈچەيدىن كېلىدۇ. بۇ كېسەل ئىككى خىل بولۇپ، ئاۋۋالقىسىدە ئۈچەينىڭ شىللىق پەردىلىرى سويۇلۇپ چۈشىدۇ. ئۇنى «سەھەج» دەپ ئاتايدۇ. يەنە بىرسىدە ئۈچەينىڭ تومۇرلىرى قان بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. بۇ تومۇرلارنىڭ مەلۇم بىرىنىڭ ئېغىزى ياللۇغلانماي تۇرۇپ ئېچىلىپ كېتىش سەۋەبىدىن قانلىق ئىچى سۈرۈش كېلىپ چىقىدۇ.

(1) ئۈچەي شىللىق پەردىلىرىنىڭ سويۇلۇپ چىقىشى (سەھەج): ئەگەر بۇ سەپرا خىلتىدىن بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى ئالدىدا سەپرالىق ئىچى سۈرۈش بولىدۇ، ئاندىن كېيىن سەپرا ئۈچەينىڭ ئىچكى يۈزىدىكى توّكۇلگەن شىللىق پەردىلەر بىلەن بىرگە كېلىدۇ. ئاندىن كېيىن قان، ئۈچەي ئىچكى پەردىلىرىنىڭ پارچىلىرى ۋە باشقا شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلار چىقىدۇ. بەدەندە ئىسسىقلىقنىڭ باشقا ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ.

داۋالاش: كېسەلنىڭ باشلىنىشىدا ئۇزۇم غورابىنىڭ ئوسارىسى، ئانار ئوسارىسى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قاتۇرغۇچى (قابىز) شۇنداقلا چوڭچوڭمەل نەرسىلەر بېرىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى كوّپ بولسا، ئۇنى تەنقىيە قىلىپ كېسەللىك سەۋەبىنى يوقاتقاندىن كېيىن لوئابلىق (شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ھاسىل قىلغۇچى) دورىلار مەسىلەن، ئىسپىغۇل، بېھى ئۇرىقى ئوخشاش» بىلەن ئۈچەيدە بىر قەۋەت چاپلاشقان پەردە ھاسىل قىلغۇچى (مۇفرىھات) دورىلار (مەسىلەن، ئەرەب يېلىمى، كەتىراغا ئوخشاش) دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداقلا سېمىز ئوت ئورۇقىنىڭ تاتلىقى، گىل ئەرمىنى بىلەن قوشۇپ بېرىشمۇ مەنپەئەتلىك.

شۇنداقلا سوفۇپى مۇقلىياسا (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) ناھايىتى مەنپەئەتلىك. ئەگەر چوڭ تەرەتنى يەنىمۇ قاتۇرۇش زۆرۈر بولسا، نۇسخا تەركىبىدىكى ئۇرۇقلارنى قورۇتۇۋېتىش لازىم. ئۇلاردىن باشقا، پەقەت پاقەيوپۇرمىقىنىڭ ئۇرۇقىنىڭ تاتلىقىنى چىقىرىپ، ئىستېمال قىلىشمۇ كېسەللىك ماددىسىنى يوقىتىپ، ئۈچەي شىللىق پەردىلىرىنىڭ سويۇلۇپ چۈشۈشى ۋە ئىچى سۈرۈشنى داۋالاشتا مەنپەئەتلىكتۇر. ئەگەر قورساق ئاغرىقى ئۆتكۈر بولسا، تۆت خىل ئۇرۇق، يەنى ئىسپىغۇل ئۇرۇقى، رەيھان ئۇرۇقى، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقىنىڭ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قايناقسۇغا چىلاپ لوئابىنى ئېلىپ، 5ml مىقداردا گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.ئەگەر ئۈچەي ئىچكى پەردىلىرى سويۇلۇپ چۈشىدىغان ئىچى سۈرۈش بەلغەم خىلتىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا، دەسلەپتە ئىچى سۈرىكى پۇتلا ئارىلاش كېلىدۇ، بۇ كۆپ ھاللاردا زۇكام ۋە نەزلىدىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش: دەسلەپتە بەلغەم خىلتىنى سۈرۈپ چىقىرىش ھەمدە نەزلە ۋە زۇكامنى پەسەيتىش ئارقىلىق كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش، ئاندىن كېيىن ئۈچەيدە بىر قەۋەت يېپىشقاق پەردە ھاسىل قىلىپ، ئۈچەي شىللىق پەردىلىرىنى قوغداش تەسىرىگە ئىگە (موغەييرات) لاردىن رەيھان ئۇرۇقىغا ئوخشاش دورىلارنى ئىشلىتىش ھەمدە قارا ھېلىلىنى سېرىق ياغدا قورۇپ سوقۇپ تاسقاپ، باراۋەر مىقداردا ئاق شېكەر قوشۇپ، 7gدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلسا ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

ئەگەر ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى سويۇلۇپ چۈشىدىغان ئىچى سۈرۈشنىڭ سەۋەبى سەۋدا خىلتىدىن بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى قورساق دائىم تولغاپ ئاغرىيدۇ، بىماردا قاتتىق بىئاراملىق بولىدۇ، چوڭ تەرەتتە قان، تۆكۈلگەن ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى ۋە سەۋدا چىقىدۇ.

داۋالاش: كېسەللىك سەۋەبىنى يوقاتقاندىن كېيىن تالنى كۈچلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، يۇمشىتىش تەسىرىگە ئىگە بولغان ئۇرۇق دورىلار ۋە سۇفۇپى تىبىن (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى سويۇلۇپ چىقىدىغان ئىچى سۈرۈش

ئەگەر قويۇق (قاتتىق)، قۇرغاق بولۇپ، چوڭ تەرەت ئۇنىڭ قورغاقلىقى سەۋەبىدىن ئۈچەينى ئاقلىۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى دەسلەپتە قەۋزىيەت بولغان تارىخى بولىدۇ. بىمار قۇرۇق چوڭ تەرەتنى قاتۇرغۇچى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغان ۋە قۇرۇق (قاتتىق) چوڭ تەرەت كەلگەن تارىخى بولىدۇ.

داۋالاش: ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى، يۇمشاتقۇچى دورىلار مەسىلەن، بېھى ئۇرۇقىنىڭ لوئابى، ئىسپىغۇل لوئابى، بىنەپشە شەربىتىگە ئوخشاش دورىلارنى بادام يېغى بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۈچەيدىن قاتتىق گەندە مونىكى تازىلانغاندىن كېيىنمۇ، ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى سويۇلۇپ چىقسا، مۇناسىپ قورۇغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم. لېكىن ئۈچەينى كېسەللىك ماددىسىدىن تازىلاشتىن ئىلگىرى ھەرگىز قابىز دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك، بۇ ناھايىتى زىيانلىقتۇر.

ئەگەر زەھەرلىك دورىلار مەسىلەن، زەرنەخ، نۆشۇدۇر، ھاك ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دورىلارنى ئىستېمال قىلىشتىن ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى ئاجراپ چۈشىدىغان ئىچى سۈرۈش كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا قۇستۇرۇپ، ئاندىن يېڭى سۈت ۋە مېغىزلاردىن تەييارلانغان ھالۋىلار ئىچكۈزۈلسە بولىدۇ.

ئەگەر مۇسھىل دورىلارنى ئىستېمال قىلىش بىلەن بۇ كېسەل كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا لوئابلىق دورىلارنى سوۋۇتقۇچى دورىلار بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ. قېتىققا تۆمۈرنى قىزدۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

قانلىق ئىچى سۈرۈشنىڭ يەنە بىر قىسمى بولۇپ، ئۈچەينىڭ بىرەر تومۇرىنىڭ ئېغىزلىرىنىڭ ئېچىلىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئالامىتى ئىچى سۈرىكىدە قان كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئۈچەي ئىچكى پەردىلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ چۈشۈشى بوۋاسىر ۋە جىگەر مەنبەلىك ئىچى سۈرۈشكە ئالاقىدار بىرەر ئالامەت بولمايدۇ. بۇ خىل ئىچى سۈرۈش كۆپىنچە ئاغرىقسىز كېلىدۇ. ئەمما ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى تۆكۈلۈشتىن بولغان ئىچى سۈرۈشتە ئاغرىش ئىزچىل بولىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر بىماردا قان كۆپ بولۇپ، بەدەن قۇۋۋىتى يېتەرلىك بولسا، باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن، قۇرسى كەھرىۋادىن باشقا دورىلار ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئىككى گرامنى گىل ئەرمىنى نامازشام گۈلى ئۇرۇقى شەربىتى ياكى ئەنجىباھار شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ. شۇنداقلا ئانارنىڭ پوستى، يۇلغۇن مېۋىسى، گۈل ئەرمىنى قاتارلىق ئۈچ دورىنى باراۋەر ۋەزىندە ئېلىپ، سوقۇپ تاسقاپ، كومىلاچ قىلىپ، 7g دىن ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ. بۇ ئىچى سۈرۈشنى توختىتىشتا سىناقتىن ئۆتكەن دورىدۇر. قورساققا تۆت سائەتكىچە ئوتلۇق ھىجامەت قويۇشمۇ بۇ كېسەلگە ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەسكەرتىش: ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن ئىمكان قەدەر سەزمەس قىلغۇچى دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. ئەگەر سەزمەس قىلغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىپ قالسا، شامچە دورىلارغا قوشۇپ ئىشلەتسىمۇ، ھەرگىز ئىچىشكە بېرىلمەيدۇ. موبادا ئىچىدىن ئىچىشكە توغرا كېلىپ قالسا (سەزمەس قىلغۇچى دورىلارنىڭ ناچار تەسىرىنى تورسىدىغان دورىلار دورا چوڭ قامۇسى «قارابادىن» دە يېزىلدى.) مۇۋاپىق تۈزەتكۈچىسىنى قوشۇپ ئىشلىتىش لازىم.

## ئۆچەيدىن يىرىڭ كېلىش

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى ئۆچەي شىللىق پەردىلىرى ئاجرىغان ئەھۋال ئاستىدا، يەرلىك ئورۇنغا يىرىڭ يىغىلىپ قېلىش ياكى ئۆچەي ياللۇغىنىڭ ئېغىر ئېلىشى قاتارلىقلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ ئالدىنقى بىماردا ئۆچەي شىللىق پەردىلىرىنىڭ سويۇلۇشىدىن بولغان ئىچى سۈرۈش ياكى ئۆچەي ياللۇغى بولغان تارىخى بولىدۇ.

داۋالاش: ئۆچەينى يىرىڭدىن تازىلاشتىن ئىلگىرى، ئۆچەينى پاكلىغۇچى كلىزمىلار ئىشلىتىلىپ، ئارقىدىن يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرگۈچى كلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئۆچەينى تازىلايدىغان كلىزما دورا: ئانارنىڭ پوستى، سۇماق، نامازشام گۈلى، قىزىل گۈرۈچ، ئارپا، دورىلارنى زۈرۈرىيەتكە مۇۋاپىق

ئېلىپ سوقۇپ سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئازراق ئۆچۈرۈلگەن هاك ئارىلاشتۇرۇپ كلىزما قىلىنىدۇ. جاراھەت ئېغىزىنى پۈتتۈرگۈچى كلىزما دورا: ئەرەب يېلىمى، گىل ئەرنى، خۇنسياۋشان، تىكە ساقىلى ئۇسارىسى (بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ روببى)، كۆيدۈرۈلگەن قەغەزلەردىن ئېهتىياجغا مۇۋاپىق ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ، پاقىبوپۇزمىقىنىڭ سىقىلغان سۈيى ۋە توڭ ئۇجمە بىلەن قوشۇپ كلىزما تەييارلاپ كىلىزما قىلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئەگەر ئۈچەيدىن يىرىڭ كېلىشىنىڭ سەۋىبى ئۈچەي شىللىق پەردىلىرىنىڭ سويۇلۇشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئالدى بىلەن ئۈچەي شىللىق پەردىلىرىنىڭ سويۇلۇشىغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن كېيىن ئۈچەينىڭ يارىسىنى داۋالاش تەدبىرلىرىنى ئويلاشسا بولىدۇ.

## تولغاق

بۇ كېسەلنى توخۇ كېسىلى (توخۇدەك پىت پوق بولۇپ قېلىش) دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ كېسەلدە بىمارنىڭ ئىچى سۈرۈپ، ئاز ـ ئازدىن سۇيۇق ـ لۇق مەيلى تەركىبىدە قان بولسۇن، بولمىسۇن پات ـ پات چىقىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى قۇرۇق كەندىرنىڭ ئۈچەيدە تۇسۇلۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بەدەننىڭ «تەبىئەت كۈچى» ئۇنى چىقىرىپ تاشلاشقا ئىنتىلگەن بولسىمۇ ئۇ چىقىلى ئۇنىمايدۇ. ئۈچەي سۇيۇقلۇقى چىققان بولسا، ئۇنى يالغان تولغاق، يەنى ساختا تولغاق دەپ ئاتايمىز. بۇ كېسەلنىڭ ئالامىتى ئىسپىغول ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇرۇق دورىلار بېرىلسە ئۇ سىرتقا چىقمايدۇ.

داۋالاش: يۇمشاتقۇچى شەربەتلەر ۋە كلىزمىلار (مەسىلەن، بىنەپشە شەربىتى، خىيار شەنبەر، بادام يېغى قاتارلىقلار) بىلەن چوڭ تاھارەتنى يۇمشىتىش كېرەك. بەزىدە پەقەت قايناقسۇ ئىچىش بىلەنمۇ چوڭ تاھارەت يۇمشاپ كېتىدۇ، لېكىن بۇ كېسەلگە ھەرگىز بىرەر قاتۇرغۇچى دورا ئىشلەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا چوڭ تاھارەتنى قاتۇرغۇچى دورا ئىشلىتىش خەتەرلىك. شۇڭلاشقا تېۋىپلار تولغاق سوزۇلما بولغان تەقدىردە ـ

مۇ، سەۋەبنى ئىنتقلىماي تۇرۇپ، بىرەر قانداق ئىچى سۈرۈشنى توختاتقۇچى دورا ئىشلەتمەسلىكنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

ئەگەر تولغاق بەلغەم، سەپرا، سەۋدا خىلىتلىرىنىڭ نورمالسىزلىقلىرى تەسىرىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ ئالامەت ۋە داۋالاش ئۇسۇلى ئۇچەي شىللىق پەردىلىرىنىڭ سويۇلۇشىدىن بولغان ئىچى سۈرۈشتە سۆزلەندى، شۇ يەردىن كۆرۈلسۇن.

بىلىش لازىمكى تولغاق كېسىلىگە نىسبەتەن كىلىزما ۋە شامچە دورىلار (مەسىلەن، گىل ئەرمىنى، قەلەي ئۇپىسى، كەندىر ئۇرىقى، يېپىسموق (گولياك) قاتارلىقلارنى يۇمشاق ئېزىپ، پاقا يوپۇرمىقى ۋە سېمىزئوتنىڭ سىقىلغان سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كىلىزما قىلىش ياكى توخۇمنىڭ سېرىقىنى گۈل يېغىدا سۇيۇلدۇرۇپ، مەدەستاننى يۇمشاق سوقۇپ سېلىپ، ياختىغا يۇقتۇرۇپ، مەقەتكە قويۇش ئېغىزدىن ئىچىدىغان دورىلارنى ئىشلەتكەنگە نىسبەتەن زىيادە مەنپەئەتلىكتۇر. ئەگەر تۆۋەنكى ئۇچەيلەر (چوڭ ئۇچەيلەر)نىڭ ئىسسىقتىن بولغان ياللۇغى سەۋەبىدىن تولغاق كېسىلى كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى قورساقتا ئاغرىش سېزىمى بولىدۇ ۋە قورساق ساھەسىدە ئېغىرلىق سېزىلىدۇ. بىماردا قىزىش ۋە سىيىش قىيىنلىشىش پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

داۋالاش: قان ئېلىش، بەلنىڭ ئاستىغا شەخەك قويۇش، تاماق ئاز بېرىلسە، ھارارەتنى پەسەيتكۈچى دورىلار (ماددىسىز ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشنى داۋالاشتا سۆزلەندى) ئىشلىتىلسە بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى ئۇچەيدە توختاپ قالغان بولسا، ئاق لەيلى ئۇرىقى، شۇمشا ئۇرىقى، بىنەپشە، بابۇنە، چەلەك يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن مەقەت ۋە قورساق ساھەسى يۇيۇلىدۇ. ئەگەر بىمار ئاسان قۇسالىسا ئۇنى قۇستۇرۇشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەگەر ئارتۇق سوغۇقلۇقنىڭ مەقەتكە تەسىر قىلىش سەۋەبىدىن تولغاق كېلىپ چىققان بولسا، مەقەتكە سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەنلىك تارىخى بولىدۇ.

داۋالاش: قايناق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. قۇستە يېغى ۋە

باشقىلارنى ئىسسىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن (مەقەت ساھەسىنى) ياغلاپ بېرىش ۋە ئىسسىق خىش ئۈستىدە ئولتۇرۇشمۇ، شۇنداقلا ئادراسمان ئۇرۇقىنى قورۇپ، 7g دىن سوقماي ناشتىدا ئىچىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

ئەگەر مەقەت ۋە ئۈچەيلەر ئات مىنىش ياكى قاتتىق نەرسىلەردە ئولتۇرۇش سەۋەبىدىن زەرەرلىنىپ، تولغاق كېلىپ چىققان بولسا، ئاق مومنى بابۇنە يېغىدا ئېرىتىپ، يەرلىك ئورۇننى ياغلاپ بەرسە بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى گۈل يېغىدا ئېرىتىپ مەقەتكە تېگىپ بېرىشمۇ تولغاقنىڭ ھەممە تۈرى ئۈچۈن ئوخشاشلا مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەسكەرتىش: ئەگەر ئاچ قورساققا چۈچۈمەل نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن تولغاق كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا ناۋاتنىڭ تەمىنى ئوبدان چىقىرىپ ئىچكۈزۈش، تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى ئىللىتىپ، ئەرەب يىلىمى، گىل ئەرمىنىلەرنى يۇمشاق سوقۇپ، تۇخۇمنىڭ سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرىلىدۇ.

## ئۈچەي مۇجۇپ ئاغرىش

مەغەس دەپ، ئۈچەينىڭ مۇجۇپ ئاغرىشىنى ئاتايدۇ. بۇ ئۈچەي توسۇلۇش (قۇلۇنجى) ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى سويۇلۇپ چىقىدىغان ئىچى سۈرۈش (سەھەج)، تولغاق قاتارلىقلاردا ئورتاق كۆرۈلىدىغان ئالامەت بولۇپ، ئەگەر يۇقىرىقى كېسەللىكلەر كۆرۈلمەي تۇرۇپ، ئۈچەيدە تولغاپ ئاغرىش بولسا، سەۋەبكە مۇۋاپىق چارە قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى سويۇلۇش سەۋەبىدىن ئۈچەي مۇجۇپ ئاغرىغان بولسا، ئۇنى داۋالاش مەزكۇر كېسەللىكلەرنىڭ بايانىدا سۆزلەندى. قۇلۇنجى كېسەللىكى سەۋەبىدىن ئۈچەي مۇجۇپ ئاغرىسا، ئۇنى داۋالاش تۆۋەندە جۇلۇنجى ۋە ئۈچەي توسۇلۇشنىڭ بايانىدا سۆزلىنىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەل پەقەت سۈرگە دورىلارنى ئىچكەندىن كېيىن پەيدا بولغان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا قايناق سۈنى ئوتلاپ ئىچىپ بېرىش كۇپايە قىلىدۇ. شۇنداقلا كىندىك ساھەسى گۈل يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ.

## ئۈچەينىڭ كۆپۈشى ۋە كۆكرىشى

ئەگەر ئۈچەي كۆپۈشى ۋە كوكىراش قورساقنى كۆپتۈرگۈچى غىزا-

لارنى ئىستېمال قىلغانلىقتىن ياكى غىزانى بەك كۆپ يېگەندىن، ياكى سىڭىشى تەس بولغان غىزالار، مەسىلەن: سۇ كالىسىنىڭ گۆشىگە ئوخشاش غىزالارنى ئىستېمال قىلغانلىقتىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا سۇيۇقلىك غىزالارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، قانداق غىزانى كۆپ يەپ ئادەتلەنگەن بولسا غىزالىنىش ئادىتىنى ئۆزگەرتىش، قىزىل گۈل گۈلقەنتى ۋە قىزىل گۈل ئۇرىقىنى ئىستېمال قىلدۇرۇشمۇ مەنپەئەتلىك.

ئەگەر مەقئەت ياكى ئۈچەينىڭ زەئىپلىكى ئۈچەينىڭ كۆپۈشى ياكى كوكىرىشىگە سەۋەب بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى نورمال مىقداردىكى سىڭىشلىك غىزالارنى ئىستېمال قىلغاندىمۇ ئۈچەيلەر كۆپۈپ قورساق كو-كىراش بولىدۇ.

داۋالاش: غىزانىڭ مىقدارىنى كېمەيتىش، ماددەتول ھايات ۋە جاۋارىش كۇمۇنى قاتارلىق دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئەگەر ئۈچەيلەر كۆپۈپ، قورساق كوكىراش ئىچ سۈرۈش بىلەن بىرگە بولسا، جاۋارىش خوزى (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) نى ئىستېمال قىلدۇرۇش ناھايىتى مەنپەئەت-لىك.

## ئۈچەي توسۇلۇش

قۇلۇنجى ئۈچەيدە، جۇملىدىن (قۇلۇن يەنى چوڭ ئۈچەي دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچەيدە) پەيدا بولىدىغان شىددەتلىك ئاغرىش بولۇپ، ئاغرىش بىلەن بىرگە ئېغىر دەرىجىدە قەۋزىيەت (چوڭ تاھارەت قېتىشىۋېلىپ كەل-مەسلىك) بولىدۇ، ھەتتا ئازراق چوڭ تاھارەتنىڭ كېلىشىمۇ ناھايىتى قىيىن بولىدۇ.

ئەگەر قۇلۇنجىنىڭ سەۋەبى قويۇق بەلغەم خىلتى بولسا، قۇلۇنجى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى سىڭىشى تەس بولغان غىزالارنى ئىستېمال قىل-غان، ئېغىر قەۋزىيەت بولغان تارىخى بولىدۇ. بىمارنىڭ كۆڭلى چۇچۇمەل ۋە تۇزلۇق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنى خالاپ قالىدۇ.

داۋالاش: شامچە ۋە كلىزمىلار بىلەن چوڭ تاھارەتنى راۋانلاشتۇرغان-دىن كېيىن، پۈتۈن بەدەننى تازىلاش ئۈچۈن مۇناسىپ سۈرگە بېرىلىدۇ.

جاۋارىش سەپەرجىلى موسهىل ۋە جاۋارىش شەھەر يارانغا ئوخشاش دورىلار گەرچە سۈرۈش تەسىرىنى بەرسىمۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈل ئايىش-نى يوقىتىش تەسىرىگىمۇ ئىگە.

ئەسكەرتىش: قەۋزىيەتنى يوقاتماي تۇرۇپ بىمارنى دورىلار قايىنىتىلغان ئىلمان سۇدا ئولتۇرغۇزۇش (ئابزەن)، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش (كىماد)، چې-پىلمالار (زىمات)نى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. قەۋزىيەتنى يوقاتقاندىن كېيىن، بىر كېچە ـ كۈندۈز غىزا بەرمەسلىك كېرەك. بۇ كېسەلگە نىسبەتەن ھەممىدىن ياخشى غىزا، قېرى توخۇنىڭ گۆشى بىلەن ئىسسىق دورا دەرمەكلەرنى سېلىپ تەييارلىغان نوقۇت شورپىسىدۇر. ئۇلاردىن باشقا تۇرۇلغا (بىر خىل قۇش)، قۇشقاچ، ئوغلاقنىڭ گۆشى، نوقۇت قاتارلىقلار-دىن نوقۇت شورپىسى تەييارلاپ بېرىشكىمۇ بولىدۇ. بىمارغا سۇنى كەمرەك ئىچكۈزۈش، ئەگەر سۇنىڭ ئورنىغا پەقەت قىزىل گۈل ئۇرۇقى، بادىيان ئۇرۇقى، مائۇل ھەسەل (ھەسەل سۈيى) ئىچكۈزۈشمۇ تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئەگەر قۇلۇنجنىڭ سەۋەبى قويۇق يەلدىن بولسا، قورساق ساھەسىدە يىگىنە سانجىغاندەك ئاغرىش بولىدۇ ۋە ئاغرىش پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى مېۋىلەر (پىشمىغان ئۈزۈم، تەرخەمەك ۋە باشقىلار)، شۇنداقلا قورساقنى كۆپتۈرىدىغان غىزا ۋە باشقىلارنى ئىستېمال قىلغان تارىخى بولىدۇ، قورساقتا كوكىراش بولىدۇ، ئاغرىش بىر تەرەپتىن ئىككىنچى بىر تەرەپكە يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. بۇنى داۋالاش ئۇسۇلىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى. لېكىن بۇ يەردە قەۋزىيەتنى بوشىتىشتىن ئىلگىرى ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، يۇيۇلما دورىلار بىلەن قورساق ساھەسىنى يۇيۇپ بېرىشنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق. كىندىك ئەتراپىنى سىرىقچېچەك يېغى بىلەن ياغلاش، جاۋارىش كۆمۈنى ئىستېمال قىلدۇرۇشمۇ ھەمدە «ئاشقازان كۆپۈش» نى داۋالاشتا يېزىلغان دورىلارنى ئىشلىتىشمۇ مەنپەئەتلىك. ئەگەر شاپتۇلنىڭ قېقىنى ئۇندەك قىلىپ، ناننىڭ شەكلىگە كەلتۈرۈپ، ناننىڭ بىر تەرىپىنى پىشۇرۇپ، خام قالدۇرغان تەرىپىنى قورساققا تېگىپ بېرىش قۇلۇنجغا ناھايىتى تېز مەنپەئەت قىلىدۇ. شۇنداقلا ئوتلۇق لوڭقا قويۇشمۇ ناھايىتى تېز ئۈنۈم

بېرىدۇ. يەلدىن بولغان قۇلۇنجىمۇ قۇلۇنجىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، خۇددى مالىخولىيا ماراقىغا ئوخشاش سەۋدا خىلتىنىڭ قورساققا قويۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالامىتى قۇلۇنجى بىردىنلا پەيدا بولىدۇ، قورساقتا كۆپۈش بولىدۇ، ئاچچىق كىكىرىدۇ، ئاغرىش قاتتىق بولمايدۇ.

داۋالاش: سەۋدا خىلتىنى تەنقىيە قىلىپ، ئۇسەيلىم تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ۋە مۇناسىپ ياغلار بىلەن بەدەن ياغلىنىدۇ. ئەگەر ئۈچەي ياللۇغى سەۋەبىدىن قۇلۇجى پەيدا بولغان بولسا، ماددىغا مۇۋاپىق تەنقىيە قىلىش، يەنى ئەگەر ياللۇغ قان خىلتىدىن بولسا ئوڭ قولنىڭ باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. قاننى ئاز - ئازدىن ئېلىش كېرەك. چوڭ تاھارەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئەينۇلا سۈيى، پۇنۇس، خيارشەنبەر، تەرەنجىبىن ئۇسارىس ۋە شەربىتى بىنەپشە قاتارلىقلارنى بېرىش ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. ياللۇغنىڭ باشلىنىشىدا رەخت پارچىسىنى قىزىل گۈل ئۈرىقى ۋە سىركىگە چىلاپ يەرلىك ئورۇنغا قويۇپ قويۇلىدۇ. سەپرادىن بولغىنىدا بوزورى شەربىتى، قىزىل گۈل شەربىتى، تەمرى ھىندى سۈيى، قىزىل گۈل گۈلقەنتى، قىزىلگۈل ئۈرۈقى، بادىيان ئۈرۈقى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. بەلغەم خىلتىدىن بولغىنىدا سېرىقچېچەك، ئىزخىر، ئىكلىلملىك قاتارلىقلاردىن زىمات تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلىش، ئىچىدىن مەتبۇخى ئەفتىمۇن بېرىش، غىزاسىغا شورپا بېرىش كېرەك ھەمدە ئاشقازان ياللۇغىدا بايان قىلىنغان داۋالاش تەدبىرلىرىمۇ بۇ كېسەلگە مەنپەئەتلىكتۇر، لېكىن شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش لازىمكى، خۇددى ئىلگىرى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك قۇلۇنجى كېسىلىدە دەسلەپتە مۇسھىل بەرمەستىن، ئالدى بىلەن كلىزما قىلىش ئارقىلىق چوڭ تاھارەتنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. بەلغىمى ياللۇغ سەۋەبىدىن ئۈچەيلەردە بوششىپ كېتىش ئاز ساندا پەيدا بولىدۇ. ئۈچەينىڭ سەۋدا خىلتىدىن بولغان ياللۇغلىنىشلىرىدا توخۇ يېغى ۋە ئۆسۈملۈك مايلىرى ئارىلاشتۇرۇلغان بولسا ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. ئەگەر قولۇنجىنىڭ سەۋەبى ئۈچەيلەرنىڭ ئۆز ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشى (ئىلتىۋائى ئەمئا) سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇ خىل قولۇنجى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى قاتتىق ھەرىكەت قىلغان ياكى سىلكىنىشلەر بۇنىڭغا سەۋەب بولغان بولىدۇ.

داۋالاش: قورساق ۋە بەلنى مۇجۇپ، ئۈچەينى ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇپ ئەكىلىش ھەمدە بىمارنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ ئىككى قول، ئىككى پۇتىنى تۇتۇپ ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ. (بۇ كىشىلەر ئارىسىدا خېلى مەشھۇر). شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كۆپىنچە كىشىلەر ئۈچەينىڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشىنى، كىندىكنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىشى دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر ئۈچەي ئورنىدىن قوزغىلىشتىن (ئالمىشىش)تىن بولغان قۇلۇنجى ۋە سېرىق ئەتىنىڭ يىرتىلىشى سەۋەبىدىن قۇلۇنجى بولغان بولسا، چۇقۇقا تەدبىر قىلىش ئارقىلىق ئۈچەينى ئۆز ئورنىغا ئەكىلىش، ئەگەر قۇلۇنجىنىڭ سەۋەبى قاتتىق گەندە مونىكنىڭ ئۈچەيدە كەپلىشىپ قېلىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا چوڭ تاھارەتنى ئۈچەي يۈزىنى سىلىقلاشتۇرغۇچى دورىلار ئارقىلىق (بۇ دورىلار تولغاقنىڭ بايانىدا سۆزلەندى) ئۈچەيدىن چىقىرىپ تاشلاش، ئاندىن كېيىن كېسەللىك سەۋەبچىسىنىڭ بەدەندە مەۋجۇت بولۇشى قايتا قۇلۇنجى پەيدا قىلىش ئەندىشىسى بولسا، كېسەلنىڭ قايتا قوزغىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

ئەگەر قۇلۇنجىنىڭ سەۋەبى ئۈچەينىڭ بوشلۇقلىرىدا سەپرانىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، سەپرا خىلتىنى تەنقىيە قىلىش كۇپايە قىلىدۇ. قۇلۇنجىنىڭ بۇ تۈرى سەپرا ماددىسىنىڭ كەملىكى ۋە سۇيۇقلۇقى سەۋەبىدىن ئاز ساندا پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر قۇلۇنجى باشقا ئەزالارنىڭ شېرىكچىلىكىدە پەيدا بولسا، مەسىلەن: دوۋساق ياللۇغى، بۆرەك ياللۇغى، جىگەر ياللۇغى، بالىياتقۇ ياللۇغى، تال ياللۇغى ۋە باشقىلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، شۇ ئەزالارغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

قۇلۇنجىنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، بۇنى سۇرىيان تىلىدا ئىلائۇس دەپ ئاتايدۇ (ئىلائۇس ئىككى سۆز تومۇرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئى خۇدا دېگەن مەنىدە، يەنى ئى خۇدا پانا بەرگىن دېمەكچى)، بۇ قولۇنجىنىڭ ئەڭ يامان تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆڭۈل ئېلىشىپ قۇسۇش بولىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەل كۈچلۈك بولسا چوڭ تاھارەت قۇسۇق ئارقىلىق كېلىدۇ. بۇنى

داۋالاش يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ بولدى. سەۋەبكە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىلىسا، بۇ كېسەلنىڭ باشلىنىشىدا ناھايىتى پايدىلىق. خۇسۇسەن ياللۇغ پەيدا بولۇش گۇمانى تۇغۇلغاندا ياكى ياللۇغلىنىپ بولغان بولسىمۇ.

ئەسكەرتىش: تۆۋەندىكى دورىلارنى ئىشلىتىش قۇلۇنجنىڭ ھەممە قىسمىغا مەنپەئەتلىك. ھۆپۈپنىڭ گۆشى، قۇرۇتۇلغان قىل قۇرۇت، قورۇلغان چايان، كۆيدۈرۈلگەن بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىق دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن تولغاق ۋە باشقا قورساقنىڭ قاتتىق مۇجۇپ ئاغرىشلىرى تېزدىن ئارام تاپىدۇ.

## ئىچى قېتىش

بۇ قورساقتا ئاغرىش بولماي تۇرۇپ، چوڭ تاھارەت قېتىۋالىدىغان كېسەل. بۇنى داۋالاشتا قۇلۇنجنى داۋالاشتا بايان قىلىنغانغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بارسا بولىدۇ. جۈملىدىن بىنەپشە شەربىتى، بادام يېغى ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

## قورساق قۇرتى

قورساق قۇرتى 4 خىل بولىدۇ. (1) يىلان مەددە دەپ ئاتىلىدۇ. (2) قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددە دەپ ئاتىلىدۇ. (3) يۇمىلاق بولىدۇ، بۇنىڭ مەخسۇس نامى يوق. (4) ئۇششاق سىركە قۇرتىغا ئوخشاش بولىدۇ. بۇنى قىل قۇرۇت ياكى تۇتۇ مەددە دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئالامىتى: قورساق قۇرتىنىڭ ھەممە قىسمىدا بىمارنىڭ لېۋى كۆندۈزى قۇرۇق، كېچىسى ھۆل تۇرىدۇ. ئېغىزدىن شۆلگەي ئاقىدۇ. لېكىن يىلان مەددە يۇقىرىقى ئۈچەيلەردە پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، يىلان مەددە بارلىقىنىڭ ماس ئالامىتى ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا كۆيۈشۈش سېزىمى بولىدۇ. قورساق ئاچقاندا مەددە يۇقىرىغا چىققاندەك سېزىم پەيدا بولىدۇ. قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنىڭ مەخسۇس ئالامىتى قورساق چىدىغۇسىز ئاچىدۇ. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ چوڭ تاھارەتتىن مەددە چۈشىدۇ. ئۈچىنچى خىل قۇرۇت (يەنى يۇمىلاق قۇرۇت) چوڭ ئۈچەي ۋە سوقۇر ئۈچەيدە پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ مەخسۇس ئالامىتى مەقئەتتە قىچىشىش ۋە غىدىقلىنىش سېزىمى بولىدۇ. تۆتىنچى خىلدىكى قۇرۇت (يەنى قىل قۇرۇت ياكى تۇتۇ مەددە)

تۇز ئۆچەيدە پەيدا بولىدۇ. كۆپىنچە باللاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. داۋالاشتا قۇرۇتنى ئۆلتۈرۈپ چىقىرىش مەقسىتىدە كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ كۈن يېڭى سۈتكە قەنت سېلىپ تاتلىق قىلىپ ئىچكۈزۈپ، تۆتىنچى كۈنى تۆۋەندىكى سوپۇپلاردىن 7g نى سۈت بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

سوپۇپ نۇسخىسى: ئاقلانغان بەرەڭگى كابىلە، سەرخەس، تۇربۇت، قەنبىل ھەربىرى 18g، كۆك ماش، ئاچچىق قۇستە ھەربىرى 48g، توغرىغا 36g، تۇز 4g، ھەممە دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سوپۇپنى ئىشلەتكەن ۋاقىتتا بۇرۇننى ئېتىۋېلىش كېرەك. (دورىنى قۇرۇتلار پۇرىۋالماسلىقى كېرەك.)

ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا، ھەرگىز ئىسسىق دورىلارنى بەرمەستىن، ئاچچىق ئانار دەرىخىنىڭ پوستى ۋە بىلتىزىنى قاينىتىپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ دورا قۇرۇتنى ئۆلتۈرۈپ سىرتقا چىقىرىدۇ. ئەگەر بىمار دورىنى ئىچىشتىن نەپرەتلەنسە كىلىزما ياكى شامچە شەكلىدە ئىشلىتىلسە بولىدۇ. ئەگەر بۇنىمۇ ئىشلىتىش ئەپسىز تۇيۇلسا، سۇماق، ئاقاقىيا، گۈل مەختۇم قاتارلىقلارنى سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ قورساققا چېپىلىدۇ ياكى ئاچچىق بادام، قەنبىل، كۆك ماش، بىخ كەبىر، چەلەڭنى سىركىدە ئېزىپ، زىمات قىلىنسىمۇ بولىدۇ. ئۇششاق قۇرۇتلارنى چىقىرىپ تاشلاشتا ياخشى خېنە بىلەن مومنى يۇغۇرۇپ، شامچە قىلىپ بالىنىڭ مەقئەتىگە قويۇپ قويۇپ، ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن مەقئەتنى چىراغ يورۇقىدا يىرسا قۇرۇت سىرتقا چىقىدۇ. ئاندىن ئۇنى تازىلىۋەتسە بولىدۇ. پىشمىغان زەيتۇننىڭ يېغى ئىچىدىن ئىستېمال قىلىنسىمۇ ياكى مەقئەتكە سۈرۈلسىمۇ قورساقتىكى جىمى قۇرۇتلارنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن مەنپەئەتلىكتۇر.

# ئون يەتتىنچى باب مەقەت كېسەللىكلىرى

## بوۋاسىر

مەقەتنىڭ ئەتراپىدا مونچاق گۆشلەر پەيدا بولىدىغان كېسەل بولۇپ، ئەگەر مونچاق گۆشلەردىن قان ياكى زەرداپ سۇ كەلسە قانلىق بوۋاسىر دېيىلىدۇ. ئەگەر قان كەلمىسە يەللىك بوۋاسىر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا بوۋاسىر مونچاق گۆشلىرى قانداق نەرسىگە ئوخشىسا، شۇ نەرسىنىڭ نامىغا ئاساسەن بوۋاسىرغا نام بېرىلىدۇ. مەسىلەن: خورما دەرىخى سىمان (نەقلى)، ئۈزۈمسىمان (ئەنەب)، ئەنجۈرسىمان (تىينى)، سۆگەلسىمان (سەلولى)، خورما مېۋىسسىمان (تەمرى)، ئۇجمىسىمان (توسى) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

خورما دەرىخسىمان بوۋاسىر دەپ ئاتىلىپ قېلىشى بوۋاسىر مونچاق گۆشلىرى ناھايىتى يىلتىزلىق بولغانلىقىغا قارىتىلغان. باشقىلىرى خورما ۋە باشقا مېۋىلەرگە ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن شۇ نام بېرىلگەن.

بۇ كېسەل قويۇلۇپ قالغان بۇزۇق قاندىن بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا سەپرا خىلىتىدىنمۇ بولۇشى مۇمكىن. دېمەك بوۋاسىردا كۆيىشىش، ئاغرىش، ئېچىشىش سېزىمىنىڭ بولۇشى سەپرا ئارىلاشقان قاندىن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى. سانجىلىش، ئېغىرلىقنىڭ كۆپ بولۇشى، قادىلىپ ئاغرىش، ئېچىشىش قاتارلىقلارنىڭ ئاز بولۇشى قويۇق قان خىلىتىدىن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

داۋالاشتا قان ئېلىپ زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق قاننى ئېقتىۋېتىش، ئەگەر قان ئېلىشقا بولمىسا ئىككى بىلەكنىڭ يۇقىرىقى قىسمىغا لوڭقا قويۇلىدۇ ھەمدە قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قان تازىلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، ئەگەر قاناش كۆپ بولسا، قۇرسى كەھرىۋا بىلەن توختىتىش كېرەك. ئەگەر كېلىۋاتقان قان قارامتۇل بولۇپ، بىمارنىڭ زىيادە

ماغدۇرسىزلىنىپ قىلىشىنىڭ ئەندىشىسى بولمىسا ھەرگىز توختاتماسلىق لازىم. چۈنكى بۇ خىل بۇزۇق قان چىقىپ كېتىشى بىلەن كۆپىنچە بىمارلار ساقىيىپ كېتىدۇ. ئەگەر بوۋاسىر مونچاق گۆشلىرىگە قان تولغان بولسا ھەم ئاغرىسا، لېكىن قان چىقمىسا ئاق لەيلى، سىرىقچېچەك قاينىتىلمىسى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، شاپتۇل مېغىزىنىڭ يېغىنى ياكى تۆگە يېغى ۋە ياكى كالا پاقالچىكىنىڭ يىلىكى بىلەن ياغلاپ بېرىش لازىم. ئاندىن كېيىن پىيازنىڭ سۈيى، كالىنىڭ ئۆتى (ئەرتىنىسا) قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، يۇگىغا يۇقتۇرۇپ بالياتقۇغا ھەمەلچە قىلىنىدۇ. ئەگەر پەقەت پىيازنى ئىسسىتىپ بوۋاسىر مونچاق گۆشلىرىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بەرسىمۇ، قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزىنى ئېچىش تەسىرىنى بېرىدۇ. لېكىن كۆپىنچە يۇقىرىقى ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى ۋە ياغلاش ئۇسۇلى كۇپايە قىلىدۇ. شۇڭا باشقا قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزىنى ئاچقۇچى دورىلارنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن مەلھىمى سەفىيدە مەخسۇس دورىدۇر، شۇنداقلا توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى ۋە گۇل يېغىنى چېپىشمۇ ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن مەخسۇستۇر.

ئەگەر بوۋاسىر مونچاق گۆشلىرىدە ئاغرىش بولمىسا ئۇنى كېسىپ ئېلىۋېتىش ياكى قۇرۇتىۋېتىش كېرەك. لېكىن بوۋاسىر تۈگۈنچىلىرىنى كېسىشتە خەتەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئەگەر كېسىشكە توغرا كېلىپ قالسا، بىر مونچاق گۆشنى قالدۇرۇپ قويۇش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندا خەتەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. مۇقەل، مورمەككى، شەھمەنزەللەرنى، قۇرۇتۇلغان چايان، چەيزە سايىقى قاتارلىقلارنى مەيلى يالغۇز، مەيلى بىر نەچچىسىنى بىرلەشتۈرۈپ قاينىتىپ، بۇ سۇ بىلەن يەرلىك ئورۇنىنى يۇيۇپ بەرگەندە بوۋاسىر تۈگۈنچىلىرىنى قۇرۇتۇپ چۈشۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

## يەلدىن بولغان بوۋاسىر

بۇ كېسەلدە ئۈچەيدە قويۇق يەل پەيدا بولۇپ ئاغرىشنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ يەل بەزىدە تۆۋەنكى تەرەپكە كېلىدۇ بەزىدە ئېغىزمان تەرەپكە

بارىدۇ ۋە بەزىدە قول، پۇت تەرەپكە يۆتكىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بۇ كېسەلدە قانلىق ئىچى سۈرۈش بولۇشى مۇمكىن. بۇ كېسەلدە قورساقنىڭ ئىچىدە كوكىراش ئالامىتى بولىدۇ. داۋالاشتا سەۋدا خىلتىنى تەنقىيە قىلغۇچى يەل تارقاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بىخ كەبىر پوستى بىر ھەسسە، يالپۇز بىرىم ھەسسە ھەر ئىككىسىنى سوقۇپ تاسقاپ 7g دىن ئىستېمال قىلدۇرۇلسا بولىدۇ. بۇ كېسەلدە بەدەننى ماسساژ قىلىش، مۇنچىغا كىرىش، ئات مىنىش ۋە چېنىقىش ناھايىتى پايدىلىق. باسلىق تومۇردىن قان ئېلىشمۇ كۆپىنچە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

## مەقئەت ئاقمىسى

بۇ مەقئەتنىڭ ئەتراپىدىن تۈز ئۈچەي تەرەپكە چوڭقۇرلاپ كىرگەن جاھىل خاراكتېرلىك يارىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەمىشە زەرداپ سۇ چىقىپ تۇرىدۇ.

داۋالاش: ئاۋۋال يارىنى سىقىپ زەداپ (سېرىق سۇ)دىن تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، بىمارنى ئوڭدا ياتقۇزۇپ، قورسىقىغا تەكى ياكى باشقا نەرسىلەرنى قويۇپ، بەللىكنى پوسكايتىپ چىقىرىپ، شىيافى غوراپ (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قاراڭسۇن) نى سۇدا ئېرىتىپ، بىر ئىككى تامچە تېمىتىپ، دورا قۇرۇپ قالغانغا قەدەر شۇ پېتى يېتىش كېرەك. بۇنى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىككى تېمىم تېمىتىپ بېرىش كېرەك. ئەگەر ئاقمىنىڭ ئىچىگە شامچە سېلىش ئىمكانىيىتى بولسا، شامچىغا شىيافى غوراپنىڭ دورىسىنى يۇقتۇرۇپ، ئەرەب يىلىمىنىڭ ئېرىتىلگەن سۈيىگە چىلاپ ئېلىپ، ئاقما ئىچىگە سېلىپ قويۇلىدۇ. ئەگەر ئاققۇزغۇچى نەيچىگە پاختا يۆگەپ، شامچىغا ئىشلەتكەن دورىلارنى ئۇنىڭغا يۇقتۇرۇپ، شامچە ئورنىدا ئىشلىتىلسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەگەر ئاقما بۇ ئۈچەينىڭ ئىچكى قىسمىغا يېتىپ بارغان بولسا، ئاقمىدىن يەل ۋە چوڭ تاھارەت كېلىشكە باشلىسا دورا بىلەن داۋالايمەن دەپ ئاۋارە بولماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇ خىل داۋالاشتىن خەتەر چىقىشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇنى ۋاقتىدا دەستىكار ئارقىلىق داۋالاش كېرەك.

## مەقئەت ياللۇغى

ئەگەر مەقئەت ياللۇغى ئىسسىقتىن بولسا، يەرلىك ئورۇندا ئاغرىش ھەم كۆيۈشۈش بولىدۇ.

داۋالاش: باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، بەل ساھەسىگە لوڭقا قويۇلىدۇ، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىنى گۈل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قەلەي ياكى قوغۇشۇن ھاۋانچىدا سالايە قىلىپ، يەرلىك ئورۇنغا سۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئاغرىش ئېغىر بولسا، يۇقىرىقى مەلھەم تەركىبىگە ئازراق ئەپيۇن قوشۇۋېتىلسە بولىدۇ. بىلىش لازىمكى قۇستۇرۇش بۇ كېسەلگە نىسبەتەن ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. قىسقىسى بۇ كېسەلنى داۋالاشتا بىمارنىڭ مىزاجىنى مۇناسىپ يېمەك ـ ئىچمەكلەر بىلەن تەڭشەش، ياللۇغنىڭ ماددىسى پىششىقا باشلىغان بولسا، ئۇنىڭ تولۇق پىشىشىغا ساقلىماستىن تىغ بىلەن ئېغىز ئالدۇرۇۋېتىش كېرەك. ئەگەر تېزدىن ئېغىز ئالدۇرۇۋېتىلسە، يىرىڭ ئىچكىرىلەپ بېرىپ، ئاقمىنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئەگەر مەقئەتنىڭ ياللۇغى بەلغەمى سوغۇقلۇقتىن كېلىپ چىققان بولسا، ئىششىغان ئورۇن بوش بولىدۇ. بەدەندە ئىسسىق غالىپلىقىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر تېپىلمايدۇ.

داۋالاش: بىمارنى قۇستۇرۇش، ماددىنى تارقاتقۇچى مەلھەملەرنى سۈرۈش ھەمدە ياللۇغ ماددىسى پىشقان بولسا، تىغ بىلەن تىلىپ ئېغىز ئالدۇرۇش كېرەك. ئەگەر ياللوغ قاتتىق بولسا ئۆدەك يېغىغا ئوخشاش ماددىلارنى يۇمشىتىپ تارقاتقۇچى دورىلار چېپىلسا بولىدۇ.

## مەقئەت يېرىلىش

بۇ كېسەلنى داۋالاش «كالپۇكنىڭ يېرىلىشى» نى داۋالاش بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بەك سوغۇق سۇ ۋە بەك چۈچۈمەل نەرسىلەر ھەمدە ئاقمۇچ، قارىمۇچقا ئوخشاش دورىلاردىن قاتتىق پەرھىز قىلىش لازىم. قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىمارغا بىنەپشە شەربىتىگە بادام يېغى ياكى بېھى ئۇرۇقىنىڭ لۇئابىنى قويۇپ، كۈندە 2 قېتىم بېرىش ، چوڭ تاھارەتنى يۇمشاتقۇچى غىزالارنى بېرىش لازىم.

## مەقئەتنىڭ بوشىشىپ كېتىشى

بۇ كېسەلدە مەقئەت پۇرمە مۇسكۇلىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان ئەسەپ بوشاپ كەتكەن بولىدۇ.

ئالامىتى: چوڭ تاھارەت ۋە يەل ئىرادىگە بېقىنمىغان ھالدا چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى ئىچكى تاشقى تەرەپتىن، سوغۇقلۇق ياكى ھۆللۈك يەتكەن سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بولسا، ئىلگىرى زىيادە سوغۇقلۇق ياكى ھۆللۈكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان تارىخى بولىدۇ. (مەسىلەن، سوغۇق تاشنىڭ ئۈستىدە ئۇزۇن ئولتۇرۇش، سوغۇق نەرسىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلغان سەۋەبلەر بولغان بولىدۇ)

داۋالاش: بوشىشىشنى پەيدا قىلغۇچى ماددىنى پالەچنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن مۇنزىج مۇسھىللار ئارقىلىق تازىلاش (ماددىنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن قۇستە يېغى، قۇندۇز قەھرى ۋە پەرفىيۇنلارنى قوشۇپ مەقئەت، توقۇز كۆز ئۇمۇرتقىسى ساھەسى ياغلىنىدۇ. ۋەياكى سومبۇل، ئاچچىق قۇستە ۋە جوزگە ئوخشاش قورۇغۇچى دورىلارنىڭ قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ)، ئەگەر مەقئەتنىڭ بوشىشىپ كېتىشى مەقئەت ياللۇغىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى ۋە داۋاسى يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى. ئەگەر يەرلىك ئورۇندىكى ئەسەپلەرنىڭ مەيلى ئۈزۈلۈش، سوقۇلۇش سەۋەبىدىن ئۈزۈلۈپ ياكى يېرىلىپ كېتىشىدىن ۋە ياكى بوۋاسىرنى كېسىش سەۋەبىدىن پەيدا بولسۇن، ئۇنىڭدا مەقەتنىڭ بوشىشىپ كېتىشى بىردىنلا پەيدا بولىدۇ ۋە يۇقىرىقى ئەھۋاللار بۇ كېسەلگە سەۋەب بولغان بولىدۇ. بۇنى دورا ئارقىلىق داۋالىغىلى بولمايدۇ.

## مەقئەت چىقىۋېلىش

ئەگەر مەقئەتنىڭ چىقىۋېلىشى مەقئەت ياللۇغى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، مەقئەت داۋاملىق سىرتقا چىقىۋالىدۇ، بۇنى كىرگۈزۈۋېتىش ناھايىتى تەس بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا مەقئەت ياللۇغىنى داۋالاش تەدبىرىنى قوللىنىش لازىم. ياللۇغلىنىپ سىرتقا چىقىۋالغان مەقئەتنى ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بىنەپشە قايىنتىلمىسىدا بىمارنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئاز مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، موم يېغى بىلەن مەقئەتنى ياغلاپ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىلسە بولىدۇ. ئەگەر مەقئەت قۇرۇغۇچى مۇسكۇلى بوشىشىپ كەتكەن سەۋەبتىن مەقئەت چىقىۋالغان بولسا ئاسان چىقىۋالىدۇ، ئاسان كىرىپ كېتىدۇ.

داۋالاش: ھۆل گۈلدىن تەييارلانغان گۈل يېغى بىلەن مەقئەت ياغلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن قەلەي ئۇپىسى، ئانارگۈلى، موزا، زەمچە، سۇرمە، ئانار پوستى قاتارلىقلارنى ئۇندەك يۇمشاق سوقۇپ مەقئەتكە سېپىلىدۇ. ئاندىن كېيىن پاختا قويۇپ، داكا بىلەن مەزمۇت تېڭىۋېتىلىدۇ.

## مەقئەت يارىسى

مەلھىمى ئەسۋەد (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن)نى قايناق سۇغا سېلىپ مەقئەتكە سۈرىلىدۇ. بەدەنگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزگۈچى نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىنىدۇ، ئاغرىق كۈچلۈك بولغاندا يۇقىرىقى مەلھەمگە ئەپيۇن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ. باشقا مىزاجنى تەڭشەش ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى يارىلارنى داۋالاشتا سۆزلەندى، قوللىنىلسا بولىدۇ.

## مەقئەت قىچىشىش

ئەگەر تۈز ئۈچەيدە ئۇششاق قۇرۇتلار پەيدا بولغان سەۋەبتىن مەقئەتتە قىچىشىش پەيدا بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى ۋە داۋالاش ئۈچەي قۇرۇتىنىڭ بايانىدا سۆزلەندى. ئەگەر مەقئەت قىچىشىش بىرەر نورمالسىز خىلىت تەسىرىدە بولغان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا خىلىتقا مۇۋاپىق ئومۇمىي بەدەننىڭ تازىلاش ئېلىپ بېرىش ھەمدە توققۇز كۆز سۆڭىكى ساھەسىگە لوڭقا قويۇش، ئومۇمەن مەنپەئەتلىكتۇر. مەقئەتكە سىركە ۋە ئولانىبىر (گۈلاپ) سۈرۈپ بېرىشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر.

# ئون سەككىزىنچى باب بۆرەك كېسەللىكلىرى

## بۆرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى

بۇ كېسەلنىڭ ئالامىتى بۆرەك ساھەسىدە يېقىمسىزلىق بولىدۇ. مەيلى ماددىسىز، مەيلى ماددىلىق ئىسسىق ـ سوغۇق بەدەنگە ئارتۇقچە تەسىر قىلغانلىق بۇنىڭغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنداقلا جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلىشىدا سۆزلەنگەنگە ئوخشاش سەۋەب، ئالامەتلەر كۆرۈلگەن بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتىمۇ جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىنى داۋالاشقا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ (يەنى بۆرەك مىزاجىنىڭ ماددىسىز ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاشتا ئانار شەربىتى، زىخ شەربىتى، خەشخاش شەربىتى، بىھى ئۆرىقى لۇئابى، ئىسپىغۇل لۇئابىغا ئوخشاش دورىلار بېرىلىدۇ. قان خىلتىدىن بولغىنىدا باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. سەپرا خىلتىدىن بولغىنىدا خىيار شەنبەر ئېتى (فولۇس خىيار شەنبەر) تاتلىقى، ناخۇش ئانار شەربەتلىرى بېرىلىدۇ. بەلغەم خىلتىدىن بولغىنىدا، بەلغەم خىلتىنىڭ قۇستۇرغۇچىسى ۋە بەلغەم خىلتىنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ. جىگەر مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلىشىدا كۆندۈر گەرچە ناھايىتى شىپالىق بولسىمۇ، جىنسىي ھەۋىسىنى يوقىتىپ، بۆرەكتە تاش پەيدا قىلىپ قويىدىغان ناچار تەسىرى بار، شۇڭا ئۇنى كۆپ ئىشلەتمەسلىك لازىم.

## بۆرەك ئورۇقلاپ كېتىش

ئالامىتى: سۈيدۈك ئاق، كۆپ كېلىدۇ. بەدىنى ئورۇق جىنسىي قۇۋۋىتى ئاجىز بولىدۇ، بەل ۋە باشنىڭ ئارقا تەرىپىدە ھەمىشە يېنىك دەرىجىدە ئاغرىش بولىدۇ.

داۋالاش: كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش، ئاندىن كېيىن بەدەننى سەمرىتكۈچى دورىلار (مەسىلەن، بادام مېغىزى، پىستە، پىندۇق مېغىزى،

نارجىل قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىش، مېغىزلاردىن تەييارلانغان ھالۋىلار ھەمدە ئىلىتىلغان توخۇ تۇخۇمى قاتارلىقلار) نى ئىشلىتىپ بۆرەكنى سەمرىتىش كېرەك. بەدەننى سەمرىتكۈچى دورىلار كېيىنكى مەزمۇنلاردا سۆزلىنىدۇ. داۋائى تەرەنجبىن (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قاراڭلار) ھەم باھنى كۆچلەندۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىشمۇ مەنپەئەتلىك.

## بۆرەك ئاجىزلىقى

ئالامىتى: بەلدە ئاغرىش بولىدۇ. بولۇپمۇ ئېڭىشكەن، ئۆرە تۇرغان، بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە ئۆرۈلگەن ۋاقىتتا بەلدە ئاغرىش بولىدۇ، جىنسىي قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ، سۈيدۈك مىقدارى نىسبەتەن ئازلايدۇ. سۈيدۈك دەسلەپتە سۇدەك كېلىدۇ، ئۇزۇنقۇق ماددىلار جىگەردە ھەزىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، سۈيدۈكنىڭ رەڭگى گۆش يۇغان سۇنىڭ رەڭگىدە كېلىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر بۆرەك ئاجىزلىقى بۆرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، مىزاجىغا مۇۋاپىق تەڭشەش قىلىنىدۇ (يەنى ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغىنىدا، قارىمۇ ـ قارشى كەيپىيات ئاساسىدا تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. قان خىلىتىدىن بولغان ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇشتا قان ئېلىنىدۇ. قالغان ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇشلاردا كېسەللىك ماددىسىنى ئېنىق-لاپ، كېسەللىك ماددىسىغا قارىتا مۇنزىج مۇسھىل بېرىپ، ماددا تەنقىيە قىلىنىدۇ). ئەگەر بۆرەك ئاجىزلىقى بۆرەكنىڭ ئورۇقلاپ كېتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۆرەك ئورۇقلاشقا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. ئەگەر بۆرەك مۇسكۇللىرىنىڭ بوششىپ كېتىش ۋە بۆرەك كانالچى-لىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن بۆرەك زەئىپلىكى كېلىپ چىققان بولسا، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلاردىن كۆپ ئىشلەتكەن، كۆپ جىما قىلغان ياكى ئورۇقلۇش، سوقۇلۇشقا ئۇچرىغان تارىخى بولىدۇ.

داۋالاش: كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش تەد-بىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى ئەشيالارنىڭ ھەممى-سى بۆرەكنىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ. مەجۇنى لوبۇبى كەبىر ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

تۇر. شۇنداقلا باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى غىزالار مەنپەئەتلىكتۇر.

## بۆرەككە يەل كېلىۋېلىش
## (يەلدىن بولغان بۆرەك كېسىلى)

(بۇ كېسەلدە قويۇق خىلىتلاردىن ھاسىل بولغان قويۇق يەل بۆرەك توقۇلمىسى ئارىلىقىغا يىغىلىپ قالغان بولىدۇ).

كېسەللىك ئالامىتى: بەلدە ئېغىرلىقسىز ئاغرىش ۋە تارتىشىش سېزىمى بولىدۇ. بۆرەك تېشىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر كۆرۈلمەيدۇ. قورساق ئاچقاندا ئاغرىش يېنىكلەيدۇ.

داۋالاش: زىرە، سېرىقچېچەك، سوزاپ ئۇرۇقى، بابۇنە قاتارلىق دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېزىپ، بۆرەك ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ. بوزۇرى شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ. يەل تارقاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ (مەسىلەن: بەدىيان، سوزاپ، قىزىلگۈل، رۇم بەدىيان، بەدىيان يىلتىزى پوستى، بىخ كىبىر پوستى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يېتەرلىك مىقداردىكى سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى قاينىتىپ، سۈزۈپ، سۈيىگە قەنت سېلىپ شەربەت تەييارلاپ، ھەسەل سۈيى بىلەن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. شۇنداقلا يەل تارقىتىش مەقسىتىدە تۇز، كېپەك قاتارلىقلارنى قورۇپ، بۆرەك ساھەسىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ) ھەمدە ھەزىمنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## بۆرەك ئاغرىقى

بۆرەكنىڭ ئاغرىقى يەلدىن ياكى بۆرەكنىڭ زەئىپلىكىدىن بولىدۇ ياكى بۆرەك ياللۇغى، بۆرەك تېشى ۋە ياكى بۆرەك يارىسىنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

داۋالاش: قايسى سەۋەبتىن بولسا، كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش كېرەك. بۆرەك ئاغرىقى مەيلى قانداق سەۋەبتىن بولسا بابۇنە، سېرىقچېچەك، ئاقلەيلى ئۇرۇقى، چەلەك كۆكى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىدا بىمارنى ئولتۇرغۇزۇش ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

## بۆرەك ياللۇغى (بۆرەك ئىششىقى)

بۇ كېسەلدە كېسەللىك ماددىسىغا ئائىت ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ ھەمدە ماددىغا مۇۋاپىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. بۇ خىل ئالامەت ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى جىگەر ياللۇغىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى. بەل ئاغرىش بۇ كېسەلنىڭ تىپىك ئالامىتى بولۇپ، ئەگەر ياللۇغ ئوڭ بۆرەكتە بولسا، ئاغرىق نىسبەتەن يۇقىرىراق جىگەرگە يېقىنراق ئورۇندا سېزىلىدۇ. ئەگەر ياللۇغ سول بۆرەكتە بولسا، ئاغرىق تۆۋەنرەك دۈۋساق تەرەپتە بولىدۇ. چۈنكى ئوڭ بۆرەك سول بۆرەككە نىسبەتەن ئېگىزرەك جايلاشقان.

ئەگەر ئاغرىق ناھايىتى ئۆتكۈر بولسا، ياللۇغنىڭ بۆرەك ئىچكى پەردىلىرىگە يېقىن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر بۆرەك نەيچىلىرىدە ياللۇغ بولسا، سىيىش قىيىنلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر ياللۇغ ئۇچەي تەرەپتە بولسا، ئاغرىش قورساقنىڭ ئىچكى قىسمىدا سېزىلىدۇ. بۇ (بۆرەك مەنبەلىك) ئۇچەي توسۇلۇشىنى پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن. بۆرەك ياللۇغى سوزۇلما ھالەتكە ئۆتكەندە مابەز تومۇرى (تىزنىڭ ئاستىدىكى قان ئېلىنىدىغان كۆك تومۇر) دىن قان ئېلىش ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

## بۆرەك يارىسى

ئالامىتى: سۈيدۈكتە يىرىڭ، قان، كېپەكسىمان قاقاچلەر كېلىدۇ. بۆرەك ساھەسىدە ئاغرىش بولىدۇ.

داۋالاش: خىلىتقا قارىتا تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. قايسى تەرەپ بۆرەكتە ئاغرىش بولسا، شۇ تەرەپتىكى قولنىڭ باسلىق تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ. بۇ كېسەلگە كۈچلۈك مۇسھىللارنى ھەرگىز ئىشلەتمەسلىك كېرەك. لېكىن يېنىك دەرىجىدىكى يۇمشاتقۇچى (مۇلەييىن) دورىلارنى بېرىشكە بولىدۇ. خىلىتلارغا قارىتا تەڭشەش ۋە قان ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندىن كېيىن، مىزاجىنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇق بولۇشىغا قاراپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر (بۇ كىتابىمىزنىڭ باش قىسمىدا سۆزلىنىپ ئۆتتى) بېرىلسە بولىدۇ. ئاندىن كېيىن يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرگۈ-

چى دورىلاردىن قۇرس كاكىنەج، قۇرس بانادۇق بۇزۇرى (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) غا ئوخشاش دورىلار ئىشلىتىلسە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

## بۆرەك ئۆدۈلى قىچىشىش

ئالامىتى: بۆرەك ساھەسىدە قىچىشىش ۋە يېقىمسىزلىنىش بولىدۇ.

داۋالاش: خىلىتقا مۇۋاپىق ئومۇمىي بەدەنلىك تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەپتىدە ئىككى قېتىم قۇستۇرۇلىدۇ. بىنەپشە شەربىتى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. شيافى ئەبيەز (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) نى بادام يېغىدا ئېرىتىپ، سۈيدۈك يولىغا تېمىتىش ھەمدە قۇرسى بانادۇق بۇزۇرىنى ئىستېمال قىلىشقا بېرىش ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

## دىئابىت

بۇ بىمارنىڭ ئىچكەنلا سۈيى سۈيدۈك يولى ئارقىلىق چىقىپ كېتىپ تۇرىدىغان كېسەللىك.

داۋالاش: بۇ كېسەلنى داۋالاشتا بىمار مىزاجىنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇق بولۇشىغا مۇناسىپ مىزاجنى تەڭشەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئىسسىقتىن بولغىنىدا قۇرسى كافۇر، قۇرسى تاباشىر، قۇرسى زىيابىتۇسلارنى، سوغۇقتىن بولغىنىدا مەجۇنى مەسرىدىتۇس، مەجۇنى ماسكەل بول (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) قاتارلىق دورىلارنى ئىشلىتىش ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

## بۆرەك تېشى ۋە بۆرەك قۇمى

بۇ كېسەل بىر يىل ياكى بىر ئاي ياكى ئۇنىڭدىن كەم-زىيادە ۋاقىتتىن كېيىن تۇتقاقلىق قوزغىلىش شەكلىدە كۈچىيىدۇ.

ئالامىتى: بەلدە ئېغىرلىق ۋە تارتىشىش سېزىمى بولىدۇ. سۈيدۈك سېرىق قىزىلغا مايىل كېلىدۇ. سۈيدۈكتە ئارىلاپ-ئارىلاپ ئۇششاق تاشلار چىقىدۇ. ئۈچەي يېمەكلىك بىلەن كۆپكەن ۋاقىتتا ئاغرىش كۈچىيىدۇ. تاش قايسى بۆرەكتە بولسا، شۇ ئورۇندا ئاغرىش كۆچلۈك بولىدۇ. ئەمما بۆرەكتە

قوْم (يەنى قوْمسمان تاش) بولغوْچىلاردا ئالامەتلەر نىسبەتەن يېنىك ئۆتىدۇ.

داۋالاش: ئالدى بىلەن بىمار قوْستوْروْلىدۇ. ئاندىن كېيىن سوْرگە بېرىلىدۇ ھەمدە تاش پارچىلىغوْچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئاغرىش كوْچلوْك بولغان ۋاقىتتا، بۆرەك ئاغرىقىدا بايان قىلىنغان ئابىزەننى تەييارلاپ، بىمار دورا قايىنىتىلمىسىدا ئولتوْرغوْزوْلىدۇ. مەجۇنى ئەقرەب ۋە مەجۇنى ھەجرىلىيە-ھوْد تاشنى پارچىلاش ئۈچۈن ناھايىتى مەنپەئەتلىكتوْر. قويۇلدۇرغۇچى (سوْيدوْك ۋە خىلىتلارنى) ئەشيالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. ھەزىمنى كوْ-چەيتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ئاچ قورساق ۋاقىتتا چېنىقىش، سوْيى ئىلمان موْنچىدا يوْيوْنوْش، جىنسىي موْناسىۋەتنى كېمەيتىش، زىغىردىن ياسالغان كۆرپىدە ئوْخلاش، غىزالانغاندا سوغوْق سوْ ئىچىش، ئارىلاپ ناشتىدا سوغوْق سوْ ئىچىپ بېرىش، تاش پەيدا بولوْشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

# ئون توققۇزىنچى باب دوۋساق كېسەللىكلىرى

## دوۋساق ياللۇغى (دوۋساق ياللۇغى)

دوۋساقنىڭ ياللۇغى ئىسسىقتىن بولغان بولسا، دوۋساق ساھەسى، كىندىكنىڭ ئاستىدا ئاغرىش بىلەن سانجىق شىددەتلىك بولىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان قىزىتما ۋە سىيىش قىيىنلىشىش بولىدۇ.

داۋالاش: دەسلەپتە باسلىق تومۇردىن، ئۈچ كۈندىن كېيىن بابەز تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. شەربىتى مۇلەييىن مۇبارەك (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قاراڭ) نى يەرلىك شوخلا سۈيى بىلەن قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. كېسەلنىڭ باشلىنىشىدا بولۇپمۇ قان خىلتىدىن بولغان ياللۇغلىنىشتا ياللۇغ ماددىسىنىڭ قېتىۋالماسلىقى ئۈچۈن دەسلەپتە كۈچلۈك سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك، شۇنداقلا پەقەت ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك (شۇڭا ئالدى بىلەن يۇمشاتقۇچى دورىلاردىن بىنەپشە، ھەمىشباھارغا ئوخشاش دورىلارنى سىقىپ، دوۋساق ساھەسىگە چېپىپ ماددىنى پىشۇرۇۋېلىش زۆرۈر). ئەگەر كېسەللىك ماددىسى پىششىقا باشلىسا، خوددى ئىچكى ئەزا ياللۇغلىرىنى داۋالاش قائىدىسىدە تونۇشتۇرۇلغانغا ئوخشاش تېخىمۇ تولۇق پىشۇرۇش، ئېغىز ئالدۇرۇش، يىرىڭدىن تازىلاش ۋە جاراھەتنى پۈتتۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

سۈيدۈكلۈكنىڭ سوغۇقتىن بولغان ياللۇغى: ئەگەر دوۋساق ياللۇغى سوغۇقتىن بولغان بولسا بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ياللۇغلارغا خاس بەلگىلەردىن ياللۇغنىڭ قاتتىق ياكى يۇمشاق بولۇشى ۋە باشقا ئالامەتلەرگە ئاساسەن دوۋساق ياللۇغىنىڭ بەلغەم خىلتىدىن ياكى سەۋدا خىلتىدىن بولغانلىقىنى ئايرىۋالغىلى بولىدۇ.

داۋالاش: بەلغەم خىلتىدىن بولغىنىدا قۇستۇرۇلىدۇ ھەمدە مۇۋاپىق كلىزمىلار ئىشلىتىلىدۇ. بىمارغا ئىششىق قايتۇرغۇچى ئابزەنلەردە ئولتۇرغۇ-

زۆلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك سۇيدۇك ھەيدىگۈچى دورىلار، مائۇلھەسەل بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ. خىيارشەنبەر ئېتى (فولوس) نىڭ تاتلىقىنى چىقىرىپ ئىچىشكە بېرىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. سەۋدا خىلتىدىن بولغان دوۋساق ياللۇغىدا يۇمشاتقۇچى ئەشيالارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن دوۋساق ساھەسى يۇيۇلىدۇ. چەلەك (كاللەكبەسەي)، نوقۇت قاتارلىقلار چىلانغان سۇ بېرىلىدۇ ھەمدە تۇز ۋە ئەگرى تەرخەمەك (خونگا ۋە بەگەنەي) ئۇرۇقلىرى، ھەلىيۇن ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان، پىرسىياۋشان، خىيارشەنبەر ئېتى بىلەن دەملەنمە ياساپ، بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈلىدۇ، شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى سۇيدۇك ھەيدىگۈچى دورىلارنى ھەددىدىن زىيادە ئىشلىتىۋەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى بۇ بەدەنگە زىيانلىق تەسىر بېرىدۇ. ئەگەر ياللۇغ يۇمشاق بولسا، سافىن ۋە باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ.

## دوۋساق يارىسى

ئالامىتى: سىيگەندە كېپەكسىمان قاسىراقلار ئاجراپ چىقىش بىلەن بىرگە سۇيدۇك ناھايىتى تەستە كۆيۈشۈش بىلەن كېلىدۇ ۋە سېسىق پۇراقلىق بولىدۇ.

داۋالاش: بۇ كېسەلنى داۋالاش بۆرەك يارىسىنى داۋالاشتا بايان قىلىنغان تەدبىرلەر بىلەن ئوخشاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. ئەمما ئاغرىش بەك كۈچلۈك بولسا، شىيافى ئەبيەز (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) نى تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ سۈتىدە ئېرىتىپ، سۇيدۇك يولىغا تېمىتىلىدۇ. ئەگەر يىرىڭ كۆپ كەلسە، پەقەتلا مائۇلھەسەلنى تېمىتىپ بېرىش يارىنى تازىلاش تەسىرىنى بېرىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئېنىقكى دوۋساق كېسەللىكلىرىدە سۇيدۇك يولى ئارقى- لىق دورىنى دوۋساققا يەتكۈزۈشنىڭ تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. ئاياللارنىڭ دوۋساق كېسەللىكلىرىدىمۇ سۇيدۇك يولىغا كلىزما ئارقىلىق دورا سۇيۇقلۇقىنى دوۋسۇنغىچە يەتكۈزۈپ داۋالاش ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ.

## دوۋساق ئۈدۈلى قىچىشىش

ئالامىتى: دوۋساق ساھەسىدە ئاغرىش ۋە قىچىشىش بولىدۇ، سىيىش پۇراقلىق سۇيۇقلۇك كۆپۈشۈش بىلەن كېلىدۇ، سىيگەندە قان كېلىشىمۇ مۇمكىن.

داۋالاش: خىلىتقا قارىتا تازىلاش ۋە تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. تازىلاشقا نىسبەتەن تەڭشەشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم. چۈنكى بۇ كېسەل تەڭشەش (يەنى ئىسپىغۇل ۋە بېھى ئۇرۇقلىرىنىڭ لۆئابىنى ئېلىپ، نىشاستە، ئەرەب يېلىمى، قاپاق مېغىزى بىلەن قوشۇپ ئىچۈرۈش) بىلەن تېزراق شىپا تاپىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۆرەك ئۈدۈلى قىچىشىشتا ئومۇمىي بەدەنلىك تازىلىغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

بېھى ئۇرۇقىنىڭ لۆئابى، تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ سۈتى ۋە بادام يېغى قاتارلىقلارنى سۇيۇقلۇك يولىغا تېمىتىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. ئەگەر يۇقىرىقى دورا بىلەن سۇيۇقلۇككە كلىزما قىلىنسا، دوۋسۇننى قۇۋۋەتلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ كېسەلدە بىمار ئۈچۈن ھەممىدىن ياخشى غىزا ئارپا ئېشى، كاللا-پاقالچاق، تۇز قويمىغان مايلىق شورپىلاردىن ئىبارەت. بۇلاردىن باشقا سۈت، گۈرۈچ، شېكەرلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر.

## دوۋساقتا قان ئۇيۇپ قېلىش

بۇ كېسەل قان سىيىش كېسىلى ياكى ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇشتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. كېسەللىك ئالامىتى: بىماردا بىئاراملىق ۋە ئايلىنىش بولىدۇ. قول-پۇتى سوۋۇپ كېتىدۇ ھەمدە بىماردا جۇغ-جۇغ پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن.

داۋالاش: سىركەنجۇبىل ئەنسلى (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قاراڭسۇن) ياكى ئۈنىڭغا ئازراق ئۈزۈم دەرىخى شېخىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن كۈلىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇلاردىن باشقا توشقان ئۇغۇز سۈتى، ئۈزۈم دەرىخى شېخىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن كۈلى سۇدا ئېرىتىلىپ ئىچۈرۈلىدۇ ياكى دوۋساق ساھەسىگە چىقىرىلىپ قويۇپ بېرىلىدۇ ۋە ياكى سۇيۇقلۇك يولىغا

تېمىتىلىدۇ. لېكىن ئەگەر بۇ تەدبىرلەر بىلەن دوۋساقتا ئۈيۈپ قالغان قان ئېرىمىسە، سۈيدۈك ھەيدەش ۋە تاش پارچىلاش تەسىرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان دورىلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ. قارا نوقۇت ۋە سۈزاپ قايىتىلمىسىنى ئىچۈرۈش، ئەنجۈر دەرىخى شىخىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن كۈلىنى سۇدا ئېرىتىپ سۈيدۈك يولىغا تېمىتىسمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. ئەگەر دورا بىلەن ياخشىلا-نمىسا ھەمدە خەتەرلىك ئەھۋال كېلىپ چىقىشىنىڭ ئەندىشىسى بولسا، ئوپېراتسىيە قىلىپ، سۈيدۈكلۈك تېشىنى ئېلىۋەتكەنگە ئوخشاش دوۋساق بويىنىنى تىلىپ، ئۇيۇپ قالغان قان ئېلىپ تاشلىنىدۇ. بۇ كېسەلدە توخۇ گۆشىنى قارا نوقۇت ۋە دارچىنلار بىلەن پىشۇرۇپ، ئۇنىڭ شورپىسى بېرىلسە بولىدۇ.

## دوۋساق ئاغرىش

دوۋساق ئاغرىش دوۋساق ياللۇغى، دوۋساق يارىسى ياكى دوۋساق قىچىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئۈچ خىل كېسەل يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى. ئەگەر دوۋساق ئاغرىقى دوۋساق تېشى ياكى دوۋساققا يەل يىغىلىۋېلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇلارمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتۇلدى. ئەگەر دوۋساق ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى دوۋساق مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ياكى بەدەندىكى كېسەللىك ماددىسىنى «تەبىئەت كۈچى» دوۋساق تەرەپكە ئىتتىرىپ يوقىتىش نەتىجە-سىدە ئاغرىش كېلىپ چىققان بولسا، بۇلار تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ.

بىرىنچى، مىزاج بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىققان دوۋساق ئاغرىقى: ئەگەر مىزاجنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى دوۋساق ئاغرىشقا سەۋەب بولغان بولسا، بىماردا ئۇسسۇزلۇق بولىدۇ، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىدۇ. كېسەل يۇز بېرىش-تىن ئىلگىرى سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغانلىق تارىخى بولىدۇ.

داۋالاش: سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلىش ۋە سىرتە-دىن چىپىش يولى بىلەن سوۋۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. قۇرسى بانادۇق بۇزۇرى بارىد (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قاراڭ) ناھايىتى تېز مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئەگەر سوغۇقتىن، مىزاج بۇزۇلۇشتىن بۇ كېسەل كېلىپ چىققان بولسا، سۆيەدۆكى ئاق رەڭدە كېلىدۇ. كېسەل پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى بەك سوغۇق دورىلار (مەسىلەن: كاپۇرغا ئوخشاش) نى ئىستېمال قىلغانلىق تارىخى بولىدۇ. سوغۇق يەلنىڭ سۆيدۆكتە يىغىلىپ قېلىشىدىنمۇ دوۋساق مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىنى پەيدا قىلىپ، دوۋساق ئاغرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.داۋالاشتا دورىلار ۋە غىزالار ئارقىلىق بەدەنگە ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش، دوۋساق ساھەسىگە ئىلمان سۇنى قۇيۇپ بېرىش ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

ئىككىنچى، بەدەننىڭ «تەبىئەت كۈچى» بەدەندىكى كېسەللىك ماددىسىنى دوۋساق تەرەپكە ئىتتىرگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان دوۋساق ئاغرىقى بولۇپ، بۇنىڭ ئالامىتى بۇ كېسەللىكلەرنىڭ بوھران كۈنلىرى كۆرۈلىدۇ، سۆيدۆك ئاغرىتىپ كېلىدۇ. ئۇنى داۋالاشتا سۆيدۆك ھەيدىگۈچى دورىلار ئارقىلىق بەدەننىڭ «تەبىئەت كۈچى» گە ياردەم قىلىش لازىم.

## دوۋساقنىڭ جايىدىن قوزغىلىشى

بۇ كېسەل بەل تۆۋەنكى قىسمىنىڭ ئۇرۇلۇپ سوقۇلۇشى، يىقىلىش ياكى تاياق تېگىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

داۋالاش: توشقاننىڭ ئۇرۇق بېزىنى كۆيدۈرۈپ، رەيھان شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. توخۇنىڭ يۇتقۇنچىقىنى كۆيدۈرۈپ، ئىلمان سۇ بىلەن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. كاككۇككۈلىنى دوۋساق ساھەسىگە چاپلىشىمۇ مەنپەئەتلىك. ئەگەر دوۋساقنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىشى سەۋەبلىك دوۋساقتا تارتىشىش (سپازما) بولسا، سۆيدۆك تۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئەگەر دوۋساقتا بوشىشىش پەيدا بولسا، سۆيدۈك تامچىلاپ كېلىشىنى پەيدا قىلىدۇ. دوۋساقتا تارتىشىش پەيدا بولغان ئەھۋالدا سافىن تومۇردىن قان ئېلىش مەنپەئەتلىك. ئەگەر دوۋساق ئورنىدىن قوزغىلىش بىلەن بىرگە باشقا كېسەللىكلەر قوشۇلۇپ كەلگەن بولسا، ئالدى بىلەن باشقا كېسەللىكلەرنى داۋالاش، ئاندىن كېيىن دوۋساقنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىشىنى داۋالاش كېرەك.

## دوۋساق كۆپۈشۈپ قېلىش

دوۋساق كۆپۈشۈپ قېلىشنى دوۋساقتا يەل يىغىلىپ قېلىش دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئالامىتى: دوۋساقتا تارتىشىش سېزىمى بولىدۇ. شۇنداقلا ئەگەر تارتىشىش ئېغىرلىقسىز بولسا، شۇنداقلا بىر ئورۇندىن ئىككىنچى بىر ئورۇنغا يۆتكەلسە، پەقەتلا يەلدىن بولغان دەپ چۈشىنىش لازىم. ئەگەر دوۋساق ساھەسىدە ئېغىرلىق سېزىمى بولسا، بىر ئورۇندىن ئىككىنچى بىر ئورۇنغا يۆتكەلمىسە، ئۇنىڭ سەۋەبىنى يەل بىلەن ئارتۇق ھۆللۈكتىن بولغان دەپ چۈشىنىش كېرەك.

داۋالاش: بىر قانچە كۈنگىچە پەقەت مائۇلھەسەل ھارغا ئاز مىقداردا بىدەنجىر يېغى قوشۇپ ئىچۈرگەندىن كېيىن، بىدەنجىردىن 9 گرامدىن كۈندە بىر قېتىم بېرىلىدۇ ھەمدە دوۋساق ساھەسى يەل تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە ياغلار بىلەن ياغلىنىدۇ. ھەمدە سۈيدۈك يولىغا تېمىتىلىدۇ. زەپەر يېغىنى دوۋساق ساھەسىگە ياغلاش ھەمدە ئىچىدىن ئىستېمال قىلىشمۇ مەنپەئەتلىك. ئەگەر بىماردا سىيىش قىيىنلىشىش بولسا، قۇرۇتۇلغان قوغۇن شاپىقىنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، شېكەر قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ھەمدە مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئابزەن تەييارلاپ، بىمار دورا قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئەگەر يەل بىلەن ھۆللۈكنىڭ تەسىرىدىن دوۋساقتا كۆپۈشۈش بولسا ئارقا-ئارقىدىن قۇستۇرۇش ۋە تەرياقى مەسرىدىتۇس (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) ھەم ئەنجۇر ئىستېمال قىلدۇرۇشمۇ مەنپەئەتلىك.

## دوۋساق تېشى

ئالامىتى: زەكەرنىڭ تۈۋىدە قىچىشىش بولىدۇ. سىيىپ ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە سىيىش ھاجىتى تۇغۇلىدۇ. زەكەردە بىردىنلا قوزغىلىش بولىدۇ ھەمدە تېزدىن پەسىيىپ قالىدۇ. لېكىن سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سىيىش قىيىنلىشىش، دوۋساق ئاغرىش ئالامەتلىرى قەتئىي بولمايدۇ. مۇبادا دوۋساقنىڭ سۈيدۈك چىقىرىش يولىدا تاش كەپلىشىۋالغان بولسا، يۇقىرىقى ئالامەتلەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن. تاش مەيلى دوۋساقتا بولسۇن، مەيلى

بۆرەكتىن دوۋساققا كەلسۇن يۇقىرىقى ئالامەتلەر ھەر ئىككىسىدە ئورتاق كۆرۈلىدۇ. لېكىن ئەگەر بۆرەك ۋە يوتا ساھەسىدە ئاغرىش بولۇپ كېيىن پەسىيىپ قالسا، بۇ تاشنىڭ بۆرەكتىن سۈيدۈكلۈككە كەلگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

داۋالاش: بۇ كېسەلنى داۋالاشتا بۆرەك تېشىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭغا نىسبەتەن تېخىمۇ كۈچلۈكرەك دورا ئىشلىتىش كېرەك ھەمدە چايان يېغى ئوغرىتىكەن يېغى (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) بىلەن دوۋساق ساھەسى ياغلىنىدۇ ياكى بۇ ياغلار سۈيدۈك يولىغا تېمىتىلىدۇ. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا تاشنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىپ تاشلىسا بولىدۇ. لېكىن 18~19 ياشتىن باشقا ياشتىكى بىمارلاردا دوۋساقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ تاشنى ئېلىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق بولمىغاندا بىمارنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرىشى مۇمكىن.

ئەگەر تاش سۈيدۈك يولىدا توسۇلۇپ قالسا ھەمدە سۈيدۈك تەستە كەلسە، بىمارنى ئوڭدا ياتقۇزۇپ، ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دوۋساق ساھەسىگە ئىسسىق سۇ قۇيۇلىدۇ ھەمدە تۆۋەندىن يۇقىرىسىغا قارىتىپ مۇجۇلىدۇ. بۇ چارىلار ئارقىلىق تاش دوۋساق بويىنىدىن چىقىپ، دوۋساق ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ ھەمدە سۈيدۈك راۋان كېلىدۇ. ئەسلى جوھۇد تېشى (ھەجرۇل يەھۇد) تاشنى پارچىلاپ چىقارماقلىقتا سىناقتىن ئۆتكەندۇر.

## سۈيدۈك كۆيۈشۈپ كېلىش

ئەگەر بۇ كېسەل بۆرەك قىچىشىش ياكى دوۋساق قىچىشىش سەۋەبىدىن بولسا ياكى بۆرەك ۋە دوۋساق يارىسىدىن كەلگەن يىرىڭنىڭ سۈيدۈك يولىنى شەلۋەرتىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان بولسا، بۆرەك ۋە دوۋساقنىڭ قىچىشىشى ھەمدە بۆرەك ياكى دوۋساق يارىسىغا نىسبەتەن داۋالاش ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئەگەر زەكەردە يارىلىنىش بولۇپ، سۈيدۈك كۆيۈشۈپ كېلىشكە سەۋەب بولغان بولسا، بۇنى داۋالاش تۆۋەندە ئايرىم تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى جىگەرگە ئىسسىقلىق يەتكەن ياكى سەپرا

خىلتىنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا، جىگەرگە ئىسسىقلىق يەتكەن ۋە سەپرا خىلتى كۆپىيىپ كەتكەنلىكىگە ئالامەتلەر تېپىلىدۇ.

داۋالاش: جىگەر مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن دورىلار ئارقىلىق سوۋۇتۇش تەدبىرى (مەسىلەن: ئىسپىغۇل، بېھى ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، ئۇسۇك ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا تاتلىقىنى چىقىرىپ خەشخاش شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى، قۇرسى بانادۇق بۇزۇرىلار بىلەن قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ) قوللىنىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى (نورمالسىز خىلىت) كۆپ بولغان سەۋەبتىن تەڭشەش تەدبىرلىرى كۇپايە قىلمىسا، ماددىغا قارىتا ئۇمۇمىي بەدەنلىك تازىلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. شىيافى ئەبيەز (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) نى تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ سۈتىدە ئېرىتىپ، گۈل يېغى ياكى بادام يېغى بىلەن قوشۇپ، سۈيدۈك يولىغا تېمىتىلىدۇ. زەكەرنى ئىسپىغۇل لۇئابىغا مىلاپ تۇرۇپ بېرىش كېرەك. سۈيدۈك يولىنى سىلىقلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان سۇيۇقلۇقنىڭ خوراپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن سۈيدۈك كۆيۈشۈپ كەلسە، كېسەل پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى بىمارنىڭ ئىسسىق تەبىئەتلىك سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلغان، جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆپ قىلغان ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا يەرلىك ئورۇنغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنى ھازىرلىغانلىق تارىخى بولىدۇ.

داۋالاش: كېسەللىك سەۋەبىنى يوقاتقاندىن كېيىن شىيافى ئەبيەزنى تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ سۈتىدە ئېرىتىپ ـ سۈيدۈك يولىغا تېمىتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا لۇئابلىق دورىلار (بېھى ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل، بىنەپشە) سىلىقلاشتۇرغۇچى دورىلار (قوغۇن ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى، خوڭگا ئۇرۇقىغا ئوخشاش) مەيلى ئىچىدىن ئىچىشكە بېرىلسۇن، مەيلى سۈيدۈك يولىغا تېمىتىلسۇن ئوخشاشلا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

## سۈيدۈك تۇتۇلۇش

ئەگەر سۈيدۈك مۇتلەق كەلمەيدىغانغا تۇتۇلسا «سۈيدۈك تۇتۇلۇش» دېيىلىدۇ. ئەگەر ئاز-ئاز كەلسە سىيىش قىيىنلىشىش دېيىلىدۇ. ئەگەر بۇ

كېسەل بۆرەك ۋە دوۋساقنىڭ ياللۇغى ياكى تېشىنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ ياكى قان ياكى يىرىڭنىڭ دوۋساقتائۇيۇپ قېلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ، ئۇنىدىن باشقا دوۋساققا يەل يىغىلىۋېلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇ كېسەللىكلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى. ئەگەر سۈيدۈك نەيچىسىدە ئۆسمە گۆش پەيدا بولغان سەۋەبتىن سۈيدۈك تۇتۇلۇپ قالغان بولسا، باشقا كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ. بۇنى دورا ئارقىلىق داۋالاپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر سۈيدۈكنى ۋاقىتلىق راۋانلاشتۇرۇپ تۇ-رۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا توقۇلمىلارنى يۇمشىتىپ بوشاشتۇرغۇچى دورىلار (مەسىلەن: مەرزەنجۇش، بابۇنە، سىرىقچىچەك، شۈمشا، سىرىقچىچەك ئادى-راسمان قاتارلىقلار) نىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئابزەن قىلىنىدۇ. سۈيدۈك تۇتۇلۇشنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدا سۈيدۈك پۈتۈنلەي توختاپ قالماستىن بەلكى ئاز-ئازدىن كېلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر دوۋساق بويىنى قورۇپ سىيىشنى پەيدا قىلغۇچى مۇسكۇلنىڭ بوشىشىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇنىڭ ئالامىتى دوۋساق ساھەسىنى باسسا، سۈيدۈك ئوكايلا تامچە-تامچىلا-پ كېلىدۇ.

داۋالاش: ئىچىدىن دورا ئىچۈرۈش، سىرتىدىن دورا چېپىش ئارقىلىق سۈيدۈكلۈككە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە پالەچتە بايان قىلىنغان ياغلار بىلەن دوۋساق ساھەسىنى ياغلاش كېرەك. ئەگەر دوۋساق بىلەن زەكەرنىڭ ئارىلىقىدىكى نەيچىدە چاپلاشقاق خىلىت تۇرۇپ قېلىش بىلەن سۈيدۈك تۇتۇلۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى دوۋساقتا ئېغىرلىق سېزىلىدۇ. كېسەل يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ماددىلارنى قويۇلدۇرغۇچى غىزالار (ھايۋان-لارنىڭ كاللا-پاقالچىقىغا ئوخشاش) ئىستېمال قىلغانلىق تارىخى بولىدۇ. باشقا بىرەر قانداق يېقىمسىزلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ.

داۋالاش: كۈچلۈك سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار (مەسىلەن: رۇم بەدىيان، چىگىسەي ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، سىرىقچىچەك قاينىتىلمىسى ئىچۈرۈلىدۇ) نى ئىستېمال قىلىش، شۇنداقلا بىمار دورا قاينىتىلمىسىدا (مەسىلەن: يالپۇز، مەرزەنجۇش، بابۇنە، سىرىقچىچە-چەك، شۈمشا، كەرەپشە ئۇرۇقى، ئادىراسمان قاتارلىق دورىلار) ئولتۇرغۇ-

زۇپ، ئارقىدىنلا ئۇغرىتىكەن يېغى ياكى چايان يېغى سۈيدۈك يولىغا ئېمىتىلىدۇ.

ئەگەر سۈيدۈك كانىلىدا چاپلاشقاق سۈيۈقلۇق ياكى خىلىتلارنىڭ سۈرۈلۈپ ئۆتۈشى سەۋەبىدىن سۈيدۈك يولى شىللىق پەردىسى ئاقلىنىپ، سۈيدۈك تۇتۇلۇشقا سەۋەب بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. سۈيدۈك تۇتۇلۇشنىڭ بۇ خىلدىمۇ سۈيدۈك مۇتلەق توختاپ قالماستىن، بەلكى ئاز-ئازدىن تامچىلاپ ئاغرىش بىلەن كېلىپ تۇرىدۇ. بۇنى داۋالاشتا ھۆللۈك يەتكۈزۈش (مەسىلەن: ئىسپىغۇل لۇئابى، بېھى ئۇرۇقى، قىموقۇ قاتارلىقلارنى بىنەپشە شەربىتى، خەشخاش شەربىتى، چىلان شەربىتى قاتار-لىقلاردا تاتلىقىنى چىقىرىپ، بادام يېغى، قاپاق يېغى قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ) سوۋۇتقۇچى دورىلار (ئارپا ئېشى، بىنەپشە شەربىتىگە ئوخشاش) بېرىلسە بولىدۇ. سۈيدۈك يولىنى سىلىقلاشتۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر دوۋساقنىڭ سۈيدۈكنى ئىتتىرىپ چىقىرىش كۈچىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى سەۋەبىدىن سۈيدۈك تۇتۇلۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى: بەدەندە بىرەر يېقىمسىزلىق بولغاندا ياكى بىرەر خىزمەت بىلەن ئالدىراش بولغاندا خېلى ئۇزۇنغىچە سۈيدۈك تۇتۇلۇپ قالىدۇ. بۇنى داۋالاشتا مۇنا-سىپ دورىلار (مەسىلەن: زىغىر ئۇرۇقى، شۈمشا، زاراڭزا ئۇرۇقى، چەلەڭنىڭ بەرگىسى، ئاقلەيلى گۈلى قاتارلىقلار) نىڭ قاينىتىلغان سۈيىدە بىمار ئول-تۇرغۇزۇلىدۇ ھەمدە دوۋساق ساھەسىنى قول بىلەن يېنىك بېسىپ بەرسە، سۈيدۈكنى سىرتقا چىقارغىلى بولىدۇ. دوۋساقنىڭ سۈيدۈكنى ھەيدەش كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بىلسان يېغى، قوسۇشتە يېغى (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) قاتارلىقلار بىلەن دوۋساق ساھەسى ياغلىنىدۇ. ئەگەر بۇ تەدبىرلەر بىلەن سۈيدۈك راۋانلاشمىسا، كاتېتىر (سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇر-غۇچى نوكەش نەيچە) سېلىپ، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇلسا بولىدۇ. كاتېتىر سېلىش ئۇسۇلىنى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى تېۋىپلىرى ئوبدان بىلىدۇ.

ئەگەر سۈيدۈك توشۇش نەيچىسىدە يارا ياكى مۇدۇر پەيدا بولۇپ قالسا، سۈيدۈك ئۆتكەن ۋاقىتتا يېقىمسىزلىنىشنى پەيدا قىلغاچقا «تەبىئەت كۈچى» سۈيدۈكنى نەيچىگە ئىتتىرىشتىن باش تارتىپ، نەتىجىدە سۈيدۈك

تۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئالامىتى يارا ياكى مۇدۇر ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇنى داۋالاشتا يارىغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ (بۇ بۆرەك يارىسىدا سۆزلەندى).

ئەگەر بەل ياكى دوۋساق ساھەسىگە تاياق تەگكەن سەۋەبتىن سۈيدۈك تۇتۇلۇپ قالغان بولسا، سۈيدۈك تۇتۇلۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبى ياللۇغلىنىشتىنمۇ ياكى دوۋساق مۇسكۇل بېيچىلىرىنىڭ تارتىشىپ قېلىش ياكى بوشىشىپ قېلىنلاپ قېلىش سەۋەبىدىن بولغانمۇ، قاراپ بېقىش لازىم. ئەگەر ياللۇغ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ياللۇغقا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىش، ئەگەر دوۋساق مۇسكۇلى تارىمۇشلىرىنىڭ تارتىشىپ قېلىشى ياكى بوشىشىپ كۆپۈشۈپ قېلىشدىن بولغان بولسا، باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. دوۋساق ساھەسى گۈل يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ.

ئەگەر سۈيدۈك توشۇش نەيچىلىرى ئۆتكۈر ئىسسىقلىق تەسىرىدە يېغىلىپ قۇرغاقلىشىپ قېلىشى سەۋەبىدىن سۈيدۈك تۇتۇلۇپ قالغان بولسا، بەدەندە ئىسسىقلىق ئارتىپ كەتكەنگە ئالاقىدار ئالامەتلەر تېپىلىدۇ. بۇنىڭغا بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ئەشيالار مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەگەر دوۋساقتا سۈيدۈك بەك ئاز بولسا تامامەن چىقمايدۇ. ئەگەر دوۋساقتا سۈيدۈك كۆپ مىقداردا يېغىلىپ قالغان بولسا، ئاسان چىقىدۇ. بۇنى داۋالاشتا بەدەنگە ھۆللۈك ياكى سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر دوۋساق ۋە سۈيدۈك يوللىرىنىڭ ئەسەبلىرى ۋە تارىمۇشلىرىغا بەلغەم خىلتىنىڭ قۇيۇلۇشى سەۋەبلىك تارتىشىش پەيدا بولۇش نەتىجىسىدە سۈيدۈك تۇتۇلۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى يەرلىك ئورۇندا تارتىشىش سېزىمىنىڭ بولۇشى، سۈيدۈك كەلگەن تەقدىردىمۇ ناھايىتى ئاز ياكى كاتېتېر سالغاندا كېلىش، دوۋساق مۇسكۇللىرىنىڭ بوشىشىپ كېتىشىنىڭ ئەكسىچە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بىلەن سۈيدۈك كەلمەسلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش: يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتكەنگە ئوخشاش سۈيدۈك تۇتۇلۇشنىڭ بۇ تۈرىنى داۋالاشتا تارتىشىپ قېلىش (تەشەننۇج) نى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

ئەگەر ئىككى ئۆرۈق بېزىنىڭ يۇقىرىغا چىقىۋېلىش (داس بوشلۇقىغا كىرىۋېلىش) سەۋەبلىك سۈيدۈك تۇتۇلۇپ قالغان بولسا، بۇنى داۋالاشتا تۆۋەندە «ئۆرۈق بېزىنىڭ يۇقىرىغا چىقىۋېلىشى» مەزمۇنىدا سۆزلىنىدىغان داۋالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

ئەگەر دوۋساقنىڭ سىقىش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كېتىش سەۋەبىدىن سۈيدۈك پەيدا قىلغان غىدىقلاش ۋە يېقىمسىزلىقنى پەقەت سېزەلمىسە ھەمدە سۈيدۈكنىڭ چىقىرىلىشى تەبىئىي ھالدا قىيىن بولسا، بۇ تەبىئىي سۈيدۈك تەقەززاسىنىڭ بولماسلىقىدۇر. بۇنى داۋالاشتا زەپەر يېغى، بېلسان يېغى سۈيدۈك يولىغا تېمىتىلىدۇ. خۇش پۇراق دورىلار (مەسىلەن: سېرىقچېچەك، پىننە، گۈلى سەۋسەن قاتارلىقلار) بىلەن زىماد تەييارلاپ، دوۋساق ساھەسىگە چاپلىنىدۇ. مائۇلئۇسۇلغا بىدەنجىر يېغى قوشۇپ ئىچۈرۈلىدۇ. تەرياق كەبىر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر سۈيدۈك تۇتۇلۇش ماددىلارنىڭ بەدەندە تولۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ھەممىدىن ئاۋۋال قۇستۇرۇش كېرەك. ئەگەر دوۋساقنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىشى سەۋەبلىك سۈيدۈك تۇتۇلۇپ كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا «دوۋساق ئورنىدىن قوزغىلىش» تا سۆزلەنگەن تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. ئەگەر دوۋساققا يېقىن بىرەر ئەزانىڭ ياللۇغلىنىشى ياكى باشقا بىرەر كېسەللىك سەۋەبىدىن سۈيدۈك تۇتۇلۇپ قالغان بولسا، شۇ ئەزاغا قارىتا مۇناسىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم. ئەگەر دوۋساق ئۆدۈلىدىكى ئومۇرتقىلار ئورنىدىن قوزغىلىشى سەۋەبىدىن سۈيدۈك تۇتۇلۇپ قالغان بولسا، ئومۇرتقىنى ئۆز ئورنىغا چۈشۈرۈش تەدبىرىنى قوللانسا بولىدۇ. بۇ «سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش» تە بىر قەدەر تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى سۈيدۈك تۇتۇلۇشنى پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەر بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا، شۇنىڭغا مۇناسىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

## سۈيدۈك تۇتالماسلىق

سۈيدۈك تۇتالماسلىق — سۈيدۈكنىڭ ئىختىيارسىز مېڭىپ كېتىشىگە قارىتىلىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى دوۋساقنىڭ بوشىشىپ كېتىشى ياكى دوۋساق مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ ياكى دوۋساققا يېقىن ئەزالارنىڭ ياللۇغلىنىشىدىن بولىدۇ ۋە ياكى دوۋساقنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشى بۇ كېسەلگە سەۋەب بولىدۇ.

داۋالاشتا: بۇ كېسەلنىڭ داۋاسىنى سۈيدۈك تۇتۇلۇپ قېلىشنىڭ داۋاسىدىن ئىزدىسە بولىدۇ. ئەگەر سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار مەسىلەن: قوغۇن ئۇرۇقى شەربىتى ۋە باشقىلارنى ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن سۈيدۈك تۇتالماسلىق پەيدا بولسا، كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش كېرەك. ئەگەر دوۋساق ئۇدۇلىدىكى ئومۇرتقىلارنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىشى سۈيدۈك تۇتالماسلىققا سەۋەب بولغان بولسا، بۇ ئاساسلىقى ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش قاتارلىق تاشقى زەربىلەردىن كېيىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر ئومۇرتقا ئىچكى تەرەپكە قوزغالغان بولسا، لوڭقا ئارقىلىق شوراپ ياكى زۈپتى رۇمىنى زىماد قىلىپ سىرتقى تەرەپتىن تارتىپ ئورنىغا كەلتۈرۈش، ئەگەر ئومۇرتقا سىرتقى تەرەپكە قوزغالغان بولسا، قول بىلەن بېسىپ ئەسلى ئورنىغا قايتۇرۇش كېرەك. ئەگەر سۈيدۈك تۇتالماسلىق دوۋساقنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى تارمۇشلارنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇ داۋاسىزدۇر.

## سىيىپ يېتىش

بۇ كېسەل باللاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بۇنى داۋالاشتا ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. سۈيدۈك قورىغۇچى مۇسكۇلنىڭ بوشىشىپ كېتىشىنى يوقىتىش مەقسىتىدە سۈيدۈك تۇتۇلۇشنى داۋالاشتا بايان قىلىنىپ ئۆتكەن داۋالاش تەدبىرلىرى ئارقىلىق داۋالاش قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ كېسەلنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بىمارنى كېچىدە بىر نەچچە قېتىم كىچىك تەرەتكە تۇرغۇزۇش، ئۇخلاش ئالدىدا يەيدىغان، ئىچىدىغان

ھېچقانداق نەرسە بەرمەسلىكتىن ئىبارەت. بۆلاردىن باشقا بۇ دورىنىڭ ئۆنۈمى بىر قەدەر ياخشى:

تەركىبى: زىرە، كۈندۈر، ئامازشامگۈلى ئۇرۇقى ھەر بىرىنى 60 گرامدىن سوقۇپ، تاسقاپ، ھەسەل قىيامغا ئارىلاشتۇرۇپ قىيام قىلىپ، كۈندە 7 گرامدىن بىر ۋاخ بېرىلىدۇ.

## قان سىيىش

ئەگەر بۆرەكنىڭ بىرەر قان تومۇرىنىڭ ئېغىزى ئېچىلىش ياكى بىرەر قان تومۇرىنىڭ يېرىلىشىدىن قانلىق سۈيدۈك كەلگەن بولسا ئۇنىڭ ئالامىتى ئاغرىقسىز يېرىك ئارىلاشمىغان ساپ قان كېلىدۇ. شۇنداقلا ئەگەر ئاز-ئازدىن كەلسە، بۆرەكتىكى قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزىنىڭ كېڭىيىپ كەتكەنلىكىدىن، كۆپ مىقداردا كەلسە، بۆرەكتىكى قان تومۇرلارنىڭ يېرىلغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

داۋالاش: باسلىق ۋە سافىن تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. قۇرسى كەھرىۋا، قۇرسى بولىدەم (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قاراڭ) ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مەقئەت ۋە دوۋساق ساھەسىگە لوڭقا قويۇلىدۇ. ئەگەر قان خىلتىنىڭ ھارارىتى (ئىسسىقلىقى) ئېشىپ ئۆتكۈرلۈشۈپ كەتكەن بولسا، دوۋساق ساھەسىگە سوغۇق سۇ قۇيۇلىدۇ ھەمدە سوغۇق دورىلار (مەسىلەن: ئاق لەيلى، بىنەپشە، يۇمغاقسۇت، قىزىلگۈل) زىمات قىلىنىدۇ. شۇنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، دوۋساقتا قان ئۇيۇۋالمىغانلا بولسا، چىلان شەربىتىنى يۇمغاقسۇت دەملەنمىسىگە قوشۇپ، ئىستېمال قىلدۇرغاندا قان توختىتىپ، قىزىقلىقنى باسىدۇ.

ئەگەر بۆرەك زەئىپلىشىپ بۆرەكتىكى ئاپپاراتلار قاندىن سۇنى ئايرىيالمىغان سەۋەبتىن قان سىيىش كېلىپ چىققان بولسا، سۈيدۈك گۆش يۇغان سۇنىڭ رەڭگىدە (ئاچ قىزىل) كېلىدۇ. شۇنداقلا بۆرەك زەئىپلىكىدە سۈيدۈك ئاققا مايىل قويۇق كېلىدۇ. جىگەر زەئىپلىكىدە بولسا سۈيدۈك

ئاققا مايىل سۇيۇق كېلىدۇ.

داۋالاش: مېڭە ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش ھەمدە ئەگەر سۇيدۇك ئىشلەپچىقارغۇچى ئەزالار قان تومۇرلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى (ئېرىپ كېتىشى) سەۋەبىدىن قان سىيىش بولغان بولسا، بۆرەك يارىسىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنى داۋالاشتا، بۆرەك يارىسىنى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. جۇملىدىن قۇرىسى كاكىنەج ناھايىتى ئۈنۈملۈكتۇر.

# يىگىرمىنچى باب ئەرلەرگە خاس كېسەللىكلەر

## باھ ئاجىزلىقى

ئىنسانلاردىكى جىنسىي ئىنكاس ۋە جىنسىي قۇۋۋەت ئومۇملاشتۇرۇلۇپ باھ دېيىلىدۇ.

جىنسىي ئىنكاس ۋە جىنسىي قۇۋۋەت (قۇۋۋەتى باھ) ئىنسانلاردىكى باشقۇرغۇچى ئەزالار (يۈرەك، مېڭە، جىگەر) نىڭ ساغلاملىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئەرلەردىكى باھ ئاجىزلىقىنىڭ بىرى، جىما (جىنسىي مۇناسىۋەت) غا بولغان ئىنتىلىشنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن، ئىككىنچىسى، زەكەرنىڭ بوشىشىپ كېتىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ دەپ چۈشىنىش كېرەك.

1. جىنسىي ئىنتىلىشنىڭ ئاجىزلىقى: جىنسىي ئىنتىلىشنىڭ زەئىپلىشىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ خىل بولۇپ، ① ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن بەدەننىڭ ئاجىزلاپ قېلىشىدىن بولىدۇ. روھ، يەل ۋە قان بۇلار جىنسىي ئىنتىلىشنى پەيدا قىلىدىغان ماتېرىيال بولۇپ، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن بەدەن ئاجىزلاپ كەتكەندە ئۇلارنىڭ بەدەندىكى مىقدارى ماس ھالدا ئازلاپ، شەھۋەتنىڭ ئاجىزلاپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى بەدەن قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كەتكەن ھەمدە كېسەل كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى بىمارنىڭ ئاچ قالغان تارىخى بولىدۇ.

داۋالاش: تاتلىق، قۇۋۋەتلىك غىزالار، بەدەننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. سەيلى-ساياھەت، ئويۇن-تاماشالار بىلەن كۆڭۈلنى ئېچىش، بىرەر قانداق كۆڭۈل ئاغرىقى، غەم-ئەندىشە، ئوي-خىياللاردىن خالىي بولۇشى كېرەك.

② ئوبدان ئوزۇقلانغان تۇرۇقلۇق مەنىي ئىشلىگۈچى ئەزالار خىزمىتىنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبىدىن مەنىينىڭ ئىشلىنىشى يېتەرسىز بولغانلىقى

سەۋەبىدىن شەھۋەتنىڭ ئاجىزلاپ قېلىشى كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى جىما قىلغان ۋاقىتتا مەنىي ئاز ۋە سۇيۇق كېلىدۇ. چۈنكى بۇ مەنىي ئىشلىگۈچى ئەزالارنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. شۇڭا ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلغان بولسا، ئىسسىق نەرسىلەر زىيان قىلىدۇ. سوغۇق نەرسىلەر شىپا بولىدۇ (پايدا قىلىدۇ). ئەگەر مىزاج سوغۇقتىن بۇزۇلغان بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

داۋالاش: مىزاجنى تەڭشەش ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىش (يەنى ئەگەر قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش بولۇپ، مەنىي ئىشلىگۈچى ئەزالار ئۇرۇقلاپ كەتكەنلىك سەۋەبتىن بۇ كېسەل كېلىپ چىققان بولسا، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى غىزالار سۈت، قايماق، سېرىقمايغا ئوخشاش غىزالار بېرىلىدۇ. ئەگەر سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلغان سەۋەبتىن شەھۋەت ئاجىزلاپ كەتكەن بولسا، زەنجىۋىل مۇراببااسى، لوبوبى كەبىرگە ئوخشاش دورىلار بېرىلىدۇ. ئەگەر ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان بولسا، سۈت، قېتىق، ئىترىفىل كەشنىز قاتارلىقلار بېرىلىدۇ) كېرەك.

③ مەنىينىڭ ھەرىكەتچانلىقىنىڭ يوقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھارارىتى (قىزىقلىقى) ۋە غىدىقلاشچانلىقىنىڭ يوقىلىشى بۇ كېسەلگە سەۋەب بولىدۇ. گەرچە مەنىي يېتەرلىك ھاسىل بولسىمۇ، مەنىي ھەرىكەتچانلىقىنى يوقاتسا، ئۇنىڭدىن تەبىئىي بۇخارەت (گاز) ئۆرلەپ، جىنسىي ئىنتىلىشنى پەيدا قىلىشى يېتەرسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى: مەنىي كۆپ، قويۇق تەستە چىقىرىلىدۇ. زەكەرنىڭ قوزغىلىشى دەسلەپتە سۇس بولۇپ، جىنسىي يولغا كىرگەندىن كېيىن كۈچىيىپ قالىدۇ.

داۋالاش: مەجۇنى زەرئۇنى، لوبوبى كەبىر، مەجۇنى بۇزۇرى (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قاراڭ) دورىلارنى ئىشلىتىپ، بەدەنگە ئىسسىقلىق يەتكۈزۈلىدۇ.

④ ئۇزاققىچە جىمانى تەرك ئەتكەن سەۋەبتىن باھنىڭ ئاجىزلاپ قېلىشى كېلىپ چىقىدۇ.

داۋالاش: كۆڭۈلنى جىنسىي مۇناسىۋەت تەرەپكە مايىللاشتۇرۇش، ھايۋانلارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگىنىنى كۆرۈش، جىنسىي مۇناسـ

ۋەتكە ئائىت سۆزلەرنى ئاڭلاپ بېرىش ھەمدە باھنى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش كېرەك. ئاقىرقەرھانى سوقۇپ، چىگىت يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، دوۋساق ساھەسى، ئىككى ئۇرۇق بېزى ۋە زەكەر ياغلىنىدۇ.

⑤ كاللىغا بىرەر ۋەھىمىنىڭ كىرىۋېلىشى مەسىلەن: ئايال كىشىگە بولغان ئىنتىلىش (رىغبەت) نىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ياكى جىنسىي مۇناسىۋەتتىن قېچىش (خۇشياقماسلىق) ياكى بىماردا قارشى تەرەپ مېنى سېھىر قىلىۋالدى (جىما قىلىشقا قۇربىم يەتمەيدۇ) دەپ قاراش قاتارلىق ۋەھىمىلىك خىياللار بىلەن گەرچە تاناسىل ئەزالار ساغلام، مەنىي كۆپ بولغان تەغدىردىمۇ شەھۋەت ئاجىزلاپ كېتىدۇ. چۈنكى روھىي پائالىيەتلەر (شەھۋانىي خىياللار ۋە جىنسىي ئىنتىلىش قاتارلىقلار) نىڭ ھەممىسى جىنسىي پائالىيەتكە قارىتا ھەرقانداق تەسلەردىن كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

داۋالاش: ئىمكانقەدەر كاللىغا كىرىۋالغان خىيال ۋە ۋەھىمىلەرنى يوقىتىش كېرەك.

⑥ يۈرەك، ئاشقازان، جىگەر، مېڭە ياكى بۆرەكتە بىرەر قانداق نورمالسىزلىق ياكى ئاجىزلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن شەھۋەت ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئۇنى داۋالاشتا كېسەللەنگەن ئەزانىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش چارىلىرى (مەسىلەن: يۈرەك زەئىپلىكىدە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، مەزاجىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، مۇپەررىھ ياقۇت ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇپەررىھاتلار بېرىلىدۇ. ئاشقازان ياكى جىگەر زەئىپلىكىدە ئاشقازان، جىگەرنى كۈچلەندۈرۈش مەقسىتىدە نارپىننە بېرىلىدۇ. مېڭە ئاجىزلىقىدىن بولغان بولسا، داۋائىمىشكى، خېمىرى گاۋزىبان، ئەنبەرگە ئوخشاش دورىلار بېرىلىدۇ.

2. زەكەرنىڭ بوششىپ كېتىشى:

بۇنىڭ سەۋەبى ئەگەر بەدەننىڭ زەئىپلىكى ياكى ئۇزاققىچە جىنسىي مۇناسىۋەتنى تەرك ئەتكەنلىكتىن بولغان بولسا، ئۇنى داۋالاش شەھۋەتنىڭ ئاجىزلاپ قېلىشىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتۇلدى. بۇ چارىلاردىن باشقا ئىسسىق سۇ بىلەن جىنسىي ئەزانى يۇيۇش، قوينىڭ سۈتىنىڭ قايمىقىنى سۈركەش، ئاندىن كېيىن زۇپتى رۇمىنى يۇمشاق سوقۇپ، قايناق سۇ بىلەن زىمات

قىلىپ چىقىش كېرەك. بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلى جىمانى تەرك ئېتىشتىن بولغان شەھۋەت يوقاپ كېتىشكىمۇ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئەگەر بەدەننىڭ تۆۋەنكى يېرىمىدا تەبىئىي يەل پەيدا قىلغان كۆپۈشنىڭ يېتەرسىز بولۇشى سەۋەبىدىن زەكەر بوشىشىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبى سوغۇقتىن بولغانمۇ ياكى قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغانمۇ ئۇنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن سەۋەبكە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىش كېرەك (يەنى ئەگەر بۇ پەقەت ئارتۇق ھۆللۈكنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا، قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ). زەكەر بوشىشىپ كېتىشنىڭ بۇ تۈرىدە بەدەن قۇۋۋىتى ۋە ئەزالارنىڭ خىزمىتى ساغلام بولغان بولىدۇ. مۇسكۇللارنى چىڭىتقۇچى، يەل قوزغىغۇچى غىزالار (مەسىلەن: قىيمىلىق كۆمەچ، پەرمۇدە، سامسا قاتارلىقلار) نى ئىستېمال قىلسا، زەكەرنىڭ ئىستىرخالىنىشى ياخشىلىنىپ قالىدۇ.

ئەگەر ئەسەبلەر (نېرۋىلار) غا بەلغەم خىلتىنىڭ قۇيۇلۇشى ياكى زىيادە سوغۇق يەتكەن سەۋەبتىن پالەچلىنىش بولۇپ، زەكەردە بوشىشىش بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى بەدەندە دەسلەپتە پالەچ بولغان تارىخى بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا مەنىينىڭ سۇيۇق بولۇشى، قوزغىلىش بولماي تۇرۇپ، مەنىينىڭ ئاسان چىقىپ كېتىشى قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنى داۋالاشنىڭ بىر قىسمى پالەچنى داۋالاشتا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى. مۇناسىپ دورىلارنى كىلىزما قىلىش، جىنسىي يولغا دورا ماڭغۇزۇش، زەكەرنى ئىسسىق دورىلارنىڭ قاينىتىلغان سۈيىگە چىلاپ بېرىش ناھايىتى مەنپەئەتلىك. ئەگەر زەكەر سوغۇق سۇغا يولۇققاندا قىسقارمايدىغان ھالەتتە بوشىشىپ كەتكەن بولسا، بۇنى داۋالىغىلى بولمايدۇ.

تۆۋەندە زەكەرنى چوڭايتىش ئۈچۈن مەخسۇس بولغان بىر قانچە دورا بايان قىلىنىدۇ. زەكەرنى يىرىك پاختا رەخت بىلەن قىزارغانغا قەدەر سۈرۈپ، ئاندىن كېيىن چۇمۇلە يېغى (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا ياغلار بىلەن ئۈستىدىن زوفتى رومى چېپىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى 2～3 قېتىم تەكرار قوللانغاندا زەكەرنى يوغىنىتىش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر. ئەگەر كەرەپشىنىڭ سىقىلغان

سۈيىنى زەكەرگە بىر نەچچە قېتىم سۈركەپ، قۇرۇتۇلغان قىلقۇرت ياكى قۇرۇتۇلغان سازاڭ قۇرتىنى سوقۇپ، سەۋسەن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، زەكەرنى ياغلاپ بېرىشمۇ ئوخشاشلا يۇقىرىقى تەسىرنى بېرىدۇ.

## مەنىي تېز كېتىش

ئەگەر مەنىي تېز كېتىشنىڭ سەۋەبى سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈكنىڭ تەسىرىدىن مەنىي قاچىسىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى مەنىي سۇيۇق ئاق بولىدۇ، بەدەندە ئىسسىقلىققا ئالاقىدار ئالامەتلەر كۆرۈلمەيدۇ.

داۋالاش: ئىسسىق تەبىئەتلىك مۇسھىللار (ئايارەج لوغانزىيا، ئايارەج پەيقىرا) بىلەن ئومۇمىي بەدەننى تەنقىيە قىلىش ياكى قۇستۇرۇش ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. مەجۇنى خوسىيىل ھەددىد، شەربىتى فەنجەنوش (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) نى ئىشلىتىشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. شۇنداقلا كەندىر ئۇرۇقىنى سۇدا قاينىتىپ، ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ بېرىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

ئەگەر مەنىي تېز كېتىشنىڭ سەۋەبى مەنىينىڭ كۆپلۈكى ۋە قاننىڭ غالىبلىقىدىن بولسا، مەنىي كۆپ، نورمال قويۇق-سۇيۇقلۇقتا چىقىدۇ، زەكەر ئوبدان قاتقان بولىدۇ.

داۋالاش: قان ئېلىش ياكى جىمانى كۆپرەك قىلىپ بېرىش ھەمدە غىزانى كېمەيتىش كېرەك. چۈچۈمەل تەملىك ئەشيالار ھەمدە مەنىي ۋە قاننى كېمەيتىدىغان ئەشيالار ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

ئەگەر مەنىي تېز كېتىشنىڭ سەۋەبى مەنىينىڭ قىزىپ (ھىددەتلىنىپ) قالغانلىقىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى مەنىي سۇيۇق، سېرىق رەڭلىك بولىدۇ، كۆيۈشۈش بىلەن كېلىدۇ. بۇنى داۋالاشتا بەدەنگە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇسۇڭ ئۇرۇقىنىڭ تاتلىقىنى چىقىرىپ ئىستېمال قىلىشمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئەگەر ئەزالارنىڭ جۈملىدىن باشقۇرغۇچى ئەزالار (يۈرەك، مېڭە، جىگەر) نىڭ ئاجىزلاپ قېلىشىدىن مەنىي تېز كېتىش كېلىپ چىققان بولسا،

ئۇنىڭ ئالامىتى مەنىي تېز كېتىش بىلەن بىرگە بەدەندە باھ ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر بولىدۇ. مەلۇم بىر ئەزانىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىق ئالامەتلىرىمۇ بولىدۇ.

داۋالاش: قايسى ئەزا ئاجىزلىقى بۇ كېسەلگە سەۋەب بولغان بولسا، شۇ ئەزانى قۇۋۋەتلەش تەدبىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

## جىنسىي ھەۋەسنىڭ كۆپ بولۇشى

ئەگەر جىنسىي ھەۋەسنىڭ كۆپ بولۇشى قان ۋە مەنىينىڭ كۆپلۈكىدىن بولسا، بەدەننىڭ ساغلام ھەم تېمەن بولۇشى ئۇنىڭغا دەلىل بولىدۇ. بۇنى داۋالاپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا دورا ئىشلىتىش ئەكس تەسىر بېرىدۇ. لېكىن زۆرۈر كېلىپ قالسا، قان ئېلىش ھەمدە مۇناسىپ مۇسھىللارنى بېرىش ھەمدە ئاچچىق-چۈچۈك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىپ قان ۋە مەنىينى كېمەيتىش كېرەك. ئەگەر جىنسىي ھەۋەسنىڭ كۆپ بولۇشى مەنىينىڭ قىزىپ قالغانلىقىدىن بولغان بولسا، بەدەننى سوۋۇتۇش چارىسى قوللىنىلسا كۇپايە قىلىدۇ ھەمدە جىنسىي ئەزانى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇپ بېرىش ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئەگەر جىنسىي ھەۋەسنىڭ كۆپلۈكى مەنىينىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان بولسا ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەدەندە ئاجىزلىق، قان ئازلىق بولسا، بۇ خىلدىكى جىنسىي ھەۋەس كۆپلۈكىنىڭ ئالامىتى مەنىي كۆپ، سۇيۇق، ئاق بولىدۇ. مەنى كۈچلۈك بېسىم بىلەن چىقىدۇ.

داۋالاش: سىيادان، سوزاپ، چاڭگاك (جوئدە) ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن نەك مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ، سوپۇپ ياساپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. جاۋارش كۇمۇنىمۇ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئەگەر جىنسىي ھەۋەسنىڭ كۆپلۈكى مەنىي ئىشلىگۈچى ئەزانىڭ خىزمىتىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىن بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقۇرغۇچى ئەزالاردا ئاجىزلىق بولسا، بۇ خىلدىكى جىنسىي ھەۋەس كۆپ بولۇشىنىڭ ئالامىتى مەنىي ئىشلىگۈچى ئەزالارنىڭ قۇۋۋىتى ياخشى بولغان بولىدۇ. شۇنىڭغا قوشۇلۇپ، باشقۇرغۇچى ئەزالارنىڭ مەلۇم بىرى ئاجىزلاپ

قالغان بولىدۇ.

داۋالاش: مەنى ئىشلىگۈچى ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى سۇسلاشتۇرۇش، سىزىمنى تۆۋەنلىتىش ھەمدە باشقۇرغۇچى ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

ئەگەر مەنى قاچىسى، مەنى يەتكۈزۈش يوللىرىدا مۇدۇرچاق، يارا ياكى بىرەر غىدىقلىنىشنىڭ بولۇشى سەۋەبىدىن جىنسىي ھەۋەس كۈچىيىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى بىمارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش ھەۋىسى ھەسسىلەپ كۈچىيىپ كەتكەن بولىدۇ. مەنى تېزراق كەتسىمۇ، بىمار يېتەرلىك لەززەت ھاسىل قىلالايدۇ. ئەگەر مەنى قاچىسى ياكى مەنى يەتكۈزۈش يوللىرىدىكى مۇدۇرچاقلار يارىغا ئۆزگىرىپ يەرلىك ئورۇندا ئاغرىش پەيدا بولسا، يارىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر كۆرۈلسە، قان ئېلىش ۋە سۈرگە بېرىش ھەمدە دوۋساق يارىسىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر كېسەلنىڭ خۇددى مالىخولىيا ھاراقى كېسەللىكىگە ئوخشاش بەدەندە يەللىك كۆپىيىشىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى زەكەرنىڭ قوزغىلىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئىلگىرى يەل قوزغىغۇچى ئەشيالارنى ئىستېمال قىلغانلىق تارىخى بولىدۇ.

داۋالاش: بەدەندە ھارارەت (ئىسسىقلىق) غالىب بولسا، سوۋۇتقۇچى دورىلار (مەسىلەن: سېمىز ئوت، ئۇسۇڭ، كاسىنە ئۇرۇقلىرىنىڭ تاتلىقىنى ئېلىپ، بېھى ئوسارىسى (روببىسى) بىلەن قوشۇپ) بېرىلىدۇ. ئەگەر بەدەندە ھۆللۈك ئارتۇق بولسا، ھۆللۈكنى تارقاتقۇچى دورىلار (مەسىلەن: جاۋارىش كۈمۈنى، جاۋارىش جالىنوس) بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەل سەۋدا خىلتىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان بولسا، باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، سەۋدا خىلتىنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ.

## مەنى، مەزى ۋە ۋەدى سۈيۈقلۇقلىرىنىڭ ئېقىشى

(مەنى ئورۇقدان ئىشلەپچىقارغان تۆرەلمە ھاسىل قىلغۇچى سۈيۈقلۇقتۇر. مەزى مەزى بېزى سۈيۈقلۇقى بولۇپ، جىنسىي ھەۋەس قوزغالغان

ۋاقىتتا مەزى بېزى ئاز-ئازدىن ئىشلەپچىقىرىدۇ. ۋەدى سۈيدۈك يولى شىللىق پەردىلىرى ئاجرىتىپ چىقارغان، سىيگەندە جىنسىي يولنى سىلىقلاشتۇرۇپ بېرىدىغان سۇيۇقلۇقتۇر.)

ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى مەنىينىڭ كۆپلۈكى ياكى قىزىقلىقى ياكى مەنىي قاچىسىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا بۇنى داۋالاشتا «مەنىي تېز كېتىشنى داۋالاش» تا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەل مەنىي قاچىسى مۇسكۇلىنىڭ تارتىشىپ قېلىش سەۋەبىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى زەكەر قوزغىلىش بىلەن تەڭ مەنىي يۇرۇپ كېتىدۇ. زەكەردە چىڭقىلىش سېزىمى بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا دوۋساق ساھەسى ۋە ئىككى ئۇرۇق بېزىنى (كۆندۈجۈت يېغى، زەيتۇن يېغى قاتارلىقلار بىلەن ياغلاپ بېرىلسا ھەمدە تارتىشىپ قېلىش (تەشەننۇج) قا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى بۆرەكنىڭ زەئىپلىكى ھەمدە بۆرەكنىڭ چاۋا ياغلىرىنىڭ ئېرىپ كېتىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى جىمادىن كېيىنكى سۈيدۈك ئاق، قويۇق نەرسىلەر ئارىلاش، بىمەنىسىز، ئادەمگە خۇش يېقىش سېزىمى بەرمەيلا چىقىدۇ ھەمدە بەدەندە بۆرەك ئاجىزلىقىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر بولىدۇ.

داۋالاش: بۇنى داۋالاشتا بۆرەك زەئىپلىكىنى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ (بۇ ئىلگىرى بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى). شۇنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈركى، بۇ كېسەلنىڭ يۇقىرىقى تۈرى كۆرۈنۈشتە مەنىي ئېقىش كېسىلى دەپ قارالسىمۇ، ئەمما ھەقىقەتتە بۇ مەنىي ئېقىش بولماستىن بەلكى بۆرەكنىڭ چاۋا ياغلىرى ئېقىشتىن ئىبارەت.

ئەگەر مەزكۇر كېسەلنىڭ سەۋەبى جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار سۆزلەرنى ئاڭلاش، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى كۆپ خىيال قىلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، مۇشۇ سەۋەبتىن ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدا جىنسىي ھەۋەس پەيدا بولۇپ، مەنىي ئېقىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش، يەنى ئىنساننىڭ شەھۋانىي ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىماسلىق كېرەك ھەمدە

ئاققان مەنىي نىسبەتەن كۆپ بولسا ياكى بەدەندە ئاجىزلىق بولسا، شۇنداقلا مەنىي قىزىق بولسا، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىش كېرەك.

ئەسكەرتىش: مەزكۇر سەۋەبلەردىن ئاياللاردىمۇ مەنىي (تۇخۇمدان سۇيۇقلۇقى) ئېقىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. بەزىدە بالىياتقۇ بويىندا بوشىشىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. ئۇنى داۋالاشتا قۇستۇرۇش ھەمدە بىمارنى قورۇغۇچى (قابىز) دورىلارنىڭ قايىنتىلمىسىدا ئولتۇرغۇزۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

نۇسخا ( I ) : يۇقىرىقى ئۈچ خىل سۇيۇقلۇقنىڭ ئېقىشىغا ئوخشاشلا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. تەركىبى: سۇزاپ ئۇرۇقى 10.5 گرام، چاڭگاك ئۇرۇقى، گۈلسەۋسەن يىلتىزى ھەر بىرى 7 گرام، ئانارگۈلى، قىزىلگۈل ھەر بىرى 5.5 گرام، دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، سوقۇپ ياساپ، 7 گرامدىن قېتىق ياكى پىشمىغان ئۈزۈم (غوراب) نىڭ سۈيى بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ.

نۇسخا ( II ): مەنىي، مەزى ئېقىش كېسىلى ئۈچۈن ناھايىتى ئۈنۈملۈك تەركىب: قورۇلغان كەندىر ئۇرۇقى ۋە ھەسەل، دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ (ئاياللاردا جىنسىي يولدىن ئاق سۇيۇقلۇق كېلىدىغان ئەھۋال بولۇپ، بۇ مەنىي ئېقىش بولماستىن بەلكى بالىياتقۇ بويىندىن سىرغىپ چىققان بەلغەمى ھۆللۈكتىن ئىبارەت. تەرجىمە قىلغۇچىدىن) .

## قانلىق مەنىي كېلىش

بۇ كېسەل ئۇرۇق بېزى ياكى بۆرەكنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر بەدەندە قىزىش بولمىسا ئىككى ئۇرۇق بېزىنى ھەستىكى يېغى (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قاراڭ) بىلەن ياغلىنىدۇ ھەمدە بۆرەك ئاجىزلىقىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن دورىلار ئارقىلىق بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## كۆپ ئىھتىلام بولۇش

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى، ئالامىتى ۋە داۋالاش چارىلىرى مەنىي ئېقىش كېسىلىدە بايان قىلىنىپ ئۆتكەن مەزمۇنلار بىلەن ئوخشاش، شۇڭا، مەنىي

ئېقىشنى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بەل ساھەسىگە ياپىلاق قوغۇشۇن پارچىسىنى تېڭىشمۇ ناھايىتى تېز، ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

## زەكەرنىڭ تىكلىنىۋېلىشى

بۇ ئادەتتىكى ۋاقىتتىمۇ زەكەر ھەمىشە تىكلىنىپ، قوزغىلىپ تۇرۇۋالىدىغان كېسەلدىن ئىبارەت.

داۋالاش: ئەگەر بۇ كېسەل قان خىلتى غالىبلىقىدىن بولسا، ئۇنى بەدەندىن تەنقىيە قىلىش (مەسىلەن: قان ئېلىش، ئاچ قالدۇرۇش) ھەمدە بەدەننى سوۋۇتۇش (مەسىلەن، ئەينۇلا، تەمرى ھىندى، زىخ، ئالقات قاتارلىقلارنى بېرىش) تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. ئەگەر بەدەنگە سوغۇقلۇق ياكى قۇرۇقلۇق يەتكەندىن بولسا، قۇستۇرۇش ھەمدە يەل تارقاتقۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش ھەمدە يەرلىك ئورۇنغا چېپىش كېرەك. سوزاپ يېغى بىلەن دوۋساق ۋە بەل ساھەسىنى ياغلاپ بېرىشمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

## جىنسىي مۇناسىۋەتتە چوڭ تەرەت مېڭىپ كېتىشى

بۇ كېسەلدە جىما قىلىپ، يۇقىرى پەللىگە چىقىپ مەنىي يۇرگەندە، ئىختىيارسىز چوڭ تەرەت مېڭىپ كېتىدۇ.

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى باشقۇرغۇچى ئەزالارنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى ھەمدە بەدەندە ھۆللۈكنىڭ ئارتىپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ.

داۋالاش: بەدەننى قۇۋۋەتلەش ھەمدە ئاقاقىيا، سالاجىت، ئانارگۈلى، ئەرەب يېلىمى، كۇندۇر قاتارلىقلاردىن شامچە ياساپ، مەقئەتكە قويۇلىدۇ. جۈملىدىن جىما قىلغان ۋاقىتتا، نارجىل يېغى بىلەن مەقئەتنى ياغلاپ بېرىش ھەمدە جىنسىي مۇناسىۋەت ۋاقتىدا قورساقنى ئاچ قويۇش كېرەك.

## ئەرلەردىكى مەقئەتكە جىما قىلدۇرۇش كېسىلى

بۇ ياشانغانلاردىكى «مەقئەتكە جىما قىلدۇرغۇسى كېلىش ئىللىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ (چۈنكى بەزى ياشانغان كىشىلەر بۇ ئەخلاقتىن چىققان

كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ)، بۇ كېسەلدە تۈز ئۈچەينىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتتىق قىچىشىش بولغان سەۋەبتىن مەقئەتكە جىما قىلدۇرغۇسى كېلىپ قالىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر مەلۇم بىر خىلتتىن بولغان بولسا (شۇ خىلتنىڭ مۇنزىج، مۇسھىللىرىنى بېرىپ)، ئومۇمىي بەدەننى تەنقىيە قىلىش كېرەك، ئەگەر بەدەندە خېنىم مىجەزلىك غالىب كەلگەن بولسا، ئۇرۇپ ياكى قاتتىق ھاقارەتلەپ، بۇ يامان ئادەتتىن قول ئۈزگۈزۈش لازىم.

## ئۇرۇق بېزى ياللۇغى

ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى قان خىلتىنىڭ غالىبلىقىدىن بولسا، ياللۇغ چوڭ، ئىششىق ھەم قىزىق بولىدۇ. ئەگەر سەپرا خىلتىدىن بولسا، قىزىللىق بىر قەدەر ئىششىق بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا قان ئېلىش ئالدىن كېيىن بەل ۋە پاقالچاقتا لوڭقا قويۇش كېرەك. دەسلەپتە ماددىلارنى قايتۇرغۇچى دورىلار (مەسىلەن: سېمىز ئوتنى سىقىپ، سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياكى ئىسپىغۇل، يۇمغاقسۈت، يەرلىك شوخلا، كاسىنە گۈللىرىنى ئېزىپ، قىزىلگۈل ئۇرۇقى بىلەن قوشۇپ، ئۇرۇق بېزىغا چېپىلىدۇ) ئىشلىتىلىدۇ. ئالدىن كېيىن ياللۇغ ماددىسىنى قايتۇرغۇچى، ئىششىق تارقاتقۇچى دورىلار (مەسىلەن: ئارپا ئۇنى، ماش ئۇنى، نوقۇت ئۇنى، ئاز مىقداردىكى زەپەلەرنى قايناق سۇدا يۇغۇرۇپ، چېپىلىدۇ) چېپىلىدۇ. ئاخىرىدا ياللۇغ قايتۇرۇشتا ئورتاق ئىشلىتىدىغان ياللۇغ قايتۇرغۇچلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

ئەگەر ئۇرۇق بېزى ياللۇغىنىڭ سەۋەبى بەلغەم خىلتىدىن بولسا ياللۇغلانغان ئورۇن بوش، رەڭگى ئاق بولىدۇ.

داۋالاش: قۇستۇرۇش، بەلغەم خىلتىنىڭ مۇنزىج مۇسھىللىرىنى بېرىش ھەمدە كۆك ماش ۋە نوقۇت ئۇنلىرىنى ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، ئۇرۇق بېزىغا زىماد قىلىنىدۇ. ئەگەر ياللۇغ سەۋدا خىلتىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا، ياللۇغلانغان ئورۇن قاتتىق ۋە قارىغا مايىل بولىدۇ.

داۋالاش: يۇمشاتقۇچى دورىلار (مەسىلەن: بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، شۇمشا قاتارلىقلارنى سوقۇپ، توخۇ يېغى، كالا پاچىقىنىڭ يىلىكى قاتارلىق-

لار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، زىماد تەييارلاپ چاپلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن سەۋدا خىلتىنىڭ مۇنزىج، مۇسھىللىرىنى بېرىپ، كېسەللىك ماددىسى تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇرۇق بېزى ياللۇغى يەلنىڭ سەۋەبىدىن بولسا، ئۇرۇق بەز مۇسكۇلى كۆپكەن بولىدۇ. بىرەر خىلىت غالىبلىقىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر بولمايدۇ.

داۋالاش: ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ (تۇز ۋە كېپەك بىلەن)، جاۋارش كۇمۇنى (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر بۇ تەدبىرلەر كار قىلمىسا قۇستۇرۇش ياكى مۇسھىل بېرىش ئارقىلىق يەلنى تارقىتىش كېرەك. بەدەننىڭ تۆۋەنكى يېرىمىدىكى كېسەللىكلەردە قۇستۇ- رۇش ناھايىتى مەنپەئەتلىك ھەم خەتەرسىزدۇر. شۇڭا، قۇستۇرۇشنىڭ بۇ خىل ئۇرۇقدان ئىششىقىغا نىسبەتەن تەسىرى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئەگەر ياللۇغ پەقەت ئۇرۇق بەز خالتىسىدا بولسا، ئالامەتلەرمۇ نىسبەتەن يېنىك ئۆتىدۇ ھەمدە ياللۇغ ئۇرۇق بېزى خالتىسىدى- لا سېزىلىدۇ. ئەگەر ياللۇغ ئۇرۇق بەزلىرىنىڭ ئۆزىدە بولسا قىزىش، ئۇسساش ۋە باشقا ياللۇغقا ئالاقىدار ئالامەتلەر ئېغىرراق ئۆتىدۇ.

## ئۇرۇق بېزىنىڭ يوغىناپ قېلىشى

ئۇرۇق بېزىنىڭ يوغىناپ قېلىشى ياللۇغلىنىش سەۋەبىدىن بولماستىن بەلكى سەمرىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يوغىناشتىن ئىبارەت.

داۋالاش: بەزۇرۇلبەنجى، ئادەمگىيا، سەۋكىران (بىر خىل ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە دورا)، خەشخاشنىڭ پوستى، فىسان تېشىنىڭ قىلىچ ياكى شەمشەرنى بىلىگەندە ئۆرلىگەن توزۇندىسى قاتارلىقلارنى ئېلىپ سوقۇپ، يۇمغاقسۇت كۆكىنىڭ سىقىلغان سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، زىماد تەييارلاپ، يوغىناپ قالغان ئۇرۇق بېزىغا زىماد قىلىنىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى نۇسخىغا گىل ئەرمىنى ۋە سىركە قوشۇلسا، تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ زىمادنى ئىككى ئەمچەككە چاپساپ بەرسىمۇ ئۇنى زىيادە يوغىناپ كېتىشتىن توسىدۇ. لېكىن زىماد چاپلىۋاتقان مەزگىلدە غىزانى كېمەيتىش كېرەك.

## زەكەر ۋە بالىياتقۇنىڭ لىكىلدىشى

بۇ كېسەلدە زەكەر ياكى بالىياتقۇ بويىندا لىكىداش بولىدۇ. بۇ كېسەلنى داۋالاشتا ئومۇمىي بەدەننى تەنقىيە قىلىش ھەمدە قان خىلتىنى سوۋۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئومۇمىي بەدەننى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەرلەردە زەكەرگە، ئاياللاردا جىنسىي ئەزاغا زۇلۇك قۇرتى چاپلاش، غىزاسىنى تەڭشەش (يەنى ئارپا ئېشى، گۆشسىز تاماق قاتارلىقلارنى بېرىش) كېرەك.

## ئۇرۇق بەزلىرىنىڭ ئاغرىقى

ئەگەر ئۇرۇق بېزىنىڭ ئاغرىشى ياللۇغ سەۋەبىدىن بولسا، بۇ ئۇرۇق بېزى ياللۇغىنىڭ بايانىدا سۆزلىنىپ ئۆتۈلدى. ئەگەر يەلدىن بولغان بولسا، ئاغرىق بىر ئۇرۇقتىن ئىككىنچى بىر ئۇرۇققا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. بۇنى داۋالاشتا، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى چاپلاپ ياكى ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار بىلەن ياغلاپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش (مەسىلەن: بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، پىننە، سۇزاپ قاتارلىقلارنى يۇمشاق ئېزىپ، گۈل يېغىدا ئارىلاشتۇرۇپ چاپلاش ھەمدە ياسمەن يېغى ياكى سۇزاپ يېغىغا ئازراق قۇندۇز قەھرى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇرۇق بېزىنى ياغلاپ، ئۈستىدىن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ) كېرەك.

ئەگەر ئۇرۇق بەزلىرىنىڭ ئاغرىشى مىزاجىنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇق-تىن بۇزۇلۇشىدىن بولغان بولسا، ئىچىدىن ۋە سىرتىدىن تەڭشىگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ (مەسىلەن: ئىسسىقتىن بولسا كۆك قاپاق، يۇمغاقسۈت، كۆك كاسىنە قاتارلىقلارنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى ئۇرۇق بېزىغا سۈركىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىق بەك كۈچلۈك بولسا، بۇ رېتسېپ تەركىبىگە ئازراق ئەپيۈن قوشۇپ قويۇلسا بولىدۇ. ئەگەر مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولغان بولسا، ئىسسىق تەبىئەتلىك بوشاشتۇرغۇچى دورىلاردىن ئۆردەك يېغى، توخۇ يېغى، ئىنەك پىتى يېغى قاتارلىقلارنىڭ قايسى بىرىگە پەرفىيون قوشۇپ ياغلىنىدۇ. قىزىلگۈل گۈلقەنتى، زەنجىۋىل، دارچىنلار ئىچىدىن ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ). ئەگەر ئۇرۇق بەزلىرىنىڭ ئاغرىشى ئۇرۇلۇش،

سوقۇلۇش ياكى تاياق تېگىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، دەرھال قان ئېلىش، بىنەپشە، ئاق لەيلى، قۇرۇق شوخلا، نىلۇپەر، كۆك قاپاق قاتارلىقلاردىن زىماد تەييارلاپ، ئۇرۇق بېزىگە چاپلىسا، ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

## ئۇرۇق بېزىنىڭ كىچىكلەپ قېلىشى

بۇ سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرىدىن ئۇرۇق بەزلىرىنىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنى داۋالاشتا، بىمارنى ئىسسىق مۇنچىغا كىرگۈزۈش، ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك بوشاشتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە دورىلار (بادام يېغى، بىلسان يېغى) بىلەن ئۇرۇق بەزلىرىدىكى يىغىلىپ قېلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەمدە ئۇرۇق بېزىغا ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش (قەلەمپۇر، دارچىن، سۇزاپ ياغلىرى بىلەن ياغلاش) تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

## ئۇرۇق بەزلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىشى

بەزىدە ھەر ئىككى ئۇرۇق بېزى قورساق تەرەپكە چىقىۋېلىپ، پەقەت كۆرۈنمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى ئۇرۇق بېزى يۇقىرىغا چىقىۋالسا سىيىش قىيىن بولۇش، سىيدۈك تامچىلاپ كېلىش ۋە ھەرىكەتنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئەمما ئىككى ئۇرۇق بېزى ئۈستىگە ئازراق چىقىۋالسا، بۇنداق ئەھۋالدا ئازراق ئاغرىش بولغاندىن باشقا بىرەر قانداق ئوڭايسىزلىق بولمايدۇ. بەلكى ئاغ-رىشمۇ بولماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر بۇ ھالەت ئۇزاق داۋام قىلسا، تۇرلۇك ئاۋارىچىلىكلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇنى داۋالاشتا ئىسسىق مۇنچىغا كۆپرەك كىرىش، ئۇرۇق بېزىنى تۆۋەنگە تارتىپ چۈشۈرۈش مەقسىتىدە پەرفىيون يېغى يەرلىك ئورۇنغا ياغلىنىدۇ. مۇمكىن بولسا بىمار مۇنچىدىن ياكى دورا قاينىتىلغان سۇدا ئولتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن مەقئەت بىلەن زەكەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يوغان لوڭقا بىلەن شەخەك قويۇپ، ئاستا-ئاستا تارتىپ شورىتىپ بەرسە، ئۇرۇق بېزى تۆۋەنگە چۈشىدۇ.

ئەسكەرتىش: گاھىدا زەكەرمۇ داس بوشلۇقى ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، كۆزگە كۆرۈنمەي قالىدۇ. بۇنى داۋالاشمۇ ئۇرۇق بەزلىرىنىڭ ئۈستىگە

چىقىۋېلىشنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

## ئۆرۈك بەز خالتىسى ۋېنالىرىنىڭ ئەگرىلىشىپ كۆپۈشىشى

بۇ كېسەلدە خۇددى بەزى ئادەملەرنىڭ تۆۋەنكى مۇچە ۋېنالىرى ئەگرىلىشىپ كۆپۈشۈپ قالغىنىغا ئوخشاش، بۇ كېسەلدىمۇ ئۆرۈك بەز خالتىسى ۋېنالىرى كۆپۈشۈپ قالىدۇ. بۇ كېسەلنى داۋالاش تەدبىرلىرى تۆۋەنكى مۇچە ۋېنالىرىنىڭ ئەگرىلىشىپ كۆپۈشىشىنى داۋالاشتا تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ (تۆۋەنگە قارالسۇن). ئەگەر ئۆرۈك بەز خالتىسىدا قېتىش پەيدا بولغان بولسا، ئۆرۈك بېزىنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش بىلەن يوقاپ كېتىدۇ.

## ئۆرۈك بەز خالتىسىنىڭ بوشىشىپ كېتىشى

داۋالاش: موزا، نامازشام گۈلى، ئانار ئۆرۈكى ياكى پوستىغا ئوخشاش قورۇغۇچى دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ چېپىلىدۇ. شۇنداقلا يۇقىرىقىغا ئوخشاش دورىلارنىڭ قايىنىتىلغان سۈيى بىلەن ئۆرۈك بەز خالتىسى تەكرار يۇيۇپ بېرىلىدۇ.

## زەكەر، ئۆرۈك بېزى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنىڭ يارىسى

بۇ خىل يارا ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، بېگىدىن شەكىللەنگەن، بىر قەدەر پاكىز يارا بولۇپ، بۇنى داۋالاشتا مەدەستان، تۇتىيا قاتارلىق دورىلاردىن پۇركۇلمە تەييارلاپ ياكى مەلھەم تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بەدەندە قان خىلتى غالىب بولسا، قان خىلتىغا قارىتا تازىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنە بىرى، سوزۇلما يارا بولۇپ، ئۇنى داۋالاشتا تۆۋەندىكى نۇسخىدىن مەلھەم تەييارلاپ چېپىلىدۇ. مەلھەم نۇسخىسى: خۇنسياۋشان، مۇرمەككى ھەر بىرى 9 گرام، سەبرى، مەدەستان، ئەنزىرۇت ھەر بىرىدىن 7 گرام ئېلىپ ئېزىپ، ئاق مومدىن 9 گرام، گۈل يېغىدىن 48 گرام بىلەن مەلھەم تەييارلاپ چېپىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: يارا سۈيدۈك يولىدا بولسا، بۇنىڭ بىلەن سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىدۇ. زەكەردە يارا بولسا يارا بار ئورۇندا ئاغرىش سېزىمى

بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا دوۋساق يارىسىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن دورىلار بىلەن داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

## زەكەر ياللۇغى

(بۇ زەكەرنىڭ ياللۇغلىنىپ ئىششىشىدىن ئىبارەت)

داۋالاشتا ئۇرۇق بېزىنىڭ ياللۇغىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرىگە ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ، (يەنى زەكەرنىڭ ياللۇغى ئىسسىقتىن بولسا ئانارنىڭ پوستى، كۆممىقوناق، قىزىلگۈل قاتار-لىقلارنى يەرلىك شوخلىنىڭ سىقىلغان سۈيى ياكى سۇدا قاينىتىپ، گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، زەكەرگە سۈركىلىدۇ. ئەگەر زەكەر ياللۇغى سوغۇقتىن بولسا، قۇرۇتۇلغان خورمىنى ئۇرۇقىدىن ئايرىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئاق لەيلىگۈلى بىلەن قوشۇپ، سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ، زىماد تەييارلاپ زەكەرگە چېپىلىدۇ).

## ئۇرۇق بېزى ۋە زەكەرنىڭ قىچىشىشى

بۇ كېسەلنى داۋالاشتا باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. تېقىم ۋە يوتىغا لوڭقا قويۇلىدۇ. سەپرا خىتلىنىڭ مۇسھىلىنى بېرىپ، ماددا تەنقىيە قىلىنـ-غاندىن كېيىن، يەرلىك ئورۇن ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇپ بېرىلىدۇ. سىركە ۋە گۈل يېغى سۈركىلىدۇ. تۇخۇمنىڭ ئېقى چېپىلىدۇ.

## زەكەر تېرىسىنىڭ يېرىلىشى

زەكەر يېرىلىشنى داۋالاش مەقئەت يېرىلىشنى داۋالاش بىلەن ئوخـ-شاش (يەنى ئالتۇن چىلىمدان، تۇتىيا، خېنە، كەتىرا قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈل يېغى ياكى تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن مەلھەم تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

## زەكەر سۆگىلى ۋە قاتتىق مۇدۇرى

سۆگەل ۋە قاتتىق مۇدۇرلار زەكەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا سوقۇلغان سىيادان، سىركە ۋە توخۇ يېغى قاتارلىقلارنى

ئاربلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا چېپىلىدۇ. ئۇندىن باشقا، سۆگەلنى داۋالاش-تىكى تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

## سۆيەلدۈك يولىنىڭ توسۇلۇشى

ئەگەر بۇ كېسەل سۈيدۈك يولىغا مۇدۇر چىققاندىن كېلىپ چىققان بولسا، سۈيدۈك كۆيۈشۈپ ناھايىتى دىشۋارلىق بىلەن كېلىدۇ.

داۋالاش: قان ئېلىنىدۇ. سېمىز ئوت ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى قاتارلىق-لارنىڭ تاتلىقىنى ئېلىپ، خەشخاش شەربىتىگە قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئىسپىغولنى بىنەپشە يېغىغا قوشۇپ، زەكەر ياغلىنىدۇ. ئەگەر مۇدۇر ئېغىر ئالسا، شىيافى ئەبيەزنى گۈل يېغى ۋە تۇخۇمتلۇق ئايالنىڭ سۈتىگە ئاربلاشتۇرۇپ، سۈيدۈك يولىغا تېمىتىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىش ئېغىر بولسا، ئازراق ئەپيۇن قوشۇپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ. ئەگەر بىرەر چاپلاشقاق خىلت-نىڭ سۈيدۈك يولىغا چاپلىشىۋېلىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، سۈيدۈك ئېچىشتۇرماي ناھايىتى تەسلىك بىلەن كېلىدۇ، قويۇق بولىدۇ.

داۋالاش: سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار (مەسىلەن: رۇم بەدىيان، قاپاق ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، ھەليون بەدىيان ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان دورىلار) ئىشلىتىلىدۇ. بوشاشتۇرغۇچى دورىلار (مە-سىلەن: بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، شام ياغىچى (بەرەنجاسەن)، مەرزەنجۇش، پىننە، ياليۇز قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا ئازراق بابۇنە يېغى قوشۇپ، كۆمۈشتىن ئىشلەنگەن جىنسىي سۈيۈقلۇق ماگغۇزۇش ئەسۋابى بىلەن جىنسىي يولغا كىرگۈزۈلىدۇ). ئەگەر سۈيدۈك يولىدا سۆگەل شەكىللەنگەن بولسا، سۈيدۈك تەستە ئەمما كۆيۈشمەي كېلىدۇ. سۈيدۈكتە بەلغەمى چۆكمىلەر بولمايدۇ.

داۋالاشتا ئەگەر سۆگەل سۈيدۈك يول ئېغىزىغا يېقىن بولسا سەبرى، قەلەي ئۇپىسى قاتارلىقلارنى گۈل يېغى بىلەن ئاربلاشتۇرۇپ تېمىتىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىش ئېغىر بولسا، سافىن تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، دوۋساق ساھەسىگە لوڭقا قويۇلىدۇ.

## زەكەرنىڭ مايماق بولۇپ قېلىشى

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى ئەسەپلەرنىڭ (زەكەر ئەسەپلىرى) تارتىشىپ قېلىشى ياكى زەكەر مۇسكۇلىنىڭ ياللۇغلىنىشىدىن بولىدۇ (بۇ ئەھۋال ئاساسلىقى قولدا ئىشقاپ لەززەتلىنىش ــ جەلەق ياكى بەچچىۋازلىق بىلەن ئادەتلىنىش سەۋەبىدىن بولىدۇ).

داۋالاش: كېسەللىك سەۋەبىنى يوقاتقاندىن كېيىن، جىنسىي ئەزانى گۆلى سەۋسەن يېغى، مەغەز گۆلسەۋسەن، توخۇ يېغى ۋە باشقا ياغلار بىلەن ياغلاپ يۇمشىتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن مۇنچىدا زەكەرنى قول بىلەن رۇسلانـ غانغا قەدەر رۇسلاپ قويۇلىدۇ.

# يىگىرمە بىرىنچى باب قورساق مۇسكۇلى ئىچكى پەردىسى، قورساق پەردىسى ۋە ئەستەر پەردىسى كېسەللىكلىرى

بىلىش لازىمكى قورساق مۇسكۇلى ئىچكى پەردىسىنى مەراق، قورساق مۇسكۇلى ئىچكى پەردىسىنىڭ ئاستىدىكى كىرگەت پەردىسىنى سەفاق، بۇنىڭمۇ ئاستىدىكى قىلىن چاۋا ياغلىرى قورساق بوشلۇقى ئەزالىرىنى سىرتىدىن ئوراپ تۇرغان پەردىنى سەرەب دەپ ئاتايدۇ.

## سىرىق ئەتنىڭ تارىلىشى

بۇ كېسەلدە قورساق پەردىسىنىڭ يوتا تەرەپ تۆشۈكى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇق بەز تارىموشلىرى قاتارلىقلار بولىدۇ) ئۇرۇق بېزى تەرەپكە تارىلىپ كېتىدۇ. مۇشۇ ئورۇندىكى قورساق پەردىسى تارىلىدۇ. نەتىجىدە ئىچكى ئەزالارنى سىرتىدىن ئوراپ تۇرغان چاۋا ياغلىق پەردە ياكى ئۈچەي ياكى يەل ۋە ياكى سۇ ئۇرۇق بەز خالتىسىغا چۈشۈۋالىدۇ. بۇنى مۇتلەق «چۇقۇق» دەپ ئاتايدۇ. تېۋىپلار ئۇنى ئودرە ۋە قىيرو دەپمۇ ئاتايدۇ. ئەگەر چۈشۈۋالغان ماددا قويۇق بولسا «گۆش چۇقۇقى» دېيىلىدۇ. بۇ تۆۋەندە 5 كە بۆلۈپ سۆزلىنىدۇ.

1. ئۈچەي چۇقۇقى (قىيلەتول ئەمئا): بۇنىڭ ئالامىتى ئۇرۇق بەز خالتىسىغا ئۈچەي ئاز-ئازدىن چۈشۈۋالىدۇ. تەسلىك بىلەن جايىغا قايتىدۇ. قايتقان ۋاقىتتا كۆكىراش بولىدۇ. بۇ بەزىدە ئۈچەي توسۇلۇش (قۇلىنجى) نى پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن.

داۋالاش: ئاستا-ئاستا مۇجۇپ ئۈچەي ئۆز جايىغا چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئەگەر ئاسانلىقچە قايتمىسا، يەرلىك ئورۇنغا ئىسسىق سۇ قۇيۇش ھەم يۇمشاتقۇچى دورىلارنىڭ قاينىتىلغان سۈيىدە بىمارنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن

ئۈچەينى جايىغا قايتۇرۇش ھەمدە يەرلىك ئورۇنغا تۆۋەندىكى زىمادنى چېپىش كېرەك.

زىماد نۇسخىسى: ئەنزىرۇت، كۈندۈر، ئەرمىدۇن مېۋىسى، ئەرمىدون يوپۇرمىقى، ئاقاقىيا، ئانارگۈلى، مۇرمەككى، خۇنسياۋشان، زەمچە، زوزى مەككى، ئارچا مېۋىسى، سەبرى قاتارلىق دورىلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ، يەرلىك شوخلا كۆكىنىڭ سىقىلغان سۈيىدە يۇغۇرۇپ، رەختكە يۇقتۇرۇپ، ئۇرۇق بېزىغا چاپلاپ قويۇلىدۇ ھەمدە ئۈستىدىن داكا قويۇپ، تەكشى مەزمۇت 3 كۈنگە قەدەر تېڭىپ قويۇلىدۇ ھەمدە بىمارنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇش لازىم، ئۈچ كۈندىن كېيىن يېنىك دەرىجىدە ھەرىكەت قىلىپ بەرسە بولىدۇ. يېمەك-ئىچمەك ۋە باشقا جەھەتلەردە قانداق نەرسە زىيان قىلسا، ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلدۇرۇش كېرەك ھەمدە سىجىل جاۋارىش كۆمۈنى ئىستېمال قىلىپ بېرىش ھەمدە مەخسۇس چۇقۇق تاسمىسىنى ئىشلىتىپ بېرىش كېرەك.

2. چاۋا ياغلىق پەردە چۇقۇقى (قىيلەتول سەرەب): بۇنىڭ ئالامىتى چۇقۇق ناھايىتى تەستە قايتىدۇ، كوكىراش بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇنى ئۈچەي چۇقۇقىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇنى داۋالاشمۇ ئۈچەي چۇقۇقىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش.

3. يەل چۇقۇقى (قىيلەتول رىھى): بۇنىڭ ئالامىتى چۇقۇق ئاسانلا قايتىدۇ (كىرىپ كېتىدۇ)، كوكىراش ئېغىر بولىدۇ.

داۋالاش: يەل تارقاتقۇچى دورىلار (مەسىلەن: جاۋارىش كۆمۈنىنى ئىستېمال قىلىش، ئېگىر، سۇزاپ، پىننە، مەرزەنجۇش، ئەرمىدون ئۇرۇقى، توغرىغۇ، جۇۋىنە قاتارلىقلارنى سوقۇپ، قوستە يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا زىماد قىلىنىدۇ) ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. يەل پەيدا قىلغۇچى نەشىيالاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇرۇق بېزى دائىم تېڭىپ قويۇلىدۇ.

4. سۇ چۇقۇقى (قىيلەتول مائى): بۇنىڭ ئالامىتى ئۇرۇق بېزى خالتىسى قاتتىق، سۇ بىلەن توشۇپ قالغاندەك بىلىنىدۇ. قانداق قىلسىمۇ قايتقىلى ئۇنىمايدۇ.

داۋالاش: قورساقتا سۇ چۈشۈشنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر

ئارقىلىق سۇنى شۇمۇرۇپ ئېلىش، بۇنىڭ بىلەنمۇ ياخشى بولمىسا، مەخ-سۇس سۇنى شۇمۇرۇپ ئېلىش ئەسۋابى ئارقىلىق سۇنى تارتىۋېتىش كېرەك. بۇ تاشقى بۆلۈم داۋالاش تېخنىكىلىرى ئىچىدە بىر قەدەر مەشھۇر بولغان تېخنىكىنىڭ بىرىدۇر.

5. گۆش چۇقۇقى (قىرولەھمى): بۇنىڭ ئالامىتى پەقەتلا ئۇرۇق بەز خالتىسىدا قاتتىقلىق، تارتىشىش سېزىمى بولىدۇ. لېكىن ئۇرۇق بېزىنىڭ ئۆزىدە بىرەر قانداق نورمالسىزلىق بولمايدۇ. بۇنىڭدىن بۇ كېسەلنى ئۇرۇق بېزىنىڭ قاتقان ئىششىقىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

داۋالاش: مەتبۇخى ئەفتىمون بىلەن كېسەللىك ماددىسى تەنقىيە قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇرۇق بېزىنىڭ قاتقان ئىششىقىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

## قورساق پەردىسى چۇقۇقى ۋە يوتا چۇقۇقى

بەزىدە قورساق پەردىسى كىندىكنىڭ ئۈستى ياكى ئاستىدىن يېرىلىپ كېتىدۇ. قورساق مۇسكۇلى ئىچكى پەردىسى ساق قالىدۇ. قورساق پەردىسى-نىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر قورساق پەردىسىنىڭ سىرتىغا چىقىۋالىدۇ ھەمدە قورساق مۇسكۇلى ئىچكى پەردىسىنى كۆتۈرۈۋالىدۇ، بۇنى يوتا چۇقۇقى دەپ ئاتايمىز. قورساق پەردىسى چۇقۇقى ۋە يوتا چۇقۇقى ئاياللاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

داۋالاش: يېرىلغان ئورۇن قىلىن داكا بىلەن مەزمۇت تېڭىلىدۇ ھەمدە قورۇغۇچى دورىلار زىماد قىلىنىدۇ. پەرھىزى ئالدىنقى چۇقۇقلارنىڭ پەرھە-زى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. شۇنىمۇ بىلىۋېلىش كېرەككى، دورا بىلەن چۇقۇقنىڭ بۇ تۈرى ئۈزۈل كېسىل ساقىيىپ كېتەلمەيدۇ. يوغىناپ كېتىش-نىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن باشقا بىرەر ئۈبدان چارە يوق.

ئەسكەرتىش: سېرىق ئەتىنىڭ تارىلىشى ۋە چۇقۇق كېسىلىدە زىخنى قىزىتىپ، ئىككى پۇتىنىڭ باش بارمىقىنى داغلاشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر. شۇنداق-لا قولنىڭ باش بارماق تۈۋىدە بىر توم تومۇر بولۇپ، بۇ كېسەلدە چۇقۇق بار ئورۇننىڭ قارشىسىدىكى باش بارماق تۈۋىدىكى تومۇرنى داغلاشمۇ

ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. يەنى چۇقۇق بىمارنىڭ ئۇلۇق تەرىپىدە بولسا، سول تەرەپتىكى قولنىڭ باش بارمىقى تۇۋىدىكى تومۇرنى، ئەگەر چۇقۇق سول تەرەپتە بولسا، ئۇڭ تەرەپتىكى قولنىڭ باش بارمىقى تۇۋىدىكى تومۇر داغلانسا بولىدۇ.

## كىندىكنىڭ پۈلتىيىپ چىقىشى

ئەگەر كىندىكنى كېسىشنىڭ ياخشى بولماسلىقى ۋە باشقا نورماللىسىز-لىقلار سەۋەبىدىن تۇغۇلۇشىدىنلا كىندىكى پۈلتايغان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا داكا ۋە باشقىلار بىلەن تېڭىپ قويۇلىدۇ. ئەمما كېسەل ئۇزۇنغا سوزۇلۇۋالسا يوقالغىلى ئۇنىمايدۇ. ئەگەر بۇ كېسەل تۇغما بولمىسا، كىندىك ساھەسىدىكى قورساق پەردىسىنىڭ يېرىلىشى ياكى قور-ساقتا سۇ چۈشۈشتە كۆرۈلگەنگە ئوخشاش بەلغەمى ھۆللۈكنىڭ يىغىلىۋېلى-شىدىن ياكى قۇرۇق ئىستىسقا (قورساقتا يەل يىغىلىۋېلىش) غا ئوخشاش يەرلىك ئورۇندا يەلنىڭ يىغىلىۋېلىشىدىن ۋە ياكى كىندىك تېرىسىنىڭ ئاستىدا ئارتۇق گۆش (ئۆسمە گۆش) پەيدا بولغاندىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. كىندىك تېرىسىنىڭ ئاستىدىكى بىرەر تومۇرنىڭ يېرىلىشى سەۋە-بىدىن قان يىغىلىپ قېلىشتىنمۇ كىندىك پۈلتىيىپ قالىدۇ.

ئالامىتى: ئەگەر چۇقۇق سەۋەبىدىن كىندىك پۈلتىيىپ قالغان بولسا، باسقاندا ئىچىگە كوكىراپ ياكى كوكىرىماي بېسىلىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەل بەلغەمى ھۆللۈك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، يەرلىك ئورۇندا ئېغىر-لىق سېزىمى بولىدۇ. ئەگەر يەلدىن بولغان بولسا، سىلىغاندا يۇمشاق بىلىنىدۇ. ئەگەر يەل قوزغىغۇچى غىزالار ئىستېمال قىلىنسا، كىندىكنىڭ پۈلتىيىپ چىقىشى ئېغىرلىشىدۇ. ئەمما يەل تارقاتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلىنسا ياخشىلىنىدۇ. ئەگەر كىندىكنىڭ ئاستىدا ئارتۇق گۆش ئۆسۈپ قالغاندىن بولغان بولسا، كىندىكتىكى پۈلتايما ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، بىر خىل تۇرىدۇ. قان يىغىلىۋالغان بولسا، كىندىك پۈلتايمىسىنىڭ رەڭگى بىنەپشە رەڭ ياكى قارا بولىدۇ.

داۋالاش: چۇقۇق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، چۇقۇقتا قارىتا

داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى. بەلغەمى ھۆللۈك ياكى يەلدىن بولغان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا قورساققا سۇ چۈشۈش، قۇرۇق ئىستىسقا (قورساققا يەل يىغىلىپ ناغرىدەك بولۇپ قېلىش) نى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. كىندىك ئاستىدا ئۆسمە گۆش شەكىللەنگەندىن بولغان بولسا، ئۇنى كېسىشكە بولمايدۇ، بۇ داۋا-سىزدۇر. چۈنكى بۇنى كەسكەندە ھاياتقا خەۋپ يېتىپ قېلىش ئەندىشىسى تۇغۇلىدۇ. قان يىغىلىش سەۋەبىدىن كىندىك پۈلتىيىپ قالغان بولسا، ئۈستىگە زۇلۇك قۇرتى چېپىش، قۇرۇپ قالغان تومۇرلارنىڭ ئېغىزىنى ئەتكۈچى دورىلار (بۇرۇن قاناشنى داۋالاشتا سۆزلىنىپ ئۆتۈلدى.) يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بېرىلسە، كىندىك قايتا پۈلتىيىپ چىقىۋالمايدۇ.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب ئاياللارغا خاس كېسەللىكلەر

## تۇغماسلىق

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى ئەگەر بالىياتقۇ مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولسا، بالىياتقۇ مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى مەيلى ماددىسىز ياكى ماددىلىق ئىسسىق-سوغۇق، ھۆل-قۇرۇقتىن بولسۇن، ئۇنى داۋالاشتا سەۋەبكە مۇۋاپىق داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ، ئەگەر بۇ بالىياتقۇ مىزاجىنىڭ ماددىسىز بۇزۇلۇشىدىن بولغان بولسا، تەڭشەش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ. ئەگەر بەلغەم ماددىسىدىن بولسا، دەسلەپتە بەلغەم ماددىسىنى ئ
3كى تۇغما پۈتەي بولۇش سەۋەبىدىن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغىلى بولماسلىق) ، ياكى جىنسىي يولدا سۆگەل ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۆسمىلەر پەيدا بولغان سەۋەبتىن بالىياتقۇ بوينى ئېتىلىپ قېلىپ تۇغماسلىق كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش لازىم. بۇلار تۆۋەندە تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ. تۇغماسلىقنىڭ يەنە بىر خىلى بولۇپ، بۇنى «بالىياتقۇ توسۇلۇپ قېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر بالىياتقۇ بوينى جىنسىي يول ئۇدۇلىدىن ئەگىپ كەتسە، نەتىجىدە مەنىي بالىياتقۇغا چۈشەلمەي قالىدۇ. بۇنىڭ ئالامىتى جىنسىي مۇناسىۋەتتە ئاغرىش بولىدۇ. بۇنى داۋالاش تەدبىرلىرى «بالىياتقۇنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىشى» دا بايان قىلىنىدۇ. ئەگەر تاشقى سەۋەبلەر مەسىلەن: جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن ئايال كىشىنىڭ تېز ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشى، قاتتىق ھەرىكەت قىلىشى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار تۈپەيلىدىن مەنىينىڭ بالىياتقۇدىن تېيىپ كېتىشى سەۋەبىدىن تۇغماسلىق كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش كېرەك.

پايدىلىنىش: بەزىدە تۇغماسلىق ئەر تەرەپتىنمۇ بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق

ئەھۋال ئاستىدا مەنىي مىزاجىدىكى بۇزۇلۇشنى ئىنقىلاپ ھەمدە مەنىي ئىشلىگۈچى ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئەرگە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىش لازىم. بەزىدە قىسمەن دەرەخلەر پەقەت مېۋە بەرمىگەنگە ئوخشاش ئەر ياكى ئايال تۇغما ھالدا ئەۋلاد قالدۇرۇش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي تۇغماسلىق كېسىلىدۇر. بۇنىڭ داۋاسى يوق.

دېمەك: ھەقىقىي تۇغماسلىق ئەر تەرەپتىمۇ ياكى ئايال تەرەپتىمۇ بۇنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى مۇنداق. ئەر ۋە ئايالنىڭ مەنىيسىنى ئايرىم-ئايرىم ئېلىپ سۇغا تاشلىساق، قايسىسىنىڭ مەنىيسى سۇدا لەيلىۋېلىپ چۆكمىسە، تۇغماسلىق شۇ تەرەپتە دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ دورا تۇغماسلىق كېسىلى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئىگە. ئىكەكدەلگەن پىل چىشىدىن 4.5 گرامنى ئىستېمال قىلغاي. بۇنىڭدىن باشقا پىلنىڭ سۈيدۈكىنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىچىش، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇغۇز سۈت، جۈملىدىن توشقان بۆجىنىنىڭ ئۇغۇز سۈتىنى ھەيزدىن تازىلىنىپلا جىنسىي يولغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇزاق ئۆتمەي جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشنىڭ ھامىلدار بولۇشتا بەلگىلىك رولى بار.

## كۆپ بويىدىن ئاجراپ كېتىش

بۇ كېسەل تاشقى سەۋەبلەر (مەسىلەن: ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش، يىقىلىش قاتارلىقلار) ، روھىي ئامىللار (مەسىلەن: دەرت-ئەلەم، قايغۇ-ھەسرەت، كۆپ ئاچچىقلىنىش قاتارلىقلار) ، جىسمانىي سەۋەبلەر (مەسىلەن: بەدەننىڭ بەك ئورۇق، ئاجىز بولۇشى، مىزاج بۇزۇلۇش) تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

داۋالاش: كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ مەسىلەن: ھۆللۈكىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان بولسا، بالىياتقۇ بويىنىنى بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ بالىياتقۇدىن سۈيۈقلۇقنىڭ كۆپ كېلىشى، قاپاق ئىششىش، شۆلگەيىنىڭ كۆپ بولۇشى قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنى داۋالاشتا بالەنگۇ شەربىتى، ماتۇلتۇسۇل شەربىتى، بۇزۇرى

شەربىتى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ياكى زوزۇنباد (ئەكەك جويۇز)، دۇرۇنەج ئۇقۇرەبى ھەر بىرى 2 گرام، تېشلىمگەن مەرۋايىت كەھرىۋا، ئۇد ھىندى ھەر بىرى 10 گرام، ئۆشنە، سۇمبۇل ھىندى ھەر بىرى 4.5 گرامدىن سوقۇپ، تاسقاپ، 3 ھەسسە كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، مەجۇن تەييارلاپ، 10 گرامدىن ئىككى ۋاخ تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ. ئەگەر بالىياتقۇ قويۇق يەلىنىڭ يىغىلىپ قالغانلىقىدىن كۆپ بويىدىن ئاجراش كېلىپ چىققان بولسا، دوۋساق ساھەسى كۆپۈش، قورساق كوكىراش ۋە ئاشقازان كۆپۈش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇنى داۋالاشتا، بەدىيان، رۇم بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، سۈيىگە ساپ ھەسەل قوشۇپ، تاتلىق ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئەگەر بەدەننىڭ ئارتۇقچە ئورۇقلاپ كېتىشى كۆپ بويىدىن ئاجراشقا سەۋەب بولغان بولسا، بەدەننى سەمرىتىش تەسىرىگە ئىگە دورىلاردىن مەجۇنى لوبوبى كەبىر، لوبوبى سەغىر، جاۋارىش زەئۇنى قاتارلىق دورىلار بېرىلىدۇ. ئەگەر باشقا ئامىللار بۇنىڭغا سەۋەب بولغان بولسا، سەۋەبىنى يوقىتىش كېرەك. بۇ كېسەلنى پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەرنىڭ تەپسىلاتىنى تۇغماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سەۋەبلەردىن كۆرسە بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى كېسەلنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سەۋەبلەر ئاساسەن ئوخشاش. لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا كۆپ بويىدىن ئاجراش ئايال كىشىنىڭ ئاجىزلىقى، ئەر ياكى ئايالنىڭ سۆزنەك كېسىلى بىلەن ئاغرىشى ياكى سىفلىس كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنى داۋالاشتا ئايال كىشىنىڭ بەدىنىدىكى ئاجىزلىقنى داۋالاش، ئەگەر سۆزنەك ياكى سىفلىس بۇ كېسەلگە سەۋەب بولغان بولۇشى، شۇ كېسەلگە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

## قىيىن تۇغۇت

بۇ كېسەلنى داۋالاش قىيىن تۇغۇت كەلتۈرۈپ چىقارغان، تەقەززا كۆرۈلگەن ھادىسىگە بىنائەن مۇناسىپ ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئەمما ھامىلدار ئايالنى، جۈملىدىن تۇغۇتى قىيىن ئايالنى، ياخشىسى كۆڭلى تارتسا، سىڭدۈرۈپ بولالىسا سۈتنى (كالا سۈتى) كۆپرەك بېرىش، تۇغۇت

ئىپادىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىسا، سۇيى ئىسسىق مونچىغا ئېلىپ كىرىپ، بەدىنىنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش ياكى ئىسسىق سۇدا ئولتۇرغۇزۇش، مۇناسىپ ياغلار (بادام يېغى، بىلسان يېغى) بىلەن بەدىنىنى ياغلاش ھەمدە ماڭغۇزۇپ بېرىش كېرەك. ئاندىن كېيىن تەجرىبىلىك تۇغۇت ئانىسىنىڭ تۇغدۇرۇشىغا تاپشۇرۇش كېرەك. تۇغۇشتىن ئىلگىرى كىچىك تەرەتنى ئادا قىلىش، سوغۇق سۇ ئىچىش ۋە باشقا سوغۇق، چۈچۈمەل تەملىك ئەشيالار-دىن پەرھىز قىلىش كېرەك. بىر قانچە كۈن پەقەت شورپا، مايلىق، يۇمشاق غىزالار بىلەنلا تۇرۇشى، ئەگەر تولغاق تۇتسا بەرداشلىق بېرىپ، تىنماي تۇرۇۋېلىپ، ئاۋازنى چىقارماي ئىنجىقلاپ، داس بوشلۇقىنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. تۇغۇت ئانا ياردەمچىسى بادام يېغى، زىغىر يېغى، زىغىر ئۇرۇقى لۇئابى قاتارلىقلارنى ئىلمان ھالدا بالىياتقۇ بوينىغا كۆپرەك سۈرك-شى ھەمدە جىنسىي يولغا تېمىتىپ بېرىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا بالا ئاسان، ساغلام تۇغۇلىدۇ. بۇ دورىلار قىيىن تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

( I ) تۇغۇت ۋاقتىدا بىر پارچە ماگنىت تېشىنى ھامىلىدار ئايالنىڭ سول تەرىپىگە قويۇپ قويۇش.

( II ) بىخ مارجاننى ئوڭ بىلەككە تېڭىش.

( III ) مۇۋاپىق مىقداردىكى دارچىننى ئىستېمال قىلدۇرۇش، ئەگەر ھىڭ بىلەن قوندۇز قەھرى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلسە، ئۈنۈمى ناھايىتى تېز بولىدۇ. لېكىن چوقۇم بىماردا قىزىتما بولماسلىقى لازىم.

( IV ) خىيارشەنبەر پوستىدىن 18 گرامنى سوقۇپ، قاينىتىپ، بىنەپشە شەربىتى ياكى نوقۇتنىڭ سۈيىگە قوشۇپ، ئىستېمال قىلدۇرۇلسا بالا ۋە بالا ھەمراھىنى دەرھال چۈشۈرىدۇ. ھامىلىدار ئايالغا خۇش پۇراق نەرسى-لەرنى كۆپ پۇراتماسلىق لازىم. جۈملىدىن ھامىلىدار ئايال تۇغۇت ۋاقتىدا خۇش پۇراق نەرسىلەرنى قەتئىي پۇرىماسلىقى لازىم.

## بالا ھەمراھى ۋە ئۆلۈك ھامىلىنىڭ بالىياتقۇدا قېلىپ قېلىشى

ئۆلۈك ھامىلە يەنى بالىنىڭ قورساقتا ئۆلۈپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتى: تۆرەلمىنىڭ ھەرىكىتى توختاپ قالىدۇ. ھامىلدار ئايالنىڭ قول-پۇتى سوۋۇپ كېتىدۇ. كېيىنى-كەينىدىن نەپەس ئالغىلى تۇرىدۇ.

داۋالاش: ئۆلۈك ھامىلىنى دەرھال چۈشۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈ-چۈن، مىشكى تەرەمشكى، پىرسىياۋشان، ئارچا مېۋىسى (ئۇبھەل) ھەر بىرى 10.5 گرام، كۆك ماش، پىننە ھەر بىرى 7 گرام، ھەممە دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ، 42 گرام ناۋات قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. كۈندۈش، سىيادان ۋە باشقىلارنى پۇرىتىپ چۈشكۈرۈك كەلتۈرۈش، چۈش-كۈرۈك كەلگىلى تۇرغاندا ئېغىز-بۇرۇننى تۇتۇۋېلىپ، كۈچىنى تۆۋەنكى تەرەپكە مەركەزلەشتۈرۈپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۆلۈك بالىنى سىرتقا چىقىرىشتا بەلگىلىك رولى بار. ئەگەر يىلاننىڭ پوستى ياكى كەپتەرنىڭ مايىقىنى ئايرىم-ئايرىم ياكى قوشۇپ كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىسىنى بالىياتقۇغا يەتكۈزسە، ئۆلۈك ھامىلە ۋە بالا ھەمراھى ناھايىتى تېز چىقىدۇ. ئەگەر بىرەر تەدبىر بىلەن چىقمىسا، ھامىلىنى پارچىلاپ ئېلىش كېرەك. ھامىلىنى پارچىلاپ ئېلىشنى تۇغۇت ھەمشىرىلىرى ئوبدان بىلىدۇ.

(بالا ھەمراھى ھامىلدارلىق مەزگىلىدە بالىياتقۇغا چاپلىشىپ تۇرىدۇ. بالىياتقۇدىن ئۈزۈلۈپ ماددىلار ئۇنىڭغا كېلىپ، ئاندىن كېيىن بالىغا يەتكۈزۈلىدۇ. — تەرجىمە قىلغۇچىدىن)

## نىپاس خۇنى تۇتۇلۇش

نىپاس خۇنى تۇغۇتتىن كېيىن بالىياتقۇدىن ھەيز قېنىغا ئوخشاش بىر قانچە كۈنگىچە كېلىپ تۇرىدىغان قان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى چېكى 40 كۈن بولىدۇ.

بۇنى داۋالاشتا ھەيز تۇتۇلۇشنى داۋالاشقا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ (جۈملىدىن بۇ دورىنىڭ نىپاس خۇننى ھەيدەشتە تەسىرى كۆرۈنەرلىك: كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان، پىرسىياۋشان، مىشكى تەرەمشكى

قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قايىنتىپ، ناۋات قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ) .

بىلىۋېلىش زۆرۈر بولغان ئىشلار

( Ⅰ ) بۇ دورىلار قىسمەن ئاياللاردىكى تۇغۇتتىن كېيىنكى بالىياتقۇ ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. زىغىر ئۇرۇقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قايىنتىپ، ئىلمان ھالدا جىنسىي يول كلىزمىسى ئارقىلىق بالىياتقۇغا يەتكۈزۈش.

( Ⅱ ) ئېشەكنىڭ ئىلمان سۈتى بىلەن ئىستىنجا (جىنسىي ئەزانى مەقئەت بىلەن قوشۇپ يۇيۇش)قىلىش.

( Ⅲ ) تۆگە ۋە ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنىڭ مويىنى كۆيدۈرۈپ، ئىسرىقىنى بالىياتقۇغا يەتكۈزۈش.

( Ⅳ ) ياپېۇزنىڭ سىقىلغان سۈيىنى ئىچۈرۈش.

( Ⅴ ) ھەمىشىباھار قايىنتىلمىسىنى ئىچۈرۈش ھەمدە جىنسىي يول كلىزمىسى ئارقىلىق بالىياتقۇغا يەتكۈزۈش.

( Ⅵ ) ئەگەر بۇ دورا بەلەن كەلمىسە، خەشخاش پوستىنى سۇغا چىلاپ قويۇپ، سۈزۈپ، ئاز-ئازدىن ئىچۈرۈپ بېرىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

پايدىلىنىش: بەزىدە ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە توغرا كېلىپ قالىدۇ ئەمما قاتتىق زۆرۈرىيەت بولمىسا، ھامىلىنى چۈشۈرمەسلىك لازىم. شەخسەن ھامىلىنىڭ تىرىكلىكىنى ئېنىقلاپ، تەتقىقلىغاندىن كېيىن، بالىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن قەغەزدىن شامچە ياساپ، بالىياتقۇ بويىنىغا قويۇپ قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنى شەربىيىن دەرىخىنىڭ مېيى، ئاچچىقتاۋۇز سۈيى، ئاچچىقتاۋۇز قايىنتىلمىسىغا چىلاپ ھەمدە كالىنىڭ ئۆت سۈيۈقلۇقىغا يۇقتۇرۇپ ئىشلەتسە، تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

( Ⅶ ) ھىڭ 2.25 گرام، قۇرۇق سۈزاپ 10.5 گرام، مۇرمەككى 5. 3 گرام، ھەممە دورىلارنى تاسقاپ، ئارچا مېۋىسىنىڭ قايىنتىلغان سۈيى بىلەن ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىچىشكە بېرىلسە بولىدۇ. يۇقىرىقىسى بىر قېتىم ئىستېمال قىلىدىغان مىقدار. غىزاسىغا نوقۇت سۈيى بېرىلىدۇ.

( Ⅷ ) تەرياق ئەربەئە (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قاراڭ) بالا چۈشۈرۈش

ئۈچۈن تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر. بۇلاردىن باشقا بالا ھەمراھى ۋە ئۆلۈك ھامىلىنى چىقارغۇچى دورىلار بالا چۈشۈرۈش ئۈچۈنمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. بالا چۈشۈرگەندە ئالدى بىلەن ئىسسىق مۇنچىغا كىرىش، قورساق ساھەسىنى بىدەنجىر يېغى بىلەن ياغلاش، مايلىق شورپا ئىچىش كېرەك. ئاندىن كېيىن بالا چۈشۈرگۈچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش كېرەك. بالا چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن بالىياتقۇغا مۇقەل بىلەن قىزىل قىچىنىڭ ئىسىنى بېرىپ، بالىياتقۇدىكى قاننى راۋانلاشتۇرۇپ، ئۇيۇپ قېلىشتىن توسۇش كېرەك.

پايدىلىنىش: ئەگەر ئايال كىشىنى ھامىلدار بولمىسۇن دېسە، جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن دەرھال قوپۇپ، 7～8 قېتىم سەكرەش ھەمدە ھېسسىيات يۇقىرى پەللىگە چىقىپ يانغاندىن كېيىن (مەنىي يۇرگەندىن كېيىن) چۈشكۈرۈش، زەكەر ئۇچىنى كۈنجۈت يېغىدا ياغلاپ جىما قىلىش ئۇرۇقنى تۆرەلمە ھاسىل قىلىشتىن چەكلەيدۇ. جىمادىن كېيىن قارىمۇچنى رەختكە يۇقتۇرۇپ، جىنسىي يولغا كىرگۈزۈش ھامىلدار بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چاشقان مايىقىنى ھەسەل بىلەن قوشۇپ رەختكە يۇقتۇرۇپ، جىنسىي يولغا كىرگۈزۈش، ھامىلدار بولۇشتىن چەكلەيدۇ. ئەگەر پىلىنىڭ تېزىكىنى قۇرۇتۇپ، ھەسەل بىلەن قوشۇپ، ئايال كىشىگە ئىستېمال قىلدۇرسا، بۇنداق ئايال ئۆمۈر بويى ھامىلدار بولمايدۇ.

## يالغان ھامىلدارلىق

بۇ ھامىلدارلىققا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر كېسەل، ئەمما بۇ ھەقىقىي ھامىلدارلىقتىن پەرقلىنىدۇ. يەنى تۇغۇت ۋاقتىدا قانچە كۈچىسىمۇ بالا تۇغۇلمايدۇ ھەمدە ھەقىقىي ھامىلدارلىققا ئوخشاش ئالامەتلەرمۇ كۆرۈلىدۇ. شۇڭا يالغان ھامىلدارلىق بىلەن قورساققا سۇ چۈشۈشنى بىر ماھىر تېۋىپ پەرقلەندۈرەلەيدۇ. قىسقىسى، يالغان ھامىلدارلىقتا قورساقتا قاتتىقلىق بولىدۇ، بۇ يالغان ھامىلدارلىقنى ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا كېسەللىكلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. يالغان ھامىلدارلىقنىڭ سەۋەبى ئەگەر بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقى بولسا، ئۇنى داۋالاشنى تۆۋەندە سۆزلەيمىز.

ئەگەر خىلتلارنىڭ قويۇلۇشى ياكى يەلىنىڭ تۇغۇلۇشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇ تۇغماسلىق دېگەن مەزمۇندا سۆزلىنىپ ئۆتتى. ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى بىرەر يېتەرسىز ھالەت، يەنى بالىياتقۇنىڭ تۇخۇمنى تۇتۇپ تۇرۇۋېلىپ، ئەرنىڭ ئۇرۇقى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇرۇقلانغان تۇخۇمنى ھاسىل قىلىش سالاھىيىتى يېتەرسىز بولسا، ئۇنى داۋالاشتا بالا چۈشۈرۈشتە ئىشلىتىلگەن دورا ئارقىلىق تۇخۇمنى بالىياتقۇغا چۈشۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

## ھەيز كۆپ كېلىش

ھەيز قېنى بەلگىلىك ھەيز كۈنلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا كەلسە ھەيز كېسىلى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە سەۋەبى بار.

(1) ھەيز كېسىلى بىلەن ئاغرىش ئەگەر قاننىڭ كۆپلۈكىدە بولسا، بەدەندە قان تولۇپ قېلىشقا ئالاقىدار ئالامەتلەر تېپىلىدۇ.

داۋالاش: قان ئېلىش ئارقىلىق قاننىڭ بىرلىك مىقدارى كېمەيتىلىدۇ. ئىككى ئەمچەكنى تېڭىپ، ئاستىغا ئوتلۇق لوڭقا قويۇش ئارقىلىق قان باشقا تەرەپكە مايىللاشتۇرۇلىدۇ. قان ئالغاندىن كېيىن ھەيزنى توختىتىش ئۈچۈن قۇرسى كەھرىۋا بېرىلىدۇ. شىيافى مومسىك (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) ئىشلىتىلىدۇ.

(2) قان خىلتىنىڭ سۇيۇق، قىزىق (ھەددەتلىك) بولۇشى ھەيز كۆپ كېلىشكە سەۋەب بولغان بولسا، بەدەندە سەپرا خىلتى غالىبلىققا ئالاقىدار ئالامەتلەر تېپىلىدۇ.

داۋالاش: سەپرا خىلتىنىڭ مۇنزىج، مۇسھىللىرىنى بېرىپ ئۇنى تازىلاش، قاننى قويۇلدۇرۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ (مەسىلەن: مەتبۇخى ھېلىلە، مەتبۇخ شاھتەررەلەر بىلەن). بۇندىن باشقا، قان خىلتىدىن بولغان تۇرىدە سۆزلەنگەن قۇرس كەھرىۋا ۋە شىيافى مۇمسىكلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ. سەندەلنى سۇرۇپ، دوۋساق ساھەسىگە چېپىشمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

(3) قان تەركىبىدىكى سۇ مىقدارىنىڭ ئارتىپ كېتىشى ھەيزنىڭ كۆپلىكىگە سەۋەب بولغان بولسا، بەدەندە بەلغەم خىلتى غالىبلىققا ئالاقىدار

ئالامەتلەر تېپىلىدۇ. ھەيز قېنى سۇيۇق، ئاق كېلىدۇ.

داۋالاش: بەدەندىكى ئارتۇق سۇنى (ئايارەج دورىلار) سۈرۈپ چىقىرىش، ئارتۇق ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

(4) ئەگەر سەۋدا خىلتىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئۆتكۈرلۈكى ھەيز كۆپ كېلىشكە سەۋەب بولغان بولسا، ھەيز قېنى قارامتۇل كۆك ياكى كۆكۈمتۇل بولۇشى ئۇنىڭ روشەن ئالامىتىدۇر.

داۋالاش: قان ئېلىش ۋە سۈرگە بېرىش ئارقىلىق سەۋدا خىلتىنى بەدەندىن تازىلاش كېرەك.

(5) ئەگەر بالياتقۇ بوۋاسىرى ياكى بالياتقۇ يارىسى بۇ كېسەلگە سەۋەب بولغان بولسا، شۇ كېسەللەرگە قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

(6) قىيىن تۇغۇت سەۋەبىدىن بالياتقۇنىڭ تومۇرلىرى يېرىلىپ كەتكەن سەۋەبتىن ھەيز قېنى كۆپ كەلگەن بولسا، ئۇنى داۋالاشتا بالياتقۇ يارىسى، بالياتقۇ شىللىق پەردىلىرىنىڭ يېرىلىشىنى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. بۇ تۆۋەندە سۆزلىنىدۇ.

(7) ئەگەر قىزىلىق پەردىسىنىڭ يىرتىلىشى ھەيز كۆپ كېلىشكە سەۋەب بولغان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا قورۇغۇچى دورىلارنىڭ قاينىتىلغان سۈيىدە بىمار ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ھەمدە قورۇغۇچى (قابىز) دورىلارنىڭ قاينىتىلغان پىسۇۋىنى رەختكە ئوراپ، جىنسىي يولغا سېلىپ قويۇلىدۇ. فادزەھىرى (زەھەر قايتۇرغۇچى دورا) نى ئېزىپ، قېتىق سۈزمىسى بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش ھەمدە بالياتقۇ يېرىلىشتا سۆزلەنگەن مەلھەملەرنى يەرلىك ئورۇنغا سۈركەش ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

## باليانقۇ يارىسى

ئالامىتى: ھەر ۋاقىت ئاغرىش بولىدۇ، خاس يىرىڭ ياكى قان ئارىلاش يىرىڭ چىقىدۇ، يىرىڭلىق يارا شەكىللەنگەندە خاس يىرىڭ چىقىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر يارا يىرىڭ يىغىمىغان بولسا، قان ئېلىشنى مەنئى قىلىدىغان بىرەر ئەھۋال بولمىسا قان ئېلىنىدۇ. غىزاسىنى تەڭشەش (يەنى سۇيۇق سىڭىشلىق غىزالارنى بېرىش) ھەمدە قۇرسى كەھرىۋانى ئىستېمال

قىلىش، قان توختاتقۇچى كىلىزمىلار پەرزىنجەلەر ئىشلىتىلسە بولىدۇ. لېكىن ئەگەر يارا يىرىڭ يىغقان بولسا ياكى بالىياتقۇدىكى ياللۇغ پىشىپ ئېغىز ئاچقان بولسا، ئۇ يارا دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى داۋالاشتا گۈل يېغى، بىنەپشە يېغىنى شېكەر سۈيىگە قوشۇپ، بالىياتقۇدىكى يارا تازىلانغانغا قەدەر بىر نەچچە قېتىم كىلىزما قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن مەلھەمى باسلىقۇننى گۈل يېغىغا قوشۇپ، يارا ياخشىلانغانغا قەدەر چېپىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر يارا بالىياتقۇ بويىندا بولسا، يۇقىرىقى دورىلار بىلەن پەرزىنجە قىلىش بىلەن ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. كىلىزما قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. پەقەت ھەسەل ياكى ھەسەل بىلەن سۈتنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا يۇڭ ياكى پاختىنى مىلاپ، بالىياتقۇ بويىنغا قويۇپ قويۇلسا، بالىياتقۇنى تازىلاشتا تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. ئاغرىش ئۆتكۈر بولغان ۋاقىتتا، ئەپيۇن بىلەن زەپەرنى تۇخۇتلۇق ئايالنىڭ سۈتىدە ئېرىتىپ، بالىياتقۇغا يەتكۈزۈلسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

## بالىياتقۇنىڭ يېرىلىشى

ئالامىتى: جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندا ئاغرىش كۈچىيىپ قالىدۇ ھەمدە زەكەرگە قان يۇقۇپ چىقىدۇ. بولۇپمۇ يېرىلىش بالىياتقۇ بويىندا بولغاندا بۇ ئالامەت تېپىكرەك بولىدۇ.

داۋالاش: مەقئەت يېرىلىشتا بايان قىلىنغان مەلھەملەر ئىشلىتىلسە بولىدۇ. مەلھەمى باسلىقۇن ياكى ئۆردەك يېغى ياكى بىنەپشە يېغى بىلەن ياغلاپ بېرىش ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

پايدىلىنىش: بەزىدە ھامىلدار بولۇش ياكى قىزلىق پەردىسىنىڭ يىرتىلىشى سەۋەبىدىن مەقئەت بىلەن جىنسىي يول ئارىلىقىدىكى پەردە يىرتىلىپ كېتىدۇ. ئۇنى داۋالاشتا كالا پاچىقىنىڭ يىلىكىنى ئاق مۇم ۋە ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغى بىلەن مەلھەم ياساپ ئىشلىتىلىدۇ. ھەرگىز جاراھەت يۇزىگە كۆپ مىقداردا سېپىپ، داكا بىلەن تېڭىپ قويماسلىق لازىم، بولمىسا يېرىلغان ئورۇنغا داكا چاپلىشىۋالىدۇ. قانداق نەرسە زەرەر قىلسا، شۇ نەرسىدىن پەرھىز قىلىش لازىم. ئەگەر يېرىلغان ئورۇن چوڭقۇرلاپ ماڭغان

بولسا، ئوپېراتسىيە قىلىپ ئاققۇزۇش نەيچىسى قويۇپ تۇرۇپ داۋالاش كېرەك.

## بالياتقۇ قىچىشىش

بۇ كېسەلنىڭ ئالامىتى: جىنسىي مۇناسىۋەتتىن قانچە كۆپ ئۆتكۈزگەن بىلەنمۇ ئايال تەرەپ قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ.

داۋالاش: كېسەل پەيدا قىلغان سەۋەبنى ئېنىقلاپ، قان ئېلىش ياكى مۇسھىل بېرىش تەدبىرلىرىنى قوللانغاندىن كېيىن سەندەل، مامىشا، تېكە ساقىلى ئۇسارىسى (ئۇسارەئى لىھيەتوتىتىس)، كۆك يۇمغاقسۇت، سېمىز ئوت، ئۇسۇك ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن مەلھەم تەييارلاپ، بالياتقۇ بوينىغا قويۇش ياكى بالياتقۇ بويىنى گۈل يېغى بىلەن ياغلاش ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. ياكى بولمىسا تەنقىيەدىن كېيىن، پىننە، ئانارنىڭ پوستى، ئاقلانغان يېسسىمۇق (ئەدەس) قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، تاسقاپ، مۇسەللەس ياكى سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ، يۇڭنى يۇقتۇرۇپ، بالياتقۇغا سېلىپ قويۇلىدۇ. گۈل يېغى، بىنەپشە يېغى بىلەن بالياتقۇ بويىنى، جىنسىي يول ياغلىنىدۇ ھەمدە جىنسىي ئەزا قىچىشىشنى داۋالاشتىكى تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

## باليانقۇ بوۋاسىرى

مەقئەتتە بوۋاسىر پەيدا بولغىنىغا ئوخشاش باليانقۇدىمۇ بوۋاسىر پەيدا بولۇپ قالىدۇ. داۋالاشتىمۇ مەقئەت بوۋاسىرىنى داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

## باليانقۇ مۇدۇرى

باليانقۇدىكى مۇدۇرلار سىلىغاندا قولغا بىلىنىدۇ. بۇنى داۋالاشتا قان ئېلىش، سەۋدا خىلتىنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ ھەمدە بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، شۇمشا قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، بىمار دورا قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

## بالىياتقۇ سۆگىلى

بۇمۇ بالىياتقۇغا قول سېلىپ سىلىغاندا مەلۇم بولىدۇ.

داۋالاش: قان ئېلىنىدۇ. سەۋدا خىلتىنىڭ سۈرگىسى بېرىلىدۇ ھەمدە بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، شۇمشا، زىغىر ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئابزەن قىلىنىدۇ ھەمدە كىچىك تەرەتتىن كېيىن مەزكۇر دورىلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن جىنسىي ئەزا يۇيۇلىدۇ.

## بالىياتقۇ ئاقمىسى

بالىياتقۇ ئاقمىسى سوزۇلما يارا بولۇپ، ئۇنى داۋالاش بالىياتقۇ يارى-سىدا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى.

## ئاق خۇن تېگىش

داۋالاش: مىزاجىنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلۇقىغا رىئايە قىلغان ئاساستا قان ئېلىنىدۇ ياكى مۇسھىل بېرىش، قۇستۇرۇش ئارقىلىق ئومۇمىي بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ. ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى دورىلار مەسىلەن: قۇرس كەھرىۋا، قۇرس تاباشىر قابىز قاتارلىق دورىلار بېرىلىدۇ ھەمدە باشقا مۇناسىپ تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

## ئاياللاردىكى مەنىي ئېقىش كېسىلى

ئاياللاردىكى ئاق كىر تېگىش بىلەن ھۆللۈك كېلىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بالىياتقۇدىن ھۆللۈك كېلىشتە كەلگەن ھۆللۈك سېسىق پۇراقلىق بولىدۇ. ئاياللاردىكى مەنىي ئېقىش بولسا، مەنىي بالىياتقۇدىن كەلگەن سۇيۇقلۇققا نىسبەتەن زىيادە ئاق، قويۇق بولىدۇ. بۇنى داۋالاش ئەرلەردىكى مەنىي ئېقىشنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## ھەيز تۇتۇلۇش

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى ئەگەر قاننىڭ كەملىكىدىن بولسا، بەدەن ئورۇق بولىدۇ. بۇندىن باشقا قان ئازلىقتا كۆرۈلىدىغان باشقا ئالامەتلەر تېپىلىدۇ.

داۋالاش: بەدەننى كۆچلەندۈرگۈچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىپ، قان كۆپەيتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر سوغۇقلۇق يەتكەن ياكى قويۇق خىلىتلارنىڭ ئارىلىشىدىن قاننىڭ قويۇلۇپ قېلىشى ھەيز تۇتۇلۇپ قېلىشقا سەۋەب بولغان بولسا، ھەيز تۇتۇلۇشتىن ئىلگىرى بەدەنگە سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى سەۋەبلەر ھازىرلانغان بولىدۇ ھەمدە بەدەندە سوغۇقلۇق ئارتىپ كەتكەنلىكىگە ئالاقىدار ئالامەتلەر تېپىلىدۇ.

داۋالاش: قويۇق خىلىتلارنى تەنقىيە قىلىش لەتىفلاشتۇرغۇچى دورىلار (مەسىلەن: بىنەپشە شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى قاتارلىقلار) ئىچۈرۈلىدۇ. سۇمبۇل، مەستىكى، قىزىلگۈل، سىيادان قاتارلىق دورىلار كۆيدۈرۈلۈپ بالىياتقۇ ئىسرىقلىنىدۇ. ئەگەر قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى سەۋەبىدىن ھەيز تۇتۇلۇپ قالغان بولسا، بۇنىڭغا ئىسسىقلىقمۇ، سوغۇقلۇقمۇ ياكى قۇرۇقلۇق سەۋەب بولغانمۇ بۇنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، غالىب كەلگەن كەيپىياتقا قارىتا مۇناسىپ تەگشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ تەدبىرلەرنىڭ بىر قىسمى «تۇغماسلىق» نىڭ بايانىدا سۆزلىنىپ ئۆتۈلدى. ئەگەر بالىياتقۇنىڭ پۈتۈپ قالغانلىقى (چاپلىشىپ قالغانلىقى) سەۋەبىدىن قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزى ئېتىلىپ قېلىشى سەۋەبىدىن ھەيز تۇتۇلۇپ قالغان بولسا بۇ داۋاسىز. لېكىن بۇ تۈردە بالىياتقۇدا ئاغرىش ۋە باشقا يېقىمسىزلىنىش كېلىپ چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قان ئېلىش ۋە مۇۋاپىق چېنىقىپ بېرىش، غىزانى مۇۋاپىق كېمەيتىش كېرەك.

ئەگەر جىنسىي يول پۈتەيلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بۇ جىنسىي يول پۈتەيلىكىدە سۆزلىنىدۇ. ئەگەر زىيادە سېمىزلىك سەۋەبىدىن بالىياتقۇدىكى ھەيز مېڭىش يوللىرى توسۇلۇپ قالغان سەۋەبتىن بۇ كېسەل كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا بەدەننى ئورۇقلىتىش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ. بالىياتقۇنىڭ قىڭغىرلىشىشى بۇ كېسەلگە سەۋەب بولغان بولسا، بۇنى داۋالاشتا بالىياتقۇنىڭ بىر تەرەپكە سىلجىشى (مەيلانى رەھمى) دېگەن مەزمۇنغا قارالسۇن.

## جىنسىي يول پۈتەيلىكى

بۇ كېسەلدە بىرەر ئۆسمە گۆش جىنسىي يول ئېغىزى، جىنسىي يول، باليياتقۇ بوينى ئوتتۇرىسىدا ياكى باليياتقۇ بوينىدا پەيدا بولىدۇ. ئاۋۋالقى-سىدا زەكەر جىنسىي يولغا قەتئىي كىرمەيدۇ. ئىككىنچىسىدە زەكەر جىنسىي يولغا تولۇق كىرەلمەيدۇ. ئۈچىنچىسىدە گەرچە زەكەر جىنسىي يولغا كىرەلە-سىمۇ لېكىن ھەيزنىڭ كېلىشى، ھامىلدار بولۇش توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

داۋالاش: بۇ كېسەل ئوپېراتسىيە ئارقىلىق داۋالىنىدۇ.

## باليياتقۇ چىقىۋېلىش

بۇ كېسەلنىڭ ئالامىتى دوۋساق، بەل، مەقئەت ساھەسىدە قاتتىق ئاغرىش بولىدۇ، قاتما ۋە تىترىمە كېسەل پەيدا بولىدۇ، جىنسىي يولدا بىر يۇمشاق جىسىم سېزىلىدۇ.

داۋالاش: ئاۋۋال كلىزما ئارقىلىق، ئۈچەينى تەنقىيە قىلىش، ئاندىن كېيىن سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىپ، دوۋساق تەنقىيە قىلىنى-دۇ. ئاندىن كېيىن يەسمەن يېغى، گۈل يېغىغا ئازراق زەپەر يېغى، ئازراق غالىيە (بىر خىل خۇش پۇراق مۇرەككەپ دورا) ئارىلاشتۇرۇپ، ئىلمان ھالدا باليياتقۇغا بىر قانچە تېمىتىلىدۇ ھەمدە دوۋساق ساھەسى، جىنسىي ئەزا ساھەسى ياغلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئوڭدا يېتىپ، ئىككى پۇتنى كېرىپ، ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىنىك ئانىغا يۇمشاق، پاكىز يۇڭ بىلەن بىر كومزەك ياساپ، كومزەكنى قابىز دورىلارنىڭ قايىنتىلمىسى (بۇ شارايىتا قايىنتىلغان بولسۇن) غا چىلاپ، كېيىن ئۇنى ئاقاقىيا، ئامله روببىسى، رامىك (بۇ خۇش پۇراق مۇرەككەپ دورا بولۇپ، موزا ۋە پىشمىغان خورما مېۋىسىدىن تەييارلىنىدۇ) قاتارلىقلارنى ئۇپىدەك قىلىپ يۇقتۇرۇپ، مۇشۇ كومزەك بىلەن باليياتقۇنى كۆتۈرۈپ، باليياتقۇ ئورنىغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن كوم-زەكنىمۇ بىللە قويۇپ، ئۈستىدىن ئورالغان داكىنى جىنسىي يولغا تولدۇ-رۇپ، تېگىق لاتىسى ئارقىلىق ئوبدان تېڭىپ قويۇلىدۇ، ئاندىن دوۋساق ئەتراپىغا قابىز (قورۇغۇچى) دورىلار زىماد قىلىنىدۇ ۋە بەلنى باغلايدىغان ئورۇنغا، كىندىك تەرەپكە مايىلراق ئورۇنغا تىلماي لوڭقا قويۇلىدۇ ھەمدە

لوڭقا ئارقىلىق شۇمۇرتۇلىدۇ، بۇ 3 كۈن مۇشۇنداق قويۇپ قويۇلىدۇ. بىمار بەزى زىيانلىق بولغان ھەمدە بالىياتقۇنى قوزغىتىپ قويىدىغان يېمەك-ئىچمەك ۋە ھەرىكەتلەردىن پەرھىز قىلىشى، ھەمىشە ئەتىر (خۇش پۇراقلار) پۇراپ بېرىشى لازىم. ئۈچىنچى كۈنى لوڭقىنى ئېلىۋېتىپ، جىنسىي يولدىكى كومزەكنى ئېلىۋېتىپ، يەنە بىر كومزەك ئارىلاشتۇرۇپ سېلىپ، تېگىق لاتىسى بىلەن تېڭىپ، ئاستاغىنە مېڭىپ بەرسە، بىمار بۇ كېسەلدىن خاتىرجەم بولۇپ كېتىدۇ.

## بالىياتقۇنىڭ بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قېلىشى

بالىياتقۇنىڭ بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قالغانلىقى ئىنىك ئانا بالىياتقۇغا بارمىقىنى سېلىپ تەكشۈرگەندە سېزىلىدۇ ھەمدە جىنسىي مۇناسىۋەتتە ئوڭايسىزلىنىش ۋە ئاغرىش بولىدۇ. ھەتتا قورساق تولغاپ ئاغرىشى، چوڭ-كىچىك تەرەت تۇتۇلۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

داۋالاش: ئەگەر قان تومۇرلاردا قان تولۇپ قېلىش ۋە ئۇلارنىڭ تارتىشىپ قېلىشى بۇ كېسەلگە سەۋەب بولغان بولسا، بالىياتقۇ قايسى تەرەپكە قىڭغايسا، شۇ تەرەپتىكى سافىن تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. ئەگەر سوغۇقلۇق يەتكەن سەۋەبتىن بىماردا قەۋزىيەت پەيدا بولۇش بالىياتقۇنىڭ سىلجىشىغا سەۋەب بولغان بولسا، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ئابزەنلەردە بىمار ئولتۇرغۇزۇلىدۇ (ئابزەن نۇسخىسى كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) ھەمدە بابۇنە يېغى، ئۆردەك يېغى بىلەن دوۋساق ساھەسى ياغلىنىدۇ. ئەگەر بالىياتقۇغا زىيادە ھۆللۈك قۇيۇلۇش سەۋەبىدىن بالىياتقۇ بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قالغان بولسا، ئايارەج دورىلاردىن قايسى بىرىنى سۇدا ئېرىتىپ كلىزما قىلىنىدۇ. ئەگەر كېسەللىك سەۋەبىنى يوقاتقاندىن كېيىنمۇ بالىياتقۇ قىڭغىرلىقى قېلىپ قالسا، ھەمشىرە بارمىقى بىلەن رۇسلاپ قويۇش كېرەك. بالىياتقۇنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بارماقنى ياغلار بىلەن ياغلىۋېلىش زۆرۈر.

## بالىياتقۇ ياللۇغى

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى ئەگەر ئىسسىق ماددىدىن بولسا، قىزىتما ئۆتكۈر

بولىدۇ. تومۇر ئارقا-ئارقىدىن سالىدۇ، ئۈزمەي نەپەس ئالىدۇ، ئاشقازان ۋە مېڭىدە نورمالسىزلىق بولىدۇ. ئەگەر ياللۇغ بالىياتقۇنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىدە بولسا، دوۋساق ساھەسىدە ئاغرىش بولىدۇ. ئەگەر ياللۇغ بالىياتقۇنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە بولسا، بەل ساھەسىدە ئاغرىش بولىدۇ. ئەگەر ياللۇغ ئىككى تەرەپتە بولسا، چات ساھەسىدە ئاغرىش بولىدۇ.

داۋالاش: دوۋساق ياللۇغىدا بايان قىلىنغانغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. ئەگەر ياللۇغ يىرىڭلىغان بولسا ھەمدە ئېغىر ئالسا، بالىياتقۇ يارىسىغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

ئەگەر ياللۇغ بەلغەم خىلتىدىن بولغان بولسا، دوۋساق ساھەسىدە ئېغىرلىق ھەم ئاغرىش بولىدۇ.

داۋالاش: قوستۇرۇلىدۇ ۋە دوۋساق ياللۇغىدا بايان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر ياللۇغ سەۋدا خىلتىنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، دوۋساق ساھەسىدە قاتتىقلىق بولىدۇ. بالىياتقۇ بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قالغان بولىدۇ. ئاغرىش نىسبەتەن يېنىك، ئېغىرلىق كۆپ بولىدۇ.

داۋالاش: قان ئېلىش ۋە سەۋدا خىلتىنىڭ سۈرگىسىنى بېرىش ئارقىلىق كېسەللىك ماددىسى تەنقىيە قىلىنىدۇ. مەلھەملەر (مەسىلەن: مەلھەمى داخىليون ۋە مەلھەمى باسلىقون)، ھايۋانات مايلىرىنى چىپىش، ياغلارنى بالىياتقۇغا كىلىزما قىلىش ياكى رەخت پارچىسىغا (جاراسىمىسىزلانىدۇرۇلغان) يۇقتۇرۇپ، بالىياتقۇغا قويۇلىدۇ. كېچە ۋە كۈندۈزدە ئىككى قېتىم سىرىقچېچەك قاينىتىلمىسى بىلەن ئابزەن قىلىنىدۇ.

## بالىياتقۇ يىرىڭلىق ئىششىقى

ياللۇغ ئەگەر پىشسا، ئەمما ئېغىر ئالمىغان بولسا «يىرىڭلىق ئىششىق» دېيىلىدۇ. ئەگەر يىرىڭلىق ئىششىق بالىياتقۇ بويىنىدا بولسا، ئۆتكۈر تىغ بىلەن تىلىپ يىرىڭ چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئەگەر يىرىڭلىق ئىششىق بالىياتقۇنىڭ چوڭقۇر قىسمىدا بولسا، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئىچۈرۈلىدۇ. شۇنداقلا بوشاشتۇرغۇچى زىمادلار (مەسىلەن: شۈمشا، زىغىر ئۇرۇقى، بابۇنە،

ئىكلىلملىك، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئارپا ئۇنى، قىمۇقۇ، كۆك ماش ئۇنى، ئاق لەيلى يىلتىزى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ، كاللەكبەسەي (چەلەك) نىڭ سىقىلغان سۈيى، ئەنجۈر مونىكىنىڭ قايىنتىپ ئېلىنغان تاتلىقى ۋە گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان) چېپىلىدۇ ھەمدە يىرىڭلىق ئىششىق ئېغىز ئالغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئاسانلىقچە ئېغىز ئالغىلى ئۇنىمىسا، ئەنجۈر ۋە قىچىلارنىڭ قايىنتىلمىسىنى بالىياتقۇغا كىلىزما قىلىش ھەمدە بۇ ئىككى خىل دورىنىڭ پېسپىنى ئېزىپ، دۇۋساق ساھەسىگە زىماد قىلىنىدۇ. يىرىڭلىق ئىششىق ئېغىز ئالغاندىن كېيىن يىرىڭدىن پاكلاش، يارىنى پۈتتۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. بۇ تەدبىرلەر بالىياتقۇ ياللۇغىدا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى.

## بالىياتقۇ راكى

بالىياتقۇ راكى كۆپىنچە بالىياتقۇنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ياللۇغىدىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالامىتى بالىياتقۇدا قاتتىقلىق ۋە قىزىش بولىدۇ، سانجىلىپ ئاغرىش سىزىمى پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئاغرىش سىنەگىچە يېتىپ بارىدۇ. پۇتنىڭ دۈمبىسىدە ئىششىق پەيدا بولىدۇ. گەرچە بالىياتقۇ راكىنى داۋالىغىلى بولمىسىمۇ، تەرەققىياتىنى توسۇش مەقسىتىدە مەلھەم دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن بىرگە مۇناسىپ تەڭشەش (مىزاجنى) تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ ھەمدە جىنسىي يولغا قويۇلىدىغان دورىلار (فەرزىجات) ۋە باشقىلار، شۇنداقلا مەلھەمى رەسول (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) بالىياتقۇ راكىنىڭ تەرەققىياتىنى تىزگىنلەشتە ئاجايىپ خاسىيەتكە ئىگە. سەۋدا خىلتىنى تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن ئارىلاپ-ئارىلاپ قان ئېلىش ۋە سۈرگە بېرىپ تۇرۇش كېرەك. بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## بالىياتقۇ بوغۇلۇش يەنى ھېستېرىيە كېسىلى

بۇ كېسەل تۇتقاقلىق كېسەل (سەرئى)، ئايلىنىپ كېتىش كېسىلى (غىشى) گە ئوخشاپ كەتسىمۇ ئەمما بۇ كېسەلدە ئېغىزدىن كۆپۈك كەلمەيدۇ ھەمدە بىئاراملىقمۇ بولمايدۇ. لېكىن ھوشسىزلىق بىر قەدەر ئېغىر بولىدۇ

ھەتتاكى بىرەر ئاۋازنىمۇ ئاڭلىيالمايدۇ (لېكىن سىزىمى پۈتۈنلەي يوقىلىپمۇ كەتمەيدۇ. بىمار ھوشىغا كەلگەندە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ) .

داۋالاش: كېسەل تۇتقاندا ئايلىنىپ كېتىش كېسىلى (غىشى) ، تۇتقاقلىق (سەرئى) نى ھوشىغا كەلتۈرۈشتە سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ. لېكىن خۇش پۇراق نەرسىلەرنى قەتئىي پۇراتماسلىق، بەلكى گۈڭگۈرت، مۇقەل قاتارلىقلارنى بۇرۇننىڭ ئالدىدا كۆيدۈرۈپ دۈتى بېرىلىدۇ ھەمدە بالىياتقۇغا خۇش پۇراق دورىلار (يەنى ئىپار، ئەنبەر چۈشكەن ياغلار) بىلەن ياغلىنىدۇ. بالىياتقۇنى مۇناسىپ تەدبىرلەر بىلەن غىدىقلاپ بېرىش كېرەك. ئەگەر جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماسلىق سەۋەبىدىن مەنىينىڭ يىغىلىپ قېلىشى بۇ كېسەلگە سەۋەب بولغان بولسا، مۇمكىنقەدەر نىكاھلاپ قويۇش، جىنسىي مۇناسىۋەت قىلدۇرۇش ئۈنۈملۈك تەدبىردۇر. ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى ھەيز تۇتۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، پەرفىيون بىلەن پىلپىلنى يۇمشاق سوقۇپ، رەختكە يۇقتۇرۇپ، بالىياتقۇغا كىرگۈزۈشمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. بىمار ھوشىغا كەلگەندە كېسەللىك ماددىسىنى ئېنىقلاپ، شۇنىڭغا قارىتا مۇناسىپ تەنقىيە قىلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ ھەم بەدەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

## بالىياتقۇدا سۇ يىغىلىۋېلىش

بالىياتقۇدا سۇ يىغىلغانلىقىنىڭ ئالامىتى: ھەيز تۇتۇلىدۇ، قورساقتا سۇ يىغىلغانغا ئوخشاش بىر ھالەت شەكىللىنىدۇ، بەزىدە ھۆللۈك بالىياتقۇنىڭ ئۈستى تەرىپىگىمۇ كېلىۋالىدۇ. بۇنى داۋالاشتا بالىياتقۇنى تەنقىيە قىلىش، سۈيدۈك ھەيدەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا قورساقتا سۇ چۈشۈش ۋە ئاق كىر تېگىشنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن دورىلار ئىشلىتىلسە بولىدۇ. بىمارنى ئاچ قالدۇرۇش، چېنىقتۇرۇشمۇ ناھايىتى پايدىلىق. كىتابلاردا خەربەق سەبىرنى بالىياتقۇغا ھەمەلچە قىلىشمۇ پايدىلىق دەپ سۆزلىنىدۇ.

## بالىياتقۇنىڭ كۆپۈپ قېلىشى

ئالامىتى: دوۋساق ساھەسى ئاغرىش بىلەن بىرگە كۆپۈشۈش بولىدۇ، قول بىلەن چېكىپ باقسا، ناغرا ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقىدۇ. شۇڭلاشقا، بەزى تىۋىپلار بۇنى قورساقتا سۇ چۈشۈشكە ئوخشاش بىر خىل ھالەت دەپ تونۇشتۇرىدۇ.

داۋالاش: ئومۇمىي بەدەن (ئايارەجلەر بىلەن) تەنقىيە قىلىنىدۇ. يەل تارقاتقۇچى دورىلار: مەسىلەن، جاۋارىش كۇمۇنى بېرىلىدۇ ھەمدە بابۇنە، سىرىقچېچەك، مەرزەنجۇش، سۇزاپ، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان، زىرە، جۇۋىنە ۋە باشقىلار بىلەن يەل تارقىتىلسا بولىدۇ. مەيلى بۇ دورىلار كىلىزما ياكى جىنسىي يول كىلىزمىسى شەكلىدە ئىشلىتىلسۇن، مەيلى تەييارلاپ چېيىش ياكى بۇ دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ياكى ئابزەن قىلىش يوللىرى بىلەن ئىشلىتىش ئارقىلىق يەل تارقىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا قورساقتا سۇ چۈشۈشنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

ئىزاھات: جىما قىلغان ۋاقىتتا ئىختىيارسىز تەرەت مېڭىپ كېتىش (ئەزىيتە)، ياشانغانلاردىكى مەقئەتتىگە جىما قىلدۇرۇش ئىللىتى (ئوبنە) ھەمدە دىلچىقنىڭ تىكلىنىۋېلىش كېسىلى (ئاياللاردىمۇ ئۇچرايدۇ). بۇلارنى داۋالاشتا مەزكۇر كېسەللەرنىڭ ئەرلەردە كۆرۈلگەن ھالىتىنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش داۋالاش تەدبىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب  مۈرە، قول، پۇت كېسەللىكلىرى

## دوكلۇق

بۇ كېسەلدە مۈرە (كۆكرەك) ئومۇرتقىسى ئالدى ياكى ئارقا، ئوڭ ياكى سول تەرەپكە قوزغىلىپ بارىدۇ. ئەگەر ئومۇرتقا ئالدى تەرەپكە قوزغالسا ئۇ «ئالدى دوكلۇق» دېيىلىدۇ. ئەگەر ئومۇرتقا ئوڭ-سول تەرەپكە سىلجىسا ئۇ «يانپاشلىق» (ئىلتىۋائى) دېيىلىدۇ. لېكىن ئارقا دوكلۇقنىڭ مەخسۇس نامى يوق. بۇ ھەقىقىي دوكلۇق ھېسابلىنىدۇ. ھەر قايسى تۈردىكى دوكلۇقنىڭ بەش خىل سەۋەبى بار (1) ئومۇرتقىغا يېقىن مۇسكۇل-لارنىڭ ياللۇغلىنىشى؛ (2) قويۇق يەلنىڭ ئومۇرتقىلارنىڭ ئاستىغا يىغىل-ۋېلىشى؛ (3) سۇيۇق ھۆللۈكنىڭ ئومۇرتقا تارىمۇشلىرىغا سىرغىپ كىرىپ ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا بوشىشىپ كېتىشى (ئىسترخاء) نى پەيدا قىلىشى؛ (4) ئومۇرتقا تارىمۇشلىرىنىڭ تارتىشىپ قېلىشى؛ (5) ئۇرۇلۇش، سوقۇ-لۇش قاتارلىقلار. ئەمما دوكلۇقنىڭ سەۋەبى قويۇق يەل بولسا، ئۇ رىياھىل ئەفرىسە دەپ ئاتىلىدۇ.

كېسەللىك ئالامىتى: ياللۇغلىنىشتىن بولغان دوكلۇقتا كېسەل پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۆتكۈر قىزىتما بىلەن بىرگە ئومۇرتقىدا ئاغرىش بولىدۇ. يەلدىن بولغان دوكلۇقتا قىزىتما بولماي ئاغرىش بولىدۇ. سۇيۇق ھۆللۈكتىن دوكلۇق كېلىپ چىققان تۈردە دوك بولۇپ چىققان ئورۇننىڭ رەڭگى ئاق بولىدۇ. كېسەل پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ھۆللۈك يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ ھەمدە ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش: ياللۇغلىنىشتىن بولغان دوكلۇقنى داۋالاشتا قان ئېلىنىدۇ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ، مۇناسىپ زىمادلار ئىشلە-تىلىدۇ ۋە ياللۇغنى داۋالايدىغان باشقا تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. يەلدىن

بولغان دوكلۇقنى داۋالاشتا «بۆرەك يىلى» دە سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. ھۆللۈكتىن بولغان دوكلۇقنى داۋالاشتا يەلدىن بولغان دوكلۇقنى داۋالاش بىلەن ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. ئومۇرتقا تارىموشلىرىنىڭ تارتىشىپ قېلىشىدىن بولغان تۆرىدە تەشەننۇجغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

ئۆرۈلۈش، سوقۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان دوكلۇقنى داۋالاشتا، ئومۇرتقىنى ئەسلى ئورنىغا چۈشۈرۈش كېرەك. ئەگەر ئومۇرتقا ئىچكىرىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولسا، ئوتلۇق لوگقا قويۇش ئارقىلىق ئومۇرتقىنى سىرتىغا تارتىپ چىقىرىش كېرەك. يا ئومۇرتقىنى سىرتىغا چىقىرىش مەقسىتىدە زۇفتى رۇمى، مۇقەل قاتارلىقلارنى ئازراق ئاقىرقەرھا بىلەن قوشۇپ، تۇخۇم سېرىقى بىلەن زىماد تەييارلاپ، يەرلىك ئورۇنغا چېپىلىدۇ. مەيلى ئومۇرتقا قايسى تەرەپكە قوزغىلىپ كەتكەن بولسۇن، ئومۇرتقىنى ئەسلى ئورنىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، قايتا قوزغىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قابىز (قورۇغۇچى) دورىلار زىماد قىلىنىدۇ.

## مۇرە ئاغرىقى

ئەگەر بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبى مۇرە قىسمىنىڭ ماددىسىز مىزاجى بۇزۇلۇشىدىن بولغان بولسا، يەرلىك ئورۇن سوغۇق بىلىنىدۇ، ئېغىرلىقسىز ئاغرىش بولىدۇ. ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بېرىش بىلەن پەسىيىپ قالىدۇ.

داۋالاش: يەيدىغان، چاپىدىغان دورىلار ئارقىلىق ئىسسىقلىق يەتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر مۇرە ساھەسى بەلغەم خىلتىنىڭ تۇغۇلۇشى ياكى بەلغەم خىلتىنىڭ قويۇلۇشى مۇرە ئاغرىقىغا سەۋەب بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى يەرلىك ئورۇندا ئېغىرلىق بىلەن ئاغرىش سېزىمى بولىدۇ. كېسەل پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى بەلغەم خىلتىنى كۆپەيتكۈچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغانلىق تارىخى بولىدۇ. بۇ بىمار ئاچچىقلانغان، غەزەبلەنگەن ياكى ھېرىپ، چارچىغاندىن كېيىن ماددا (يەنى بەلغەم ماددىسى) ھەرىكەتكە كېلىپ مۇرىگە قويۇلۇپ، بۇ كېسەلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

داۋالاش: كېسەللىك ماددىسى تەنقىيە قىلىنىدۇ ھەمدە شامچە دورىلار

ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما بۇ كېسەل بەلغەم خىلتىنىڭ ئومۇرتقىلار ئارىلىقىغا بەلغەم خىلتىنىڭ قۇيۇلۇشىدىن بولغان بولسا، تەنقىيە قىلمايمۇ، ماددىنى تارقاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئەگەر مۇرىدە يەل يىغىلىۋېلىش مۇرە ئاغرىقىغا سەۋەب بولغان بولسا ئۇنىڭ ئالامىتى: بەلغەم خىلتىنىڭ ئومۇرتقا ئارىلىقلىرىغا قۇيۇلۇشىدىن بولغان مۇرە ئاغرىقى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن بۇ تۈردە مۇرىدە ئېغىرلىق بولمايدۇ. ئەگەر بولسىمۇ ناھايىتى كەم بولىدۇ. لېكىن ئاغرىق بىر ئورۇندىن ئىككىنچى بىر ئورۇنغا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. بۇنى داۋالاشتا يەلنىڭ ئەسلى مەنبىيى بەلغەم خىلتى بولغاچقا، بەلغەم خىلتىنى تەنقىيە قىلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر مۇرە ئاغرىقى جىنسىي ئالاقىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولسا، ئۇنى داۋالاشتا جىنسىي ئالاقىنى ۋاقتىنچە توختىتىش ھەمدە مۇرىنى گۈل يېغىغا سۆرۈنجان ئارىلاشتۇرۇپ، ياغلاش كېرەك. ئەگەر بۇ خىل داۋالاش كۇپايە قىلمىسا، بەلغەم خىلتىنى تەنقىيە قىلىش كېرەك.

ئەگەر مۇرە ئاغرىقى بۆرەك زەئىپلىكى سەۋەبىدىن بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى ۋە داۋاسى بايان قىلىنىپ ئۆتتۇلدى. ئەگەر مۇرە قىسمىنىڭ تومۇرلىرى تولۇپ قېلىشى مۇرە ئاغرىقىغا سەۋەب بولغان بولسا، مۇرە بىرىنچى ئومۇرتقىسىدىن باشلاپ بەل ئومۇرتقىسىغا قەدەر ئاغرىق ۋە سانجىق بولىدۇ.

داۋالاش: باسلىق ۋە باھەز تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ھەمدە ئىچىدىغان، چاپىدىغان دورىلار (مەسىلەن: دەسلەپتە تاتلىق ۋە ئاچچىق ئانار سۈيى، لىمون شەربىتى ئىچىشكە بېرىلىدۇ. سەندەلنى قىزىلگۈل ئەرەقى ياكى گۈل يېغىغا سۈركەپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىش قاتارلىقلار) بىلەن سوغۇق يەتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەل بەزى ئاياللاردا ھەيزنىڭ كۆپ كېلىشىگە ئوخشاش بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىنىڭ شىرىكچىلىكىدە كېلىپ چىققان بولسا، بۇنى داۋالاشتا ھەيزنى نورماللاشتۇرۇش، مۇرىنى گۈل يېغى بىلەن ياغلاش كېرەك.

## يانپاش ئاغرىقى

بۇ كېسەلنىڭ سەۋەب، ئالامەت ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى مۇرە ئاغرىقىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## چوڭ بوغۇملارنىڭ ئاغرىقى

چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى يالغۇز بولۇشى ناتايىن. بۇ ئاغرىق ئولتۇرغۇچ سۆڭەك بوغۇمىدا بولسا، ئۇنى يانپاش ئاغرىقى (ۋەجئىلۋەرەك) دېيىلىدۇ. يانپاش ئاغرىقى ئولتۇرغۇچى سۆڭەك ساھەسىدىن پەيدا بولۇپ، تۆۋەنگە قاراپ ماڭسا، ئۇنى ئولتۇرغۇچى نېرۋا ئاغرىقى (ئىرقۇننىسا) دېيىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىش پۇت تاپىنى، قول ئالىقىنى بوغۇملىرىدا بولسا، ئۇنى «كىچىك بوغۇم ئاغرىقى» (نىقرەس) دېيىلىدۇ. بۇ قول ئالىقان بوغۇملىرىدا پەيدا بولىدۇ. لېكىن بۇ ئاغرىش قول-پۇتنىڭ بوغۇملىرىدا پەيدا بولغانلىرىنىڭ ئالاھىدە نامى يوق. ئۇلار مۇپاسىل دەپ قارىلىدۇ. بوغۇم ئاغرىقلىرىنىڭ ھەممە قىسمىنىڭ سەۋەبى ۋە داۋاسى ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن ئومۇمىي داۋالاش ئۇسۇللىرى بېرىلىدۇ. بەزى سەۋەبلەر قىسمەن بوغۇملارنىڭ ئاغرىقىغا سەۋەب بولۇپ، ئۇلار ئايرىم تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئەگەر چوڭ بوغۇملار ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى مەيلى مىزاجنىڭ ماددىسىز ئىسسىقتىن بولسۇن، مەيلى سوغۇقتىن، مەيلى قۇرۇقلۇقتىن بولسۇن، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى تەدرىجىي كۆرۈلىدۇ. ئېغىرلىق ۋە ياللۇغ بولمايدۇ. ھەر بىر ماددىسىز كەيپىياتقا خاس بولغان ئالامەتلەر تېپىلىدۇ.

داۋالاش: ئىچۈرۈلىدىغان، چاپلىنىدىغان دورىلار (يەنى ئەگەر ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغىنىدا سوۋۇتقۇچى دورىلاردىن: لىمون شەربىتى، سىركەنجۇبىل سادىدە قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئەگەر قان سەپرا خىلىتىدىن بولسا قان ئېلىش، سەپرا خىلىتىنى كەسكۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش، سىرتىدىن بادام يېغى، قاپاق يېغى، گۈل يېغى قاتارلىقلار بىلەن يەرلىك ئورۇننى ياغلاش قاتارلىق ئارقىلىق تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق كېرەككى، ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش بوغۇم ئاغرىقىغا سەۋەب بولمايدۇ. يەنى ئەگەر مىزاجدا ماددىسىز ھۆللۈك كۆپ

بولۇپ كەتسە، بوغۇملاردا ئاغرىش پەيدا قىلالمايدۇ. چۈنكى خاس ھۆللۈكتىن ئەزالار پۈتۈنلەي بۇزۇلۇش كېلىپ چىقمايدۇ. ئاغرىق ئەسلىدە پۈتۈنلۈكنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئەلۋەتتە ئارتۇق ھۆللۈك بىرەر ماددىنىڭ تەسىرىدىن غالىبلىقىدىن بولغان بولسا، بوغۇملاردا ئاغرىش بولىدۇ.

ئەگەر قان خىلتىنىڭ غالىبلىقى بوغۇم ئاغرىقىغا سەۋەب بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئالامىتى ئەزالاردا قىزىللىق، تارتىشىش ھەم سانجىقىنىڭ بولۇشىدىن ئىبارەت.

داۋالاش: قايسى تەرەپ كېسەللەنگەن بولسا، ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى قولنىڭ باسلىق تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ كېسەللەنگەن بولسا، ھەر ئىككى تەرەپتىكى تومۇردىن قان ئېلىش لازىم. ئەگەر ئاغرىق بىمارنىڭ قولىدا بولسا، ئەكھەل تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق ھالدا چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىق بىمارنىڭ پۇتىدا بولسا، باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. مەيلى قايسى تومۇردىن قان ئېلىنسۇن، قاننى كۆپرەك ئېلىش، ئاندىن كېيىن زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق يۇمشاتقۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىپ، ئىچىنى سۈرگۈزۈش ھەمدە مىزاجنى تەڭشىگۈچى شەربەتلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. دەسلەپتە يەرلىك ئورۇنغا قويۇلىدىغان ماددىنى ئازايتقۇچى، ئاخىرقى باسقۇچىدا ماددىلارنى قايتۇرغۇچى چاپلىمىلار چاپلىنىدۇ. ئەمما قان ئالغاندىن كېيىن ئاغرىش بەك ئېغىر بولغان ۋاقىتتا سەزمەس قىلغۇچى دورىلارنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتىش كېرەك، داۋالاشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا يېقىن بوشاشتۇرغۇچى دورىلاردىن بىنەپشە، ئاق لەيلى ئورۇقىغا ئوخشاش دورىلار زىماد قىلىنىدۇ. لېكىن ئاخىرقى باسقۇچىغا كەلگەندە ئىكلىلمەلىك، بابۇنە ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن كېسەللەنگەن ئورۇن يۇيۇلىدۇ.

ئەگەر قان خىلتىنىڭ بۇزۇلۇشى سەپرا خىلتىنىڭ قوشۇلۇشى سەۋەبىدىن بولغان بولسا، بۇنىڭدا سەپرا خىلتىنىڭ غالىبلىقىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر مەسىلەن: شىددەتلىك ئاغرىق، كۆيۈشۈش ۋە باشقىلار تېپىلىدۇ. ئۇنى

داۋالاشتىمۇ قان ئېلىش ۋە ئارقا تەرەتنى يۇمشىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشتىن ئىبارەت. لېكىن بۇ تۈردە قاننى كۆپ ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، تەنقىيەدىن كېيىن سوغۇق تەبىئەتلىك سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلاردىن كاسىنە ئۇرۇقى، تۇز ۋە ئەگرى تەرخەمەك ئۇرۇقلىرىغا ئوخشاش دورىلارنى ئىشلىتىش پايدىلىقتۇر. ئەمما بۇ خىلدىكى بوغۇم ئاغرىقلىرىدا ئىسسىق قايتۇرغۇچى زىمادلارنى قەتئىي چاپماسلىقى لازىم. سىركەنجۇبىل ھەر ئىككى خىل ھالەتتە ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. لېكىن بۇ بەك چۇچۇمەل بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم.

ئەگەر چوڭ بوغۇملار ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى سەپرا خىلتىنىڭ غالىبلىقى بولسا، پەقەت سەپرا خىلتى غالىبلىقىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر تېپىلىدۇ.

بۇ خىلدىكى چوڭ بوغۇم ئاغرىقىنى داۋالاشتا چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، مىزاجنى تەڭشەش ۋە قۇستۇرۇش ناھايىتى پايدىلىقتۇر. مۇپاسىلىنىڭ بۇ تۈردە قان ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. لېكىن شۇنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىمكى، خاس سەپرا خىلتىدىنلا مۇپاسىل ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

ئەگەر چوڭ بوغۇملار ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى بەلغەم خىلتىدىن بولسا، يەرلىك ئورۇندا ئېغىرلىق كۆپ بولۇش ۋە سوغۇقلۇق غالىبلىقىغا ئائىت ئالامەتلەر بولىدۇ.

داۋالاشتا قۇستۇرۇش، ئەگەر قۇستۇرۇش بىلەن ماددىنى تولۇق تەنقىيە قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمىسا، ئارقا-ئارقىدىن بەلغەم خىلتىنىڭ مۇنزىج، مۇسھىللىرىنى بېرىپ، كېسەللىك ماددىسىنى تولۇق تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن بەدىيان، قوغۇن ئۇرۇقى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تۈردە خاس ماددىلارنى قايتۇرغۇچى ياكى پەقەتلا ئىششىق قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم.

ئەگەر بۇ كېسەل سەۋدا خىلتىدىن بولسا، كېسەللەنگەن ئورۇننىڭ رەڭگى كۆكۈمتۈل بولىدۇ. ئاغرىش ۋە تارتىشىش كەم، لېكىن ئىششىغان ئورۇن نىسبەتەن قاتتىق بولىدۇ.

بۇنى داۋالاشتا قان ئېلىنىدۇ، مۇنزىج بېرىپ ماددا تولۇق پىشقاندىن كېيىن، سەۋدا خىلتىنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ ھەمدە يۇمشاتقۇچى مەلھەملەر

ئىشلىتىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئەگەر قان ئېلىشقا توغرا كەلسە، نەشتەر بىلەن ئازادىرەك تۆشۈك ئېچىش لازىم. شۇنداقلا قان ئەگەر قويۇق قارامتۇل كەلسە، ئۇنى تولۇق چىقىرىپ تاشلاش لازىم. ئەگەر قىزىل ھەم سۈزۈك كەلگىلى تۇرسا، تېزدىن توختىتىۋېلىش لازىم. كېسەللىك ماددىسىنى لەتىنلەشتۈرۈش (يۇمشىتىش) تەدبىرلىرىنى قوللانغاندىن كېيىن قان ئېلىشنى ئويلاشسا بولىدۇ.

ئەگەر يەل بۇ كېسەلگە سەۋەب بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئەڭ روشەن ئالامىتى ئاغرىق بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. تارتىشىش نىسبەتەن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا قىزىلگۈل گۈلقەنتى، قىزىلگۈل ئەرەقى، بەدىيان ئەرەقى، بۈزۈرى شەربىتى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ، سىرتىدىن گۈل يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ، بەلغەم خىلتى تەنقىيە قىلىنىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. يەلنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، بۇ ئۆزىنىڭ بەك ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن سۆڭەكلەرگىچە يېتىپ بارالايدۇ ۋە ئۇنى پارچىلاپ بۇزۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭ نامى «رىھى شىركە» يەنى (نابۇت قىلغۇچى يەل دېيىلىدۇ) . بۇ خىل يەل پەيدا قىلغان چوڭ بوغۇم ئاغرىقىنى داۋالاشتا قان ئېلىش ھەممە سەپىرا خىلتىنى تەنقىيە قىلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: چوڭ بوغۇملار ئاغرىقىنىڭ ماددىسى مۇرەككەپ بولسا، ئۇنى داۋالاشمۇ مۇرەككەپ بولۇشى لازىم. يەنى چوڭ بوغۇم ئاغرىقى ئىككى ياكى ئۈچ ئاغرىق خىلتىنىڭ بىرلىشىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، داۋالاشتىمۇ شۇ ئىككى ياكى ئۈچ خىلتقا قارىتا بىرلەشمە داۋالاش ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. بىلىش لازىمكى سۆرۈنجاننى مەيلى ئىچىدىن ئىستېمال قىلسۇن، مەيلى سىرتىدىن چاپسۇن، چوڭ بوغۇملار ئاغرىقىنىڭ تامامى قىسىملىرىغا، جۈملىدىن بەلغەم خىلتىدىن بولغىنىغا ناھايىتى شىپالىقتۇر. ئەمما سورغان ئاشقازاننىڭ ھەزىمنى بۇزۇپ قويىدۇ. شۇڭا سۆرۈنجانغا زىرە ھەم زەنجىۋىلنى قوشۇپ ئىشلىتىش لازىم ھەممە سۆرۈنجاننى ئىشلەتكەندە كېسەللەنگەن بوغۇملارنى مۇم يېغى بىلەن ياغلىغاندىن كېيىن ئىشلەتكەندە، يەرلىك ئورۇن بوغۇمدىكى مۇسكۇللارغا ھېچقانداق زىيىنى يەتمەيدۇ.

تۆۋەندىكى دورىلار چوڭ بوغۇم ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ:

1. مىسرى سورۇنجان بىلەن ئاق سورغاننى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، 10 مىللىلىتىر مىقداردا سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ بىلەن ئىچۈرۈش.

2. قۇرۇق يۇمغاقسۈتتىن 10 گرامنى سوقۇپ، باراۋەر مىقداردىكى شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىش.

3. ئاق خەشخاش ئۇرۇقىدىن 7 گرامنى باراۋەر مىقداردىكى ئاق شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىش.

4. قايناق سۇدا ئىسپىغۇلنىڭ لۇئابىنى چىقىرىپ، گۈل يېغى ئارىلاش-تۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا چېپىش.

5. شۈمشىنى ئېزىپ، سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا چېپىش.

ئەسكەرتىش: ئەگەر كىچىك بوغۇملارنىڭ ئاغرىقى ۋە باشقىلاردا ماددىنى قايتۇرغۇچى دورا (رەۋادئە) ۋە سەزمەس قىلغۇچى دورا (مۇفەددەر) لەرنى ئىستېمال قىلىش بىلەن مېڭىدە بىرەر نورماللىسىزلىق كۆرۈلسە، بۇ دورىنى ئىشلىتىشتىن توختاش ھەمدە يەرلىك ئورۇننى بابۇنە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن يۇيۇپ بەرگەندە، كېسەللىك ماددىسى مېڭە تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەگەر يانپاش ئاغرىقى ۋە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىدا دورا بىلەن داۋالاشنىڭ مەنپەئەتى دېگەندەك بولمىسا، ئولتۇرغۇچ تومۇر (ئىرقۇننىسا) دىن قان ئېلىشمۇ پايدىلىق. ئىرقۇننىسا تومۇرى گىرەلەشمە تومۇرلار بولۇپ، مۇشۇ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئولتۇرغۇچ تومۇرنى داغلاش ئۇسۇلى مۇنداق: تۆمۈر زىخچىنى قىزىتىپ، ئوشۇق سۆڭىكىدىن 8 بارماق يۇقىرىدىكى ئىرقۇننىسا تومۇرى توغرىسىغا داغلىنىدۇ ھەمدە پۇتنىڭ دۈمبىسى چىمچىلاق بارماق بىلەن نامسىز بارماقنىڭ بىرلەشكەن ئورنى داغلىنىدۇ. چۆبچىنىنى ئېھتىيات بىلەن ئىشلەتكەندە، بوغۇم ۋە ئەزا-لاردىكى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ناھايىتى پايدىلىقتۇر.

## تۆۋەنكى مۇچە كۆك تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈشۈپ ئەگرىلىشىشى

تۆۋەنكى مۇچە كۆك تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈپ ئەگرىلىشىش كېسىلىدە پاچاق ساھەسىدىكى قان تومۇرلار يوغىناپ، قىلىنلاپ كېتىدۇ. بۇ كېسەلنى داۋالاشتا سەۋدا ۋە بەلغەم خىلتلىرى قان ئېلىش، مۇسھىل بېرىش، قۇستۇرۇش ئارقىلىق تەنقىيە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كۆپۈپ چىققان قان تومۇرلارنىڭ ئۆزىدىن قان ئېلىنىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا ئەگرىلەشكەن تومۇرلارنىڭ ئۆزىدىن كېسەللىك ماددىسىنى چىقارغىلى بولىدۇ. ئەگەر كېسەلدە يەڭگىللەش بولسا، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىنى پاچاققا چېپىپ، رەخت بىلەن نورمال چىڭلىقتا تېڭىپ قويۇلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا باشقا ئورۇندىكى كېسەللىك ماددىسىنىڭ يەرلىك ئورۇنغا قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## پىلپۇت كېسىلى

بۇ كېسەلدە بىمارنىڭ پۇتى پىلنىڭ پۇتىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. بۇ كېسەلنى داۋالاشتا تۆۋەنكى مۇچە كۆك قان تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈپ ئەگرىلىشىش (دەۋالى) نى داۋالاشتا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىر بولسا، كېسىپ داۋالاشنى ئويلاشماستىن، بەلكى ئۇنى مۇشۇ ھالەتتە قويۇپ قۇيۇش كېرەك.

## سونچاق ئاغرىقى

ئەگەر بۇ كېسەل يارا سەۋەبىدىن بولغان بولسا، مۇناسىپ مەلھەملەر چېپىلىدۇ. ئەگەر ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، مامىشا، گىل ئەرمىنى قاتارلىقلارنى سۇ ياكى قىزىلگۈل ئەرەقىدە ئېزىپ زىماد تەييارلاپ چېپىلىدۇ ھەمدە يەرلىك ئورۇن سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ. ئۇلاردىن باشقا لوڭقا قويۇشنىڭمۇ ئۈنۈمى ياخشى. ئەگەر سونجاق ئاغرىقى بەتىنىكنىڭ قىستىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا ئوخشاشلا يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر يات ماددىنىڭ يەرلىك

ئورۇنغا قوْيۇلۇشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئەگەر كېسەللىك ماددىسى قاندىن بولسا قان ئېلىنىدۇ. ئەگەر باشقا ماددىلاردىن بولغان بولسا، قوْستۇرۇش ۋە سۈرگە بېرىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر ئىسسىقتىن بولغان بولسا قىزىلگۈل يېغى، سوغۇقتىن بولغان بولسا بابۇنە يېغى، پەرفىيون يېغى ۋە قوْستە ياغلىرى بىلەن ياغلىنىدۇ.

## پۇتنىڭ تاپىنى ئاغرىش

بۇ پۇتنىڭ تاپانلىرى ئاغرىپ دەسسەش قىيىن بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

داۋالاش: كۆممىقوناقنى سىركىدە قاينىتىپ، يەرلىك ئورۇنغا زىماد قىلىنىدۇ. ئەگەر قان غالىبلىقىدىن كېلىپ چىققان بولسا، قان ئېلىنىدۇ.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب قىزىتمىلار

قىزىتما بىر كۈنلۈك قىزىتما، خىلىتلىق قىزىتما، جۈدەتكۈچى قىزىتمىدىن ئىبارەت 3 كە بۆلۈنىدۇ.

## بىر كۈنلۈك قىزىتما

بۇ روھقا مۇناسىۋەتلىك قىزىتما بولۇپ، كۆپىنچە بىر كۈن ئىچىدە يوقاپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئۇنى بىر كۈنلۈك قىزىتما دەپ ئاتايدۇ. بۇ خىل قىزىتمىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، كېسەل پەيدا قىلغۇچى سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ھەر بىرىگە مەخسۇس نام بېرىلگەن مەسىلەن: غەم-ئەندىشىدىن بولغان قىزىتما (غەممى)، ۋەھىيمە سەۋەبىدىن بولغان قىزىتما (ۋەھىيمى)، قورقۇنچىدىن بولغان قىزىتما (فەزئى)، زىيادە تەپەككۇر قىلىشتىن بولغان قىزىتما (فىكرى)، غەزەبلىنىشتىن بولغان قىزىتما (غەزەي)، خۇشاللىنىشتىن بولغان قىزىتما (غەرھى)، ئۇيقۇسىزلىقتىن بولغان قىزىتما (سەھرى)، بەدەنگە قۇرۇقلۇق يەتكەندىن بولغان قىزىتما (غەشفى)، ھېرىپ-چارچاشتىن بولغان قىزىتما (تەبئى)، سۇيۇقلۇق يوقىتىشتىن بولغان قىزىتما (ئىستىفراغى)، ئاغرىشتىن بولغان قىزىتما (ۋەجئى)، كۆڭۈل ئايلىنىشتىن بولغان قىزىتما (غىشى)، ئاچ قېلىشتىن بولغان قىزىتما (جوئى)، ئۇسسۇزلۇقتىن بولغان قىزىتما، توسۇلۇشتىن بولغان قىزىتما (سوددى)، تېرە تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىن بولغان قىزىتما (ئىستىھسافى)، تاماق سىڭمەي قورساق كۆپۈشتىن بولغان قىزىتما (تەخمى)، ياللۇغلىنىشتىن بولغان قىزىتما (ۋەرەمى)، ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىشتىن بولغان قىزىتما (شەمسى)، ئوتقا يېقىن ئولتۇرۇشتىن بولغان قىزىتما (نارى)، نورمالسىز ئوزۇقلىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغان قىزىتما (غىزائى)، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلىشتىن بولغان قىزىتما (دەۋائى)

، زۇكامدىن بولغان قىزىتما (زۇكامى)، نەزلەر سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قىزىتما (نەزلى)، ھاراقكەشلىكتىن بولغان قىزىتما (شارابى)، قانتولغاق كەلتۈرۈپ چىقارغان قىزىتما (زەھىرى) دېگەنلەرگە ئوخشاش بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ مەنبەسىدىن قىزىتمىنىڭ سەۋەبىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەگەر غەم-ئەندىشە، ئوي-خىيالنىڭ كۆپ بولۇشى بىر كۈنلۈك قىزىتمىغا سەۋەب بولغان بولسا، بۇ خىل ئامىللار ئالدى بىلەن روھنى قىزىتىپ، ئاندىن كېيىن قىزىتما پەيدا قىلىدۇ ھەمدە روھىي نەفسانى، روھىي ھايۋانى، روھىي تەبىئى قاتارلىقلارنىڭ قايسى بىرىگە كۈچلۈكرەك تەسىر كۆرسىتىپ شۇنىڭغا ماس ھالدىكى قىزىتمىنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: مېڭىنىڭ سەزگۈ ھەرىكەت كۈچىگە مۇناسىۋەتلىك بىر كۈنلۈك قىزىتما (ھوممى يوۋمى نەفسانى) غەزەبلىنىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. يۈرەكنىڭ ھاياتلىق كۈچىگە مۇناسىۋەتلىك بىر كۈنلۈك قىزىتما (جوممى يوۋمى ھايۋانى) زىيادە خۇشاللىنىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. جىگەرنىڭ تەبىئىي كۈچىگە مۇناسىۋەتلىك بىر كۈنلۈك قىزىتما جىگەرنىڭ توسۇلۇشى (سۇددىلىنىشى) ۋە تاماق سىڭمەي، قورساق كۆپۈش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. يۇقىرىقى روھلارنىڭ ئىچىدە قايسى بىرىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلسە، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدىكى روھ نورمالسىزلىقىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ.

كېسەللىك ئالامىتى: بىرلەمچى بىر كۈنلۈك قىزىتمىنىڭ ئالامىتى بولسا، تېمپېراتۇرا بىر خىل بولۇپ، تېمپېراتۇرا ئۈزلۈكسىز يۇقىرىلاش ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ. يەنى چېنىققاندا شەكىللەنگەن قىزىشقا ئوخشاشلا ئادەتتىكى قىزىش بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا بۇنىڭدا خىلتلىق قىزىتما ۋە جۇدەتكۈچى قىزىتمىنىڭ بىرەر ئالامىتى كۆرۈلمەيدۇ. كۆپىنچە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىزىتما باشقا قىزىتمىغا ئۆزگىرىپ كەتمىگەن شەرت ئاستىدا بىر كۈندە يوقاپ كېتىدۇ.

داۋالاش: مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىش كېرەك. شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، بۇ خىل قىزىتمىدا بىمارنى غىزادىن چەكلىمەسلىك كېرەك. ئەگەر تاماق سىڭمەي، قورساق كۆپۈش بۇ خىل قىزىتمىغا سەۋەب بولغان بولسا، غىزانى مۇناسىپ چەك-

لەش كېرەك. شۇنىڭغا ئوخشاشلا بۇ خىل قىزىتمىدا بىمارغا ئىستىفراغ (سۈرگە بېرىش، قان ئېلىش، قۇستۇرۇش، ئاچ قالدۇرۇش... قاتارلىقلار) مەنئى قىلىنىدۇ. لېكىن جىگەرنىڭ توسۇلۇشى سەۋەبىدىن بولغان قىزىتمىدا توسۇلۇش سەۋەبى بەدەندە ماددىلارنىڭ تولۇپ قېلىشى (ئىمتىلائى) سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، تېرە تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ توسۇلۇشىدىن بولغان قىزىتمىدا بەدەندە ماددىلار تولۇپ قالغان بولسا، تاماق سىڭمەي، قورساق كۆپۈشتىن بولغان قىزىتمىدا قورساقتا ئېغىرلىق ھېلىھەم مەۋجۇت بولسا، شۇنداقلا نەزلە خاراكتېرلىك قىزىتمىدا نەزلە ئىسسىق ماددىدىن بولغان بولسا، ئىستىفراغ قىلىشقا بولىدۇ. روشەنكى، بەدەننى مۇجۇپ بېرىش، نورمال چېنىقىپ بېرىش ۋە مۇنچىغا كىرىش تېرە تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىن بولغان قىزىتما ۋە جىگەرنىڭ توسۇلۇشىدىن بولغان قىزىتمىلار ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىقتۇر.

تېرە تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ توسۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان قىزىتما بەدەننىڭ تېرە تەر تۆشۈكچىلىرى ئېتىلىپ قېلىشى، سىرتقى تېرىنىڭ پاسكىنىلىشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قىزىتمىدىن ئىبارەت. توسۇلۇشتىن بولغان قىزىتما ئىنچىكە قان تومۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ماددىلارنىڭ تۇرۇپ قېلىشىدىن كېلىپ چىققان قىزىتمىدۇر (ئەگەر چوڭ قان تومۇرلاردا ماددا تۇرۇپ قالسا، خىلتلىق قىزىتمىنى پەيدا قىلىدۇ). چىقىرىندى ماددىلارنىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن بولغان قىزىتما (قەشىققى) بولسا چېنىقىش ياكى مۇنچىغا كىرىشنى تەرك ئېتىش سەۋەبىدىن چىقىرىندى ماددىلارنىڭ تارقاپ كېتەلمەسلىكى سەۋەبىدىن مەيلى بەدەندە توسۇلۇشنى پەيدا قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، بەدەندە بۇ خىل قىزىتما پەيدا بولىدۇ. گەرچە تولغاقتا ئوخشاش باشقا كېسەللىكلەردىمۇ ئاغرىش ۋە ئىچى سۈرۈش سەۋەبىدىن قىزىتما پەيدا بولىدۇ. لېكىن تولغاق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قىزىتما بىرى كۆپ كۆرۈلىدىغان، يەنە بىرى، قىزىتمىنىڭ بايانىغا مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ «تولغاق قىزىتمىسى» دەپ ئايرىم بايان قىلىندى.

# خىلتلىق قىزىتما

بەدەندە 4 خىلت بولغىنى ئۈچۈن خىلتلىق قىزىتمىمۇ 4 كە بۆلۈنىدۇ.

1. قان خىلتىدىن بولغان قىزىتما (دەمەۋىي): بۇ ئىككى خىل بولىدۇ، بىرىنچىسى، پەقەت قان خىلتى هارارەتلىنىپ، مىقدارى ئارتىپ كېتىشتىن قىزىتما پەيدا بولىدۇ. لېكىن قان خىلتىدە چىرىش (بۇزۇلۇش) بولمايدۇ. بۇ خىل قىزىتما «سونافىس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى: قان خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشى يەنى چىرىشىدىن قىزىتما پەيدا بولىدۇ. بۇ «مەتبەقە» دەپ ئاتىلىدۇ.

كېسەللىك ئالامىتى: قان خىلتى غالىبلىقى ياكى قان خىلتى ئوفۇنەتلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. قان خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشىدىن كېلىپ چىققان خىلتلىق قىزىتمىنىڭ ئىككىلەمچى كېسەللىك ئالامەتلىرى قان خىلتىنىڭ ئوفۇنەتسىز كېلىپ چىققان خىلتلىق قىزىتما (سونافىس) قا نىسبەتەن تېپىكراق بولغان بولىدۇ.

داۋالاش: قان خىلتىنىڭ ئوفۇنەتسىز كېلىپ چىققان قىزىتما (سونافىس) نى داۋالاشتا دەرهال ئوكھەل ياكى باسلىق تومۇرلىرىدىن كۆپرەك قان ئېلىۋېتىلىدۇ، ئەگەر مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قان ئېلىشقا بولمىسا، ئىككى تاغاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا لوڭقا قويۇلىدۇ هەمدە ئېهتىياجىغا مۇۋاپىق هالدا سوۋۇتقۇچى (تەنفىيە)، قان تازىلىغۇچى (تەسفىيە) دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن هەددىدىن زىيادە سوغۇقلۇق قىلىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى هەددىدىن زىيادە سوغۇقلۇق قىلغاندا بەلغەم خىلتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى (لىسرغىس) پەيدا بولۇپ قېلىشنىڭ ئەندىشىسى تۇغۇلۇپ قالىدۇ. قان خىلتىنىڭ ئوفۇنەتسىز پەيدا بولغان تۈرى (سونافىس) دا قان قانچە كۆپ ئېلىنسا، شۇنچە ياخشى. ئەگەر قان سۇيۇق بولسا، چىلان شەربىتى بېرىپ قاننى قويۇلدۇرۇش، ئەگەر قان قويۇق بولسا، سىركەنجۇبىل ساددەنى ئىچۈرۈپ، قان خىلتىنى سۇيۇلدۇرۇش كېرەك، شۇنداقلا چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىپ راۋانلاشتۇرغۇچى دورىلارنى بېرىش كېرەك. ئەگەر بۇ كېسەل

بوھراندىن كېيىن ماددىلارنىڭ قان تومۇرلاردا تۇرۇپ قېلىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، كاسىنە كۆكسىنىڭ سىقىلغان سۈيىدىن 72 مىللىلىتىر ئەتراپىدا ئېلىپ، قايىنىتىپ، سۈزۈپ، ئۇنىڭغا 54 مىللىلىتىر ئەتراپىدا سىركەنجەۋىل ئارىلاشتۇرۇپ، ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئەمما بىماردا يۆتەل بولسا، سىركەنجىۋىلگە ئوخشاش چۈچۈمەل دورىلار بېرىش زەرەر قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىركەنجىۋىلنىڭ ئورنىغا بېھى ئۇرۇقى ياكى ئىسپىغۇلنىڭ لۇئابىنى ئارلاشتۇرۇپ بېرىلىشى ھەمدە بىنەپشە شەربىتى يالتىلىشى كېرەك. ئەگەر چۈچۈمەل تەملىك دورىلارنىڭ ئورنىغا قىزىتما پەسەيتىپ، يۆتەل داۋالايدىغان دورىلار قوشۇپ ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. بۇ خىل قىزىتمىنى داۋالاشتا چىلاننىڭ دەملەنمىسى ياكى قايىنىتىلمىسىنى تەييارلاپ، ئۇنىڭ سۈيىنى تەكرار، ئۈزۈلدۈرمەي ئىستېمال قىلىپ بېرىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. بولۇپمۇ قان خىلتىنى بولۇپمۇ قويۇلدۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا، چىلان دەملەنمىسى ياكى قايىنىتىلمىسىنى بېرىش ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر (چۈنكى چىلان خىلتلارنى قويۇلدۇرۇپ، يېپىشقاق ھالەتكە كەلتۈرىدۇ). پەقەت ئىسپىغۇلنى ئىشلىتىپ، قان تازىلاش ئېلىپ بېرىلسا كۇپايە قىلىدۇ. ئەينۇلنىڭ سۈيى يۆتەلگىمۇ زىيان قىلمايدۇ، بۇ كېسەلگىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

2. سەپرا خىلتىدىن بولغان قىزىتما: بۇ خىل قىزىتما ئاددىي ۋە مۇرەككەپ قىزىتما دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. سەپرا خىلتى غالىبلىقىنىڭ ئالامىتى كىتابىمىزنىڭ باش قىسمىدا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى. شۇنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى: ئەگەر سەپرا خىلتى قان تومۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۇزۇلۇش (ئوفۇنەتلىنىش) نى پەيدا قىلغان بولسا، بەدەندە چوقۇم قىزىتما بولىدۇ. قىزىتما پەيدا بولۇپ، بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قىزىتما كۆچىيىدۇ. بۇ خىل قىزىتما «غەب لازىم» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر سەپرا خىلتى يۈرەك، ئاشقازان ۋە ئاشقازانغا يېقىن قان تومۇرلاردا ئوفۇنەتلىنىشنى پەيدا قىلسا، قىزىتمىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان ئىككىلەمچى ئالامەتلەر ئۆتكۈر ئۆتىدۇ. بۇ «تەپ مۇھەررىقە» دېيىلىدۇ. ئەگەر سەپرا خىلتى قان تومۇرلارنىڭ سىرتقى قىسمىدا ئوفۇنەتلەنسە، «غەب دائىرە» دېگەن

تام بىلەن ئاتىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ خىل قىزىتمىنى پەيدا قىلغان سەپرا خىلتى تەنھا بولۇپ، باشقا ماددىلار قوشۇلمىغان بولسا، «غەب خالىس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر سەپرا خىلتى تەركىبىگە قوشۇلغان بەلغەم خىلتى نىسبەتەن كەم بولسا، يەنى مۇرەككەپلەشكەن سەپرا ئانچە كۆچلۈك بولمىسا، «شەترەل غەب» دەپ ئاتىلىدۇ.

«غەب خالىس دائىرە» نىڭ ئالاھىدىلىكى قىزىتما بىر كۈن كۆرۈلۈپ، بىر كۈن كۆرۈلمەيدۇ. ئەگەر «غەب لازىم» بىلەن «غەب دائىرە» بىرگە قوشۇلۇپ كەلسە، بۇ ۋاقىتتا قىزىتما كۈندۈزى بولىدۇ. «غەب غەيرە خالىس دائىرە» نىڭ ئالاھىدىلىكى بىر كۈن ناھايىتى ئېغىر ئۆتسە، ئىككىنچى كۈنى يېنىكلەپ، مەلۇم ئۆزگىرىش بولىدۇ. لېكىن «شەترەل غەب» دە كېسەل پەيدا قىلغۇچى ماددا قان تومۇرلارنىڭ سىرتقى قىسمىدا ئۇفۇنەتلەنگەن بولسا، بۇ خىل قىزىتمىنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى بىر كۈن بەلغەمى قىزىتمىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، ئىككىنچى كۈنى بەلغەم ۋە سەپرا غالىبلىقىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. چۈنكى بەلغەمى قىزىتما ھەر كۈنى كۆرۈلىدۇ. سەپراۋىي قىزىتما بىر كۈن ئاتلىتىپ پەيدا بولىدۇ. ئەگەر «شەترەل غەب» نى پەيدا قىلغان كېسەللىك ماددىسى قان تومۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇفۇنەتلەنگەن بولسا، كېسەل پەيدا قىلغۇچى ھەر ئىككى خىلتنىڭ غالىبلىقىغا ئالاقىدار ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ ھەمدە ئارىلاپ قىزىتما كۆچىيىپ قالىدۇ. ئەگەر سەپرا خىلتى قان تومۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا، بەلغەم خىلتى قان تومۇرلارنىڭ سىرتقى قىسمىدا ئۇفۇنەتلىنىشنى پەيدا قىلسا، سەپرا خىلتىدىن بولغىنىدا قىزىتما ئۇزۇن بولىدۇ. بەلغەم خىلتىدىن بولغىنىدا قىزىتما كۈندۈزى بولىدۇ. بۇ ئۈچ خىل قىزىتما «شەترەل غەب غەيرىي خالىسە» دېيىلىدۇ. ئەگەر سەپرا خىلتى قان تومۇرلارنىڭ سىرتقى قىسمىدا، بەلغەم خىلتى قان تومۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇفۇنەتلەنسە، بەلغەمى قىزىتما چوقۇم بولىدۇ. سەپراۋىي قىزىتما بىر كۈندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. قايسى كۈنى قىزىتمىغا قوشۇلۇپ كەلگەن ئالامەتلەر ئۆتكۈر بولسا، بۇ خىل قىزىتما «شەترەل غەب خالىس» دېيىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: بىمار ياكى تېۋىپتىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتمىسە، «غەب

خالىس لازىم» بىر ھەپتىدىن، «غەب خالىس دائىرە» ئىككى ھەپتىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

داۋالاش: بەدەنگە سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، ئەگەر قەۋزىيەت بولسا، سۈرگە بېرىپ تەنقىيە قىلىش كېرەك. ئەمما شۇنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەگەر كېسەللىك ماددىسى قان تومۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇفۇنەتلىنىشنى پەيدا قىلغان بولسا، زىيادە سوغۇقلۇق قىلماسلىق، بەلكى ماددىنى پىشۇرۇشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم. لېكىن سەپرادىن بولغان كۆيدۈرگە قىزىتمىسىدا قىزىتما تەرەققىي قىلىپ، جۇدەتكۈچى قىزىتمىنى پەيدا قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بەدەنگە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى چوڭ. ئەگەرر كۆيدۈرگە قىزىتمىسىدىكى كېسەللىك ماددىسىدا ھارارەت غالىب بولسا، بەدەنگە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، كېسەللىك ماددىسىنى پىشۇرۇش، سۈرۈپ چىقىرىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، تەنقىيىدىن كېيىن بەدەنگە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇ خىل قىزىتمىدا ئەگەر قان خىلتىنىڭ غالىبلىقى سېزىلسە، سۈيدۈك قىزىل، قويۇق كەلسە قان ئېلىشقا بولىدۇ. بولۇپمۇ كېسەللىك ماددىسى قان تومۇرلارنىڭ ئىچىدە بولغاندا قان ئېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش قان خىلتىدىن بولغان قىزىتمىدىمۇ قان ئېلىپ داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللانساق بولىدۇ. سەپرا خىلتىدىن بولغان قىزىتمىدا ماددىنى پىشۇرۇش زۆرۈرلىكى ھەمدە قان ئېلىشقا بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇڭا خالىس سەپرادىن بولغان قىزىتمىلاردا قان ئېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر سەپراغا قان خىلتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن خىلتلىق قىزىتما كېلىپ چىققان بولسا، ئازراق قان ئېلىشقا بولىدۇ.

شۇنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈركى: نۆۋەتلىك قىزىتمىلاردا ئەگەر مۇمكىن بولسا، قىزىتما تۇتقان كۈنلىرى بىمارغا غىزا بەرمەسلىك لازىم. ئەگەر بىمار توڭلاپ جۇغ-جۇغ تۇتسا، سىركەنجىۋىلنى ئىسسىق سۇغا قوشۇپ، قۇستۇرۇش ئارقىلىق سەپرا خىلتى تەنقىيە قىلىنسا بولىدۇ. ئەگەر قۇسۇش ئارقىلىق چىقىپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ كېكىرىش تەسىرى ئارقىلىق، كېسەللىك ماددىسى تارقاپ، جۇغ-جۇغ پەسىيىپ قالىدۇ. ئەگەر

قىزىتما پەسىيىشكە قاراپ ماڭسا، دورا قايىنىتىلمىسى بىلەن پۇت يۇيۇلىدۇ. يەنى تۆۋەنكى مۇچىلەرنى دورا قايىنىتىلمىسىدا چىلاپ ئولتۇرغاندا، بەدەندە ساقلىنىپ قالغان ھارارەت (ئىسسىقلىق) باش قىسمىدىن تۆۋەنگە قاراپ يۆزلىنىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا سىركەنجۇبىل ئىچۈرۈش پايدىلىقتۇر. كېسەللىك ماددىسى قايسى تەرەپكە مايىللاشقان بولسا، ئۇنى شۇ تەرەپتىن چىقىرىپ تاشلاش (ئىستىفراغ قىلىش) لازىم. مەسىلەن: ئەگەر كۆڭۈل ئېلىشىش بولۇپ قۇستۇرۇشتىن چەكلەيدىغان بىرەر توسالغۇ بولمىسا قۇستۇرۇش، ئەگەر ئۈچەيلەردە كوكىراش بولسا مۇسھىل بېرىش، سۈيدۈك قىستىسا ئەمما مىقدارى ئاز بولسا، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى بېرىش، ئەگەر بىمارنىڭ تېرىسى نەمخۇش بولسا ئەمما تەر ئۇبدان كەلمىسە، تەرلىتىشكە تىرىشىش كېرەك. ئەمما كېسەللىك ماددىسى بىرەر ئىستىفراغ يوللىرىغا مايىل بولغانلىقىنىڭ روشەن ئالامىتى بولمىسا، سۈرگە بېرىش ناھايىتى مۇۋاپىقتۇر. ئىسسىقتىن تەرەنجىبىن ئىشلەتمىگىنى تۈزۈك. ئەمما تەرەنجىبىننى ئەينۇلا ياكى تەمرى ھىندى بىلەن بېرىشكە بولىدۇ. مېۋىلەرنىڭ سۈيىنى ئىشلىتىش بىلەن ماددىنى سۈرگىلى بولسا، ئىككىنچى بىر يەڭگىل سۈرگىلەرنى ئىشلەتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما قىزىتمىغا سەۋەب بولغان ماددا يالغۇز بولمىسا (يەنى باشقا خىلتلار بىلەن قوشۇلغان بولسا، ماددىنى پىشۇرماي تۇرۇپ مۇسھىل بېرىلمەيدۇ ھەتتاكى چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچى (مۇلەييىن) لارمۇ بېرىلمەيدۇ. ئەمما كېسەللىك ماددىسى ئۆتكۈر بولغان ئەھۋال ئاستىدا، چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچىلارنى بېرىشكە بولىدۇ. ئەگەر سەپرا خىلتىغا قوشۇلغان بەلغەمنىڭ مىقدارى كۆپ بولمىسا ئىسسىقلىقنى ئازراق قىلىش كېرەك. لېكىن شورلۇق بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئەھۋال ئاستىدا (بۇ خىل بەلغەم بەلغەم خىلتى تەركىبىگە سەپرا خىلتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ) بەدەننى سوۋۇتۇشتىن باشقا بىرەر كۈچلۈك سۈرگىنى بېرىشكە بولمايدۇ. قىسقىسى قىزىتمىنىڭ قايسى خىل قىزىتمىلىقى ۋە قايسى ماددىدىن بولغانلىقىنى ئېنىقلىماي دورا ئىشلىتىشكە ھەمدە داۋالاشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. مۇرەككەپ قىزىتمىلاردا قۇرسى كۆلنى بېرىش ھەم سىركەنجۇبىلنى گۈلقەنت بىلەن قوشۇپ بېرىش ناھايىتى پايدىلىقتۇر.

كۆيدۈرگە قىزىتمىسىدا كۆپ تەرلەش، بۇرۇن قاناش، ئۈيقىدىن باش كۆتۈرەلمەسلىك (سۇبات)، نەپەس قىيىنلىشىش، يەپ تويماسلىق (ئىت ئىشتىھاسى)، ئارقا-ئارقىدىن چۈشكۈرۈك تۇتۇش، ئايلىنىش ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا ئىككىلەمچى ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ. بۇلارنى داۋالاش ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە يېزىلدى. لېكىن ئۇلارنى داۋالاش بىلەن بىرگە قىزىتمىنى داۋالاشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا قىزىتمىنى داۋالاشقا بويسۇنۇشقا تېگىشلىك چاقىرىقلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك.

ئىچىدىن قىزىتىپ، سىرتىدىن توڭلاش (ليفوريا): بۇ سەپرا خىلتىدىن بولغان قىزىتمىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بۇنىڭدا بەدەننىڭ ئىچكى قىسمى قىزىيدۇ. سىرتىدىن توڭلايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ نامى ليفوريا (يەنى ئىچىدىن قىزىتىپ، سىرتىدىن توڭلاش) دېيىلىدۇ. بۇ خىل قىزىتمىنىڭ ئالامىتى قىزىتما ھەمىشە بولىدۇ، لېكىن سەپرا خىلتىنىڭ تومۇرلار ئىچىدە چىرىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان تۇتقاقلىق قىزىتما (غەب) تۇتقانغا ئوخشاش قىزىتما ئۈچىنچى كۈنى كۆچىيىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سەپرا خىلتى غالىبلىقىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. بىمار ئىچىدىن قىزىپ، سىرتىدىن توڭلاپ تۇرىدۇ.

داۋالاش: «غەب غەيرە خالىسە» نى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش قىلىنسا بولىدۇ. سىركەنجۇبىنى گۈلقەنت بىلەن بېرىشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر.

ھوشسىزلاندۇرغۇچى قىزىتما (ھۇممى غشىيە): بۇمۇ سەپرا خىلتىدىن بولغان قىزىتمىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بۇ خىل قىزىتما ئايلىنىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا بۇ «ھوشسىزلاندۇرغۇچى قىزىتما» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنى داۋالاشتا ئايلىنىش (غشى) نى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش قىلىنسا بولىدۇ. قىزىتما تۇتقان ۋاقىتتا، ناننى لىمون سۈيىگە چىلاپ بىر قانچە لوقما يېگۈزۈپ قويۇلىدۇ.

3. بەلغەمى قىزىتما: ئەگەر بۇ خىل قىزىتمىنىڭ ماددىسى قان تومۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇفۇنەتلىنىش (چىرىش) نى پەيدا قىلغان بولسا «لەسقە» دېيىلىدۇ. ئەگەر بۇ ماددا شورلۇق بەلغەم خىلتى بولۇپ،

يۇرەك ۋە ئاشقازان ئەتراپىدىكى قان تومۇرلار ئىچىدە ئۇفۇنەتلىنىشنى پەيدا قىلسا، بۇنىمۇ كۆيدۈرگە قىزىتمىسى دەپ ئاتايدۇ. سەپرا خىلىتىدىن بولغان كۆيدۈرگە قىزىتمىسى بىلەن بەلغەم خىلىتىدىن بولغان كۆيدۈرگە قىزىتمىسىنى ھەر قايسى خىلىتلار غالىبلىقىغا خاس ئالامەتلەردىن پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ.

ئەگەر بەلغەم خىلىتىدىن بولغان قىزىتمىنىڭ كېسەللىك ماددىسى قان تومۇرلارنىڭ سىرتىدا چىرىشنى پەيدا قىلسا، ئۇ «ھۇممى نائىبە ۋە ھۇممى مۇۋازىبە» دېيىلىدۇ. بەلغەم خىلىتىنىڭ قان تومۇرلار ئىچىدە ئۇفۇنەتلىنىشىدىن كېلىپ چىققان بەلغىمى قىزىتما (ھۇممى لەسقە) دە ھەمىشە جۇغ-جۇغسىز قىزىتما بولىدۇ. گەرچە بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئارىلاپ يېنىكلەپ تۇرسىمۇ ئەمما بىمار قىزىتمىنىڭ يېنىكلىگەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ. بەلغەم خىلىتىنىڭ قان تومۇرلارنىڭ سىرتىدا چىرىشى (ئۇفۇنەتلىنىشى) سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قىزىتما (يەنى ھوممى نائىبە) دە ھەر كۈنى مەلۇم بىر ۋاقىتتا يېنىكلەيدۇ ۋە بەدەندە بەلغەم خىلتى غالىبلىقىنىڭ باشقا ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. لېكىن بەلغىمى قىزىتما شورلۇق بەلغەمدىن بولغان بولسا، قىزىش تېپىكرەك بولىدۇ. ئەمما مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ خىل قىزىتمىنىڭ دەرىجىسىدىن سەپرا خىلىتىدىن بولغان قىزىتمىنىڭ دەرىجىسى تۆۋەن بولىدۇ.

بەلغىمى قىزىتمىنىڭ شورلۇق بەلغەم خىلىتىدىن بولغىنىنىڭ ئالامىتى قىزىتما تولغىلاپ تىترەش بىلەن باشلىنىدۇ. بۇنىڭدا تولغىلاش ۋە جۇغ-جۇغ نىسبەتەن كەم بولىدۇ. شېشىسىمان بەلغەم خىلىتىدىن بولغان تىپنىڭ ئالامىتى جۇغ-جۇغ ئۆتكۈر بولىدۇ. چۈچۈمەل بەلغەم خىلىتىدىن بولغان تىپىدە سوغۇققا تولغىلاش بولىدۇ. تاتلىق بەلغەم خىلىتىدىن بولغان تىپىدە سوغۇققا تولغىلاش نىسبەتەن كەمرەك بولىدۇ. كۆپىنچە بىر قانچە كۈنگىچە جۇغ-جۇغ، تولغىلاپ تىترەش ئالامەتلىرى تامامەن بولمايدۇ.

داۋالاش: بىر ھەپتىگىچە تەركىبىگە زۇفا چۈشكەن سىركەنجىۋىل ھەسىلى ياكى مائۇلھەسەل، ئازراق بەدىيان ۋە نوقۇت سېلىپ تەييارلانغان ئارپا ئېشى ئىستېمال قىلىنىدۇ. سىركەنجىۋىل ياكى گۈلقەنت قىزىلگۈل

ئەرەقى بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن قىزىتما تۇتقان ۋاقىتتا، سىركەنجۇبىل ۋە ئىسسىق سۇنى كۆپرەك ئىچۈرۈپ قۇستۇرۇلىدۇ. كېسەللىك ماددىسى قۇسۇش ئارقىلىق ئاسانلا چىقىپ كەتسە ياخشى ئەمما قۇسۇش پەيدا بولمىسا، زورمۇ زور قۇستۇرماسلىق لازىم ھەمدە بىمارغا ئارىلاپ-ئارىلاپ رۇم بەدىيانىنى سوقۇپ، گۈلقەنتكە قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش ۋە پىنىنىنى مەستىكى بىلەن قوشۇپ چايناپ بېرىشمۇ كۆپ مەنپەئەتلىكتۇر. كېسەللىك ماددىسىنى تولۇق پىشۇرغاندىن كېيىن سۈرگە بېرىشكە بولىدۇ. ئەگەر قەۋزىيەت بولسا، ئۇنى يوقىتىش مەقسىتىدە ئەتىگەن ۋە كەچتە ئېھتىياجغا مۇۋاپىق داۋائى تۇربۇت (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) بېرىلسە ۋە ئەتىگەنلىكى 18g ئەتراپىدا قىزىلگۈل گۈلقەنتى بېرىپ، ئۈستىدىن 36ml سىركەنجۇبىل ھەسەلى بېرىلسە بولىدۇ.

ئەگەر سۈيدۈك قويۇق ھەم رەڭلىك بولسا، قان ئېلىشقا بولىدۇ. مىڭە ئاجىزلىقى بولسا، سىركەنجۇبىللەرنى بەرمەسلىك كېرەك. ئومۇمىي بەدەنلىك تازىلاش (ئىستىفراغ) قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قۇرسى گۈل (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) ئىستېمال قىلدۇرۇش ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. ئەگەر جۇۋىنەنى سوقۇپ، تاسقاپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، 10g مىقداردا ئىستېمال قىلىپ بەرسە، توڭلاپ تىترەپ بەدىنى تەستە ئىسسىيدىغان سوزۇلما خاراكتېرلىك بەلغەمى قىزىتمىنى قايتۇرىدۇ. ئوخشاشلا غارىقۇندىن 4g نى ھەسەلگە قوشۇپ، ئىستېمال قىلدۇرۇشمۇ مۇشۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ماددىنىڭ قان تومۇرلار ئىچىدە ئۇفۇنەتلىنىپ قېلىشىدىن بولغان بەلغەمى قىزىتما (لەسقە) دە پىشۇرغۇچى (مۇنزىج)، ماددىنى لەتىفلاشتۇرغۇچى (يۇمشاتقۇچى) دورىلارنى بېرىشكە بەك كۆچىمەسلىك لازىم. ئەمما كېسەللىك ماددىسى قان تومۇرلارنىڭ سىرتىدا ئۇفۇنەتلىنىپ قېلىشى (چىرىشى) دىن بولغان بەلغەمى قىزىتما (نائىبە) دە قىزىتمىغا باش ئاغرىقى ۋە مىڭە ئاجىزلىقى قوشۇلۇپ كەلسە، پىشۇرغۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى دورىلارنى ئاساس قىلىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

ئىچىدىن توڭلاپ، سىرتى قىزىش (ئىنفىيالۇس) : بۇ بەلغەمى قىزىتمىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بۇنىڭدا بىمار بەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمى توڭلاپ،

سىرتقى قىسمى قىزىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ «ئىچىدىن توڭلاپ، سىرتىدىن قىزىيدىغان قىزىتما» (ھۆممى ئىنفيالوس) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەكسىچە بىمار بەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمى توڭلاۋاتقانلىقىنى، سىرتقى تەرىپى قىزىۋاتقانلىقىنى ئېيتسا، بۇ «ئىچىدىن قىزىپ، سىرتىدىن توڭلاش قىزىتمىسى» (ھۆممى لىيفورىيا) دېيىلىدۇ. ئىچىدىن توڭلاپ، سىرتىدىن قىزىش كۆپىنچە بەلغەم خىلتىنىڭ قان تومۇرلارنىڭ سىرتىدا ئۇفۇنەتلىنىپ قىلىشىدا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بۇنى داۋالاش ئۇسۇلى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى.

ئەسكەرتىش: بەزىدە ئىچىدىن قىزىپ، سىرتىدىن توڭلايدىغان قىزىتما خۇددى سەپرا خىلتىدىن بولغان قىزىتمىلارنىڭ قاتارىدا بايان قىلىنىپ ئۆتكىنىگە ئوخشاش سەپرا خىلتىدىن پەيدا بولىدۇ.

4. سەۋدا خىلتىدىن بولغان قىزىتما: سەۋدا خىلتىدىن بولغان قىزىتمىنىڭ ماددىسى ئەگەر قان تومۇرلارنىڭ ئىچىدە ئۇفۇنەتلىنىشنى پەيدا قىلسا «تۆت كۈن قىزىيدىغان قىزىتما» (روبئى لازىم) دېيىلىدۇ. بۇ خىلدىكى سەۋدا خىلتىدىن بولغان قىزىتمىنىڭ ئالامىتى: قىزىتما ھەمىشە بولىدۇ، ئەمما قىزىتما ئىككىنچى كۈنى نىسبەتەن يېنىكلەپ يەنە كۈچىيىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى قان تومۇرلارنىڭ سىرتىدا چىرىگەن بولسا «رۇبئى دائىرە» دېيىلىدۇ. بۇ خىل قىزىتما «ئارىلاپ تۆت كۈن قىزىيدىغان قىزىتما» (رۇبئى دائىرە) دېيىلىدۇ. بۇ خىل قىزىتما ئىككى كۈن ئارىلاپ، يەنە تۆت كۈن قىزىيدۇ. چۈنكى قىزىتما قايسى كۈنى كۈچەيگەن بولسا، ئارىدىن تۆت كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، يەنە شۇ كۈنى پەسىيىپ ئىككى كۈن قىزىمايدۇ، ئەتىسى ئوخشاشلا قىزىيدۇ. شۇڭا بۇ خىل قىزىتما ئارىلاپ تۆت كۈن قىزىيدىغان قىزىتما (ھوممائى روبئى) دېيىلىدۇ. سەۋدا خىلتىدىن بولغان قىزىتمىنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭ نامىمۇ قىزىتمىنىڭ يۇقىرىلىغان ۋە چۈشكەن كۈنلىرىنىڭ سانى ئېتىبارى بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «بەش كۈنلۈك قىزىتما» (خەمىسىن)، «ئالتە كۈنلۈك قىزىتما» (سادىسە)، «يەتتە كۈنلۈك قىزىتـما» (سەبـئى)، «سەككىز كۈنلۈك قىزىتما» (سەمـەن)، «توققۇز كۈنلۈك قىزىتما» (نەسىئ)، «ئون كۈنلۈك قىزىتما» (ئەشەرە)

دېگەنلەرگە ئوخشاش. گەرچە سەۋدا خىلتىدىن بولغان قىزىتمىنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن قىسىملىرى بولسىمۇ، ئەمما «تۆت كۈنلۈك قىزىتما» (روبئى) باشقا تۈرلىرىگە نىسبەتەن كۆپ ئۇچرايدۇ. تۆت كۈنلۈك قىزىتما ئىككى خىل ھالەتتە ئۇچرايدۇ. بىرى تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشىدىن كېلىپ چىققىنى بولۇپ، بۇنىڭدا بىمارنىڭ تومۇرى ئىنچىكە بولىدۇ. قىزىتما پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى سەۋدا خىلتىنى تۇغۇلدۇرغۇچى نەرسىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلغانلىق تارىخى بولىدۇ. يەنە بىرى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولدىكى، ئەگەر بىرەر خىلت كۆپەيسە ئۇ نورمالسىز سەۋدا خىلتىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشىدىن بولغان تۆت كۈنلۈك قىزىتما ياكى قان خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن (دەمەۋىي) ياكى سەپرا خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن (سەپراۋىي)، سەۋدا خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن (سەۋداۋىي) بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا قايسى خىلت غالىبلىقىنىڭ ئالامىتى بىلەن سەۋدا غالىبلىق ئالامىتى تېپىلسا، ئۇنى شۇ خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن بولۇپتۇ دەپ تونۇسا بولىدۇ. سەپرا خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن بولغان تۆت كۈنلۈك قىزىتمىدا بەدەن تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، تېزدىن پەسىيىپ قالىدۇ. شۇنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىمكى «تۆت كۈنلۈك قىزىتما» (تەپ روبئى) سوزۇلما كېسەللىكلەردىن بولغاچقا ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ. ھەتتا بەش، ئالتە قېتىم نۆۋەتلىشىپ تۇتقاندىن كېيىن يوقىلىشىمۇ، يەنە قايتا تۇتۇشىمۇ مۇمكىن.

داۋالاش: تۆت كۈنلۈك قىزىتمىنىڭ ھەممە تۈرىنى داۋالاشتىكى ئورتاق تەدبىر قىزىتما تۇتقان ۋاقىتتا، بولۇپمۇ قىزىتما تۇتقان تۈنجى كۈنى بىمار يېمەك-ئىچمەكتىن، بولۇپمۇ سوغۇق سۇ ئىچىشتىن قەتئىي چەكلىنىدۇ ھەمدە ھۆل مېۋىلەر، يەل قوزغىغۇچى قۇرۇق ئىسسىق ھەمدە ئاسان چىرىشنى پەيدا قىلغۇچى ئەشيالار مەسىلەن: سۈت، قېتىق، ئۈزۈم ۋە باشقىلارنى ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇش، ئىمكانقەدەر ماددىنى پىشۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك. غىزالاردىن بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى

غىزائى داۋائىلاردىن ئەنجۈر مۇرابباسى، مېغىزلاردىن تەييارلانغان ھالۋىلار بېرىلسە بولىدۇ. مۇنزىج بېرىپ، ماددا پىشقاندىن كېيىن، مۇناسىپ مۇسھىل بېرىلىپ، تەكرار تەنقىيە قىلىنىدۇ. قان خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن بولغان قىزىتمىدا قىزىتما 3～2 قېتىم تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن قان ئېلىنىدۇ. باشقا خىلتلارنىڭ كۆيۈشىدىن بولغان تىپىدىمۇ مۇنزىج بېرىپ، ماددا پىشقاندىن كېيىن قان ئېلىشقا بولىدۇ. لېكىن سەپرا خىلتىنىڭ كۆيۈشىدىن بولغان تىپىدە ئەگەر قان شوخ قىزىل ۋە سۇزۇك چىقسا قان ئالماسلىق لازىم. چۈنكى بۇ خىل قىزىتما ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ. شۇڭا بەدەن قۇۋۋىتىنى كېمەيتىشكە بولمايدۇ. شۇڭا بىمارنى قاتتىق پەرھىز قىلدۇرۇپمۇ كەتمەسلىك لازىم. ھەر ئاينىڭ بېشىدا ئۇسەيلىم تومۇردىن قان ئېلىش ۋە قاننى ئاز مىقداردا ئېلىش ھەمدە كېسەل تۇتىدىغان كۈنى 3 سائەت ئىلگىرى تال ساھەسىگە ئۈتلۈق ھىجامەت قويۇپ، ئوبدان شۇمۇرتۇش ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

ئەسكەرتىش: مۇرەككەپ قىزىتمىلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەپرا خىلتى تەركىبىگە ئاز مىقداردا بەلغەم خىلتى قوشۇلۇپ كېلىپ چىققان سەپراۋىي قىزىتما «شەترەل غەب» ۋە سەپرا خىلتى تەركىبىگە تەڭ نىسبەتتە بەلغەم خىلتى قوشۇلۇشىدىن بولغان سەپراۋىي قىزىتما «غەب غەيرىي خالىسە» دىن باشقىلىرىنىڭ مەخسۇس نامى يوق. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىش تەرتىپسىز تۇتىدىغانلىرى «تەرتىپسىز قىزىتما ياكى ئارىلاشما قىزىتما» (مۇختەلت) دېيىلىدۇ.

مۇرەككەپ قىزىتمىلار تەركىب جەھەتتىن ئۈچ خىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى، بەدەندە بىر خىل قىزىتما يوقىماي تۇرۇپ، ئىككىنچى بىر خىل قىزىتما قوشۇلۇپ يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل مۇرەككەپ قىزىتما «مودالىخە» دېيىلىدۇ. ئىككىنچىسى، بىر خىل قىزىتمىنىڭ يوقىلىشىغا ئىككىنچى خىل قىزىتما پەيدا بولۇپ يۈز بېرىدۇ، مۇرەككەپ قىزىتمىنىڭ بۇ تۈرى موبادىلە دېيىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئىككى خىل قىزىتما بىرلا ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ. مەيلى ئۇلارنىڭ بىرسى يۈز بەرسۇن ياكى تۆۋەنلىسۇن ئۇ «موشارىكە ياكى موشابىكە» دېيىلىدۇ. بۇ خىل قىزىتمىلارنى داۋالاشتا قاتتىق ئىنچىكە-

لىك بىلەن قىزىتمىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، قايسى خىل ماددا غالىب بولسا، ئۇنى يوقىتىشنىڭ تەدبىرلىرىنى قىلىش لازىم.

## جۆدەتكۈچى قىزىتما

جۆدەتكۈچى قىزىتمىدا غەيرىي تەبىئىي هارارەت رەئىس ئەزالار، جۆملىدىن يۈرەكتە هاسىل بولىدۇ ھەمدە بەدەنىنىڭ تەبىئىي هۆللۈكىنى كېمەيتىشكە باشلايدۇ. ئەگەر بۇ خىل قىزىتما تۆۋەن دەرىجىدە داۋاملاشسا، ئۇ پەقەتلا «جۆدەتكۈچى قىزىتما» (دىق) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئىككىنچى دەرىجىگە يېتىپ بېرىپ، ئەزالارنى (ئەزالاردىكى ماينى) ئېرىتىشكە باشلىسا، «ئەزالارنى ئېرىتكۈچى قىزىتما» (زەبول) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئىككىنچى دەرىجىدىنمۇ هالقىپ كەتسە، بۇ ۋاقىتتا چاچ چۈشۈشكە باشلايدۇ. بۇنى «پارچىلىغۇچى (موپەتتىن)، قورۇتقۇچى (مۇهەششىق) قىزىتما» دەپ ئاتايمىز. جۆدەتكۈچى قىزىتما بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، داۋالاش ناهايىتى تەس بولىدۇ.

كېسەللىك ئالامىتى: ئادەتتىكى جۆدەتكۈچى قىزىتمىدا يېنىك دەرىجىدىكى قىزىتما ھەمىشە بولىدۇ، تاماق يېگەندىن كېيىن كۆچىيىدۇ، بىمارنىڭ تومۇرى قاتتىق ئاجىز ۋە ئارقا-ئارقىدىن سالىدۇ. تاماق يېگەندىن تومۇر نىسبەتەن كۆچىيىپ، قولغا توم ئۇرۇنىدۇ. سۈيدۈكتە يات ماددىلار بولىدۇ.

داۋالاش: بىمارنى هاۋاسى هۆل سوغۇق بولغان ئورۇنلارغا يۆتكەپ، هۆل سوغۇق غىزالار ۋە دورىلار ئارقىلىق بەدەنگە هۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. ئېشەكنىڭ سۈتى، قېتىق سۈزمىسى قاتارلىقلار بۇ خىل قىزىتمىغا، بولۇپمۇ بۇ خىل قىزىتمىغا باشقا بىر خىل قىزىتما قوشۇلۇپ كەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ناهايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. سۈت ۋە قېتىق سۈزمىسى ئىچىش ئۇسۇلى ۋە ئىچىش مىقدارى بىمارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق بولسا بولىدۇ. بۇ كېسەلدە ئىمكانقەدەر بەدەنگە هۆللۈك يەتكۈزۈشكە رىئايە قىلىش بىلەن بىرگە، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەشكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئەگەر رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىسا (قىزىتما نىسبەتەن ئېغىر بولۇپ، قۇۋۋەت دورىلىرى قىزىتمىنى يۇقىرىلىتىۋەتسە)،

ئىچى سۈرۈپ قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم، بىمارغا مائۇللەھمى (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) ھەممىدىن مۇۋاپىق كېلىدۇ.

بىلىش لازىمكى: جۇدەتكۇچى قىزىتمىغا ئوخشايدىغان بىر خىل كېسەل بولۇپ، ئۇنى تېۋىپلار «ياشانغانلاردىكى جۇدەتكۇچى قىزىتما (دىققۇششەيخۇخەت)» دەپ ئاتايدۇ. بۇ خىل قىزىتما بىلەن ئاغرىغۇچىنىڭ ئەھۋالى قېرى كىشىلەر ھەتتا قېرى كىشىلەرنىڭكىدىنمۇ ئۆتە ئاجىزلاپ كەتكەن بولىدۇ، ئەمما بىماردا قىزىش بولمايدۇ. بۇ كېسەل كۆپرەك قېرىغان كىشىلەردە كۆرۈلىدۇ. ياشلاردا بالىلاردا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى قىزىتمىلىق كېسەللىكلەردە ھەددىدىن زىيادە سوغۇقلۇق قىلىش ياكى جىسمانىي ئەمگەكتىن كېيىن سوغۇق سۇ ئىچىش ۋە باشقا سەۋەبلەردىن يۈرەككە زىيادە سوغۇق يەتكەندىن بولىدۇ. بۇ كېسەلنى داۋالاشتا ھۆل ئىسسىق ئەشيالار بىلەن يۈرەكنىڭ مىزاجىنى تەڭشەش كېرەك. لېكىن ھۆل ئىسسىق ئەشيالارنى ھەددىدىن زىيادە بېرىشكىمۇ بولمايدۇ. بىمارغا ئارىلاپ ھەسەل يالىتىپ بېرىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىك. بۇ كېسەل سوزۇلما بولىۋالسا كېيىن ئۇنى يوقاتماق ناھايىتى تەس. يۈرەكنىڭ ھارارىتى پەۋقۇلئاددا تۆۋەنلەپ، بىمارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جىددىي تەدبىر قوللىنىش لازىم. ئالتۇن ۋاراق بۇ كېسەلگە ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر. بولۇپمۇ ئالتۇن ۋاراقنى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ بەرگەندە، ئۇنۇمى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھەسەل سۈيى ياكى شېكەر سۈيىمۇ، مائۇللەھمى (گۆش سۈيى) ۋە توخۇنىڭ سىرىقىمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

## چېچەك ۋە قىزىل قىزىتمىسى

كېسەللىك ئالامىتى: بىمار قاتتىق بىئارام بولىدۇ. بۇرنىدا قىچىشىش بولىدۇ، كۆزى ياشاڭغۇرايدۇ، ئۇخلاۋېتىپ قورقۇپ ئويغىنىدۇ، كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىدۇ، باشتا ئاغرىش ۋە ئېغىرلىق بولىدۇ ھەممە پۈتۈن بەدەن ئېغىر سېزىلىدۇ. قىزىلدا چېچەك قىزىتمىسىغا نىسبەتەن بىئاراملىق كۆپرەك، ئاغرىش كەمرەك بولىدۇ.

داۋالاش: چېچەك ۋە قىزىل چىقىشتىن ئىلگىرى باسلىق ياكى ئوكھەل ياكى قىيپال تومۇردىن قان ئېلىپ قان كېمەيتىلىدۇ. چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىپ راۋانلاشتۇرغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. چىلان شەربىتى (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) ئۈزۈلدۈرمەي بېرىلىدۇ. ئەمما قىزىل ياكى چېچەك ئەسۋىلىرى چىقىپ بولغاندىن كېيىن، تەنقىيە قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. بەلكى بۇ چاغدا بىمارغا يۇمشاق، قېلىن كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، ئىسسىق ساقلاش، سوغۇق سۇ ئاز-ئازدىن ئىچۈرۈپ قويۇلىدۇ. قىچىنى بىمار ياتقان كۆرپىنىڭ ئۈستىگە سېپىپ بەرسىمۇ ياكى ئۇنى قايىنىتىپ، بىمارنى رەخت بىلەن ئوراپ تۇرۇپ، دورا قايىنىتىلمىسىدا ھورلاندۇرۇشمۇ مەنپەئەتلىك.

## ۋابا قىزىتمىسى

بۇ بىر خەتەرلىك قىزىتما بولۇپ، ۋابا كېسىلى تارقالغان ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش: تاكى چۇما (تائۇن) ئەسۋىلىرى بەدەندە پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئومۇمىي بەدەننى تەنقىيە قىلىش ۋە ماددىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. يۈرەك ۋە مېڭە قۇۋۋەتلەندۈرۈلىدۇ. ئەسۋىلەر چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئەسۋىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

# يىگىرمە بەشىنچى باب مۇدۇر، چاقىلار

كىچىك ئىششىق مۇدۇر دەپ ئاتىلىدۇ. مۇدۇرنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ھەر بىرسىنىڭ ئايرىم-ئايرىم نامى بار. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

## قان خىلتىدىن بولغان ئىششىق

بۇ قان خىلتىدىن بولغان ئىششىق قاتتىق، بەك يوغان بولىدۇ، ئاغرىش ۋە لوقۇلداش ئېغىر بولىدۇ. ئۇنى داۋالاشتا ئىششىق بار تەرەپنىڭ قارشىسىدىكى باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. دەسلەپتە كېسەللىك ماددىسىنى قايتۇرغۇچى دورىلار مەسىلەن: سەندەل، پوپەل، گىل ئەرمىنى، مامىشا، ئاقاقىيا، قىزىلگۈل، كاسىنە ئۇرۇقى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا دورىلاردىن زىماد تەييارلاپ چاپلىنىدۇ. ئىششىق تەرەققىي قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئازراق بوشاشتۇرغۇچى دورىلار مەسىلەن: ئارپىنىڭ ئۇنى، كۆك يۇمغاقسۇت، ئاق لەيلىگۈلى، ھەمىشباھار گۈلى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دورىلار يەرلىك ئورۇنغا چاپلىنىدۇ. ساقىيىشقا قاراپ ماڭغاندا پەقەت ئىششىق قايتۇرغۇچى دورىلاردىن بابۇنە، ئىكلىلىمىلىك، زىغىر ئۇرۇقى، شۇمشا ئۇرۇقى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك ماددىسى تارقىمىسا ھەممە يېرىڭ يىغىلىشقا باشلىسا، ئىششىق ماددىسىنى پىشۇرغۇچى دورىلاردىن ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى، ئەنجۈر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش دورىلار چاپلىنىدۇ. ئەگەر ئىششىقنىڭ ماددىسى پىشىپ، ئۆزلۈكىدىن ئېغىز ئالسا بەك ياخشى، ئۇنداق بولمىسا ئىششىقنى ئېغىز ئالدۇرغۇچى نەرسىلەر مەسىلەن: كەپتەر مايىقى، ئوشەق قاتارلىقلاردىن زىمات تەييارلاپ، چاپلاپ ياكى نەشتەر بىلەن تىلىپ ئېغىز ئالدۇرۇلىدۇ. قان ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئارقا تەرەتنى يۇمشىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا، مېۋە سۇلىرىدىن

تەييارلانغان يۇمشاتقۇچى (مۇلەييىنات) لار بىلەن چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىپ راۋانلاشتۇرسا بولىدۇ.

ئىزاھات: ياللۇغنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى داۋالاشتا زۆرۈر بولغان قائىدىلەر بايان قىلىنىپ ئۆتكەن بولسىمۇ ئەمما قولاقنىڭ ئارقىسى ۋە يوتا قىسمىدىكى ئىششىقلاردا ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. چۈنكى بۇ ئورۇندىكى ئىششىقنىڭ ماددىسى رەئىس ئەزالاردىن مۇشۇ ئورۇنلارغا (تەبىئەتنىڭ كۈچىنىڭ ياردىمىدە) ھەيدەلگەن بولۇپ، ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن ماددىنىڭ رەئىس ئەزالارغا قايتا بېرىۋېلىشىنىڭ خەتىرى بار. شۇڭا بۇ ئورۇندىكى ئىششىقلاردا ماددىنى قايتۇرغۇچىلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## گانگرېنا

بۇ بىر خىل ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە نابۇت قىلغۇچى ئىششىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ نابۇت قىلىش تەسىرى بىلەن ئەزالارنى بۇزۇپ (ئۆلتۈرۈپ)، ئۇنى قارا، بۇزۇلغان جىسىمغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

داۋالاش: ئەزالار قارىداشتىن ئىلگىرى يەرلىك ئورۇنغا لوڭقا قويۇپ ئوبدان شۈمۈرۈلىدۇ. شۇ ئەزانىڭ ئۆزىدىن قان ئېلىنىدۇ. قان ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، تەنكار تالقىنىنى سىركەنجۇبىلگە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. ئەمما ئەزالار ئاللىقاچان قارىداشقا باشلىغان بولسا، ئۇنى تېزدىن كېچىكتۈرمەي، كېسىپ تاشلاش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، بۇزۇق ماددىنىڭ ئىككىنچى بىر ئەزاغا كۆچۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئەگەر كېسەللەنگەن ئەزا كېسىپ تاشلاشقا ماس كەلمىسە، ئۇنىڭ ئەتراپى داغلىنىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى «گانگرېنا» دەپمۇ ئاتايدۇ.

## قىزىل يەل

بۇ سەپرا خىلتىدىن بولىدىغان ئىششىق بولۇپ، پارس تىلىدا «سۇرۇخ بادە» (قىزىل يەل) دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ ماددىسى خاس سەپرا خىلتىدىنلا بولسا «ھومدە خالىسە» دەپ ئاتىلىدۇ. خاس سەپرا خىلتىدىن بولغان تاشمىنىڭ رەڭگى سېرىق، پارقىراق بولۇپ، كۆيۈشۈش

بىلەن بولىدۇ. بىر ئەزادىن ئىككىنچى بىر ئەزاغا تېزدىن تارقايدۇ. ئەگەر سەپرا خىلتى تەركىبىگە قان خىلتى قوشۇلۇپ كەلگەن بولسا، تاشمىنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ. كۆيۈشۈش بولمايدۇ. بىر ئــەزادىن يــەنە بىر ئەزاغــا ئاســانلىقــچە يۆتــكەلمەيدۇ.

داۋالاش: قىزىل يەل كېسىلى خاس سەپرا خىلتىدىن بولغان ئەھۋال ئاستىدا سەپرا خىلتى تەنقىيە قىلىنىدۇ ھەمدە ھەر ۋاقىت ھۆل سوغۇق دورىلار چېپىلىدۇ. سەپرا خىلتى تەركىبىگە قان خىلتى قوشۇلۇشتىن يەلتاشما بولغان بولسا، ئالدى بىلەن قان ئېلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن سەپرا خىلتى تەنقىيە قىلىنىدۇ. قاندىن بولغان ئىششىقنى داۋالاشتىكى قائىدىلەر بويىچە زۆرۈر كەلسە، قاندىن بولغان ئىششىققا ئىشلىتىلگەن زىمادلار چېپىلىسىمۇ بولىدۇ.

## كۆيدۈرگە كېسىلى

بۇ كېسەلنى پارس تىلىدا ئاتەشەك (يەنى كۆيدۈرگە) دەپ ئاتايدۇ. بۇ قىزىل رەڭلىك ئۇششاق قاپارتمىلار بولۇپ، ئاغرىش ناھايىتى شىددەتلىك، گويا ئوتتا كۆيگەندەك بولىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ «كۆيدۈرگە» دەپ ئاتالغان.

داۋالاش: سەپرا خىلتى تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئەگەر قان خىلتى غالىب بولسا، قان ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. بەزى تېۋىپلار بۇ كېسەلدە قاننى بىمار ئايلىنىپ كەتكىچە ئېلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇندىن باشقا سىركىنىڭ لېيىنى خونسياۋشانغا تۆكۈپ، قاينىغاندا ئايرىپ ئېلىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا كاپۇر ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا چېپىلىدۇ. بۇ كۆيدۈرگە ئۈچۈن مەخسۇس چېپىلما بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا گىل ئەرمىنى ياكى مىلتان مېغىزىنى سوقۇپ قوشۇۋېتىلسە، تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

## بەلباغسىمان قوقاق

بۇ بىر ياكى بىر قانچە مۇدۇر بولۇپ، ناھايىتى قاتتىق كۆيۈشۈش، ئېچىشىش بولىدۇ. بۇنىڭدا چۈمۈلە چاققاندەك كۆيۈشىدىغان بولغاچقا «چۈمۈلە چاققاندەك ئېچىشىش» (نەملە) دېگەن نام بېرىلگەن. مۇدۇرلار

بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكىلىدۇ. ئەگەر كېسەلنىڭ ماددىسى خاس سەپرا خىلتى بولسا «نەملە سادىجە» دېيىلىدۇ. بۇ پەقەت تېرە يۈزىدىلا كۆرۈلىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەل سەپرا خىلتى بىلەن قان خىلتىنىڭ قوشۇلۇ-شىدىن بولسا «تەملە مۇتەئەككىلە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تېرە ھەم مۇسكۇللارغا قەدەر تەسىر قىلغان بولىدۇ.

داۋالاش: سەۋەبكە مۇۋاپىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. كۆيدۈرگە كېسىلىگە ئىشلىتىلىدىغان زىماتلار بۇ كېسەل ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. يەرلىك ئورۇنغا ئوفۇنەتنى يوقاتقۇچى زىماتلار چېپىلسا بولىدۇ. ئەگەر يارا شەكىللەنگەن بولسا، ئۇپا مەلھىمى (مەلھىمى سەپىدە) نى چېپىپ، داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

## يىرىڭلىق مۇدۇر

بۇ تېرىق چوڭلۇقىدىكى ئۇششاق مۇدۇرلار بولۇپ، بۇنىڭ ئۇچى ئاق، تۈۋى قىزىل بولىدۇ. بەدەننىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلىرىدا پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش: سەپرا ۋە بەلغەم خىلتىنى تەنقىيە قىلىنىدۇ، ئانارنىڭ پوستىنى قىزىلگۈل ئەرەقىدە ئېزىپ، ئازراق سىركە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، قان ئېلىشقا بولىدۇ.

## يالغان كۆيۈك

بۇ سۇيۇق سۇ بىلەن تولغان قاپارتمىلار بولۇپ، بۇنىڭدا كۆيۈشۈش ۋە قىچىشىش ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. قاپارتمىلار چىقىپ بولغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا قاقاچ باغلايدۇ. قايسى ئورۇندا قاپارتما پەيدا بولسا، قاپارتما چىقىشتىن ئىلگىرى يەرلىك ئورۇندا قىزىل توز پېيى شەكلىدە داغلار ئېپادىلىنىپ، ئاندىن كېيىن قاپارتمىلار چىقىدۇ. بەزىلەر بۇ كېسەلنىمۇ «ئاتەشەك» (كۆيدۈرگە) ۋە بەزىلەر «جەمرە» (كۆيدۈرگە) دەپ ئاتىدى.

داۋالاش: قان ئېلىنىدۇ. سەپرا خىلتى تەنقىيە قىلىنىدۇ. مەدەستاننى قىزىلگۈل ئەرەقىدە ياكى موزىنى سىركىدە ئېزىپ، يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلىنىدۇ.

## سۇلۇق قاپارتما

چوڭ مۇدۇرلار بولۇپ، قاپارتمىلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ كۆيۈپ قېلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. كۆپىنچە سۇيۇق سۇ يىغىلىۋالغان بولىدۇ. لېكىن بەزىدە ئۇنىڭ ئىچىدە سۇيۇق قان يىغىلغان بولىدۇ، بەزىلىرىدە قويۇق يەلدىن باشقا ھېچنەرسە بولمايدۇ. بۇ خىل ھالەت «ھاۋالىق پۇۋەكچە» (نۇفاخات) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

داۋالاش: قان ئېلىنىدۇ. قان خىلتتى قويۇلدۇرۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. قاپارتما ئىچىگە تولۇق سۇ يىغىلىپ بولغاندا يىڭنە بىلەن تېشىپ، سۇيى ئېقىتىۋېتىلىدۇ. ئۈستىدىن سوغۇق دورىلار چېپىلىدۇ.

## يەلتاشما

بۇ قىزىلغا مايىل ياپىلاق مۇدۇرلار بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى كىچىك، بەزىلىرى يوغان بولىدۇ. كۆپىنچە تۇيۇقسىز چىقىدۇ. ئۇلاردا قىچىشىش ۋە يېقىمسىزلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن ھۆللۈك سىرغىپ چىقسا «دۇلەم» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆپىنچە بۇ كېسەل قان خىلتىدىن بولىدۇ. بەزىدە بەلغەم خىلتىدىنمۇ بولىدۇ. قايسى خىلتتىن بولسا، شۇ خىلت غالىبلىققا ئالاقىدار ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش: قان خىلتىدىن بولغان يەلتاشمىنى داۋالاشتا قان ئېلىنىدۇ ۋە سۇرگە دورىلىرى بېرىلىدۇ. ئۈزۈم سىركىسى، قىزىلگۈل ئەرەقى ۋە گۈل يېغى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا چېپىلىدۇ. بەلغەم خىلتىدىن بولغان يەلتاشمىنى داۋالاشتا بەلغەم خىلتى تەنقىيە قىلىنىدۇ ۋە بەلغەم خىلتىنى كېمەيتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. بەلغەم خىلتىدىن بولغان يەلتاشمىنى بەزى تېۋىپلار «كەچلىك ئەسۋە» (ئەناتۇل لەيلى) دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى بەلغەم خىلتىدىن بولغان يەلتاشما كېچىدە كۆچىيىپ، كۈندۈزى يوقاپ كېتىدۇ.

## تىلما

تىلما ـ سەپرا ۋە قان خىلتىدىن بولىدىغان، چىرايدا پەيدا بولىدىغان

ياللۇغدىن ئىبارەت.

كېسەللىك ئالامىتى: بىمارنىڭ چىرايى ناھايىتى قىزىرىپ كېتىدۇ، ئاغرىش ۋە چىڭقىلىش بولىدۇ. باش، قۇلاق، بۇرۇن، مەڭىز ۋە پېشانە ساھەسىنىڭ تېرىسى كۆپۈپ قالغان بولىدۇ.

داۋالاش: قان ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قان كۆپرەك چىقىرىۋېتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن كېسەللىك ماددىسىنى يۇمشىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ماددىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن بىمارنىڭ گال، كۆكرەك ساھەسىگە سوغۇق دورىلار چېپىلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا كېسەللىك ماددىسىنىڭ چىرايدىن كۆكرەك ساھەسىگە قۇيۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ ھەمدە چىلاندىن يىگىرمە دانىنى قاينىتىپ، سىركەنجۇبىل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈش-مۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

## چۇما كېسىلى

چۇما – كۆپىنچە ۋابا كۆللىرى پەيدا بولىدىغان بىر خىل ياللۇغ بولۇپ، ھەمىشە ناھايىتى قاتتىق كۆيۈشۈش بولىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى قىزىل ياكى سېرىق كۆكۈش ياكى يېشىل ۋە ياكى قارا بولىدۇ. ئۇلار بىر بىرىدىن تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

داۋالاش: يۈرەك ۋە مېڭىگە سوغۇقلۇق قىلىنىدۇ ۋە كۈچلەندۈرۈلىدۇ. پەقەت ياللۇغلانغان ئورۇننى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا سوغۇق تەبىئەتلىك چېپىلمىلار چېپىلىدۇ. خاس ياللۇغ بار ئورۇن تىلىپ لوڭقا قويۇلىدۇ ياكى تىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇپ، بۇزۇق قان كۆپرەك چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئەگەر بەدەندە قان خىلتى غالىب بولسا، قان ئېلىشقا بولىدۇ. بولۇپمۇ قان ئېلىشتىن ئىلگىرى ياللۇغلانغان ئورۇن تىلىنىپ لوڭقا قويۇلسا، ئاندىن كېيىن قان ئېلىنسا، ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

## يىرىڭلىق بەز ياللۇغى

بۇ كېسەل قولتۇق، قۇلاقنىڭ ئارقىسى، يوتا قىسمىدىكى بەزلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ياللۇغ زەھەردىن خالىي بولغان بولىدۇ. ئەگەر

بىرەر ئەزا زەخىملەنگەن سەۋەبتىن بولغان بولسا، مەسىلەن: پۈت زەخىملەنگەن سەۋەبتىن يوتا قىسمىدىكى بەزلەردە ياللۇغ بولسا، بۇنى داۋالاشتا يەرلىك ئورۇنغا پارپىنى يۇمشاق ئېزىپ، قايناق سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ چېپىش كۇپايە قىلىدۇ. بۇنىڭدا تەنقىيە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەگەر يىرىڭلىق بەز ياللۇغى پەيدا قىلغان ماددا رەئىس ئەزالار تەبىئەت كۈچىنىڭ يۇقىرىقى ئورۇنلارغا ئىتتىرىشىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ياللۇغ بار ئورۇنغا بوشاشتۇرغۇچى زىماتلار چېپىلىدۇ ۋە باشقا ياللۇغلارنى داۋالىغانغا ئوخشاش دەسلەپتە ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلار قەتئىي ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەگەر ئىششىق پىششىقا قاراپ يۈزلەنسە، ئۇنى تولۇق پىشۇرۇش ۋە ئېغىز ئالدۇرۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

## گۆشخور چاقا

گۆشخور چاقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى گۆشنى تېزلىكتە يەپ ماڭىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر بىرەر ئەزادا ئەتىگەنلىكى پەيدا بولسا، كەچلىكى خىيارشەنبەر ئېتى (ھەرە كۆنىكسمان ئەت) گە ئوخشاش يامراپ ماڭىدۇ.

داۋالاش: گۆشخور چاقا بار ئورۇن داغلىنىدۇ. گىل ئەرمىنىنى سىركىگە قوشۇپ، گۆشخور چاقىنىڭ ئەتراپىغا چېپىلىدۇ. بەدەننى كېسەللىك ماددىسىدىن تازىلاش كېرەك. ئەمما تەنقىيەنى بەك ئاشۇرۇپ قىلىشقا بولمايدۇ. سىركە، سۇ ياكى شاراب بىلەن زەخىمە يۇيۇلىدۇ. ئەگەر بۇ خىل داۋالاش بىلەن ساقايمىسا، گۆشخور چاقا بار ئورۇن كۈنجۈت يېغى بىلەن داغلىنىدۇ. ياغ بىلەن داغلاش ئۇسۇلى مۇنداق: كۈنجۈت يېغىنى ئوبدان قىزىتىپ، گۆشخور چاقا بار ئورۇننىڭ ئەتراپىنى بۇغداي خېمىرى بىلەن ھالقا شەكىللىك ئوراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىزىتىلغان كۈنجۈت يېغى قويۇلىدۇ.

## چىبقان

چىبقان ھەممىگە تونۇشلۇق ياللۇغ بولۇپ، ئۇنى داۋالاشتا قان ۋە باشقا خىلتلار تەنقىيە قىلىنىدۇ. قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش

ئۈچۈن، سىركەنجىۋىللەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. دەسلەپتە 3 كۈنگىچە ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىپ، تۆتىنچى كۈنى ئىسپىغولنى تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن خېمىر قىلىپ، چىيقانغا چېپىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چىيقاننىڭ ماددىسى بىر ئورۇنغا يىغىلسا، پىشۇرغۇچى دورىلارنى چېپىپ پىشۇرغاندىن كېيىن، نەشتەر بىلەن تېشىپ، يىرىڭ ئېقتۇۋېتىلىدۇ. يىرىڭ-دىن پاكىز تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يارا ئېغىزىنى پىشۇرۇش تەدبىرلى-رى قوللىنىلىدۇ ھەمدە ئىششىقنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەلەكنى (بىر خىل پىلىم دورا) يۇمشاق ئېزىپ، يەرلىك ئورۇنغا زىماد قىلىنىدۇ ياكى بۇغداينىڭ ئۇنىغا ئازراق تۇز ۋە زىغىر يېغى ۋە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. چىيقاننى ئېغىز ئالدۇرۇش ئۈچۈن، ئازراق پاگى (خېمىرتۇرۇچ) غا ھەشقىپې-چەكنىڭ ئۇرۇقى، كەپتەرنىڭ مايىقى، ئۆچۈرۈلمىگەن ھاك ۋە تۇخۇم سېرىقى ۋە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ، زىمات تەييارلاپ چېپىلسا بولىدۇ. ئەمما شۇنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، دورا بىلەن ئېغىز ئالدۇرغاندىن نەشتەر بىلەن ئېغىز ئالدۇرغان ياخشىراق.

ئەسكەرتىش: قايسى كۈنى چىيقان چىققانلىقى ئاشكارا بولسا، دەرھال سۇ كۆرمىگەن ھاكنى، كۈنجۈت يېغى ۋە تۇخۇمنىڭ ئېقىغا ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلسا، چىيقاننى يوغىناشتىن توسىدۇ.

## قاتتىق ئىششىق

چىيقاندىن يوغان ئىششىق بولۇپ، ئاغرىش بولمايدۇ. بەدەننىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى قىسمىدا ئوخشاشلا پەيدا بولىۋېرىدۇ.

قاتتىق ئىششىقنىڭ ماددىسى ئوخشىمىغان رەڭلەردە بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ قاتتىق-يۇمشاقلىقىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىچىدە قارا سېغىز، ئۇششاق ساپال پارچىلىرى، تىرناققا ئوخشاش ماددىلار ۋە زەرنەخ، ھاككا ئوخشاش نەرسىلەر چىقىدۇ.

داۋالاش: كېسەللىك ماددىسىنى تەنقىيە قىلىپ يۇمشاتقاندىن كېيىن، مەلھەمى داخىليون (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) زىمات قىلىنىدۇ. ئىش-شىقنىڭ ماددىسى پىشقاندىن كېيىن، تىغ بىلەن يېرىپ، ئېغىز ئالدۇرۇلىدۇ

ھەمدە ئۈششۈقنىڭ ماددىسى بىر نەچچە قېتىم ئاز-ئازدىن چىقىرىۋېتىلىدۇ. چۈنكى ئۈششۈقنىڭ ماددىسىنى بىراقلا چىقارغاندا كۆپىنچە ئايلىنىپ كېتىش-نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۈششۈق يىرىڭدىن پاكلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يارىنىڭ ئىچىگە پاختا سېلىپ، قېلىپ قالغان يىرىڭنى سۈمۈرتۈپ بولغاندىن كېيىن، جاراھەتنى پۈتتۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. قاتتىق ئۈششۈق ئىچكى ئەزالاردا پەيدا بولسا، شۇنداقلا قايسى ئەزادا پەيدا بولسا، شۇ ئەزا كېسەللىكىنىڭ بايانىدا يېزىلدى.

## يىرىڭلىق ئۈششۈق

بۇ بىر خىل يوغان يىرىڭلىق ئۈششۈق بولۇپ، كۆپىنچە ئېغىز ئالدۇرۇلىدۇ. بۇنى داۋالاش تەدبىرى قاتتىق ئۈششۈقنى داۋالاش تەدبىرى بىلەن ئوخشاش.

ئەسكەرتىش: يىرىڭلىق ئۈششۈقنىڭ ماددىسى پىشمىغىچە نەشتەر ئۇ-رۇپ، ئېغىز ئالدۇرماسلىق لازىم. ماددا ئوبدان پىشقاندىن كېيىن، قايسى ئورۇن پۈلتايغان ۋە يۇمشاق بولسا، نەشتەرنى شۇ ئورۇننىڭ ئاستى تەرىپى-دىن ئۇرۇپ، يىرىڭنى تولۇق چىقىرىپ تاشلاش لازىم.

## سۇلۇق ئۈششۈق

بۇ ئاق رەڭلىك يۇمشاق ئۈششۈق بولۇپ، بۇنىڭدا قىزىش ۋە ئاغرىش بولمايدۇ. بۇنى «سۇلۇق كۆپۈشۈش» (تەھەننۇج) دەپمۇ ئاتايدۇ.

داۋالاش: مىزاجىنى تەڭشەش ۋە بەلغەم خىلتىنى تەنقىيە قىلىش لازىم. توغرىغىنى ئۆزۈم دەرىخىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن كۈلى چىلانغان سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئازراق سىركە قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سەبرىنى، سىركە ۋە قىزىلگۈل ئەرەقىدە ئېزىپ چېپىشمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

## يەللىك ئۈششۈق

بۇ خىل ئۈششۈق نىسبەتەن يېنىك بولۇپ، خۇددى تولدۇرۇلغان تۇلۇمغا ئوخشايدۇ، باسسا ئەسلى ھالىتىگە قايتىدۇ.

داۋالاش: يەل قوزغىغۇچى يېمەك-ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلىنىدۇ ھەمدە يەل تارقاتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. كۆممىقوناقنى كىچىك خالتىغا سېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. سولۇق ئىششىقنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن چېپىلمىلار چېپىلىدۇ.

## تېرە ئاستىدا پەيدا بولىدىغان ئۆسمىلەر

بۇ ماددىسى قويۇق، ئۆزى يۇمشاق ئىششىق بولۇپ، ھەرىكەتلەندۈرگەندە تېرىنىڭ ئاستىدا ئۆز ئورنىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈرلىرى كۆپ، مەسىلەن: مايسىمان ئۆسمە، ھەسەلسىمان ئۆسمە، ھالۋىسىمان ئۆسمە، تىۋىتسىمان ئۆسمە دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئەگەر ئۆسمىلەرنى كەسكەندە، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئوخشىمىغان ماددىلار كۆرۈنىدۇ.

داۋالاش: بەلغەم خىلتى تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئۆسمە ئۈستىگە مەلھەمى داخىليون چېپىلىدۇ. ئەگەر ئۆسمە بۇنىڭ بىلەن تارقىمىسا، يىرىڭلاتقۇچى دورىلارنى چېپىپ، ئۆسمە ئىچىدىكى ماددىلار ئېرىتىلىدۇ ياكى تېرىنى تىلىپ، ئۆسمە ئېھتىيات بىلەن چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.

## بەز ۋە تۈگۈنچە

بۇ بىر خىل قاتتىق ماددا بولۇپ، بەدەننىڭ سىرتىدا پەيدا بولىدۇ (تەبىئىي ئەھۋال ئاستىدا بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇششاق بەزلەر بولىدۇ). بۇ كېسەلدە ئۇلار كۆپۈيۈپ يوغىنايدۇ. بۇنىڭ تېرە ئاستىدا پەيدا بولىدىغان ئۆسمىلەردىن تۈپكى پەرقى بەز ۋە تۈگۈنچە قاتتىق بولىدۇ، بەك يوغان بولمايدۇ. ئەگەر بەزدە يىغىلغان ماددا كۆپ بولسا، بىر بەزنىڭ قېشىغا يەنە بىر بەز پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە تېرە ئاستىدىكى ئۆسمە چوڭ بولىدۇ. مەيلى قانداق ھالەتتە بولمىسۇن بەزدەك قاتتىق بولمايدۇ.

داۋالاش: مەلھەمى داخىليون چېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوغۇشۇننىڭ قېلىن پارچىسى تېڭىپ قويۇلىدۇ.

## قۇلاق ئاستى بېزى ياللۇغى

بۇ تېنىدە بەز تۇتۇتىدىغان ئەزالاردا پەيدا بولىدىغان ئىششىق بولۇپ (كۆپىنچە قۇلاق ئاستى بېزىنىڭ ئىششىپ يوغىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ)، چۇما كېسىلىگە مەنسۇپ ئەمەس. بۇ كېسەلنى داۋالاشتا يىرىڭلىق بەز ياللۇغىنى داۋالاشتىكى تەدبىرلەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

## لىمفا بەزلىرى سىلى

لىمفا بەزلىرىنىڭ سىلى تېرە ئاستىدا پەيدا بولىدىغان ئۆسمىلەرگە ئوخشاش ئۆسۈكچە بولۇپ، تېرە ئاستىدا پەيدا بولىدىغان ئۆسمىلەرگە ئوخشاش باسقاندا بېسىلىدۇ. لېكىن بۇ تېرە ئاستىدا پەيدا بولىدىغان ئۆسمىلەرگە نىسبەتەن قاتتىق بولىدۇ. كۆپىنچە يۇمشاق توقۇلمىلاردا جۇملىدىن گەدەن ۋە قولتۇق ساھەسىدە پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش: بەلغەم خىلتى تەنقىيە قىلىنىدۇ. مەلھەمى داخىليون چېپىلىدۇ. تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن ھەببە فىيزران (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن)، ھەببە ۋاسلى (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن)، ئىترىفىلى غۇدۇدى قاتارلىق دورىلار بېرىلسە، ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

## قاتتىق ئىششىق

بۇ قاتتىق ئىششىق بولۇپ، بارماق بىلەن باسقاندا بېسىلمايدۇ.

داۋالاش: سەۋدا خىلتى تەنقىيە قىلىنىدۇ. مەلھەمى داخىليون چېپىلىدۇ. بۇ كېسەل بەزىدە بەلغەم خىلتىدىن، بەلغەم خىلتى تەركىبىگە سەۋدا خىلتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بەلغەم خىلتىدىن بولغىنى سەۋدا خىلتىنىڭ قوشۇلىشىدىن بولغىنىغا قارىغاندا قاتتىقلىقى نىسبەتەن كەم بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خىلت ئېتىبارى بىلەن تەنقىيە قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئىششىقنىڭ بەزىلىرىدە سېزىم بولىدۇ. بەزىلىرى سېزىمنى يوقاتمىغان بولىدۇ. سېزىمى بارلىرىدا ئاغرىش بولىدۇ، بۇ «سېزىمنى يوقاتقان قاتتىق ئىششىق» (سەقىيروس غەيرە خالىس) دېيىلىدۇ. بۇنى يۇقىرىقى ئۇسۇللار بىلەن داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ. ئەمما سېزىمنى يوقاتقىنىنى

داۋالىغىلى بولمايدۇ.

## سەرتان (راك كېسلى)

سەرتان ــ سەۋدا خىلتىدىن بولىدىغان ئىششىق بولۇپ، قاتتىق، رەڭگى قارا، يۇمىلاق بولىدۇ. ئەتراپى كۆپۈپ چىققان ئەزالارنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە يىلتىز تارتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە قىزىل ۋە كۆك رەڭلىك تومۇرلار تارقالغان بولىدۇ. ئىششىقنىڭ ھالىتى دېڭىز قىسقۇچپاقىسى (سەرتان) غا ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا دېڭىز قىسقۇچپاقىسىغا ئوخشىتىپ، «سەرتان» دەپ ئات قويۇلغان.

داۋالاش: سەۋدا خىلتى بىر نەچچە قېتىم تەنقىيە قىلىنىدۇ. جىگەرنىڭ مىزاجى تەڭشىلىدۇ. دەسلەپتە ماددىنى تارقاتقۇچى زىماتلار چېپىلىدۇ. ئەگەر يارا ھاسىل قىلغان بولسا ياكى يېرىلسا، يارىنى پۈتتۈرگۈچى، ئاغرىق پەسەيتكۈچى ۋە سەرتاننىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇپا، يۇيۇلغان تۇتىيا، مەدەستان، گىل ئەرمىنى، نىشاستىگە ئوخشاش دورىلار گۈل يېغى بىلەن قوشۇپ چېپىلىدۇ.

## قىلقۇرت كېسلى

بۇ بەدەندە قاپارتما پەيدا بولۇپ، قاپارتمىلار ئىچىدىن يىپقا ئوخشاش ئۇزۇن قۇرت چىقىدىغان كېسەلدۇر.

داۋالاش: ئالدى بىلەن قان ئېلىنىدۇ. قاپارتمىنىڭ ئۈستىگە زۇلۇك قۇرتى چېپىلىدۇ. سەۋدا خىلتى تەنقىيە قىلىنىدۇ. ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. سەبرىنى يۇمغاقسۇت كۆكى ياكى كاسىنە كۆكىنىڭ سىقىلغان سۈيىدە ئېزىپ، قاپارتمىنىڭ ئۈستىگە چېپىلىدۇ. سەبرى مۇشۇ كېسەلنى داۋالاشتا ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە. دەسلەپكى كۈنى 1.5g سەبرىنى كاسىنەنىڭ سۈيىگە كەچتە چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەنلىكى ئاق شېكەر قوشۇپ ياكى شېكەرسىز ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ. يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا ئىككىنچى كۈنى 3.5g، ئۈچىنچى كۈنى 5.25g دىن ئىشلىتىلسە بولىدۇ. ئەگەر قاپارتمىدىن قىلقۇرتلار چىققىلى تۇرسا، قوغۇشۇن پارچىسى بىلەن باستۇرۇپ قويۇلىدۇ. قوغۇشۇن پارچىسىنىڭ ئېغىرلىقى تۆپەيلىدىن قۇرت تېزلا

چىقىپ كېتىدۇ. قاپارتما ئىششىقنىڭ ئەتراپى ياغلار بىلەن ياغلىنىدۇ. ئىسسىق سۈنى ئۆچكىنىڭ ياكى كالىنىڭ دوۋسىقىغا تولدۇرۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەمما قىلقۇرتنى ئۈزۈپ سېلىشتىن ساقلىنىش، ئەگەر ئۈزۈلۈپ كەتسە، قاپارتمىنى ئۈزۈنىسىغا تىلىپ، بۇزۇق ماددىلارنىڭ ھەممىسى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يارىنى پۈتتۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. مەجۇنى قەنىلىنىڭ بۇ كېسەلگە بولغان تەسىرى ئالاھىدە بولىدۇ.

## ماخاۋ

جۇزام بىر خىل كېسەل بولۇپ، بۇنىڭدا ئەزالارنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بىمارنىڭ بۇرنى پاناقلىشىپ، ئاۋازى پۈتۈپ قالىدۇ. بىمارنىڭ يۈزى شىرنىڭ يۈزىگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. بۇ مۇشۇ كېسەلنىڭ بىر دىئاگنوزلۇق ئالامىتىدۇر. شۇڭلاشقا بۇ كېسەلنى شىر يۈز كېسىلى دەپمۇ ئاتايدۇ.

داۋالاش: قان ئېلىش، تەكرار مۇسھىل بېرىش ئارقىلىق ئومۇمىي بەدەندىن بۇزۇق ماددىلار تەنقىيە قىلىنىدۇ. مۇنچىدا كۆپرەك يۇيۇنۇش تەكىتلىنىدۇ. غىزا، پۇرۇتۇلما ۋە ياغلانمىلار ئارقىلىق بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ ھەممىدىن ياخشى غىزاسى قوينىڭ سۈتى بولۇپ، پەقەت سۈتلا ئىستېمال قىلىپ بەرسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. سۈتكە نان چىلاپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ. سەۋدا خىلتىنى كۆپەيتكۈچى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ كېسەل ئۈزاقتا ساقايغاچقا، داۋالىغۇچى مەيۇسلەنمەسلىكى، ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقى لازىم.

## باش تەمرەتكىسى

باش تەمرەتكىسى — يارا خاراكتېرلىك كېسەل بولۇپ، باش تېرىسىدە پەيدا بولىدۇ. تەمرەتكىدە سۇيۇقلۇقلار كۆپ بولۇپ، زەرداب ئېقىپ تۇرسا، باش ھۆل تەمرەتكىسى (سەھفارۇلىپ) دەپ ئاتايدۇ. تەمرەتكە قۇرۇق بولسا، ئاق قاقاچلەر بىلەن قاپلانغان بولسا، باش قۇرۇق تەمرەتكىسى دېيىلىدۇ.

داۋالاش: ھۆل باش تەمرەتكىسىنى داۋالاشتا، قان ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ھېلىلە، شاھتەررەلەرنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئومۇمىي بەدەن تەنقىيە

قىلىنىدۇ. قان تازىلاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. زەرچۆبە، ئانار پوستى، مەدەستان، خېنە قاتارلىقلارنى يۇمشاق ئېزىپ، سىركە ۋە گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ تەمرەتكىگە چېپىلىدۇ.

قۇرۇق باش تەمرەتكىسىنى داۋالاشتا سەۋدا خىلتى تەنقىيە قىلىنىدۇ. يەيدىغان، چاپىدىغان دورىلار ۋە پۇرۇتۇلمىلار ئارقىلىق، ئومۇمىي بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ.

باش ھۆل تەمرەتكىسىنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، ھەرە كۆنىكىسىمان باش تەمرەتكىسى دېيىلىدۇ. يەنە بىر تۈرى يىڭنە بېشىسىمان (توچكىسىمان) باش تەمرەتكىسى دېيىلىدۇ. يەنە بىر تۈرى تۈگۈنچىسىمان باش ھۆل تەمرەتكىسى دېيىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا باش ھۆل تەمرەتكىسىنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، ئەنجۈرسىمان (پارچىلىنغاندىن كېيىنكى ئۈرۈقى چىقىپ تۇرغان ئەنجۈردەك) دېيىلىدۇ. يەنە بىر تۈرى بولسا قىزىل باش تەمرەتكىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئالامىتى ئەگەر چاچ چۈشۈرۈۋېتىلسە، باشنىڭ تېرىسى قىپقىزىل ھالەتتە كۆرۈنىدۇ.

داۋالاش: باش تەمرەتكىسىنىڭ ھەممە قىسمىنى (تۈرىنى) داۋالاشتا، بۇزۇق خىلتىلارنى بەدەندىن تەنقىيە قىلىپ، قان خىلتىنى ساپلاشتۇرۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## قىچىشقاق

قىچىشقاق كېسىلىنى پارس تىلىدا «كەر» دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى بۇ كېسەلدە مۇدۇرلار پەيدا بولۇپ قىچىشىدۇ. مۇدۇرلاردىن سۇ چىقمىسا، قۇرۇق قىچىشقاق، سۇ چىقسا ۋە زەرداب سۇ ئېقىپ تۇرسا، ھۆل قىچىشقاق دەپ ئاتىلىدۇ.

داۋالاش: قۇرۇق قىچىشقاقنى داۋالاشتا ئىچىدىن ۋە سىرتىدىن ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. بەدەنگە ھۆللۈك تولۇقلانغاندىن كېيىن تەكرار تەنقىيە قىلىنىدۇ ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇندۇرۇلىدۇ. گۈل يېغىنى سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ سۈركەشمۇ تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر.

ھۆل قىچىشقاقنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن قان ئېلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن

خىلىتقا مۇناسىپ مۇسھىل بېرىلىدۇ. ئىسسىق دورىلار قەتئىي چەكلىماسلىقى لازىم. گۈڭگۈرت سىرىقىنى ئىچىدىن ئىستېمال قىلىشقىمۇ، سىرتىدىن چېپىپ بېرىشىمۇ تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر.

گۈڭگۈرت مەلھىمى بۇگۇنكى كۈندە مۇشۇ كېسەلنى داۋالاشتا ئومۇملاشقان دورىدۇر.

## تېرە قىچىشىش

مۇدۇر پەيدا بولماي، تېرىنىڭ قىچىشىشى «تېرە قىچىشىش كېسىلى» دېيىلىدۇ.

داۋالاش: بۇ كېسەلنى داۋالاش قۇرۇق قىچىشقاقنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن تەدبىرلەر بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. تېرە قىچىشىش كېسىلى مەخسۇس ئەزالاردا پەيدا بولسا، بۇ شۇ ئەزانىڭ قىچىشىشى دېگەن مەزمۇندا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلىدۇ. ئاياللار جىنسىي ئەزاسى ۋە مەقئەت قىچىشىشنى داۋالاشتا، زىغىرنىڭ ئۇرۇقىنى ھەسەلدە قايىنىتىپ، داكىنى ئۇنىڭغا يۇقتۇرۇپ، ھەمەلچە قىلىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىكتۇر.

ئىزاھات: قىچىشقاق، تېرە قىچىشىش كېسىلى ۋە يەلتاشما باللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

بۇلارنى داۋالاشتا ئوتلۇق شەخەك قويۇش ياكى زۇلۇك قۇرتى ئارقىلىق قان چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن قىزىلگۈل، بىنەپشە، نىلۇپەر، ئاقلانغان ئارپا قاتارلىقلارنىڭ قايىنىتىلمىسى بىلەن بەدەن يۇيۇلىدۇ ھەم باللارنىڭ بەدىنى مۇناسىپ ياغلار بىلەن ياغلىنىدۇ ھەمدە ئىمتىۋاتقان ئانىغىمۇ دورا ئىشلىتىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.

## ئەسۋە

بۇ ئىنتايىن ئۇششاق، قىزىل مۇدۇرلار بولۇپ، قاتتىق قىچىشىدۇ ۋە سانجىلىدۇ. بۇلارنى ئۇچلۇق مۇدۇرلار دەپمۇ ئاتايدۇ.

داۋالاش: بۇ كېسەلنى داۋالاشتا، قان ئالغان ۋە سەپرانىڭ مۇسھىلىنى بەرگەندىن كېيىن، تۇز بىلەن خېنىنى سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

## بەدەن تەمرەتكىسى

بەدەن تەمرەتكىسىنى پارس تىلىدا «قۇبا»، ھىندىچىدا «داد» دەپ ئاتايدۇ. بۇ يامرىغان ھالقا شەكىللىك تېرە قۇرغاقلىشىش بولۇپ، قىچىشقاقتىن كېيىن پەيدا بولىدۇ.

داۋالاش: ئەگەر بەدەن تەمرەتكىسى يېڭى بولسا، ئەتكىچە تەسىر قىلمىغان بولسا، ھۆزۈزى مەككى ياكى ھېلىلىنى سىركىدە ئېزىپ چېپىش بىلەن يوقاپ كېتىدۇ. ئەگەر ئەتكىچە تەسىر قىلغان بولسا، تەمرەتكىگە زۇلۇك قۇرتى چېپىلىدۇ. ئۇشەق ياكى مۇرمەككىنى سىركە بىلەن قوشۇپ، ئېزىپ چېپىلىدۇ. ئەگەر ئەتكە خېلى كۆچلۈك تەسىر قىلغان بولسا ھەمدە قاتتىقلاشقان بولسا، ئالدى بىلەن قان ئېلىنىدۇ. سەۋدانىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ. مۇنچىدا يۇيۇنۇش تەكىتلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خاس تەمرەتكە بار ئورۇننىڭ ئۆزىدىن قان ئېلىنىدۇ. كۆچلۈك دورىلار مەسىلەن: زەرنىخ، ئۇشەق، قىچا، مۇقەل، زەمچە قاتارلىقلار بۇغداي يېغى ۋە سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. ئەگەر بەدەن تەمرەتكىسى ساقايسا، يەرلىك ئورۇنغا ئازراق مەزگىلگىچە ماددىنى قايتۇرغۇچى چېپىلمىلار (زىمادلار) چېپىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا كېسەلنىڭ ئاسان قايتىلىنىپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

بالىلاردىكى بەدەن تەمرەتكىسىگە ناشتىدا شۆلگەي سۈرۈپ قويۇلسا بولىدۇ. بەدەن تەمرەتكىسى دورىلار بىلەن ياخشىلانمىسا ئۇنى تىلىۋېتىش لازىم. ئۇنىدىن كېيىن بۇزۇق گۆشنى يوقاتقۇچى ئۆتكۈر دورىلار چېپىلىدۇ. ئاندىن كېيىن يارىنى پۈتتۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## دانىخورەك

بۇ ئاق رەڭلىك مۇدۇرلار بولۇپ، بۇرۇن ۋە پېشانىگە چىقىدۇ. خۇددى سۈت چاچراندىلىرىغا ئوخشايدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «سۈتسىمان مۇدۇر» دەپ ئاتالغان. بۇ كېسەل كۆپىنچە ئەرلەردە ياشلىق مەزگىلىدە كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش: بەلغەم خىلتى تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئۈزۈم دەرىخى شېخىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن كۈلى سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

## كەچتە چىقىدىغان مۇدۇر

بۇ قاتتىق مۇدۇر بولۇپ، سوغۇق پەسىللەردە كەچلىك ۋاقىتتا چىقىدۇ. مۇدۇرلاردا قىچىشىش بولىدۇ.

داۋالاش: ئۇمۇمىي بەدەننى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىچىشقاق، تېرە قىچىشىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن دورىلار ئارقىلىق، تېرە تەر تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىدۇ. كەرەپشىنىڭ سۈيىنى، ئۈزۈم سىركىسى لېيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، مۇدۇرلارغا چېپىلىدۇ.

## سۆگەل

بۇ ناھايىتى قاتتىق مۇدۇر بولۇپ، سۆگەلنى ھىندى تىلىدا «مەسىس» دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر سۆگەلنىڭ ئۇچى يۇمىلاق، تۆۋى ئىنچىكە بولسا «مىخسىمان سۆگەل» دېيىلىدۇ. ئەگەر سۆگەل ئۇزۇن، مايماق بولسا «مۆگۈ-گۈزسىمان سۆگەل» دېيىلىدۇ. ئەگەر سۆگەلدىن قاقاچ ئاجراپ، يېرىلىپ چىقىپ تۇرسا «يېرىگىلىق سۆگەل» (تەرسۇس) دېيىلىدۇ. بۇ خىل سۆگەل پېشانە ۋە يۈز قىسمىغا چىقىدۇ. يۈز ساھەسىدە پەيدا بولغان سۆگەل ياپىلاق ۋە سىبرىق بولسا «يېپىسىمۇقسىمان سۆگەل» دېيىلىدۇ. ئەگەر سۆگەل ئۇزۇن، قىزىلغا مايىل بولسا «بۇغدايسىمان سۆگەل» دېيىلىدۇ.

داۋالاش: كېسەللىك ماددىسىنى تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن، سىركە بىلەن تۇزنى ئارىلاشتۇرۇپ، سۆگەل ئۈستىگە چېپىلىدۇ. گۈل يېغى، توخۇ ياغلىرى بىلەن ياغلاپ بېرىشمۇ مەنپەئەتلىك.

## قاقاچلىق يارا

بۇ ئۇششاق مۇدۇرلۇق يارا بولۇپ، قاقاچلار بىلەن قاپلانغان بولىدۇ ھەمدە يارىدىن زەرداب ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل يارا بىلەن ئاغرىغۇچىلاردا يۈرەك قوزغىلىش (خەفەقان)، ئايلىنىپ كېتىش (غىشى) بولىدۇ.

داۋالاش: تەنقىيەدىن كېيىن گىل ئەرمەننى سىركىدە ئېرىتىپ، خېلى ئۇزۇن چېپىپ بېرىلىدۇ. بۇ چېپىلما يارا يېرىگىدىن پاكلىنىپ، يېڭى گۆش ئۈنگەنگە قەدەر چېپىلىدۇ. تۆۋەندىكى نۇسخىنىڭ بۇ كېسەلگە بولغان

تەسىرى بىر قەدەر ياخشى.

تەركىبى: گۈڭگۈرت سېرىقى، قۇرۇتۇلغان خېنە يوپۇرمىقى، قەمبىل، ئۆچۈرۈلگەن هاك قاتارلىقلارنىڭ هەر بىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، هەممە-سىنى تالقانلاپ، يەسىمەن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، زىمات تەييارلاپ چېپىلىدۇ. ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنى يارىنىڭ ئۈستىگە چېپىلىدۇ، يۇيۇۋەتمىسىمۇ بولىدۇ.

## قارا رەڭلىك مۇدۇر

بۇ پاچاقتا پەيدا بولىدىغان قارا رەڭلىك مۇدۇر بولۇپ، ئاسانلا بۇزۇلۇپ، قارامتۇل سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ.

داۋالاش: قان ئېلىنىدۇ. بىر نەچچە قېتىم قۇستۇرۇلىدۇ، ئاندىن مۇدۇر بار ئورۇنغا زۇلۇك قۇرتى چېپىلىدۇ ياكى تىلىپ، لوڭقا قويۇپ، قان ئېلىۋېتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن خېنىنى كۆيدۈرۈپ، مامىرانچىنىنى سوقۇپ، تاسقاپ، سىركە ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

## ئۆجمىسمان مۇدۇر

بۇ بىر خىل مۇدۇرلۇق يارا بولۇپ مەگىز (يۈزنىڭ مەگزى) ساھەسىدە تېرىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ياكى مەقئەت ۋە جىنسىي ئەزا قاتارلىق ئورۇنلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

### سەينەك

بۇ تىرناقنىڭ تۈۋىدە پەيدا بولىدىغان يىرىڭلىق ئىششىق بولۇپ، چىڭقىلىش ۋە ئاغرىش ناهايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. يەرلىك ئورۇندا تارتىشىش ئېغىر بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بىماردا قىزىتما بولىدۇ.

داۋالاش: قان ئالغان ۋە مۇسهىل بەرگەندىن كېيىن مىزاجنى تەڭشەش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. دەسلەپتە ئىسپىغولنى سىركىگە قوشۇپ، مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ چېپىلىدۇ. ئاغرىش بەك ئېغىر بولسا، بەزرۇلبەنجى ۋە ئەپيۇننى سىركىگە سېلىپ، ئۇبدان ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. ئەگەر بۇ تەدبىرلەر بىلەن ئاغرىق پەسەيمىسە، بارماقنى ئىسسىق ياغقا تىقىپ، ماددىنى

تارقىتىۋەتسە بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇسۇل بىلەنمۇ ماددا تارقىغىلى ئۇنىمىسا، زىغىر ئۇرۇقى، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ، زىمات تەييارلاپ، سەينەكىنىڭ ماددىسى پىشقانغا قەدەر چاپلىسا بولىدۇ. ئاندىن كېيىن نەشتەر بىلەن تېشىپ، يىرىڭ ئاققۇزۇۋېتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن نەشتەر بىلەن تېشىپ، يارىنى پۈتتۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## تېرە ئاستىدا قان ئۇيۇپ قېلىش

بۇ «قان دېغى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەل ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش سەۋەبىدىن تېرە ئاستىدىكى مەلۇم قىزىل قان تومۇر يېرىلىپ، قان تومۇرلار ئىچىدىكى قان ۋە يەل قاتارلىقلار چىقىپ، تېرە ئاستىدا يىغىلىپ قالىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ ئالاھىدىلىكى قىزىل قان تومۇرلار كېڭەيگەن ۋاقىتتا، ئىششىق يانىدۇ (پەسىيىپ قالىدۇ). قىزىل قان تومۇر قىسقارغان ۋاقىتتا پۈلتىيىدۇ. يىغىلغان قاننىڭ رەڭگىگە ماس ھالدا ئىششىقنىڭ رەڭگىمۇ بىنەپشەرەڭ ياكى پىدىگەن (چەيزە) رەڭدە بولىدۇ.

داۋالاش: شاھى بەللۇت ۋە موزىغا ئوخشاش قابىز دورىلار چاپلىنىدۇ. قاننى جانلاندۇرغۇچى ئەشيالاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ.

## ئالاھىدە تېتىكى قاپارتمىلار

ئالاھىدە تېتىكى قاپارتمىلارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ بىرى، ئۇششاق ئاق قاپارتما (زاتىل ئەسلى) بولۇپ، بۇنىڭ تۈۋى قاتتىق بولىدۇ. ناھايىتى تەستە يۇمشايدۇ. ئۇچىدىن ئاز-ئازدىن يىرىڭ چىقىپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچىسى يۈز تېرىسىدە پەيدا بولىدىغان قاپارتما بولۇپ، «شەلەم» دەپ ئاتىلىدۇ. قاپارتما قاتتىق بولىدۇ. قاپارتمىنىڭ ئەتراپىدا ياللۇغ دائىرىسى قىزىل بولىدۇ.

ئۈچىنچىسى، چېكە مۇدۇرىسى (بۇسۇرىل ئەسىداغ): بۇ كىچىك چىۋىقانغا ئوخشاش چوڭ قاپارتقۇ بولۇپ، چېكە ساھەسىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇنى تىلىپ كۆرگەندە، قويۇق قاندىن باشقا ھېچنەرسە چىقمايدۇ.

تۆتىنچىسى، غەلۋىرەك (بۇسۇرى قەفا): بۇ چېكىدە پەيدا بولىدىغان

مۇدۇرغا ئۇخشىشىپ كېتىدۇ. باش ۋە گەدەننىڭ ئارقىسىدا پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدا ناھايىتى قاتتىق ئاغرىش بولىدۇ. سانى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

بەشىنچى، ئاغرىقسىز قاپارتما: بۇ ئالاھىدە تىپتىكى قاپارتمىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، كىچىك، قاتتىق ۋە قىزىل بولىدۇ. لېكىن ئاغرىمايدۇ. چىققاندىن كېيىن خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ، يوقىلىپ كېتىدۇ. يەنە باشقا بىر ئورۇنغا چىقىدۇ.

داۋالاش: ماددىغا مۇۋاپىق تەنقىيە قىلىنىدۇ. كېيىن زىماتلار چېپىلىدۇ. غەلۋىرەكنى داۋالاشتا بىنەپشە يىغىنى ئاپال كىشنىنىڭ سۈتى بىلەن قوشۇپ، بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ ھەمدە باشقا سۇرۇلىدۇ.

## سىفلىس

سىفلىسمۇ ئالاھىدە تىپلىق قاپارتمىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، دەسلەپ فرانسىيىدە پەيدا بولۇپ، بارا-بارا باشقا ئەللەرگە تارقىغاچقا «فرانسۇز چاقىسى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

داۋالاش : خىلتقا مۇۋاپىق تەنقىيە قىلىنىدۇ.

## قىزىل ۋە چېچەك

قىزىل ــ بۇ بەدەنگە يېيىسىمۇق (گولياك) چوڭلۇقىدىكى قىزىل رەڭلىك مۇدۇرلار پەيدا بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان مەشھۇر كېسەل بولۇپ، بۇنىڭغا قىزىتما بىرگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

چېچەك ــ بەدەنگە يېيىسىمۇق چوڭلۇقىدا چوڭ-چوڭ قاپارتمىلار چىقىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەل بولۇپ، بۇنىڭغىمۇ قىزىتما قوشۇلۇپ كېلىدۇ. چېچەكنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، بەدەننىڭ ئۇخشاشمىغان ئورۇنلىرىغا چوڭ ئاق رەڭلىك قاپارتمىلار چىقىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ «ھومىيقا» دېيىلىدۇ. چېچەكنىڭ بۇ تۈرىدە قىزىش بولمايدۇ. ئەقلى ھوشى جايىدا، ساغلام بولىدۇ. چېچەكنىڭ بۇ تۈرى ئانچە خەتەرلىك ئەمەس.

داۋالاش : قىزىتمىلارنىڭ بايانىغا قارالسۇن. مۇدۇر ۋە قاپارتمىلارنى پىشۇرۇش، قۇرۇتۇپ قاقاچ تاشلىتىش ۋە چېچەك پەيدا قىلغان تېرىدىكى چوقۇرلارنى يوقىتىش تەدبىرلىرى «تىببىي ئەكبەر» دىكى قىزىل ۋە چېچەكنى داۋالاشتا ئىشلىتىدىغان چارىلار قوللىنىلسا بولىدۇ.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب تېرە ۋە تېرە رەڭگى ئۆزگىرىش كېسەللىكلىرى

## ئاقكېسەل

بۇ تېرە يۈزىدە پەيدا بولىدىغان قېنىق ئاق رەڭلىك داغلار بولۇپ، ئەگەر بۇ ئاق داغلار ئومۇمىي بەدەندە بولسا، يامرىغان ئاق داغ دېيىلىدۇ.

## ئاق گۆللۈك تەمرەتكە

بۇ تېرە يۈزىدە پەيدا بولىدىغان سۇس ئاق رەڭلىك داغدىن ئىبارەت.

ئاقكېسەل بىلەن ئاق گۆللۈك تەمرەتكىنىڭ پەرقى بەرەس پارقىراق بولىدۇ. قانچە كونىرىغانسېرى تېرىنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىغىچە تەسىر قىلىپ كىرىدۇ. شۇنداقلا ئاقكېسەل ھەقىقىي تېرىگىچە تەسىر قىلىپ بولغاندا يىڭنە سانجىسا قان چىقمايدۇ. ئەمما ئاق گۆللۈك تەمرەتكە كۆپىنچە يۇملاق بولىدۇ، بىردىنلا پەيدا بولىدۇ. مەيلى پەيدا بولغىنىغا قانچە ئۇزۇن بولمىسۇن، يىڭنە سانجىغاندا قانلا چىقىدۇ.

## قارا گۆللۈك تەمرەتكە

قارا گۆللۈك تەمرەتكىنى «قاسىراقلىق بەدەن تەمرەتكىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ. گەرچە ھەر ئىككىسىدە تېرە تۆكۈلسىمۇ ئەمما قارا گۆللۈك تەمرەتكىدە تۆكۈلگەن تېرە نېپىز بولىدۇ. تېرە قارىداش كېسىلى (بەرەس ئەسۋەد) دە تۆكۈلگەن تېرە بېلىقنىڭ قاسىرىقىغا ئوخشاش قېلىن بولىدۇ.

داۋالاش: ئاقكېسەل، ئاق گۆللۈك تەمرەتكىنى داۋالاشتا بەلغەم خىلتى تەنقىيە قىلىنىدۇ. تېرە قارىداش كېسىلى ۋە قارا گۆللۈك تەمرەتكىنى داۋالاشتا سەۋدا خىلتى ئومۇمىي بەدەندىن تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئومۇمىي بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. تەنقىيەدىن كېيىن كۆك ماش،

تۈرۈپنىڭ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى سىركىدە ئېزىپ چېپىشمۇ قارا گۆللۈك تەمرەتكە ۋە تېرە قارىداش كېسىلى ئۈچۈن مەنپەئەتلىك. قارا خەربەقنى سوقۇپ، سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىشمۇ قارا گۆللۈك تەمرەتكە ۋە تېرە قارىداش كېسىلى ئۈچۈن مەنپەئەتلىك. ئاقكېسەل ئۈچۈن قارا يىلاننى چېپىشمۇ ئۆزىگە خاس تەسىرگە ئىگە.

## قارا داغ، قىزىل داغ، سەپكۈن

داغ ـ ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ، يۈز تېرىسىدە پەيدا بولىدۇ. داغ بىلەن قارا گۆللۈك تەمرەتكىنىڭ پەرقى داغ بار ئورۇننىڭ تېرىسى سىلىق بولىدۇ. قارا گۆللۈك تەمرەتكە بار ئورۇننىڭ تېرىسى نىسبەتەن يېرىك بولىدۇ. قىزىل داغ ـ بەدەندە پەيدا بولىدىغان قىزىل داغلا بولۇپ، كۆپىنچە يۈز تېرىسىدە پەيدا بولىدۇ. سەپكۈن قارا رەڭلىك توچكىلار بولۇپ، بۇمۇ كۆپىنچە يۈز تېرىسىدە پەيدا بولىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەپسىلاتلار مۆتىۋەر تېۋىپلارنىڭ مۇشۇلار ھەققىدە ئېيتقانلىرىغا ماس كېلىدۇ.

داۋالاش: چىنى رەۋەننى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ ياكى سېرىق زەرنىخنى يۇمغاقسۇت كۆكىنىڭ سىقىلغان سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەنمۇ ياخشىلانمىسا، ئومۇمىي بەدەننى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى چېپىلمىلار چېپىلسا بولىدۇ. لېكىن چېپىلمىلارنى چېپىشتىن ئىلگىرى يەرلىك ئورۇنغا ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش، چېپىلمىلارنىمۇ ئىسسىق چېپىش كېرەك.

## مەڭ

بۇ قارا ياكى كۆكۈش كەلگەن ئۇششاق تۇگۈنچىلەر بولۇپ، نورمال تېرىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولىدۇ.

داۋالاش: داغنى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. ئەگەر مەڭ كىشىنى گۈزەللەشتۈرۈش رولىنى ئوينىغان بولسا، ئۇنى داۋالاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

## تېرىنىڭ كۆكىرىپ قېلىشى

تاياق تېگىش بىلەن تېرىنىڭ ئاستىدا قان ئۇيۇپ قېلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەل.

داۋالاش: زەربىدىن بولغان ئاغرىقنى پەسەيتكەندىن كېيىن، كاللەكسەي ۋە بابۇنە قاتارلىق يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلىنىدۇ.

## چەككۈزۈش

بىرەر ئەزانىڭ تېرىسىگە يىڭنە سانجىپ، سۈرمە ياكى نىلنى توشقۇزۇپ، تېرىنى قارا ياكى كۆكۈش رەڭگە كىرگۈزۈش «چەككۈزۈش» دېيىلىدۇ. چەككۈزۈش ھىندى ئاياللىرىدا كۆپ ئومۇملاشقان بولۇپ، تېرىدىكى نۇرغۇن زىننەت بەلگىلىرى چەككۈزۈشتىن ھاسىل بولغان. بۇ لارنى يوقۇتۇۋېتىش تەدبىرلىرى چەككۈزۈلگەن ئورۇنلارغا ئىسسىق سۇغا تۇغۇرغا ئارىلاشتۇرۇپ يۇيۇپ، يۇمشاتقاندىن كېيىن، ھەببەتۇل خۇزرانى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى بىر نەچچە قېتىم قوللانغاندا، بۇ بەلگىلەر يوقاپ كېتىدۇ. بۇ تەدبىرلەر بىلەن يوقالمىسا، چەككۈزۈلگەن ئورۇنلارغا بالادۇر ھەسەلنى سۈرۈپ، جاراھەتلەندۇرۇپ ئېقىتىپ يوقىتىلىدۇ.

## ئۇششۇك

بەدەننىڭ مەلۇم ئورنىنىڭ تېرىسىنىڭ قىزىلغا مايىل بولۇپ قېلىشى بولۇپ، يۈز ۋە قول-پۇت تېرىسىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەل كۆپرەك سوغۇق پەسىللەردە كۆرۈلىدۇ.

داۋالاش: قان ئېلىنىدۇ. مەتبۇخ ھېلىلە بىلەن بەدەن تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئەگەر يارا ھاسىل بولغان بولسا، مەلھەمى ئەھمەر( كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) سۈرۈلىدۇ. ئۇششىگەن ئورۇننىڭ ئۈزىدىن تىلىپ لوڭقا قويۇش ياكى زۈلۈك قۇرتى چاپلاش ئارقىلىق قان چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئۆچكە يېغىدىن تەييارلانغان سۇفۇف يالپاغداپ چاپلىنىدۇ. سۇفۇف قۇرۇپ قالسا، ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇۋېتىپ يەنە قايتا يۇيۇۋېتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ

ئۇنۇمى بىر قەدەر ياخشى.

## تېرە رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى

ئاپتاپتا ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىش ياكى بەدەن ئاجىزلاپ كېتىش، زىرە ۋە جۇۋىنە قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىش ياكى مەلۇم بىر خىلتنىڭ غالىبلىقى سەۋەبىدىن تېرە رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولىدۇ.

داۋالاش: كېسەللىك سەۋەبىنى يوقىتىلىدۇ، ئومۇمىي بەدەننى تەنقىيە قىلىنىدۇ، ھاجەتكە مۇۋاپىق مىزاجنى تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بەدەن ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولسا، بەدەننى كۈچلەندۈرۈش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ. ماشىنىڭ ئۇنىنى قايناق سۇدا مەلھەم قىلىپ، سۈركەپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزغاندىن كېيىن يۇيۇۋېتىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

## باش تېرىسى كېپەكلىنىش

بۇ كېسەلنى «باش كېپەكلىنىش» دەپمۇ ئاتايدۇ.

داۋالاش: باش تېرىسى بىنەپشە ياكى قاپاق ياغلىرى بىلەن ياغلىنىدۇ. قىزىلچىنى قايناتقان سۇغا ئازراق تۇز قوشۇپ، باشنى يۇيۇپ بەرسە بولىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى تەدبىرلەر بىلەنمۇ يوقالمىسا، بەلغەم، قان ۋە سەۋدا خىلتلىرى تەنقىيە قىلىنىدۇ.

## قول، پۇت، يۈز ۋە كالپۇك تېرىلىرىنىڭ يېرىلىشى

ئەگەر بۇ كېسەل تاشقى سەۋەبلەر، مەسىلەن: ئىسسىق ياكى سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا، ئاق مۇم تەركىبلىك مەلھەملەر، قىروتىلار چېپىلىدۇ. ئەگەر بىرەر ئىچكى سەۋەبتىن بولغان بولسا، مىزاجغا قارىتا تەڭشەش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ، بوشاشتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: يۈز تېرىسىنىڭ يېرىلىشىنى داۋالاشتا ئاق مۇم، زۇپا، ئۆردەك يېغى، نىشاستە، كەتىرا، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى، قىزىلگۈل يېغى قاتارلىقلاردىن قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلاپ، چېپىپ بېرىلسە بولىدۇ. كالپۇك يېرىلىشىنى داۋالاشتا خېنە مېيى، ئۆردەك يېغى، ھەببەتۇلخۇزرا، كۆيدۈرۈلگەن بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىقلاردىن

مۇۋاپىق مىقداردا ئىلىپ، قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلاپ چېپىلىدۇ. پوت-قولنىڭ يېرىلىشىنى داۋالاشتا، كۆنجۈت بىلەن بىنەپشىنى يۇمشاق ئېزىپ، گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ چېپىشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر.

## تېرىنىڭ قۇرغاقلىششى ۋە كېپەكلىششى

تېرە قۇرغاقلىشىپ قالغاندا تېرىدە يېرىكلىك بولىدۇ، تېرە كېپەكلەشكەندە بەدەن تېرىلىرى ئاجراپ چۈشىدۇ.

داۋالاشتا بەدەننى بۇزۇق خىلىتلاردىن تازىلىغاندىن كېيىن، ئومۇمىي بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ياغلاردىن توخۇ يېغى، بادام يېغى، قاپاق يېغى، بىنەپشە يېغى قاتارلىقلار بىمارنىڭ مىزاجىغا قاراپ سىرتىدىن ياغلاشقا بېرىلىدۇ.

## تېرە سويۇلۇپ چۈشۈش

بۇ كېسەلنى داۋالاشتا مەدەستانىنى قىزىلگۈل ئەرەقىدە سۇرۇپ، كېسەللەنگەن ئورۇنغا چېپىلىدۇ. ئەگەر تېرىنىڭ سويۇلۇپ چۈششى نىسبەتەن ئېغىر بولۇپ، تېرىدە ياللۇغ پەيدا بولۇپ قېلىشىنىڭ ئەندىشىسى بولسا قان ئېلىنىدۇ. تېرە سويۇلۇش مۇسكۇلنىڭ ئەتراپىدا بولمىسا، رەختىنى نەمدەپ، كېسەللەنگەن ئورۇنغا قويۇپ قويۇلىدۇ. مۇسكۇللارنىڭ ئەتراپىدا بولسا، رەختىنى نەمدەپ قويۇپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب   چاچ كېسەللىكلىرى

## دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، تېرە قاسىراقلىشىپ چاچ چۈشۈش

دائىرىلىك چاچ چۈشۈش كېسىلىدە پەقەت چاچلا چۈشىدۇ. تېرە قاسىراقلىشىپ چاچ چۈشۈش كېسىلىدە چاچ ۋە تېرىنىڭ ھەر ئىككىسى چۈشىدۇ. بۇ ھەر ئىككى كېسەلدە تېرىدە بۇزۇق ماددا بولغان بولىدۇ.

داۋالاش: قايسى خىلت غالىبلىقتا ئالاقىدار ئالامەتلەر بولسا، شۇ خىلتقا قارىتا ئومۇمىي بەدەنلىك تەنقىيە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## چاچ شالاڭلىشىپ چۈشۈش

بۇ كېسەلدە تېرىدە بىرەر قانداق نورمالسىزلىق بولماي تۇرۇپ، چاچ شالاڭلىشىپ چۈشىدۇ.

داۋالاش: سەۋەبكە قارىتا مۇۋاپىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

ئەگەر چاچ چۈشسە، باش تېرىسى بەك يۇمشاق بولسا، ئۇنى «تۆگە-قۇشنىڭ تۈك تاشلىشى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ كېسەل تۆگىقۇشتا كۆپ كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەلنى داۋالاشتا باشنى پات-پات چۈشۈرۈپ تۇرۇپ، باشنى خېلى ئۇزاقىچە نامازشامگۈلى يېغى، ئامىلە يېغى بىلەن ياغلاپ بېرىلىدۇ.

## پاينەكباش

بۇ كېسەلدە پەقەت باشنىڭ چوققىسى ۋە ئالدى قىسمىنىڭ چېچى چۈشىدۇ. بۇ كېسەل ئومۇمەن ياشانغانلاردا كۆرۈلىدۇ. بەزى ياشلاردا كېسەل سۈپىتىدە ئۇچرايدۇ.

داۋالاش: چاچ شالاڭلىشىپ چۈشۈشنى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش

ئېلىپ بارسا بولىدۇ. ئەمما بۇ كېسەل ياشانغانلاردا پەيدا بولسا داۋاسىزدۇر.

## چاچنىڭ يېرىلىشى

داۋالاشتا: باشنى بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ياغلار بىلەن ياغلاپ، هۆللۈك يەتكۈزۈش تەدبىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

## باش تېرىسى مايلىشاڭغۇلىشىش كېسلى

بۇ كېسەلدە باش تېرىسى خۇددى ماي بىلەن مايلىنغاندەك مايلىشاڭغۇ تۇرىدۇ.

داۋالاش: ئىترىفىل دورىلار بىلەن داۋالاش قىلىنسا بولىدۇ.

## چاچ ئاقىرىش

چاچ ئاقىرىش دېگەندە ئاساسلىقى چاچنىڭ ۋاقىتسىز ئاقىرىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەسلىدە چاچ ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن ئاقارسا بولىدۇ.

داۋالاش: ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر دانە ھېلىلە مۇرابباسى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ھەر ئايدا بىر ھەپتە ئىترىفىلى سەغىر ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئىككى ئايدىن كېيىن بەلغەم خىلتىنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ. چۈچۈمەل نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن، قان ئالدۇرۇشتىن ھەمدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ.

## چاچنى ئاسراش تەدبىرلىرى

چاچنى ئاسراش ئۈچۈن لادەن يېغى، نامازشامگۈلى يېغى بىلەن چاچنى ياغلاپ بېرىش كېرەك. چاچنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن باشنى ئامىلە سۈيى بىلەن يۇيۇپ بېرىلىدۇ.چاچ ئۇندۇرۇش ئۈچۈن، بەرەنجاسەپنى كۆيدۈرۈپ، كۆپىكى دەريا بىلەن سوقۇپ، كونا زەيتۇن يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ، باشقا چېپىشمۇ مەنپەئەتلىك. ئۇندىن باشقا دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، چاچ چۈشۈشكە تېرە تۆكۈلۈش بىرگە قوشۇلۇپ كېلىش كېسەلىنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ. تۇك

چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ھاك بىلەن زەرنىخ ئارقىلىق تۈك چۈشۈرۈش بىر قەدەر ئومۇملاشقان. ئەمما دوۋسۇن ساھەسىدىكى تۈكلەرنى چۈشۈرۈشتە ئۈستۈرا بىلەن چۈشۈرگەن مۇۋاپىق. ھاك بىلەن چۈشۈرۈشنىڭ زىيىنى كۆپ. مەلۇم بىر ئورۇنغا تۈك پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بەزرۇلبەنجى، ئەپيۇن، شەۋكىران قاتارلىقلارنى سىركە بىلەن قوشۇپ، يەرلىك ئورۇنغا سۈركىسە بولىدۇ. شۇنىڭدەك موزا، پىستە، ئىتنىڭ قېنى، چۇمۇلىنىڭ تۇخۇمىنى سۈركەشمۇ پايدىلىق. چاچنى قوڭۇر رەڭدە قىلىش ئۈچۈن، سەدرى دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى، موزا، شۇمشىلارنى سۇغا چىلاپ تاتلىقىنى ئېلىپ، بۇ دورا سۈيى بىلەن چاچنى يۇيۇپ بەرسە بولىدۇ. چاچنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش ئۈچۈن، زەرچۇبەنى كۆيدۈرۈپ، ھاكقا ئارىلاشتۇرۇپ، چوڭ كۆمىلاچ ياساپ، چاچقا سۈركىلسە بولىدۇ. بۇ ئىشنى كۈندە بىر قانچە قېتىم سۈركەپ بېرىش كېرەك. ئەمما چوڭ كۆمىلاچنى مەلۇم بىر ئورۇننىڭ چېچىغىلا سۈركىمەسلىك كېرەك. بولمىسا شۇ ئورۇننىڭ چېچى چۈشۈپ كېتىدۇ. چاچنى يۇمرانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كۈنجۈت مېيىنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ چاچقا سۈرۈلىدۇ. چاچنى قارايتىش ئۈچۈن، چاچنى ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ، ئۈستىدىن مەدەستان، ئۆچۈرۈلگەن ھاك، مىلتان سېغىزى قاتارلىق ئۈچ خىل دورىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، سۇ بىلەن خېمىر قىلىپ، باشقا چېپىلىدۇ. ئۈستىدىن ئابدىمىلىك ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىنى قويۇپ، تېڭىپ قويۇلىدۇ. 3 سائەتتىن كېيىن يېشىپ، ئىسسىق سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇۋېتىلىدۇ. ئۇلاردىن باشقا لادەن يېغى، گۈل يېغى ۋە باشقا ياغلار بىلەن ياغلاپ بەرسە بولىدۇ. چاچنىڭ رەڭگىنى قىزىلغا مايىل سېرىق قىلىش ئۈچۈن، خېنە، ئىسپىرت، ئۇد خام قاتارلىقلارنى خېمىر قىلىپ، ئۇنىڭغا زەمچە، زەرنىخ ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. چاچنى قىزىل قىلىش ئۈچۈن، سەئىدى كۇفى، كۈندۈش قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭ سۈيى بىلەن چاچ يۇيۇپ بېرىلسە بولىدۇ. چاچنى ئاقارتىش ئۈچۈن، ماشنى يۇمشاق ئېزىپ، سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلسا بولىدۇ.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب  تىرناق كېسەللىكلىرى

## تىرناقلارنىڭ ئاقىرىپ قېلىشى

تىرناقلارنىڭ ئاقىرىپ قېلىشىنى داۋالاشتا شۈمشا بىلەن زىغىرنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئاقارغان تىرناققا چاپسا بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا، ئومۇمىي بەدەننى تەنقىيە قىلىش كېرەك.

## تىرناقلارنىڭ سارغىيىپ قېلىشى

تىرناقلارنىڭ سارغىيىپ قېلىشىنى داۋالاشتا زاراڭزا ئۇرۇقىنى سوقۇپ، سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ، سارغايغان تىرناققا چىپىلسا بولىدۇ ھەمدە بەدەندىن سەپرا خىلتىنى كېمەيتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ.

## تىرناق ئاغرىقى

تىرناق ئاغرىقىنى داۋالاشتا نامازشامگۈلى يوپۇرمىقى، ياۋا كەندىر يوپۇرمىقىنى ئېزىپ، تىرناققا زىماد قىلىنسا شىپا بولىدۇ.

## تىرناقلارنىڭ مايماقلىشىپ قېلىشى

بۇ كېسەلدە تىرناقلارنىڭ تۈۋىدە قېلىنلاش بولىدۇ. بۇ كېسەلنى «تىرناق جوزامى» دەپمۇ ئاتايدۇ.
داۋالاش: سەۋدا خىلتى تەنقىيە قىلىنىدۇ. مەلھىمى داخىليون ۋە باشقا مۇناسىپ قىرۇتى (ئاق مۇم تەركىبلىك مەلھەملەر) لار زىمات قىلىنىدۇ.

## تىرناق يېرىلىش

ئەگەر تىرناق ئۇزۇنىسىغا يېرىلسا ئۇ «چىشسىمان تىرناق يېرىلىش»

دېيىلىدۇ.

داۋالاش: سەۋدا خىلتى تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئومۇمىي بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ، ئۆردەك يېغى، توخۇ يېغى ۋە شۇمشىنىڭ لۇئابى (شىرىسى) قاتارلىقلار سۈرۈلىدۇ.

## تىرناقلارنىڭ چۈشۈپ كېتىشى

تىرناق يۇلۇنۇپ چىقىشىنىڭ سەۋەبى ئىككى خىل بولىدۇ:

1) مۇسكۇللارنىڭ بوششىپ كېتىشى (ئىسترنا) نىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدا گەرچە تىرناق يۇلۇنۇپ چىقسىمۇ ئەمما ئاغرىش بولمايدۇ. بۇنى داۋالاشتا بەلغەم خىلتىنى تەنقىيە قىلىش كېرەك.

2) قان خىلتى ھارارىتىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدا يەرلىك ئورۇندا ئاغرىش بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا سافىن تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ. پاچاققا ھىجامەت قويۇلىدۇ. ئەگەر قول بارماقلىرىنىڭ تىرنىقى يېرىلغان بولسا، باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. ئەگەر پۇت بارماقلىرى يۇلۇنۇپ چىققان بولسا، چىلان شەربىتىنى بېرىپ، قان خىلتىنىڭ ھارارىتى پەسەيتىلىدۇ.

## تىرناقلارنىڭ كۆپۈشۈپ قېلىشى ۋە قىچىشىشى

بۇ كېسەلدە تىرناقلار كۆپۈشۈپ قالىدۇ ۋە قىچىشىدۇ.

داۋالاش: تىرناقلارنى دەريا سۈيى بىلەن يۇيۇپ بېرىش، ئەنجۇر مونىكىنى ئېزىپ، زىمات قىلىش مەنپەئەتلىكتۇر.

## تىرناقلارنىڭ ئېزىلىشى

ئالدى بىلەن ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن، نامازشامگۈلى يوپۇرمىقى، ئانار يوپۇرمىقىنى سوقۇپ زىماد قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن زەيتۇن يېغىغا بۇغداي ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

## تىرناقنىڭ ئاقىرىپ چۇرۇكلىشىپ قېلىشى

بۇ كېسەلدە تىرناق ئاق ئەبرەككە ئوخشاش ئاقىرىپ، پارقىراق بولۇپ

كېتىدۇ. ئاسانلا سۇنۇپ كېتىدۇ.
داۋالاش: مائۇلئۇسۇل شەربىتىنى گۈلقەنت، سىركەنجۇبىل، بادام ياغلىرى بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن مەتبۇخى ئەفتەمۇن بېرىلىدۇ. ھۆل زىرىق، تاتلىق بادام، ئۆردەك يېغى قاتارلىقلار تىرناققا سۈركىلىدۇ.

## تىرناق ئاستىدا قان ئۇيۇپ قېلىش

داۋالاشتا زۇفتى رۇمىنى بۇغداي ئۇنىغا ئارىلاشتۇرۇپ چاپلىنىدۇ. مۇسەللەس شەربىتى بىلەن تىرناق كۆپرەك يۇيۇپ بېرىلىدۇ. ئارىلاپ زاراڭزا ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ، سىركە بىلەن قوشۇپ چاپلىنىدۇ. كېسەللەنگەن تىرناقنى ئېغىزغا سېلىپ، كۈندە نەچچە قېتىم شۇمۇپ بېرىشمۇ مەنپەئەتلىكتۇر.

## تىرناقنىڭ يۇلۇنۇپ كېتىشى

ئەگەر مەلۇم بىر سەۋەبتىن تىرناق يۇلۇنۇپ كەتسە، زەرنىخ، جاۋاشىر، ئاچچىق بادام مېغىزى قاتارلىقلاردىن زىمات تەييارلاپ چاپلىنىدۇ. ئەگەر زىمات چاپلاشتىن ئىلگىرى، مەلھەمى داخىليون چاپلىسا، ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب ئومۇمىي بەدەن خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر

## پىت ۋە سىركىلەپ قېلىش

بەزى ۋاقىتلاردا بەدەندە پىت ۋە سىركە (سىركە پىتنىڭ تۇخۇمىدۇر) كۆپىيىپ كېتىدۇ.

داۋالاش: ئومۇمىي بەدەننى نورمالسىز خىلىتلاردىن تازىلاش (قان ئېلىش ياكى سۈرگە بېرىش ئارقىلىق نورمالسىز خىلىتلارنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ تاشلاش) بىلەن بىرگە شور دەريانىڭ سۈيى (سۇغا مۇۋاپىق مىقداردا تۇز قوشۇپ تەييارلانغان سۇ) بىلەن يۇيۇندۇرۇش، ئىچ كىيىمنى پات-پات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك ھەمدە كىيىپ سىلىقتەن كىيىمنى ئايرىم قويۇش لازىم. پىتنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، «قەمقام» دېيىلىدۇ. بۇ تېرە تەر تۆشۈكچىلىرىگە مەھكەم چاپلىشىۋالغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئىسسىقلىق يەتكۈزۈلسە، ئورنىدىن قوزغىلىدۇ. نىڭ مايىقى بىلەن نۆشۈدۈرنى سىركىدە ئېرىتىپ، پۈتۈن بەدەنگە سۈركەش پىتلاپ كېتىشنىڭ ھەممە قىسىملىرىغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئاچچىق قۇستە، ئۈزۈنچاق زىراۋەندە، زەرنىخ قاتارلىق دورىلارنى سىركىدە ئېرىتىپ سۈركەشمۇ پىتلاپ كېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

## كۆپ تەرلەش

ئەگەر بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى خىلىتلاردىن بەدەننىڭ تولۇپ قېلىشىدىن بولسا، تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇزۇقلۇقلارنىڭ بەدەن ئېھتىياجىدىن كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن بەدەندە تولۇپ قېلىشىدىن بولغان بولسا، ئۇزۇقلۇق مۇۋاپىق مىقداردا كېمەيتىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك سەۋەبى ئاجىز بولسا، بەدەننى كۈچلەندۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. موزىنى يۇمشاق

ئېزىپ، بەدەنگە سۈركىلىدۇ. قىزىلگۈل شېخىنى كۆيدۈرۈپ، ئىسى بىلەن ئۇمۇمىي بەدەن ئىسرىتىلىدۇ. كۈچلۈك غىزالار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ. كېيىمنى نېپىزرەك كىيگۈزۈش، ھاۋانىڭ مۆتىدىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە چىققان تەرنى سۈرتمەسلىك كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا تەرلەش پەسىيىپ قالىدۇ. ئارپا يېغى تەرنى پەسەيتىپلا قالماستىن، يەنە بەدەننى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە زىيادە تەرلەش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئايلىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئالما سۈيى، قىزىلگۈل ئەرەقى، گۈل يېغى ياكى كۈنجۈت يېغى قاتارلىقلارنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ، يەڭگىل ئوتتا قاينىتىپ، سۇ پارلىنىپ پەقەت ياغلا قالغاندا، ئوچاقتىن چۈشۈرۈپ، سوۋۇتۇپ بەدەن ياغلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش: بوھران كۈنلىرى (كېسەلنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئېغىرلىشىش ياكى ساقىيىش تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىش دەۋرى) كۆپ تەرلەش بولسا، ئۇنى توختاتماسلىق لازىم. ئەگەر زىيادە تەرلەش سەۋەبىدىن بەدەننىڭ ئاجىزلاپ كېتىش خەۋپى بولسا، تەرلەشنى توختىتىشقا بولىدۇ.

## قانلىق تەرلەش

بۇ كېسەلنى داۋالاشتا قان ئېلىنىدۇ. سۈرگە دورىسى بېرىلىدۇ. قان خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش تەدبىرلىرى (يەنى زەرنىخ، كاسنە، يۇمغاقسۈت، چىلان، ئەينۇلا قاتارلىق دورىلاردىن دەملىمە تەييارلاپ ياكى ئەينۇلا شەربىتىگە ئوخشاش دورىلارنى بېرىش) قوللىنىلىدۇ. ئاندىن كېيىن تېرە تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ ئېغىزىنى تارايتىش مەقسىتىدە ئانارنىڭ پوستى، جۇپتى بەللۇت قاتارلىقلارنى سېمىز ئوت ئۇرۇقىنىڭ تاتلىقى بىلەن يۇغۇرۇپ، بەدەنگە تەكشى سۈرۈلىدۇ.

## زىيادە جۇدەپ كېتىش ۋە زىيادە سەمرىپ كېتىش

زىيادە ئورۇقلاپ كېتىش ياكى زىيادە سەمرىپ كېتىش ئوخشاشلا كېسەل ھېسابلىنىدۇ. زىيادە ئورۇقلۇقنى داۋالاش تەدبىرلىرى بولسا، ئالدى بىلەن كېسەللىك سەۋەبچىسىنى يوقىتىش، ئاندىن كېيىن بەدەننى سەمرىتكۈچى دورىلار ۋە غىزالارنى بېرىشتىن ئىبارەت. تۆۋەندىكى نۇسخىنىڭ

بەدەننى سەمرىتىش تەسىرى نىسبەتەن ياخشى. نۇسخا تەركىبى: ئاق تۇدەرى، قىزىل تۇدەرى، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى، چىلغوزا مېغىزى، پىستە مېغىزى، پىندۇق مېغىزى، ھەببۇتۇلخۇزرا قاتارلىق دورىلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، كالا يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، شېكەر قىيامى بىلەن خېمىر قىلىپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ ھەمدە بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى، قۇۋۋەتلىك، خىلىت ھاسىل قىلىشى تېز بولغان غىزالار بېرىلىدۇ.

زىيادە سەمرىپ كەتكەنلەرگە قارىتا بەدەننى ئورۇقلىتىش تەدبىرلىرى مۇنداق: سۇرگۈچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى بېرىپ، يېمەكلىك مىقدارى مۇناسىپ كېمەيتىلىدۇ. بەدەن قۇستە يېغى ۋە سېرىقچېچەك يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ. ئىترىفىل دورىلار ۋە جاۋارىش كۇمۇنى بېرىلىدۇ. بىمار ئۇسسۇز قويۇلىدۇ. قۇمغا كۆمۈلۈشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى. بۇ دورىنىڭ زىيادە سەمرىپ كېتىشكە ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى. تەركىبى: يۇيۇلغان لوك 5. 3 گرامنى ناشتىدا سىركە بىلەن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بىر ھەپتە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىتقىچە ئىستېمال قىلغاندا بەدەن كۆرۈنەرلىك دەرىجەدە ئورۇقلايدۇ.

## باش ۋە پېشانە تېرىسىنىڭ تارتىشىپ قېلىشى

ئەگەر باش ۋە پېشانە تېرىسىنىڭ تارتىشىپ قېلىشى باشقا كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن بولغان بولسا، كېسەللەنگەن ئورۇننى ياغلار بىلەن ياغلاش ئارقىلىق يوقاپ كېتىدۇ. ئەگەر بىرەر ماددىنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا، ماددىغا قارىتا مۇناسىپ مۇنزىج، مۇسھىل بېرىپ، كېسەللىك ماددىسىنى بەدەندىن تازىلاشقا توغرا كېلىدۇ.

## باشنىڭ چوڭىيىپ قېلىشى

بۇ مېڭە پەردىلىرى ئارىلىق بوشلۇقلىرىغا سۇيۇقلۇقلارنىڭ يىغىلىشى سەۋەبلىك باشنىڭ يوغىناپ كېتىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بالىلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇ كېسەلنى باشقا سۇ چۈشۈش دەپ ئاتاش مۇۋاپىق.

داۋالاش: تېرىدىن باشقا چىلىڭ كېلىدىغان دوپپا تىكىپ، باشقا چۆكۈرۈپ كىيگۈزۈلىدۇ. پۇت ۋە پاچاق ساھەسىنى كۆپرەك ئۇۋۇلاپ بېرىش، ئوزۇقلۇق مىقدارىنى كېمەيتىش ھەمدە سۇيۇقلۇق ھەيدەش ۋە سۇرگە بېرىش ئارقىلىق بەدەن ھۆللۈكى مۇۋاپىق كېمەيتىلىدۇ.

## بارماقلارنىڭ كۆپۈشۈشى ۋە قىچىشىشى

بۇ كېسەلدە قىش پەسلىدە بارماقلار كۆپــۈشــۈپ قــالــىدۇ ۋە قىچىشىدۇ.

داۋالاش: كېسەللەنگەن بارماق تۇز سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ (تۇز تەركىبى يۇقىرى قۇدۇق سۈيى، شور دەريانىڭ سۈيى بولسا تېخىمۇ ياخشى) ، بۇنىڭدىن باشقا قىزىلچا ياكى چامغۇرنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن يۇيۇپ بېرىشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى.

## چات قىسمىنىڭ زەخىملىنىشى

بۇ كېسەل ئۇزۇن ئولتۇرۇپ يېتىش سەۋەبىدىن چات ۋە پەللەك (ساغرا) قىسمى شەلۋەرەپ قالىدۇ. شۇڭا بۇ كېسەل ياتاق يارىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

داۋالاش: دەسلەپتە قىزىللىق كۆرۈلگەن ھامان ئۇخلاش، ئۇزۇن ئولتۇرۇشنى مەنئى قىلىش ھەمدە ماددىلارنى قايتۇرغۇچى دورىلارنى چىپىش، گۈلاب ۋە سىركىنى مۇز بىلەن سوۋۇتۇپ، كېسەللەنگەن ئورۇنغا سۇرۇلىدۇ. ئەگەر قىچىشىش بولسا، مەلھەمى ئىسپىداج (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) سۇرۇلىدۇ.

## بەدەن يۇراش

داۋالاشتا كېسەل پەيدا قىلغان ماددىنى بەدەندىن تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، مەدەستانىنى گۈلابتا ئېزىپ، بەدەنگە سۇرۇلىدۇ. ئاملە نۆشدارى بېرىلىدۇ.

## قول-پۇت بارماقلىرىنىڭ ئۇششۇپ قېلىشى

ئارتۇق سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن قول-پۇت بارماقلىرى قارىداپ،

قىلىنىلاپ قالىدۇ.

داۋالاش: قارىداشقا باشلىغان ھامان ئىششىشتىن ئىلگىرى زەيتۇن يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلاردىن قايسىسى تېپىلسا، شۇنىڭ بىلەن ياغلاپ بەرسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ياللۇغلانغاندىن كېيىن، قارىداشتىن ئىلگىرى ئىككىلىملىك، سېرىقچېچەك، شۇمشا، زىغىر ئۇرۇقى ۋە باشقا مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا دورىلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا چىلاپ بېرىش ھەمدە گۈل يېغى بىلەن ياغلاپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا كۆممىقوناقنى يۇمشاق ئېزىپ، رەيھان شەربىتىدە قاينىتىپ، سىرتىدىن چېپىپ بەرسە بولىدۇ. ئەگەر يەرلىك ئورۇن قارىداپ قالغان بولسا، يەرلىك ئورۇنغا چوڭقۇر قىلىپ لوڭقا قويۇلىدۇ ھەمدە شۇ ۋاقىتتا ئىسسىق سۇغا پۇتىنى تاكى قان ئۆزلۈكىدىن توختاپ قالغانغا قەدەر چىلاپ بەرگەندە، چىقىۋاتقان بۇزۇق قان توختاپ قالماي، تولۇق چىقىپ كېتىدۇ. ئاندىن كېيىن پۇتىنى ئىسسىق سۇدىن چىقىرىپ، گىل ئەرمىنى، سۇ، ھەسەل ۋە سىركىلەر بىلەن مەلھەم تەييارلاپ، سىرتىدىن چېپىلىدۇ. ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن رەيھان شەربىتى، سۇ، سىركىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىلمان ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئۇششىگەن ئورۇن كۈندە بىر نەچچە قېتىم يۇيۇپ بېرىلىدۇ.

## ئوتتا كۆيۈپ قېلىش

داۋالاشتا: سۇ كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئىلگىرى رەختنى مۇز سۇيىگە چىلاپ، كۆيگەن ئورۇنغا قويۇپ، سوغۇق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىسسىپ قالسا، يەنە سوۋۇتۇپ، تەكرار قويۇش كېرەك. گىل ئەرمىنىنى سۇ ۋە سىركىدە سۇرۇپ كۆيگەن ئورۇنغا سۇركىلىدۇ ھەمدە كوممىقوناقنى ئېزىپ، قاينىتىپ، ئۇنى كۆيگەن ئورۇنغا چېپىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىك، ئوخشاشلا تۇخۇمنىڭ ئېقى سۇركەپ بېرىش ۋە ياكى سۇت بىلەن قېتىقنى ئارىلاشتۇرۇپ چېپىشمۇ مەنپەئەتلىك. ئەگەر كۆيگەن ئورۇندا سۇ كۆتۈرۈلۈش بولغان بولسا، قان ئېلىنىدۇ. بەدەن خىلىتلاردىن تولۇپ كەتكەن بولسا، يەرلىك ئورۇنغا مەلھىمى ئىسپىداج ۋە مەلھىمى نۇرە (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قاراڭ) سۇركىلىدۇ.

## قىزىق ياغ بىلەن كۆيۈپ قېلىش

بۇنى داۋالاشتا ئوتتا كۆيگەن كۆيۈكنى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. لېكىن بۇ خىل كۆيۈكتە توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىغا ئازراق زەيتۇن يېغى ۋە ئۇيا ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىلسە، مەنپەئەتى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

## قايناق سۇدا كۆيۈپ قېلىش

ئۇنى داۋالاشتا ئارپىنى كۆيدۈرۈپ، تۇخۇمنىڭ سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

## توكتا كۆيۈپ قېلىش

بۇ خىل كۆيۈكنى داۋالاشتا ئوتتا كۆيگەن كۆيۈكنى داۋالىغانغا ئوخشاش داۋالاش ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

## ئاپتاپتا كۆيۈپ قېلىش

بەزىدە كۈچلۈك كۈن نۇرىدا مەشغۇلات قىلغاندا بەدەن تېرىلىرى كۆيۈپ، قارىداپ قالىدۇ.

داۋالاشتا: سىرتىدىن مەلھىمى كاپۇر سۈركىلىدۇ.

## بالادۇر ھەسەلدىن كۆيۈپ قېلىش

بۇنى داۋالاشتا يەرلىك ئورۇن تىلىنىپ، لوڭقا قويۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن مەلھىمى خەل (كىتابنىڭ ئاخىرىغا قارالسۇن) سىرتىدىن سۈركىلىدۇ.

## ھاك بىلەن تىلنىڭ كۆيۈپ قېلىشى

بۇ پان يەپ ئادەتلەنگەنلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

داۋالاش: ئىسپىغول ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش لۇئابلىق دورىلارنىڭ لۇئابى بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ. ئاندىن كېيىن بادام يېغى، ياڭاق يېغى بىلەن تىل ياغلىنىدۇ.

## زەخىملىنىشلەر

زەخىملىنىشلەر پۈتۈنلۈكنىڭ بۇزۇلۇشىغا مەنسۇپ بولۇپ، كۆپىنچە پوست بىلەن ئەتتە كۆرۈلىدۇ. ئەگەر زەخىملەردە يىرىڭداش بولسا، «يارا» دەپ ئاتىلىدۇ. زەخىملىنىشلەرنىڭ تۈرلىرى كۆپ. مەسىلەن: يېنىك دەرىجىدىكى زەخىملىنىش، ئوتتۇراھال دەرىجىدە زەخىملىنىش، ئېغىر دەرىجىدە زەخىملىنىش قاتارلىقلار. ئۇلاردىن باشقا زەخىملىنىشلەر زەخىمنىڭ شەكلىگە قاراپ، زەخىمە ئېغىزىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان زەخىمە، چوڭقۇر زەخىمە، گۆش ئۆسۈپ چىققان زەخىمە، مۇرەككەپ زەخىمە، ئەسلىگە كېلىدىغان زەخىمە، ئەسلىگە كېلەلمەيدىغان زەخىمە دېگەندەك بىر قانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. زەخىملىنىشلەر دەستىكار (ئوپېراتسىيە) قىلىپ داۋالاش ئىلمىگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىمكى: ئەگەر يۈرەكتە زەخىملىنىش بولسا، ئۇ داۋالاشقا ئازراقمۇ پۇرسەت بەرمەيدۇ. ئومۇمەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش مېڭە زەخىملىنىشلىرىدىمۇ بىمارنىڭ ھاياتى ئېغىر دەرىجىدە خەۋپكە ئۇچرايدۇ. مېڭە زەخىملەنگەندە ئەقلىي تەپەككۇر توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. بۆرەك، دۈۋساق ۋە ئۈچەينىڭ زەخىملىنىشلىرىدىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئەھۋاللار بولىدۇ. سۈيدۈكتە قان كېلىش دۈۋساق زەخىمىسىنىڭ، ئارقا تەرەتكە قان ئارىلاش كېلىش ئۈچەي زەخىمىسىنىڭ ئالامىتىدۇر. جىگەرنىڭ زەخىملىنىشى گەرچە قورقۇنچلۇق بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ساقىيىپ كېتىشىدىن ئۈمىد بار. ئەسەبلەر ۋە مۇسكۇل ئۈچلىرىنىڭ زەخىملىنىشىمۇ نىسبەتەن خەتەرلىك بولۇپ، بۇ ئەزالاردىكى زەخىملىنىشلەرنى ئەزا رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئايلىنىشى، تارتىشىپ قېلىشى قاتارلىق ئالامەتلەردىن بايقىغىلى بولىدۇ. تىزنىڭ ئالدى قىسمىنىڭ زەخىملىنىشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى نىسبەتەن قىيىن بولىدۇ. قورساق قىسمىدىكى زەخىملەر چوڭقۇرلاپ كىرگەن بولسا، بۇمۇ خەتەرلىك بولۇپ، قورساق زەخىمىسىنىڭ چوڭقۇرلاپ كىرگەنلىكىنى كېكىرىش، ھېق تۇتۇش ئالامەتلىرىدىن بىلگىلى بولىدۇ. كۆكرەك قىسمىدىكى چوڭقۇر زەخىملەرمۇ خە-

تەرلك بولۇپ، ئۇنى جاراھەتلەنگەن ئورۇندىن ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇش ئالامىتىدىن بىلگىلى بولىدۇ. دىئافراگمىنىڭ زەخىملىنىشىمۇ خەتەردىن خالي ئەمەس. دىئافراگما زەخىملەنگەنلىكىنى دەم سىقىلىش ئالامىتىدىن بىلگىلى بولىدۇ. ئاشقازاننىڭ زەخىملىنىشىمۇ خەتەرلىك بولۇپ، ئاشقازان زەخىملەنگەندە غىزالار ئاشقازاندىن چىقىدۇ. زەخىملىنىش يۇقىرىقى ئەزالاردىن باشقا ئەزالاردا بولسا، شۇ ئەزالارنىڭ خىزمىتىنىڭ ئۇخشىمىغان دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىدىن ئۇنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى زەخىملىنىش تېرە بىلەن ئەتتىلا چەكلەنگەن بولسا، دەستىكار ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تىكىلىدۇ. زەخىملىنىشلەردە ئۇششاق سۆڭەك پارچىلىرى بولسا، ئۇلارنى چىقىرىپ تاشلاش لازىم. بۇنىڭ ئۇچۇن پىشقان دەستىكارچىغا كۆرۈنۈش، دەستىكارچىمۇ جاراھەتشۇناسلىق جەھەتتە تەجرىبىگە باي بولغان بولۇشى لازىم. چۈنكى زەخىملىنىشلەرنى داۋالاشتا پەقەت زەخىمە ھەققىدە چۈشەنچە بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى مول ئەمەلىي تەجرىبە بولۇشى زۆرۈر.

## نەيزە، ئوق، تىكەن ۋە باشقىلارنىڭ سانجىلىپ كىتىشى

داۋالاشتا ئالدى بىلەن سانجىلىپ كەتكەن نەرسىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، مۇرەككى، كۇندۇر قاتارلىقلارنى يۇمشاق ئېزىپ سۇركىلىدۇ.

## يارا

يارا بىر قانچىگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن: ئادەتتىكى يارىلار (بىسىست) ، مۇرەككەپ يارىلار، يارا ئېغىزى تەستە پۈتىدىغان يارىلار، ئاقمىلار، يامرىغۇچى يارىلار، گۆشنى يەپ ماڭىدىغان يارا قاتارلىقلار. ئادەتتىكى يارىلار بولسا يارىنىڭ ساقىيىشىغا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار بولمىغان يارىلاردىن ئىبارەت. مۇرەككەپ يارىلار بولسا ئادەتتىكى يارىلارنىڭ ئەكسىچە يارىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار بولغان يارىلارغا قارىتىلغان. ئېغىزى تەستە پۈتىدىغان يارىلار بولسا توقۇلمىنىڭ بۇزۇلۇشى ئېغىر بولغان يارىلاردىن ئىبارەت. ئاقمىلار بولسا شەكىللەنگىنىگە 40 كۇندىن ئاشقان يارىلاردىن ئىبارەت. ئېغىزى تەستە پۈتىدىغان يارىلار بىر

نەچچىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، يامرىغۇچى يارىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، يارىدىن سىرغىپ چىققان سۇيۇقلۇق قايسى ئورۇنغا تەگسە، شۇ ئورۇننى يۇقۇملاندۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل يارا بىلەن ئاغرىغان بىماردا قىزىتما بولىدۇ. يەنە بىرى، يېگۈچى يارا بولۇپ، بۇنىڭدا يارا پەيدا بولغان ئورۇننىڭ ئەتراپىدىكى گۆشلەر يېيىلىپ كېتىدۇ. بۇ خىل يارىلارنى داۋالاشتىمۇ دەستىكار ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك. شۇنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىمكى: يارا يېنىك دەرىجىدە بولسا، ئۇ تېزدىن ساقىيىپ كېتىدۇ. يارا بىر قەدەر ئېغىر بولسا، ئۇنى داۋالاشتا كۈچلۈك مەلھەملەرنى ئىشلىتىش لازىم. بۇ مۇرەككەپ داۋا رىسالىلىرىدە كېڭەيتىپ سۆزلەنگەن. ئىم دەرىخى ھىندىستاندىكى مەشھۇر دەرەخ بولۇپ، ئىم دەرىخىنىڭ شېخىنى سوقۇپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، يارىغا سۈركىگەندە ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا پەرھىز قىلىش ۋە تەنقىيە قىلىشمۇ يارىنى داۋالاشتا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئاقمىنى داۋالاشتا ئاقمىنى شور دەريانىڭ سۈيى ياكى سوپۇن سۈيىگە ئاززاق زەرنىخ، نۆشۈدۈر سېلىپ، پاكىز يۇغاندىن كېيىن، كونا ھاراققا چىلانغان پاختىنى ئەنزورۇت، سەبرى، مۇرمەككى، خۇنسىياۋشان، ئەپيۇن، زەپەر قاتارلىقلارنى يۇمشاق ئېزىپ، سۇفۇپ قىلىپ، ئۇنىڭغا يۇقتۇرۇپ، ئاقما ئىچىگە سېلىپ قويۇلىدۇ. بۇنى تەكرار بىر قانچە كۈن قوللىنىپ بەرگەندە ئاقما ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ياخشىلانمىسا، بۇزۇلغان گۆشنى نەشتەر ياكى ئۆتكۈر يېگۈچى دورىلار ئارقىلىق يوقاتقاندىن كېيىن، يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ.

## ئۇرۇلۇش سوقۇلۇشلار

ئەگەر ئۇرۇلۇش-سوقۇلۇشتىن ئىششىش بولماي، قىزىتما بولسا گىل ئەرمىنى، تۇخۇمنىڭ ئېقى ۋە باشقىلار چاپلىسا بولىدۇ. ئەگەر ئىششىش بىلەن قىزىتما بىرگە بولسا، قان ئېلىنىدۇ، ھىجامەت قويۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن ماددىلارنى قايتۇرغۇچى دورىلار چاپلىنىدۇ. ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش رەئىس ئەزالارنىڭ بىرەرسىدە بولسا، يەرلىك ئەزا توقۇلمىسىنىڭ ماددا

ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم. ئەگەر مۇسكۇللار ئۈزۈلۈش، سوقۇلۇشقا ئۇچرىغان بولسا، ئاغرىق پەسەيتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش لازىم.

## كەكە ياكى بولقا بىلەن ئۇرۇلۇش

بىرەرسىگە كەكە ياكى بولقا تېگىپ كەتسە، تېرىنىڭ ئاستىدا مۇس-كۇللارنىڭ زەخىملىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

داۋالاش: زەخىملەنگەن ئورۇننى تارىلىپ كەتكەن مۇسكۇللار بىر يەرگە كەلگەنگە قەدەر بېسىپ بىر يەرگە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۈچكىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا سويۇپ ئېلىپ، ئىسسىق پېتى سوقۇلغان ئورۇن ئورىتۇپلىنىدۇ. تېرىنىڭ نەملىكى كۆتۈرۈلۈپ بولغىچە يېشىۋېتىلمەيدۇ.

بۇ ئۇسۇل بىلەن زەخىمە بىر كېچە-كۈندۈزدە ساقىيىپ كېتىدۇ. ئەگەر تېرە ئاستىغا قان ئۇيۇۋالغان بولسا، ئىسسىق توم ناننىڭ يۇمشاق قىسمىنى ياكى تۇرۇپنى تېگىپ بەرسىمۇ ئۈنۈمى بولىدۇ.

## سۇنۇق، چىقىق، چىم بولۇپ كېتىش ۋە سۆگەك ئەتراپىدىكى يۇمشاق توقۇلمىلارنىڭ زەخىملىنىشى

سۇنۇق دەپ سۆگەكلەرنىڭ سۇنۇپ كېتىشىنى ئاتايدۇ. چىقىق دەپ بوغۇملارنىڭ ئۆز ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشىنى ئاتايدۇ. چىم بولۇپ كېتىش دەپ بوغۇملارنىڭ قېقىلىشىنى ئاتايدۇ. ئەگەر بوغۇملاردىكى قېقى-لىش مۇكەممەل بولمىسا، «قاس» بولۇش دېيىلىدۇ. ئەمما سۆگەك ئەتراپى-دىكى يۇمشاق توقۇلمىلارنىڭ زەخىملىنىشى بولسا، سۆگەكلەردە سۇنۇش بولماي، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇمشاق توقۇلمىلاردا زەخىملىنىش بولۇشقا قارىتىلغان.

سۇنۇق ۋە چىقىقلارنى داۋالاشنى ماھىر تېڭىقچى ئوبدان بىلىدۇ. باشقا تەدبىرلەر مەسىلەن: مۇسكۇللارنى تارتىش ۋە مىدىرلىتىش ۋە باشقا ئۇسۇللار مەشھۇر بولۇپ، كۆپىنچە كىشىلەر بىلىدۇ. ئەمما سۆگەك ئەتراپى-

دىكى يۇمشاق توقۇلمىلارنىڭ زەخىملىنىشىدە ئۆسۇملۇك ياغلىرى بىلەن ياغلاپ بېرىش، قىزىلگۈل ئۆسۇملۇكىنىڭ يوپۇرمىقىنى يۇمشاق ئېزىپ چېپىپ بېرىش، موغاسىنى ئاق لەيلىگۈلى بىلەن ئېزىپ، توخو تۇخۇمىنىڭ سېرىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ، چېپىپ، ئۇستىدىن تېڭىپ قويۇش كېرەك.

## زەھەرلىنىش

داۋالاش: زەھەرلەنگۈچىنى ئىلمان سۇغا كۇنجۇت يېغى ياكى قايماق ئارىلاشتۇرۇپ، كۆپ مىقداردا ئىچۈرۈپ قۇستۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇبدان قۇسالمىسا، سېرىقچېچەك قاينىتىلمىسىغا تۇز ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇستىگە كۆپرەك كۇنجۇت يېغى تۆكۈپ ئىچۈرۈلىدۇ. قىسقىسى قۇستۇرۇش مەقسىتىدە قانداق دورا بەرمەيلى كۆپ مىقداردا بېرىش كېرەك. قۇستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يېڭى سېغىلغان كالا سۈتىنى بىمار قانچىلىك ئىچەلىسە شۇنچىلىك بېرىلىدۇ. ئەگەر ئىچكەن سۈتنى قۇسۇپ چىقىرىۋەتسە تېخىمۇ ياخشى. قايماق ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلارنى ئىچۈرۈشمۇ سۈتكە ئوخشاشلا مەنپەئەتلىك. زەھەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن تەرياقى كەبىر ناھايىتى مەنپەئەتلىك. ئۇلاردىن باشقا زەھەرلەنگۈچىنى قەتئىي ئۇخلاتماسلىق، قورسىقى ئاچسا، مۇناسىپ غىزالارنى بېرىش كېرەك. شۇنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈركى، نېمىدىن زەھەرلەنگەن بولسا، شۇنىڭغا مۇناسىپ زەھەر قايتۇرۇش تەدبىرى قوللىنىلسا بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئەگەر زەھەرلەنگۈچى ھوشسىزلانغان بولسا، كۆز ئالمىسى ئۇستىگە تارتىلىپ كەتكەن بولسا، كۆزنىڭ قارىسى يوقاپ كەتكەن بولسا ياكى كۆزى قىزىرىپ قالغان بولسا، تومۇرى سېلىشتىن توختىغان، تىلى سىرتىغا چىقىپ قالغان بولسا، سوغۇق تەرلىگەن بولسا، بۇنداق ۋاقىتتا بىمارنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد قالمايدۇ.

زەھەر مەدەن زەھەر، ئۆسۇملۇك خاراكتېرلىك زەھەر، ھايۋانى زەھەردىن ئىبارەت 3 كە بۆلۈنىدۇ.

## زەھەرلىك ھايۋانلار چېقىۋېلىش، چىشلىۋېلىش

زەھەرلىك ھايۋانلار چاققاندا ياكى چىشلىۋالغاندا، زەھەر بەدەنگە

تارقاپ كېتىدۇ. ئۇنى قايتۇرۇشنىڭ ئالتە خىل ئۇسۇلى بار.

(1) تەبىئىي بەدەن ھارارىتىنى كۆچەيتكۈچى، قورساق بوشلۇقىدىكى ئەزالارنى كۈچەيتكۈچى، زەھەرنى قايتۇرغۇچى دورىلار مەسىلەن: تەرياق كەبىر، تەرياق ئەربەئەگە ئوخشاشلار.

(2) بەدەننى قۇستۇرۇش، سۈرگە بېرىش ئارقىلىق زەھەرنى بەدەندىن تازىلاش كېرەك. ئەمما قان ئېلىشقا بولمايدۇ. لېكىن چايان ۋە يىلان چېقىۋالغۇچىدىن قان ئېلىشقىمۇ بولىدۇ.

(3) زەھەر قايتۇرۇش جەھەتتە تەجرىبىدىن ئۆتكەن ھەمدە ھەر بىر زەھەرلىك ھايۋاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش جەھەتتە مەخسۇس بولغان دورىلارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش، مەسىلەن: تىمساق چىشلەپ زەھەرلەنگۈچىلەرگە تىمساقنىڭ گۆشىنى بېرىش، يىلان چاققانلارغا يىلان گۆشىنى بېرىش قاتارلىقلار.

(4) چاققان ياكى چىشلىگەن ھايۋاننىڭ مىزاجىغا قارشى دورىلار بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ھىڭ چايانىنىڭ مىزاجى بىلەن قارىمۇ قارشىدۇر.

(5) بەدەنىنىڭ «تەبىئەت كۈچى» نىڭ زەھەرنى قوزغىتىپ، بەدەنىنىڭ سىرتقى تەرىپىگە ئىتتىرىپ چىقىرىشىغا ياردەم بېرىدىغان دورىلار مەسىلەن: تەرلەتكۈچى دورىلار ئارقىلىق تەرلىنىش، بۇغۇرتۇش ۋە باشقىلار. ئەمما بۇ تەدبىرلەر بەزىدە ئادەمنى چۆچۈتۈپ قويىدۇ. چۈنكى بەزى ۋاقىتلاردا زەھەر رەئىس ئەزالار تەرەپكە ئىتتىرىلىدۇ.

(6) زەھەرنىڭ بەدەنگە تارقاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى. يەنى قانداق ئەزانى زەھەرلىك ھايۋانلار چېقىۋالسا ياكى چىشلىۋالسا، بەدەنگە چوڭ تەسىرى بولمىغۇدەك دەرىجىدە دەرھال پىچاق ياكى نەشتەر بىلەن كېسىپ تاشلىنىدۇ. كېسىپ تاشلانغان ئورۇن داغلىۋېتىلىدۇ ۋە سىرتىدىن تېڭىق لاتىسى بىلەن تېڭىۋېتىلىدۇ. زەھەر تارقاپ كېتىشنىڭ يەنىمۇ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تېڭىشتىن ئىلگىرى سەزمەس قىلغۇچى دورىلار چېپىلىدۇ. ئەمما يەرلىك ئورۇنغا لوڭقا قويۇش ياكى يەرلىك ئورۇننى شوراش مەنئى قىلىنىدۇ. لېكىن شوراشقا توغرا كەلسە، شورىغۇچىنىڭ قورسىقى توق بولۇشى، ئېغىزنى گۈل يېغى بىلەن چايقىۋېتىپ،

ئاندىن شورىشى لازىم. شۇنداق قىلمىغاندا بىرەر كۆتۈلمىگەن ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلار:

1) لاغىيە شىرنىسى (بۇ بىر خىل چاپلاشقاق سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ئۆسۈملۈك) يىلان چاقىغانغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

2) ئاپپىلسىن ئۇرۇقىدىن 9 گرام. ھەر قانداق جانۋارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

3) چىنار دەرىخىنىڭ يېڭى مېۋىسىنى ئىستېمال قىلىشمۇ مەنپەئەت-لىك.

4) ئوغلاقنىڭ ئاشقازان ۋە ئىچكى ئەزالىرىنى پاكىزلاپ، يۇمغاقسۇت بىلەن قورۇپ، قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىش ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

5) ئۆچكىنىڭ مايىقىنى كۆيدۈرۈپ يېگۈزۈش ۋە زىمات قىلىشمۇ مەنپەئەتلىك.

6) پىنتىنى ئىستېمال قىلىشقا بىرىش ياكى چېپىشمۇ مەنپەئەت-لىك.

7) خام ياكى قايناتقان سۈتنى كالا يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، زەھەرلىك جانۋارلار چاققان ئورۇنغا چېپىشمۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىك.

8) يۇمغاقسۇتتىن 3 ئۇچۇم ئىستېمال قىلىش ھەرە، ياۋا چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىسى چاققانغا مەنپەئەت قىلىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقى دورىلار ھايۋانلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرالايدۇ. شۇڭا، بۇلار ھەر خىل زەھەرلىك ھايۋانلار چاققان ۋە چىشلىگەنگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

غالجىر ئىت چىشلەش سەۋەبىدىن زەخىملىنىش كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنى قىرىق كۈنگىچە ساقايغىلى قويماسلىق لازىم. ئەگەر ساقىيىپ قالسا، ئۇنى يەنە زەخىملەندۈرۈش، زەھەر ئارىلاش مادداا ئېقتتۇرۇتىلىشى لازىم ھەمدە سەۋدا خىلتىنىڭ سۈرگۈسىنى كۈچلۈكرەك بېرىش كېرەك. چۈنكى غالجىر ئىت زەھىرىدە بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن كۆچىيىدۇ. شۇڭا غالجىر ئىتتىن ۋە غالجىر ئىت چىشلىۋېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. چۈنكى بۇ كېسەل غالجىر ئىت چىشلىۋېلىشتىن بولىدۇ ھەمدە غالجىر

ئىت چىشلىۋالغان ئادەمنىڭ ساق ئادەملەرنى چىشلىۋېلىشىدىنمۇ بولىدۇ. غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئادەم سۇدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ سۇ ئىچمىگەن سەۋەبتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ خىل بىمارلارغا سۇ ئىچۈرۈش ئۇسۇلى بىر ئۇزۇن بامبۇك نەيچىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى بىمارنىڭ ئاغزىغا توغرىلاپ، يەنە بىر ئۇچىدىن سۇ قۇيۇپ بەرسە، بىمار سۇنى كۆرمىگەچكە ئىچىدۇ. بەزى تەجرىبىكارلار شۇنداق تەجرىبە قىلىپ كۆرگەنكى، غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئازراق قېنىنى سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بىمارغا ئىچۈرسە، زەھەرنىڭ تەسىرىنى يوقىتىدۇ. بەزىلەر ئالتە ئايغىچە ھەر كۈنى 1 گرامدىن ئىپار ئىستېمال قىلىش ھەمدە 3 ئايغىچە يارىنى ساقايغىلى قويماسلىقنىڭ ئۈنۈمى ياخشى دەپ كۆرسەتتى. يەنە بەزىلەر غالجىر ئىتنىڭ جىگىرىنى قورۇپ ئىستېمال قىلىشمۇ غالجىر ئىت چىشلىۋالغان بىمارلارغا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ دەپ كۆرسەتكەن.

# «مىزانى تىب» تىكى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار

## ئىلىي پەۋاكى (مېۋىلەر سۈيى)

تەركىبى: ئەينۇلا، چىلان، سەرپىستان ھەر بىرى 30 دانىدىن، تەمرى ھىندى 36g، قارا ئۆرۈك 10 دانە، قەنت 36g، تەرەنجىبىن 72g ئېلىپ، دورىلارنى ئاخشىمى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگىنى سۈزۈپ، قەنت بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

## ئاساناسىيا

تەركىبى: زەپەر، ئاچچىق قۇستە، سۇمبۇل، مۇرمەككى، ئۇد بىلسان، ئەپيۇن، قېلىن دارچىن ھەر بىرى 4g دىن، غاپەس ئۇسارىسى 8g، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى 12g، ھەسەل ئومۇمىي دورىلار ۋەزنىنىڭ 3 ھەسسەسىگە تەڭ ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن قىلىپ، كۈندە 1 ۋاخ، 3g دىن ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ.

## ئىترىفىل غودودى

تەركىبى: قارا ھېلىلە 52g، ئەفتىمۇن 36g، بەلىلە، ئامىلە، تۇربۇت ھەر بىرى 24g، بىستىپايەج، ئۇستىقۇددۇس، قوينىڭ بويۇن بېزى (تور تولغىنى) ھەر بىرى 18g، سانا 14g، غارىقون، زورەنباد 10g، شەترەنجى ھىندى، نۆشۇدۇر ھەر بىرى 10g، رۇم بەدىيان، قېلىن دارچىن، سۇمبۇل، قەلەمپۇر، لاچىندانە، جوز، مەستىكى ھەر بىرى 7g دىن، ساپ ھەسەل ئومۇمىي دورىلار ۋەزنىنىڭ 3 ھەسسىسىگە تەڭ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، تاماقتىن كېيىن 6～12g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئىترىفىل كەبىر

قارا ھېلىلە، كابىلە ھېلىلىسى، بەلىلە، ئامىلە، قارىمۇچ، پىلپىل ھەر بىرسى 18g، زەنجىۋىل، بەسباسە، زورەنباد (ئەركەك جويۇز)، شەترەنجى ھىندى، شاقاقۇل مىسرى، ئاق تودەرى، قىزىل تودەرى، ئەرمىدۇن ئۇرۇقى (لىسانى ئەساپىر)، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، كۈنجۈت، خەشخاش ئۇرۇقى ھەر بىرى 9g، بادام يېغى يۇقىرىقى دورىلارنىڭ تالقىنىنى ياغلىغىلى بولغىدەك مىقداردا، ھەسەل 360g، تەرەنجىبىن 120g، ناۋات 240g قائىدە بويىچە مەجۇن قىلىنىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: تاماقتىن كېيىن، كۈندە 2 ۋاخ، 6~12g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئىترىفىل كەشنىزى

تەركىبى: سېرىق ھېلىلە، كابىلە ھېلىلىسى، قارا ھېلىلە، ئامىلە، بەلىلە پوستى، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرى 12g دىن، بادام يېغى ئېھتىياجغا مۇۋاپىق. ھەسەل ئومۇمىي دورا ۋەزنىنىڭ 3 ھەسسىسىگە تەڭ ئېلىنىدۇ. قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ، 10~12g غىچە كۈندە 2 ۋاخ، تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئىكسىرىن سۇرمە (تەسىر كۆرسەتكۈچى سۇرمە)

تەركىبى: قەلەي كۈشتىسى 28g، كۈمۈش چىلىندان، ئەرەب يېلىمى ھەر بىرى 14g دىن، نىشاستە، ئەپيۇن ھەر بىرى 7g، تۈچ كۈشتىسى 3.5g، بۇلارنى قائىدە بويىچە سۇرمە تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

## ئامىلە نۆشۈدارى

تەركىبى: قىزىلگۈل 21g، سەئدى كوفى 18g، قەلەمپۇر، مەستىكى، ئاسارۇن، سۇمبۇل ھەر بىرسى 12g، لاچىندانە، قاقىلە، زەرنەب، بەسباسە، جويۇز، دارچىن، زەپەر ھەر بىرى 8g، ئامىلە 480g، شېكەر، ھەسەل ھەر بىرىنى 850g دىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن قىلىنىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: 6~12g غىچە كۈندە 2 ۋاخ، تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئايارەج پەيقىرا

تەركىبى: سۈمبۇل، دارچىن، ئۇد بىلسان، ھەببى بىلسان، نىپىز دارچىن، مەستىكى، ئاسارۇن، زەپەر ھەر بىرى 6g، سەبرى 12g، بۇلارنى قائىدە بويىچە مەجۇن ياكى ھەب قىلىپ، 3~5g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## باسلىقۇن سۈرمە

تەركىبى: كۆپىكى دەريا، ئالتۇن چىلىنىدان ھەر بىرى 36g، سەبرى، مامىشا ئۇسارىسى، كۆيدۈرۈلگەن مىس ھەر بىرى 18g، سېرىق ھېلىلە پوستى 14g، مامىرانچىنى، مۇرمەككى، نۆشۇدۇر، زەرجۇبە ھەر بىرى 12g، لاھور تۇزى، سازەج ھىندى، قەلەي كۈشتىسى، پىلپىل، قارىمۇچ، سۈمبۇل، سۈرمە ھەر بىرى 7g، ھىندى تۇزى، قەلەمپۇر، ئۆشنە ھەر بىرىنى 4g دىن ئېلىپ، سالايە ھاۋانچىسىدا سۈرمە قىلىنىدۇ.

## بىرود بىنەپشىمى سۈرمە

يۇيۇلغان شادىنەج، كۆيدۈرۈلگەن تۇچ، پىلپىل، سۈمبۇل ھەر بىرسى 8g، سازەج ھىندى 1.8g، خۇنسىياۋشان، لاچىندانە، ئىپار ھەر بىرسى 0.5g، كاپۇر 0.25g يۇمشاق سالايە قىلىپ، سۈرمە ياساپ ئىشلىتىلىدۇ.

## بەنادۇق بۇزۇرى

تەركىبى: قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى 36g، خىيارنى (ئىككى خىل تەرخەمەك) ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى 18g، كاكىنەج، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، ئاقلانغان سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 14g، خەشخاش ئۇرۇقى، بادام مېغىزى، كەتىران نىشاستە، خۇنسىياۋشان، ئاقاقىيا، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، تاباشىرلارنىڭ ھەر بىرىدىن 11g، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەزرۇلبەنجى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىنى 4g دىن سوقۇپ، تاسقاپ، ئىسپىغۇل لۇئابى بىلەن كۈملاچ قىلىپ، 7~14g غىچە كۈندە 2 قېتىم، تاماقتىن

كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## تەرياق ئەربەئە

تەركىبى: ھەببۇلغار، جىنتىيانا، رۇمى، مۇرمەككى، ئۈزۈنچاق زىراۋەندە قاتارلىقلار باراۋەر مىقداردا، ھەسەل ئومۇمىي دورا ۋەزنىنىڭ 3 ھەسسىسىگە تەڭ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ، 2~4g غىچە كۈندە 1 قېتىم، تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## تەرياق سەمانىيە

تەركىبى: مۇرمەككى، ھەببۇلغار، جىنتىيانا، ئاچچىق قۇستە ھەر بىرى 2g دىن، ئاقمۇچ، نېپىز دارچىن ھەر بىرى 18g دىن، زەپەر، قوۋزاقدارچىن ھەر بىرى 9g دىن، ھەسەل ئومۇمىي دورىلار ۋەزنىنىڭ 3 ھەسسىسىگە تەڭ. دورىلاردىن قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ، 4~8g غىچە كۈندە 1 قېتىم، تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ.

## تەرياق فارۇق

تەركىبى: مۇرمەككى، راتىيانەج، جاۋاشىر 15g دىن، دارچىن 12g ، موميا، ئەنبەر، مەستىكى، كۈندۇر، ئەرەب يېلىمى ھەر بىرى 7g دىن، بىلسان يېغى 33ml ، تېشلىمگەن مەرۋايىت، قىزىل ياقۇت، زۇمرەت، ھېقىق، كەھرىۋا، سۇنئىي دېڭىزيا (يادا تاش) 14.5g دىن، لاجۇۋەرد، ھەجرەل ئەرمىنى، قىرقىلغان پىلە، ھەببۇلغار، جىنتىيانا، ئۈزۈنچاق زىراۋەندە، ئاچچىق قۇستە، ئارپېبەدىيان يىلتىزى، ئەفتىمۇن، ئۇد قىمارى، پارپا، ئىزخىر، رەۋەن، سۇمبۇل، ياپچان، سېرىق ھېلىلە پوستى، ئۇستقۇددۇس، زەپەر، دۇرۇنەج ئەقرەبى، ئۇد سەلب، ئاقىرقەرھا، رىسساليۇس، پوستى بىخ كەبىر، سازەج ھىندى، زورەنباد، غارىقۇن، بەرەنجاسەپ، بابۇنە ھەر بىرى 14.5g دىن، قىزىلگۈل 210g ، ئىپار 7g ، ھەسەل ئومۇمىي دورىلار ۋەزنىنىڭ 3 ھەسسىسىگە تەڭ.

ئىستېمال مىقدارى: 3~5g غىچە كۈندە بىر قېتىمدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش بالادۇر

تەركىبى: قارىمۇچ، پىلپىل، قۇندۇز قەھرى، بەلىلە، قارا ھېلىلە ھەربىرى 14g ، سەئدى كوفى 28g ، ئاچچىق قۇستە، بالادۇر، بەرەنگى كابىلە، ناۋات، ھەببۇلغار ھەربىرى 42g دىن، كالىنىڭ قايمىقى، ھەسەل 350ml دىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ، كۈندە بىر قېتىم تاماقتىن كېيىن 7g دىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش جالىنۇس

تەركىبى: سۇمبۇل ھىندى، لاچىندانە ھىندى، نېپىز دارچىن، دار-چىن، خولىنجان، قەلەمپۇر، سەئدى كوفى، زەنجىۋىل، قارىمۇچ، پىلپىل، قۇستە شېرىن، ئۇد بىلسان، ئاسارون، نامازشامگۈلىنىڭ ئۇرۇقى، قەسسەبوز-زەرىدە، زەپەر ھەر بىرى 7g دىن، مەستىكى 18g ، قەنت تامامى دورىلار ۋەزنىگە تەڭ، ھەسەلنى ئومۇمى دورىلار ۋەزنىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن قىلىنىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم تاماقتىن كېيىن 7~14g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش خوزى

تەركىبى: قارا ھېلىلە (سېرىقماي بىلەن قورۇلغىنى)، پولات كۆشتە-سى (سىركىدە لايىقلاشتۇرۇلغىنى) ھەر بىرى 36g دىن، ھالۇن (قورۇلغى-نى) 18g ، جۇۋىنە، ياپۇز ھەر بىرى 10g ، ھەسەل 3 ھەسسە، بۇلار قائىدە بويىچە مەجۇن قىلىنىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم تاماقتىن كېيىن، 7~12g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش سەپەرجىلى مۇسھىل

تەركىبى: بېھى 500g نى، خالىس سىركە 750ml دە قايىنتىپ، پىشۇرۇپ، يۇمشاق ئېزىپ، ئۇنىڭغا 11g ھەسەل قوشۇپ، قىيام قىلىپ،

قىيامغا زەنجىۋىل، پىلپىل، قاقىلە، لاچىندانە، دارچىن، زەپەر ھەر بىرى 10g ، مەستىكى 18g ، مەھمۇدە 36g ، تۇربۇت 96g ، بۇلار قائىدە بويىچە مەجۇن قىلىنىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: 6~12g غىچە كۈندە 2 قېتىم، تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش ئۇد

تەركىبى: ئېگىر 36g ، قەلەمپۇر 24g ، قاقىلە، لاچىندانە، سۇمبۇل ھەر بىرى 14g ، زەپەر 7g ، ھەسەل 240g ، قائىدە بويىچە مەجۇن قىلىنىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، تاماقتىن كېيىن 5~7g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جاۋارىش كۇمۇنى

تەركىبى: لايىقلاشتۇرۇلغان زىرە 240g ، بەرگى سۇزاپ، زەنجىۋىل ھەر بىرى 96g ، قارىمۇچ 72g ، بۆرە ئەرمىنى 12g ، ھەسەل ئومۇمىي دورىلار ۋەزنىنىڭ 3 ھەسسىسىگە تەڭ.

ئىستېمال مىقدارى: تاماقتىن كېيىن 7~12g غىچە، 2 ۋاخ ئىستېمال قىلىدۇ.

## جاۋارىش مەستىكى

تەركىبى: قەنتتىن 1kg ئېلىپ، قىزىلگۈل ئەرەقىدىن 180ml دا قىيام قىلىپ، قىيام سوۋۇغاندا مەستىكى رۇمىدىن 36g سۇفۇپ قىلىپ قىيامغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، تاماقتىن كېيىن 2 ۋاخ، 5 ~ 9g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەبى ئەفتىمۇن

تەركىبى: مەھمۇدە 4g ، ئايارەج پەيقىرا، شەھمەنزەل (ئاچچىقتاۋۇز) ، غارىقون، ئەفتىمۇن، مۇقەل، ھەجرەل ئەرمىنى ھەر بىرسى 7g ، تۇربۇت

21g ، بۇلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، سۇ بىلەن خېمىر قىلىپ، ماش چوڭلۇقىدا كۆملاچ ياسىلىدۇ.
ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 1 قېتىم، تاماقتىن كېيىن 4g~2 غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەبى ئايارەج

تەركىبى: ئايارەج پەيقىرا، ئاق تۇربۇت ھەر بىرى 4g دىن، نامازشام-گۈلىنىڭ ئۇرۇقى، غارىقون، رۇم بەدىيان ھەر بىرى 2g دىن، ئاچچىقتاۋۇز (شەھمەنزەل)، ھىندى تۇزى، ھەر بىرى 0.72g ، سوقۇپ ـ تاسقاپ، بەدىيانىنىڭ سۈيىدە خېمىر قىلىپ، ماش چوڭلۇقىدا كۆملاچ قىلىنىدۇ.
ئىستېمال مىقدارى: كۈندە 1 قېتىم، 5g~3 غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەبى خىزران

تەركىبى: جاۋاشىر، مەھمۇدە، ئاچچىقتاۋۇز ھەر بىرى 4g دىن، نۆشۇ-دۇر 7g، غارىقۇن 9g ، ئايارەج پەيقىرا 10g ، ئەنزۇرۇت 14g ، تۇربۇت 24g ، كۈدىنىڭ سۈيىدە يۇغۇرۇپ، كۆملاچ قىلىنىدۇ.
ئىستېمال مىقدارى: 4g~2 غىچە، كۈندە 1 قېتىم ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەبى رەۋەن

رەۋەن، مۇقەل 2g دىن، غارىقون 4g ، تۇربۇت 8g ، يۇملاق زىراۋەندە 1g ، رۇم بەدىيان 0.5g ، قائىدە بويىچە كۆملاچ قىلىنىدۇ.
ئىستېمال مىقدارى: يۇقىرىقى نۇسخا بىلەن تەييارلانغان كۆملاچ 2 قېتىملىق دورا بولۇپ، ئىككى كۈن ئىستېمال قىلىپ تۈگەتسە بولىدۇ.

## ھەبى سەبرى

تەركىبى: سەبرى، قورۇلغان تانىكارلاردىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، قارا شېكەر بىلەن نوقۇت چوڭلۇقىدا كۆملاچ قىلىپ، كۈندە كەچتە 2g دىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەبىي قوقيا

تەركىبى: سەبرى، مەستىكى، غارىقۇن، ئەفسەنتىن ئۇسارىسى ھەر بىرى 0.5g دىن، شەھمەنزەل، مەھمۇدە ھەر بىرى 2g دىن، كەرەپشە كۆكىنىڭ سىقىلغان سۈيىدە كۈملاچ قىلىپ، 2~4g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەبىي ئىمساك

تەركىبى: كاپۇر، ئىپار ھەر بىرى 1g دىن، تاباشىر 4g، پۈپەل، قەلەمپۇر، خولىنجان، ئاقىرقەرھا ھىندى ھەر بىرى 8g، قىزىلگۈل، ئاق سەندەل، ھېلىلە ھەر بىرى 14g، بۇلارنى يۇمشاق ئېزىپ، قىزىلگۈل ئەرەقى بىلەن خېمىر قىلىپ، كۈملاچ قىلىپ، زۆرۈر تېپىلغاندا بىر كۈملاچنى ئېغىزغا سېلىپ شۈمۈرۈلىدۇ.

## ھەبىي ۋاسىلى

تەركىبى: سۇمبۇل، نېپىز دارچىن، ئاسارون، مەستىكى، دارچىن، زەپەر، ھەببى بىلسان ھەر بىرى 4g، ھىندى تۇزى 8g، مەھمۇدە 14g، ئۇستىقۇددۇس، ئاچچىقتاۋۇز ھەر بىرى 18g، تۇربۇت 24g، سەبرى 48g، سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ، ھەب قىلىپ، 3~5g غىچە ئىستېمال قىلىسا بولىدۇ.

## داۋائىل تۇربۇت

تەركىبى: زەنجىۋىل، مەستىكى ھەر بىرى 36g، تۇربۇت 72g، شېكەر 250، قائىدە بويىچە تالقان قىلىپ، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى g4~6g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## داۋائى تەرەنجىبىن

تەركىبى: ساپلانغان تەرەنجىبىن 120g ئېلىپ، سۇتتە قاينىتىپ، قىيام قىلىپ، ھالۋا تەييارلاپ، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى 24~48g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## داۋائىل كۆركەم

تەركىبى: زەپەر، نىپىز دارچىن، سۇمبۇل ھەر بىرى 8g دىن، ئىزخىر، مۇرمەككى، قۇستە شىرىن، دارچىن ھەر بىرى 4g دىن سوقۇپ، تاسقاپ، 24 سائەت ئۈزۈم شەربىتىگە چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى 3 ھەسسە ھەسەل بىلەن ھالۋا تەييارلىنىدۇ. 3~7g غىچە ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ.

## داۋائۇل مىسكى (داۋائىمشكى)

تەركىبى: قىرقىلغان پىلە، ئاق سەندەل، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، قىزىل گۈل، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، گۈلى گاۋزىبان، تاباشىر ھەر بىرى 4g، كۆك قاپاق ئەرەقى 240ml، ئىپار 1g، كۈمۈش ۋاراق 3g، ئالمىنىڭ رۇببىسى 240g، قەنت 500g، قائىدە بويىچە مەجۇن قىلىپ، 3 ~ 5g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## داۋائى نەرەد

تەركىبى: قىزىل سەندەل، ئاق سەندەل، مامىشا، گىل ئەرمىنى، ھوزوزى مەككى، كۈمۈش كۈشتىسى، كاسىنە ئۇرۇقى، تاباشىر، كاپۇر، بۆلارنىڭ ھەممىسىنى باراۋەر ۋەزىندە ئېلىپ، توقچاق قىلىپ تەييارلاپ، بىر توقچاقنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا ئېرىتىپ، كۆزگە تېمىتىلىدۇ.

## دىياقۇزە

تەركىبى: پوستى خەشخاش 20 دانە، ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى 72g، ئىسپىغۇل 36g، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەممىشباھار ئۇرۇقى، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، بېھى ئۇرۇقى ھەر بىرى 2.5×12=30g، قەنت 1kg، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، 12~24ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## زەرۇۋرى ئەسفەر

تەركىبى: ئەنزورۇت 18g، مامىشا 7g، سەبرى، زەپەر، قىزىلگۈل چېچىكى ھەر بىرى 3g، ئەپيۇن 1g، ھەممە دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، يىپەك

رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، سۈرمە تايىقى بىلەن كۆزگە سۈرۈلىدۇ.

## زۇفا قايىنتىلمىسى (جوشاندەزوفا)

تەركىبى: شومشا 7g، زىغىر 24g، پىرسىياۋشان، چۈچۈكبۇيا يىلتىـ زى، زۇفا قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 18g، ئۈرۈقسىز ئۈزۈم 72g، 1. 5kg سۇدا قايىنتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، 144g ئەتراپىدا قايىنتىلمىغا بادام يېغىدىن 4g، بىدەنجىر يېغىدىن 4g قوشۇپ، ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ.

## رۇبىي بېھى، رۇبىي سىيىب

بېھى ياكى ئالمىدىن رۇبىي ئېلىشتا، ئالدى بىلەن بۇ مېۋىلەرنى سويۇپ، ئوبدان ئېزىپ سۈيىنى ئېلىپ، بۇ سۈنى قازانغا تۆكۈپ تاكى ئومۇمىي مېۋە سۈيىنىڭ 1/4 قىسمى قالغىچە توختاۋسىز قايىنتىلىدۇ. كېيىن مۇشۇ سۈنىڭ يېرىمى مىقداردا قەنت سېلىپ رۇبىي تەييارلىنىدۇ ھەمدە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ 12~24g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## روشنائى سۈرمە

تەركىبى: پىلپىل، سەبرى، سۈمبۈل، قەلەمپۇر ھەر بىرسى 16g، شادىنەج، كۆيدۈرۈلگەن مىس، كۈمۈش چىلىندان، ھىندى تۇزى، بۆرە ئەرمىنى ھەر بىرسى 14g، قارىمۇچ، ئاقمۇچ، كۆپىكى دەريا ھەر بىرى 10g، زەنجىۋىل، ھەشقىپېچەك ئۇرۇقى ھەر بىرسى 7g، زەپەر، نۆشۈدۈر ھەر بىرى 4g، يۇمشاق سالايە قىلىپ، سۈرمە تەييارلىنىدۇ.

## رەۋغىنى بىلسان (بىلسان يېغى)

بىلسان دەرىخىنى تىلىپ قويۇپ ئېقىتىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. 1~ 2g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## رەۋغىنى بىدەنجىر (بىدەنجىر يېغى)

بىدەنجىر ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقىدىن ياغ ئېلىش ئۇسۇلى بويىچە ئېلىنىدۇ.

## رەۋغىنى تۇرۇپ (تۇرۇپ يېغى)

يېڭى تۇرۇپتىن ئەرەق تارتىپ، 250g ئەرەققە 60g كۈنجۈت يېغى تۆكۈپ تاكى ياغ قالغىچە قايىنتىپ تەييارلىنىدۇ.

## رەۋغىنى خەسەك (ئوغرىتىكەن يېغى)

تەركىبى: ئوغرىتىكەن 48g، زەنجىۋىل 240g، بۇ ئىككى خىل دورىنى سوقۇپ، تاسقاپ، 240ml سۇدا قايىنتىپ، ئۇنىڭغا كۈنجۈت يېغى-دىن 180ml ئارىلاشتۇرۇپ، سۇ پارلىنىپ ياغ قالغىچە قايىنتىپ، قايتا سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

## رەۋغىنى زەفىران (زەپەر يېغى)

تەركىبى: زەپەر، قارا زىرە ھەر بىرى 72g، قەسىبۇززەرىدە 60g، مۇرمەككى 12g، ھەممە دورىلارنى چالا سوقۇپ، ئۈزۈم سىركىسىدە 7 كۈن چىلاپ قويۇلىدۇ. 8- كۈنى كۈنجۈت ياكى زەيتۇن يېغىدىن 300ml ئارىلاشتۇرۇپ، تەكشى ئوت بىلەن سۇيى تۈگەپ يېغى قالغىچە قايىنتىلىدۇ.

## رەۋغىنى سوسەن

تەركىبى: نىپىز دارچىن، ھەببى بىلسان، قۇستە شىرىن ھەر بىرى 7g، دارچىن، قەلەمپۇر، مەستىكى ھەر بىرى 18g، زەپەر 36g، گۈلى سەۋسەن 300 دانە، كۈنجۈت يېغى 750ml، دورىلارنى سوقۇپ، كۈنجۈت يېغىغا سېلىپ، 40 كۈن ئاپتاپقا قويۇلىدۇ.

## رەۋغىنى ئەقرەب (چايان يېغى)

تەركىبى: چىنى رەۋەن، سەئدى كوفى، جىنتىيانا، پوستى بىخ كەبىر ھەر بىرسى 36g، ئاچچىق بادام يېغى 500ml، دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، تاققا تاشلاپ، بىر ھەپتىگىچە ئاپتاپتا قويۇپ قويۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن مۇشۇ ياغقا 10 دانە تىرىك چايانىنى تاشلاپ بىر ھەپتىدىن ئارتۇقراق ئاپتاپتا قويۇپ قويۇلىدۇ.

## رەۋغىنى پەرفيۇن

تەركىبى: سۆرۈنجان، زەنجىۋىل، جويوز، پىلپىل يىلتىزى، كامادىرد-يۇس، قىچا، پەرفيۇن ھەر بىرى 12g، كۈنجۈت يېغى 720ml، دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، سالايە ھاۋانچىسىغا سېلىپ، ئۈستىگە ئاز-ئازدىن ياغ تۆكۈپ، ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ، ئاپتاپتا 2~1 ھەپتە تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

## رەۋغىنى قۇستە

تەركىبى: ئاچچىق قۇستە 36g، ئاقىرقەرھا 14g، قارىمۇچ 10gنى چالا سوقۇپ، 500ml كونا ئۈزۈم شارابىغا چىلاپ، قايىنىتىپ، يېرىمى قالغاندا ئۈستىگە زەيتۇن يېغى، بىدەنجىر يېغىدىن 15×12= 180ml قوشۇپ، شاراب پارلىنىپ كەتكىچە قاينىتىپ، سورۇپ ئۈستىگە پەرفيۇن، قۇندۇز قەھرى ھەر بىرى 10g نى يۇمشاق ئېزىپ، ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

## رەۋغىنى مورچە

قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان قارا چۈمۈلە 1 ھەسسە، كۈنجۈت يېغى ياكى زەيتۇن يېغى 3 ھەسسە ئېلىپ چىلاپ، 3 ئاي ئاپتاپتا تۇرغۇزۇپ تەييارلىنى-دۇ.

## رەۋغىنى مەستىكى

تەركىبى: مەستىكى رۇمى 30g نى 150ml زەيتۇن يېغى ياكى گۈل يېغى ياكى كۈنجۈت يېغىغا سېلىپ، ئېرىتىپ تەييارلىنىدۇ.

## سۇفۇپى ھەبى رومما

تەركىبى: ئانار ئۇرۇقى، پىنە، قارىمۇچ، مەستىكى ھەممىسىنى باراۋەر ۋەزىندە ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ، سۇفۇپ قىلىپ، 8g~4 غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇپى زەلوقىل ئەمئا بۇسۇرى

تەركىبى: ئىسپىغۇل، رەيھان ئۇرۇقى، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، پاقيو-پۇرمىقىنىڭ ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا(12g مىقداردا) ئېلىپ، ئازراق سۇغا سېلىپ، ئوبدان قوچۇپ، 3ml گۈل يېغى تېمىتىپ، ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

## سۇفۇپى تىين

تەركىبى: ئىسپىغۇل، رەيھان ئۇرۇقى، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، نىشاستە، ئەرەب يېلىمى، گىل ئەرمىنى، تاباشىر، پاقيوپۇرمىقىنىڭ ئۇرۇقى (قورۇلـ-دۇ) دىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، ئاۋۋالقى 3 خىل ئۇرۇقتىن باشقا دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ ئارىلاشتۇرۇپ، 7～12g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇپى ھىلياسا

تەركىبى: زاغـۇن ئـۇرۇقى 12g، قارا زىـرە (مودەببەر قىلىنغان)، زىغىر، كۈدە ئۇرۇقى، قارا ھېلىلە (زەيتۇن يېغىدا قورۇلغان) 9g، مەستىكى 4g. زاغۇندىن باشقا ھەممە دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، سۇفۇپ قىلىپ، 5～7g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سىركەنجىۋىل ساددە

تەركىبى: سىركە 150ml، قەنت 1kg، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلىنىدۇ.

## سىركەنجىۋىل ئەفتىمۇنى

سېرىق ئوت، گاۋزىبان ھىندى، فەرەنجىمىشكى، بادىرەنجى بۇيا، ئۇستقۇددۇس ھەر بىرى 36g، ئۈزۈم سىركىسى 1l غا كېچىدە چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەنلىكى قاينىتىپ، سۈزۈپ، 500ml شېكەر قوشۇپ، قىيام قىلىپ، 24～48ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سىركەنجۇبىل بۇزۇۋرى ھار

تەركىبى: كاسىنە ئۇرۇقى، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان، رۇم بەدىيان ھەر بىرى 18g ، بەدىيان يىلتىزى پوستى، كەرەپشە يىلتىزى ھەر بىرى 36g ، دورىلارنى چالا سوقۇپ، 1l سۇ، 120ml سىركىگە چىلاپ، 1kg قەنت بىلەن قائىدە بويىچە سىركەنجۇبىل تەييارلاپ، 24～48ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سىركەنجۇبىل سەپەرجىلى

تەركىبى: سىركە، قىزىلگۈل ئەرەقى، لىمون سۈيى ھەر بىرى 144ml ، بېھى سۈيى 220ml ، قەنت 1kg ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، 24～48ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سىركەنجۇبىل ئەنسىلى

تەركىبى: ئەنسىل 250g نى 1.5kg سىركىگە چىلاپ قويۇپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، 24～48ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۆرۈنجان

تەركىبى: ئاچچىق ئانار ۋە تاتلىق ئانار پوستى ھەر بىرى 96g ، ئالقات 96g ، موزا، ئانارگۈلى، زەمچە، ئاقىرقەرھا ھەر بىرسى 24g ، ھىندى تۇزى، نۆشۈدۈر ھەر بىرىنى 12g سوقۇپ، تاسقاپ، ئۈزۈم سىركىسى بىلەن چوك-چوك كۆمىلاچ قىلىپ، قۇرۇتۇپ قويۇلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا ئېزىپ ئىشلىتىلىدۇ.

## شىيافى مۇمسىك

تەركىبى: سارغايتىلغان كۆك موزا، قاقىلە، ئانارگۈلى، ئەپيۇن، كۆيدۈرۈلگەن قەغەز، ئەرەب دەرىخى قوۋزىقى، ئاق قۇستە، گىل ئەرمىنى، خۇنسىياۋشان، جاراھەت تېشى قاتارلىقلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، خالتىغا

سېلىپ، جىنسى يولغا سېلىنىدۇ.

## شارابى رەيھان

تەركىبى: تاتلىق ئۈزۈمنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى 10kg، قەنت 6kg، دارچىن، قەلەمپۇر، بەسباسە، جوزبەۋۋا، ئېگىر، گاۋزىبان ھىندى، بادىرەنجى بۇيا ھەر بىرى 36g، دورىلارنى چالا سوقۇپ، بىر خالتىغا سېلىپ، ئۈزۈمنىڭ سۈيىگە سېلىپ، كوزىغا تۆكۈپ، كوزىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ، ئالتە ئايدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شارابى قابىز

تەركىبى: ئۈزۈم شىرنىسىگە ئانارگۈلى، ئەنجىباھار، موزىغا ئوخشاش قابىز دورىلار سېلىپ تەييارلىنىدۇ.

## شارابى مۇسەللەس

تەركىبى: مۇۋاپىق مىقداردىكى ئۈزۈمنىڭ شىرىسىنى ئېلىپ تاكى 1/3 قىسمى قالغىچە قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ھەسەل ياكى قەنت سېلىپ، قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

## شەربىتى ئالۇبۇخارا (ئەينۇلا شەربىتى)

تەركىبى: خىل ئەينۇلىدىن 30 دانە، تەمرى ھىندى 250g، 1.5l سۇدا 500ml قالغىچە قاينىتىپ، سۈزۈپ، ناخۇش ئانارنىڭ سۈيى، ئاپېل-سىنىنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى ھەر بىرى 250ml دىن قوشۇپ، يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ، 500g ئاق قەنت قوشۇپ، ئۇنىڭغا قىزىلگۈل ئەرەقىدىن 250ml ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە قاينىتىپ، قىيام قىلىپ، شەربەت تەييارلىنىدۇ ھەمدە ئەھۋالغا قاراپ 48~72ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ئەفسەنتىن

تەركىبى: ئەفسەنتىن رۇمى 18g، ئاقلانغان تۇربۇت 24g، قىزىلگۈل 72g، ئىككى كىلو سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ، 1kg قەنت ئارىلاشتۇرۇپ،

شەربەت تەييارلىنىدۇ.
ئىستېمال مىقدارى: 24~48g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ئەفسەنتىنىنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى

تەركىبى: نىپىز دارچىن 72g، كەرەپشە 180g، ئەفسەنتىن 12×14g، سۇ 2l، قەنت 1kg، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلىنىدۇ.

## شەربىتى ئەنجىباھار

تەركىبى: ئاقاقىيا 9g، قىزىل سەندەل، ئاق سەندەل ھەر بىرى 22g، ئەنجىباھار 30g، ئاق شېكەر 500g، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، 24~48ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى بادرەنجى بۇيا

تەركىبى: بادىرەنجى بۇيا، گاۋزىبان ھىندى ھەر بىرى 240g، 5l سۇدا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ، ئەرقى بىدەمىشكى، قىزىلگۈل ئەرقى ھەر بىرىنى 48ml دىن قوشۇپ، 1.5kg ناۋات ئارىلاشتۇرۇپ، شەربەت تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئىپار، ئەنبەر ھەر بىرى 2g، زەپەر 8g، كافۇر 4g لارنى قىزىلگۈل ئەرقىدە ئېرىتىپ قوشۇپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، 12~36ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى بىنەپشە

تەركىبى: گۈل بىنەپشە 120g نى سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ، 1kg قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، قىيام قىلىپ، شەربەت تەييارلىنىدۇ ھەمدە 24~48ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى پۇدىنە

تەركىبى: ئاچچىق ئانارنى پوستى بىلەن قوشۇپ ئېزىپ، 500ml سۈيىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا 250ml كۆك پىنىنىڭ سىقىلغان سۈيى ۋە 1.5kg شېكەر بىلەن قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، 24~48ml دىن

ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ.

## شەربىتى ھەببۇلئاس

تەركىبى: ئەنجىباھار، ئانارگۈلى، قىزىلگۈل، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ھەر بىرى 8g دىن، ئاملە 5g، نامازشام گۈلىنىڭ ئۇرۇقى (ھەببۇلئاس) 10g، تاتلىق بېھىنىڭ سۈيى، قىزىلگۈل ئەرەقى ھەر بىرى 96ml، سەندەل شەربىتى 170ml، قەنت 500g، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، 24~48ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ھومماز

تەركىبى: پاقىيوپۇرمىقى كۆكىنىڭ سىقىلغان سۈيى 240ml، قەنت 1kg، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، 24~48ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى خەرپىزە (قوغۇن شەربىتى)

تاۋۇز پەسلىدە تاۋۇز شەربىتى تەييارلانغىنىغا ئوخشاش، قوغۇن پەسلىدە ئوخشاشلا قوغۇن شەربىتى تەييارلاپ ئىستېمال قىلغاندا، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

تەييارلاش ئۇسۇلى: قوغۇنىنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى، شېكەر، موزىلار بىلەن سوغۇق شەربەت تەييارلاپ، ئىسسىق پەسلىدە ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

## شەربىتى دىنار

تەركىبى: كاسنە يىلتىزى پوستى 130g، كاسنە ئۇرۇقى، قىزىلگۈل ھەر بىرى 5.5×12g، نىلۇپەر، گاۋزىبان ھەر بىرى 36g، ئەفتىمۇنىنىڭ ئۇرۇقى (خالتىغا چىگىلگەن) 9×12g، ھەممە دورىلارنى سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ، 1kg قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، قىيام قىلىنىدۇ. ئاخىرىدا چىنى رەۋەندىن 36g نى يۇمشاق تالقانلاپ، قىيامغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ ھەمدە 24~48ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى سەندەل

تەركىبى: ئىكەكدەلگەن سەندەل 14×12g ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقدار-دىكى سۇدا قاينىتىپ، كېيىن سۈزۈپ، 1kg ئاق قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، قىيام قىلىپ، 24～48ml دىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ئۇنناب

تەركىبى: چىلان 500g نى 2l سۇدا قاينىتىپ، ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ، سۈزۈپ، 1.5kg قەنت ئارىلاشتۇرۇپ، قىيام قىلىپ، شەربەت تەييارلىنىدۇ.

## شەربىتى پەنجەنۇش

تەركىبى: قىزىل ئۈزۈمنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى 3l ، ئالقات، موزا، ئانارگۈلى، قىزىلگۈل، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، كۈندۈر، يالپۇز ھەر بىرى 36g ، زەپەر، مۇرمەككى، زەمچە ھەر بىرى 4g، پولات كۈشتىسى 11×12g، دورىلارنى سوقۇپ، خالتىغا چىگىپ، ئۈزۈمنىڭ سۈيىگە سېلىپ قاينىتىلىدۇ ھەمدە چۆمۈچ بىلەن ئوبدان قوچۇپ بېرىلىدۇ. 1/3 قىسمى قالغاندا سۈزۈپ، شىشە قاچىغا سېلىپ ساقلاپ قويۇلىدۇ. زۆرۈر كەلگەندە 24～48ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى كيورە (ھۆل قاپاق شەربىتى)

تەركىبى: ھۆل قاپاق ئەرەقىدىن 1kg ، قەنت 1kg ئارىلاشتۇرۇپ، قىيام قىلىنىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: 24～48ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى گاۋزىبان

تەركىبى: گاۋزىبان ھىندى 250g نى سۇغا چىلاپ قويۇپ، قاينىتىپ، ئارىلاشتۇرۇپ، سۈزۈپ، قىزىلگۈل ئەرەقى 96ml ، قەنت 1kg ئارىلاشتۇرۇپ، قىيام قىلىپ، 24～48ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى لىمون

تەركىبى: تاتلىق بېھىنىڭ سۈيى 500ml، لىمون سۈيى 250ml، قەنت 250g، سائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، 24~48ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى نىلۇپەر

تەركىبى: نىلۇپەر 120g نى كەچلىكى سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەنلىكى قاينىتىپ، سۈزۈپ، 1kg قەنت بىلەن شەربەت تەييارلاپ، 24~48ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى ۋەرىد (قىزىلگۈل شەربىتى)

تەركىبى: يېڭىدىن ئېچىلغان، سولاشمىغان خەمىكىدىن ئايرىلغان قىزىلگۈلدىن 500g نى 6l سۇدا قاينىتىپ، 3l قالغاندا سۈزۈپ، ئاندىن كېيىن خەمىكىدىن ئايرىلغان ياش قىزىلگۈلدىن 1kg سېلىپ، يەنە قاينىتىپ، سۈزۈپ، 1.5l سۈيى قالغاندا سۈزۈپ، قەنتتىن 750g قوشۇپ، قىيام قىلىپ شەربەت تەييارلىنىدۇ.

## شىيافى ئەبيەز

تەركىبى: نىشاستە 3g، ئۇپا، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا ھەر بىرى 9g، يۇمشاق ئېزىپ، ئارىلاشتۇرۇپ، ئىسپىغۇل لۇئابىدا خېمىر قىلىپ، شامچە تەييارلىنىدۇ. شامچىنى سۇ ياكى ئەرەقى گۈلدە ئېرىتىپ، كۆزگە تېمىتىلىدۇ.

## شىيافى ئەبيەز كۇندۇرى

تەركىبى: قەلەي كۈشتىسى 16g، ئەرەب يېلىمى 8g، ئەپيۇن، ئەنزۇرۇت، كەتىرا ھەر بىرى 2g، كۇندۇر 1g، يۇمشاق سوقۇپ، قايناق سۇ بىلەن شامچە قىلىنىدۇ.

## شىيافى ئەھمەر ھاد

تەركىبى: يۇيۇلغان شادىنەج 21g، ئەرەب يېلىمى 18g، زەنىكار 9g، كۆيدۇرۇلگەن مىس كۇشتىسى 24g، زەمچە (كۆيدۇرۇلگىنى) ھەر بىرسى 6g، ئەپيۇن، سەبرى ھەر بىرى 1.5g، زەپەر، مۇرمەككى ھەر بىرى 1g دىن ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سالايە قىلىپ، سۇ بىلەن شامچە تەييارلىنىدۇ.

## شىيافى ئەھمەر لىيىن

تەركىبى: يۇيۇلغان شادىنەج 32g، كۆيدۇرۇلگەن مىس كۇشتىسى 24g، بىخ مارجان، مەرۋايىت، سازەج ھىندى ھەر بىرى 12g، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، مۇرمەككى ھەر بىرى 6g، خۇنسىياۋشان، زەپەر ھەر بىرى 3g، قائىدە بويىچە شامچە تەييارلىنىدۇ.

## شىيافى دىنار

تەركىبى: قەلەي كۇشتىسى، ئالتۇن چىلىندان ھەر بىرى 36g، كەتىرا 4.5g، ئەپيۇن، نىشاستە ھەر بىرى 3g ئېلىپ، قائىدە بويىچە شامچە تەييارلىنىدۇ.

## شىيافى غۇرۇپ

تەركىبى: سەبرى، كۇندۇر، ئانارگۈلى، ئەنزىرۇت، خۇنسىياۋشان، سۇرمە، زەمچە ھەر بىرى 3g، زانكار 0.6g، قىزىلگۈل ئەرقىدە يۇغۇرۇپ، شامچە تەييارلىنىدۇ.

## شىيافى كۇندۇر

تەركىبى: ئەنزىرۇت، نىشاستە، ئەرەب يېلىمى، ئۇيا قاتارلىقلاردىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، توخۇمنىڭ ئېقى بىلەن شامچە تەييارلىنىدۇ.

## زىماتى جەرەپ

تەركىبى: لايىقلاشتۇرۇلغان گۈگگۈرت سىرىقى، توتىيا، قەمبىل، مە-

دەستان ھەر بىرى 12g ، دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، 3 ھەسسىگە بۆلۈنىدۇ. بىر ھەسسىنى ئېلىپ، سېرىقمايغا ئارىلاشتۇرۇپ، سىرتىدىن ياغلىنىدۇ ھەمدە 3~4 سائەت ئاپتاپتا ئولتۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن بەدەنگە خېنە ۋە نوقۇت تالقىنى سۈرۈلىدۇ.

## زىماتى شوسە

تەركىبى: بىنەپشە، بەدىيان، سېرىقچېچەك، زىغىر، شۇمشا ئۇرۇقى، ئارپا ئۇنى قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، ئۇندەك سوقۇپ، كۈنجۈت يېغىدا قاينىتىپ، زىمات تەييارلىنىدۇ.

## زۇفا قاينىتىلمىسى (جوشاندە زۇفا)

تەركىبى: شۇمشا 7g ، زىغىر 24g ، پەرسىياۋشان، شۇمشا ئۇرۇقى، زۇفا ھەر بىرى 18g ، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 6×12g دىن ئېلىپ، 1.5l سۇدا قاينىتىپ، 500l قالغاندا سۈزۈپ، 12×12g قاينىتىلمىغا 4g بادام يېغى قوشۇپ، ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## تىلائى ھوزۇرى مەككى

تەركىبى: ھوزۇرى مەككى، زەرچۇۋەلەردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، سۇدا ئېزىپ، كۆزگە سۈرۈلىدۇ.

## ئەرەقى گۆندەك (گۈڭگۈرت ئەرەقى)

تەركىبى: مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈڭگۈرت سېرىقىدىن ئەرەق ئېلىش ئۇسۇلى بويىچە ئەرەق ئېلىنىدۇ.

## غالىيە

تەركىبى: ئىپار 2g ، ئەنبەر 4g ، ئۇيگىر 8g ، قىزىل سەندەل 10g ئېلىپ، ئەنبەرنى ئازراق گۈلابتا ئېزىپ، باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

## فەلدەفيۇن

تەركىبى: زەرنەخ، ھاك، زەمچە، ئاقاقىيا قاتارلىق دورىلاردىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ، سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ قۇرس ياساپ، زۆرۈرىيەتكە مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

## قۇرسى ئەنبەر بارىس

تەركىبى: زىخ ئۇسارىسى، يۇيۇلغان لوك، دارچىن، كاسىنە ئۇسارىسى، قىزىلگۈل، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى ھەر بىرى 9g، چىنى رەۋەن 4g، سوقۇپ تاسقاپ، سۇ بىلەن خېمىر قىلىپ، قۇرس قىلىنىدۇ ھەمدە 4~8g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرس ئەنيسۇن

تەركىبى: رۇ بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى ھەر بىرى 5g، ئەفسەنتىن رۇمى 10g، دارچىن 20g، مۇرمەككى، قارىمۇچ، قۇندۇز قەھرى، ئەپيۇن ھەر بىرى 2.5g، دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ، سۇ بىلەن قۇرس قىلىپ، 4~8g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى ئىلائۇس

تەركىبى: كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇم بەدىيان، دارچىن ھەر بىرى 21g، ئەفسەنتىن، مەستىكى ھەر بىرى 14g، قارىمۇچ، مۇرمەككى، ئەپيۇن، قۇندۇز قەھرى ھەر بىرى 4g، قائىدە بويىچە قۇرس قىلىنىدۇ، 2~4g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى بولىدەم

تەركىبى: خىيارىن ئۇرۇقى مېغىزى 48g، نىشاستە، كەتىرا، ئانارگۈلى ھەر بىرى 36g، مەستىكى، زەپەر، ئەپيۇن ھەر بىرى 12g، يۇمشاق ئېزىپ، قۇرس تەييارلاپ، 2~4g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى زىيابىتۇس

تەركىبى: سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى ھەر بىرى 7×12g، تاباشىر 5×12g، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، گۈل ئەرمىنى ھەر بىرسى 36g، ئېكەكدەلگەن سەندەل، ئانارگۈلى، ئالقات ھەر بىرى 24g، كاپۇر 7g، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، سېمىزئوت كۆكىنىڭ سىقىلغان سۈيى بىلەن قۇرس تەييارلاپ، 4~8g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرس تاباشىر قابىز

تەركىبى: تاباشىر، قىزىلگۈل، ئۇسۇڭ ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئالقات ھەر بىرى 6g، ئانارگۈلى، ئاق سەندەل، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى ھەر بىرى 3g، ئەپيۇن 1.5g بۇلارنى يۇمشاق ئېزىپ، قىزىلگۈل ئەرەقى بىلەن قۇرس تەييارلاپ، 3~6g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرس تاباشىر مۇلەييىن

تەركىبى: تاباشىر 24g، تەرەنجىبىن 18g، خىيارىن ئۇرۇقى مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، نىشاستە، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى ھەر بىرى 6g، يۇمشاق ئېزىپ، ئىسپىغۇل لۆئابى بىلەن قۇرس ياساپ، 5~9g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى كافۇر

تەركىبى: ئۇسۇڭ ئۇرۇقى 12g، سېمىزئوت ئۇرۇقى 7.5g، تاباشىر، رۇبىسۇس ھەر بىرى 60g، قىزىلگۈل، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 36g دىن، ئاقاقىيا، ئاق سەندەل، گۈل ئەرمىنى، ئانارگۈلى ھەر بىرسى 12g، كافۇر 2g، يۇمشاق ئېزىپ، قىزىلگۈل ئەرەقى بىلەن قۇرس تەييارلاپ، 5~9g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى كاكىنەج

تەركىبى: خىيارنىڭ ئۇرۇقى مېغىزى، كاكىنەج، بادام مېغىزى، رۇبىبە- سۇس، نىشاستە، ئەرەب يېلىمى، خۇنسىياۋشان، كەتىرا، كۇندۇر، كەرەپشە ئۇرۇقى ھەر بىرى 60g، ئەپيۇن 7g، يۇمشاق ئېزىپ، سۇ بىلەن قۇرس قىلىپ، 5~9g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى كەبىر

تەركىبى: ئۇزۇنچاق زىراۋەندە، پوستى بىخ كەبىر، ئۇشەق ھەر بىرسى 14g، ئاقمۇچ، ئادراسمان ھەر بىرى 2g، ئۇشەقنى كونا سىركىدە ئېرىتىپ، قالغان دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، قۇرس تەييارلىنىدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: 4~8g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى كەۋكەب

تەركىبى: مۇرمەككى، قۇندۇز قەھرى، سۇمبۇل، گىل مەختۇم، ئىنتيا- گىقى ئۆسۈملۈكى يىلتىزىنىڭ پوستى ھەر بىرى 14g، ئەپيۇن، زەپەر، قۇستە، ئەبرەك (كەۋكەب) ھەر بىرى 18g، رۇم بەدىيان، دوقۇ، تاغ بەدىينى، بەزرۇلبەنجى، كەرەپشە ئۇرۇقى ھەر بىرىنى 28g دىن ئېلىپ، يېلىم دورىلارنى رەيھان شەربىتىدە ئېرىتىپ، باشقا دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، ئارىلاشتۇرۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.

## قۇرسى كەھرىۋا

تەركىبى: قۇرۇق يۇمغاقسۇت (قورۇلغان)، قارا خەشخاش ئۇرۇقى، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى ھەر بىرى 6×12g، كەھرىۋا، بىخ مارجان، مەرۋايىت، ئاقلانغان سېمىزئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 60g، كۆيدۈرۈلگەن بۆغا مۈڭگۈزى، كۆيدۈرۈلگەن توخۇ توخۇمى شاكىلى، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا ھەر بىرى 36g، بىخ مارجان، بەزرۇلبەنجى ھەر بىرى 24g، دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ، ئىسپىغۇلنىڭ لۇئابى بىلەن قۇرس تەييارلاپ، 4~8g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى گۈل

تەركىبى: قىزىلگۈل 12g × 7 ، رۇبىسۇس 60g ، ئىزخىر، سۇمبۇل، نېپىز دارچىن، مۇرمەككى، زەپەر، مەستىكى ھەر بىرى 24g ، ئاۋۋال زەپەر بىلەن مۇرمەككىنى ئۈزۈم سىركىسىدە ئېرىتىپ، قالغان دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، ئارىلاشتۇرۇپ قۇرس قىلىنىدۇ. 4~9g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى مازارىيۇن

تەركىبى: كاسىنە ئۇرۇقى 36g ، قىزىلگۈل، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، خىيارىن ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى 7g ، مازىرىيۇن، غارىقۇن، غاپەس ئۇسارىسى ھەر بىرى 5g ، دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، سوقۇپ، تاسقاپ، سۇ بىلەن 10 دانە توقىچاق قىلىپ، كۈندۈزى 1 قۇرستىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى نەفسۇددەم

تەركىبى: كەھرىۋا، ئەرەب يېلىمى، نىشاستە، كەتىرا، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى 10g ، ئانارگۈلى، ئاقاقىيا ھەر بىرى 2g ، سوقۇپ، تاسقاپ، ئىسپىغۇل لۇئابىدا يۇغۇرۇپ، قۇرس قىلىپ، ھەر كۈنى 1 قۇرستىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى بانادۇق بۇزۇرى

تەركىبى: قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى 36g ، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى 18g ، كاكىنەج، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، سېمىزئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 14g ، خەشخاش ئۇرۇقى، بادام مېغىزى، كەتىرا، نىشاستە، خۇنسىياۋشان، ئاقاقىيا، ئاقلانغان چۈچۈك-بۇيا يىلتىزى، تاباشىر ھەر بىرى 11g ، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەزرۇلبەنجى ھەر بىرى 4g ، سوقۇپ، تاسقاپ، ئىسپىغۇل لوئابى بىلەن قۇرس قىلىپ، 7~14g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قىروتى مۇرەتتەپ

تەركىبى: بابۇنە، ئاق لەيلىگۈلى، بىنەپشىگۈلى، قۇرۇق يەرلىك شوخلا، شۇمشا ئۇرۇقى ھەر بىرى 6g، قىزىلگۈل 10g، ھەممە دورىلارنى يەرلىك شوخلا كۆكىنىڭ سىقىلغان سۈيى 14×14g دا قاينىتىپ، سۈزۈپ، گۈل بىغىدىن 60ml ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە قاينىتىپ، سۇ خوراپ ياغ قالغاندا، ئاق مومدىن 32g ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

## كۆھلى جاۋاھىر

تەركىبى: ئالتۇن چىلىندان 36g، سۇرمە 24g، كۇمۇش چىلىندان 18g، مەرۋايىت 10g، سازەج ھىندى، نۆشۇدۇر، زەرچۇۋە ھەر بىرى 7g ، كاپۇر، زەپەر ھەر بىرى 2g، دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، قىزىلگۈل ئەرەقىدە سالايە قىلىپ، سۇرمە تەييارلىنىدۇ.

## كۆھلى ئەزىزى

ھىندى تۇزى، كۆپۈكى دەريا، نۆشۇدۇر ھەر بىرسى 5g، ئالتۇن چىلىندان، مىس كۇشتىسى، توتىيا، قەلەمپۇر، سەبرى، پەرەنجىمىشكى ھەر بىرسى 3g، ئىپار 0.5g، دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، سۇرمە تەييارلىنىدۇ.

## مائۇلئۇسۇل

تەركىبى: پوستى بىخ بەدىيان، پوستى بىخ كەبىر، پوستى بىخ كەرەپشە، رۇم بەدىيان، سۇمبۇل، پىرسىياۋشان، ئەفسەنتىن رۇمى، غاپەس، ئىزخىر يىلتىزى، بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى ھەر بىرى 12g، ئەنجۇر، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ھەر بىرسى 48g، مەستىكى 6g، قائىدە بويىچە 3kg سۇغا چىلاپ قويۇپ قاينىتىپ، 1/2 قالغاندا سۈزۈپ، شەربەت تەييارلىنىدۇ، 100～150ml غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مائۇلجەبەن

تەركىبى: ئۆچكە سۈتىدىن 250ml ئېلىپ قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا ئازراق ئۈزۈم سىركىسى، لىمون ئەرەقى ۋە لاھور تۇزىدىن 2g قوشۇپ، قايىنىتىپ، سۈزۈپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

## مائۇلھەسەل

ھەسەل 1 ھەسسە، سۇ ئالتە ھەسسە ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ، قايىنىتىپ، 1/2 قالغاندا سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

## مۇرەببائى زەنجىۋىل (زەنجىۋىل مۇراببىاسى)

ئەگەر زەنجىۋىل ھۆل بولسا يالپاقلاپ، قۇرۇق بولسا نەم قۇمغا كۆمۈپ قويۇپ بودالغاندا سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇۋېتىپ، 3 ھەسسە ھەسەل بىلەن قايىنىتىپ قىيام قىلىپ، مۇراببا تەييارلىنىدۇ، ئەھۋالغا قاراپ 12~24g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مۇرەببائى ۋەج (ئېگىر مۇراببىاسى)

ئېگىرنى نەم قۇمغا بىر نەچچە كۈن كۆمۈپ قويۇپ، يۇمشىغاندا سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇۋېتىپ، 6 ھەسسە ھەسەل بىلەن قايىنىتىپ، قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

## مەرھەمى ئەھمەر

تەركىبى: مەدەستان 18g، ھەببەتۇلخۇزرا 21g، شىگرىف 28g، كۈندۇر، قوننە (بىھرورە)، ئۇشەق، ئاق مۇم ھەر بىرى 36g، سېرىقماي 15×12g دىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلىنىدۇ.

## مەرھەمى ئىسپىداج

قەلەي كۈشتىسى، ئاق مۇم ھەر بىرسى 7g، قىزىلگۈل يېغى 24g، قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلىنىدۇ.

## مەرھەمى ئەسۋەر

تەركىبى: يۇيۇلغان مەدەستان، يۇيۇلغان شىگرىپ، ئۇپا، يۇيۇلغان تۇتىيا ھەر بىرى 5g، كۈنجۈت يېغى 360g دا ئېرىتىپ، قارىداپ قويۇلغانغا قەدەر قاينىتىپ، مەلھەم تەييارلىنىدۇ.

## مەرھەمى باسلىقۇن

تەركىبى: رۇپىتى رۇمى، كۆپۈكى دەريا ھەر بىرى 7×12g، قوننە 14g، زەيتۇن يېغى 15×12g دىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلىنىدۇ.

## مەلھەمى داخىليون

زەيتۇن يېغى 12×12g، مەدەستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، زىغىر، ئىسپىغۇل، شۈمشا ئۇرۇقى ھەر بىرى 24g، ئۇرۇق دورىلارنى كەچتە سوغۇق سۇغا چىلاپ قويۇپ، لۇئابىنى ئېلىپ، مەدەستاننى يۇمشاق ئېزىپ، زەيتۇن يېغىغا سېلىپ، تەكشى ئوت بىلەن قاينىتىلىدۇ. قاينىتىش داۋامىدا مەدەستاننىڭ چۆكۈۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئوبدان قوچۇپ تۇرۇش كېرەك ھەمدە ياغ قارا رەڭگە كىرگەندە چۈشۈرۈپ، ئالدىن تەييارلانغان لۇئابلارنى قوشۇپ، يەنە قاينىتىپ، مەلھەم تەييارلىنىدۇ.

## مەرھەمى رۇسۇل

تەركىبى: جاۋاشىر، زانىكار، قوننە، مۇرمەككى ھەر بىرى 7g، كۈندۇر، زىراۋەندى ھەر بىرى 10g، مۇقەل 14g، مەدەستان 16g، ئۇشەق 24g، ئاق مۇم، راتىنەج ھەر بىرى 48g، نۇسخا تەركىبىدىكى يېلىم جىنسلىق دورىلارنى ئاق مومدا ئېرىتىپ، قالغان دورىلارنى يۇمشاق ئېزىپ، 15×12ml زەيتۇن يېغى بىلەن قائىدە بويىچە مەلھەم تەييارلىنىدۇ.

## مەرھەمى زەنگار

تەركىبى: گۈل يېغى ياكى كۈنجۈت يېغىدىن 8×12g ئېلىپ، ئوتتا

قىزىتىپ، سوۋۇغاندا 18g زەنكارنى يۇمشاق ئېزىپ، ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

## مەرھەمى سەفىدە

قەلەي كۆشتىسى، ئاق موم ھەر بىرى 7g، گۈل يېغى 6×12g قائىدە بويىچە مەلھەم قىلىنىدۇ.

## مەرھەمى نورى (ھاك مەلھىمى)

سۇدا يەتتە قېتىم يۇيۇلغان ھاك، ئاق موم ھەر بىرى 22g، مەدەستان، خۇنسىياۋشان، قوغۇشۇن پاراشوكى، ئالتۇن چىلىندان ھەر بىرى 4g، گۈل يېغى 8×12g دىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەلھەم قىلىنىدۇ.

## مەتبۇخى ئەفتىمۇن

گۈل بىنەپشە، گۈلى نىلۇپەر، كاسىنە ئۇرۇقى، سانائى مەككى، سېرىق ھېلىلە پوستى، كابىلە ھېلىلىسى پوستى، قارا ھېلىلە، ئۇستقۇددۇس، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، شاھتەررە ئۇرۇقى ھەر بىرى 7g، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 11 دانە، ئەفتىمۇن 7g، خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىنلارنى 48g دىن ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەتبۇخ تەييارلىنىدۇ.

## مەتبۇخى مولەييىن

تەركىبى: سانا، بىستىپايەج، شاھتەررە، گۈلبىنەپشە، تەرخەمەك ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى ھەر بىرى 9g، ئەينۇلا، چىلان ھەر بىرى 7 دانە، سەرپىستان 20 دانە، دورىلارنى قائىدە بويىچە قايناتىپ، سۈزۈپ، كېيىن خىيارشەنبەر ۋە گۈلقەنتتىن 48g ئارىلاشتۇرۇپ، قايتا سۈزۈپ، بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

## مەتبۇخى ھېلىلە

قارا ھېلىلە، سېرىق ھېلىلە پوستى، شاھتەررە ھەر بىرى 24g، زىنخ، پوستى بىخ كەبىر ھەر بىرى 10g، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى 5g، كاسىنە ئۇرۇقى

سۈزۈپ، قايىنتىپ، سۇدا 48g، تەمرى ھىندى 20 دانە، ئەينۇلا 3g، ئۇلارنى تەنها ياكى ھەببى ئايارەج بىلەن ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

## مەجۇنى بۇزۇرى

تەركىبى: زاغۇن ئۇرۇقى، سەۋزە ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى، كۈدە ئۇرۇقى، پىياز ئۇرۇقى، ھەلىيون ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، ئادراسمان ئۇرۇقى، ئەرمىدون ئۇرۇقى، چىلغوزا مېغىزى، تاۋۇز مېغىزى، ھەببى قەلقەل ئۇرۇقى مېغىزى، ھەببى زەلەپ ئۇرۇقى مېغىزى، بوزىدان، قۇستى شىرىن، زەنجىۋىل، ئاق تودەرى، شاقاقۇل، پىلپىل، ھالۇن، ھىلىك، دارچىن، سېرىق تودەرى، زىغىر، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن قاتارلىق دورىلارنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، 3 ھەسسە ھەسەل بىلەن مەجۇن قىلىپ، 9~18g غىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

## مەجۇنى ھەجرەل يەھۇد

تەركىبى: قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، كاكىنەج ئۇرۇقى ھەر بىرسى 18g، ھەجرەل يەھۇد 15 × 12g، ھەجرەل يەھودنى لايىقلاشتۇرۇپ، يۇمشاق سالايە قىلىپ، باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، 3 ھەسسە ھەسەل قىيامى بىلەن مەجۇن تەييارلاپ، 7g دىن ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ.

## مەجۇنى خوبسىل ھەدىد

خوبسىل ھەدىد 24g نى 7 كۈنگىچە سىركىگە چىلاپ قويۇپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، نامازشامگۈلى ئۇرۇقى، ئەپيۇن، جوز، ئاقاقىيا، سۆئلەپ مىسرى، سەئدى كوفى، سېرىقچېچەك ھەر بىرى 24g، كەندىر ئۇرۇقى، كۈندۈر، پەنىرمايە ھەر بىرى 10g، خولىنجان، جۇپتى بەللۇت، ئاقىرقەرھا، تۇرۇپ ئۇرۇقى ھەر بىرسى 7g، ھەممە دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، 3 ھەسسە ھەسەل بىلەن مەجۇن قىلىپ، 7g دىن ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ.

## مەجۇنى زەنجۇبىل

تەركىبى: جوز، قەلەمپۇر، دارچىن ھەر بىرى 12g، ئەرەب يىلمى، لاچىندانە ھەر بىرى 24g، زەنجىۋىل 60g، نىشاستە 150g، قەنت 35× 12g، زەپەر 4g، قەنتنى قىيام قىلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، ئارىلاشتۇرۇپ، مەجۇن تەييارلاپ، 7×9g غىچە ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ.

## مەجۇنى سوقرات

تەركىبى: رۇم بەدىيان، قۇندۇز قەھرى، ھەببى بىلسان، ئاسارون، نىپىز دارچىن، مەستىكى ھەر بىرى 5g، مۇرمەككى، ئىپگىر، زورۇنباد، دورۇنەج ئەقرەبى، كەرەپشە ئۇرۇقى، زاغون ئۇرۇقى، پىياز ئۇرۇقى، كۈدە ئۇرۇقى ھەر بىرى 7g دىن جىنتىيانا، قەردىمانا، رەيھان ئۇرۇقى، پەرەنجەمشكى، بەللۇت، زىراۋەندە، زەپەر، جوز، قەلەمپۇر، رەۋەن، دارچىن، قاقىلە، بەسباسە، ئۆشنە، سۇمبۇل، زەرنەب، شەترەنجى ھىندى، بەرەنگى كابىلە، ياۋا پىياز ئۇرۇقى ھەر بىرى 10g، سەئدى كوفى، ھەببۇل قەلب ھەر بىرى 14g دىن، بادرەنجى بۇيا، لوك مەغسۇل، قىزىلگۈل ھەر بىرى 14g، قارا ھىلىلە، ئاملە، بەلىلە ھەر بىرى 21g، سەبرى 3g، ئىپگىر 3.5×12g، تۇربۇت 7×12g دىن ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، بادام يېغى بىلەن ياغلاپ، دورىلارنىڭ 3 ھەسسىسىگە تەڭ ھەسەل بىلەن مەجۇن قىلىپ، 71~4g غىچە ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ.

## مەجۇنى سىر (سامساق مەجۇنى)

سامساقتىن 500g ئېلىپ، 1kg كالا سۈتىدە قايىنىتىپ، يۇمشىغان چېغىدا ئۇستىگە ھەسەلدىن 5×12g، سىرىقمايدىن 9×12g قوشۇپ، ئوتتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا قەلەمپۇر، جوز، بەسباسە، قارىمۇچ، مەستىكى، لاچىندانە، قاقىلە، كابىلە ھىلىلىسى پوستى، دارچىن، زەنجىۋىل ھەر بىرى 36g، ئىپگىر، زەپەر ھەر بىرى 18g نى يۇمشاق سوقۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ، مەجۇن قىلىپ، 5~7g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ئەقرەب

كاكىنەج يىلتىزى 18g، جىنتىيانا 15g، قوندۇز قەھرى 14g، كۆيدۈرۈلگەن چايان 10g، ئاقمۇچ، قارىمۇچ ھەر بىرى 8g، زەنجىۋىل 3g، ھەسەلنى ئومۇمىي دورىلار ۋەزنىنىڭ 1/2 ھەسسىسىدە قوشۇپ، قائىدە بويىچە مەجۇن قىلىپ، 0.5~1g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى فەلاسفە (ماددەتۇلھايات)

تەركىبى: بابۇنە ئۇرۇقى 18g، زەنجىۋىل، قارىمۇچ، پىلپىل، ئامىلە، بەلىلە پوستى، شەترەنجى ھىندى، يۇمىلاق زىراۋەندە، سۆئلەپ مىسرى، بابۇنە يىلتىزى، چىلغوزا مېغىزى، نارجىل ھەر بىرى 30g دىن، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 9×12g، دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، ئىككى ھەسسە ھەسەل بىلەن مەجۇن قىلىپ، 7~12g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى فەلافىلى

تەركىبى: قارىمۇچ، ئاقمۇچ، پىلپىل ھەر بىرى 6×12g، ئۇد بىلسان 36g، زەنجىۋىل، كەرەپشە ئۇرۇقى، نېپىز دارچىن تۇخۇمى، سىيسالىيۇس، ئاسارون، گۈلسەۋسەن يىلتىزى ھەر بىرى 4g، ھەسەل 3 ھەسسە، قائىدە بويىچە مەجۇن قىلىپ، 3~6g غىچە مەجۇن قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى كەلكەلانەج بارىد

گۈلسەۋسەن يىلتىزى، قىزىلگۈل، تۇخۇمى كاسىنە، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، رۇبىسۇس ھەر بىرى 7g، ئەفسەنتىن ئۇسارىسى، مودەببەر قىلىنغان مازارىيۇن 10g، غارىقۇن، سېرىق ھېلىلە پوستى ھەر بىرى 18g، دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەر، قەنت ھەر بىرىنى 600g دىن ئېلىپ، تەرەنجىبىن بىلەن خىيارشەنبەرنىڭ تاتلىقىغا شېكەرنى قويۇپ، قىيام تەييارلاپ، باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ، 7~14g غىچە ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ.

## مەجۇنى كەلكىلانەج ھار

مودەببەر قىلىنغان مازارىيۇن، غارىقۇن، سېرىق ھېلىلە پوستى ھەر بىرى 18g، گۈلسەۋسەن يىلتىزى، رەۋەن، غاپەس ئۇساريسى، سۇمبۇل، رۇم بەدىيان ھەر بىرىنى 7g دىن ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، ئىككى ھەسسە ھەسەل بىلەن قائىدە بويىچە مەجۇن قىلىپ، 10～14g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى لوبۇب

تەركىبى: تاتلىق بادام مېغىزى، ياڭاق مېغىزى، ھەببەتۇلخۇزرا مېغى-زى، چىلغوزا مېغىزى، ھەببى زەلەم مېغىزى، پىندۇق مېغىزى، پىستە مېغىزى، نارجىل، ھەببى قەلقەل مېغىزى، ئاق خەشخاش، ئاق تودەرى، قىزىل تودەرى، ئاقلانغان كۈنجۈت، قىزىل بەھمەن، ئاق بەھمەن، دارچىن، زەنجىۋىل، پىلپىل، ئاقىرقەرھا، كاۋاۋىچىن، شاقاقۇل، خولىنجان، زاغۇن ئۇرۇقى، پىياز ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى، ئادراسمان ئۇرۇقى، ھەلىيۇن ئۇرۇ-قى، بۇ ھەممە دورىلارنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ، 3 ھەسسە ھەسەل بىلەن مەجۇن قىلىپ، 7～12g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى ماسكەل بۆل

تەركىبى: قارا ھېلىلە، كابىلە ھېلىلىسى پوستى (بۇ ئىككى دورا سىركىمايدا قورۇلىدۇ)، قۇستى شېرىن ھەر بىرى 9g، جۇپتى بەللۇت، كۇندۇر ھەر بىرى 2g، سۆئەلەپ مىسرى 4g، كەھرىۋا 6g، كەندىر ئۇرۇقى، نامازشامگۈلى ئۇرۇقى ھەر بىرى 18g، سوقۇپ، تاسقاپ ئېلىنىدۇ. ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن 22×12g نى سوقۇپ، قىزىلگۈل ئەرەقىدە قايناتىپ، دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، مەجۇن تەييارلاپ، 5～10g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەجۇنى نۇجاھ

تەركىبى: قارا ھېلىلە، بەلىلە، ئامىلە ھەر بىرى 3.5×12g، بىستىپا-يەج، ئەفتىمۇن، ئۇستقۇددۇس، تۇربۇت ھەر بىرى 18g، ھەسەل 3 ھەسسە،

قائىدە بويىچە مەجۇن قىلىپ، 14g ~ ⁒ غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## موپەررىھ دىلكۇشا

تەركىبى: ئەنبەر، دۇررۇنەج ئەقرەبى، كۇمۇش ۋاراق ھەر بىرى 2g، لەئلى، ئۇد ھىندى، قىزىل ۋە سېرىق ياقۇت ھەر بىرى 4g، زوررۇنباد، كاپۇر ھەر بىرى 1.5g، كەھرىۋا، قاشتېشى، قەلەمپۇر، كاۋاۋىچىن، قىزىل بەھمەن، دارچىن، سازەج ھىندى ھەر بىرى 3g، بەسباسە، ئاق بەھمەن، يۇمغاقسۇت، گۈل ئەرمىنى، تاباشىر ھەر بىرى 7g، مەرۋايىت، بادرەنجى بۇيا ئۇررۇقى، پوستى تورىنجى، پىستىنىڭ تاشقى پوستى، قىزىل سەندەل، ئاق سەندەل، پەرەنجىمىشكى ئۇررۇقى ھەر بىرى 10g، گۈلى گاۋزىبان، ئامىلە ھەر بىرى 18g، زىنخ ئۇسارىسى، زەپەر، ئىپار ھەر بىرى 0.6g، ئاپېلسىن شەربىتى 40×12ml، ئالما شەربىتى، بېھى شەربىتى ھەر بىرى 20×12ml، قائىدە بويىچە مەجۇن قىلىنىدۇ. 5~10g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## نوقۇتى ھامىز

تەركىبى: ئۆرۈك، چىلان ھەر بىرى 7 دانە، ئەينۇلا 5 دانە، تەمرى ھىندى 24g، نىلۇپەر گۈلى، بىنەپشە گۈلى ھەر بىرى 7g، دورىلارنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ، تاتلىقسىنى چىقىرىپ تەييارلىنىدۇ.

## نوقۇتى پەۋاكى

تەركىبى: ئەينۇلا، ئۆرۈك ھەر بىرى 7 دانە، چىلان 10 دانە، سەرپىستان 40 دانە، سېرىق ھېلىلە پوستى، كابىلە ھېلىلىسى پوستى ھەر بىرى 36g، بىنەپشە، كاسىنە ئۇررۇقى ھەر بىرى 9g، قىزىلگۈل ئەرەقى، شاھتەررە ئەرەقى، كاسىنە ئەرەقى، نىلۇپەر ئەرەقى ھەر بىرى 125ml غا دورىلارنى چىلاپ، ئەتىگەنلىكى قايناتىپ، ئاندىن كېيىن خىيارشەنبەر، تەمرى ھىندى، تەرەنجىبىن ھەر بىرى 6×12g، قىزىلگۈل گۈلقەنتى 36g دىن ئارىلاشتۇرۇپ، سۈزۈپ، بادام يېغىدىن 9g قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

## ھېلىلە قاينىتىلمىسى

تەركىبى: كابىلە ھېلىلىسى پوستى 36g، شاھتەررە 6×12g، ئەفتىمۇن ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى ھەر بىرى 10g، بەدىيان يىلتىزى پوستى 7g، ئەينۇلا، چىلان ھەر بىرى 20 دانە، قائىدە بويىچە سۇدا قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.

## ياقۇتى بۇئەلى

تەركىبى: ئالتۇن كۈشتىسى 2g، ياقۇت، گۈلى گاۋزىبان، تۇخۇمى كاسىنە، ئىپار، كاپۇر، ئاق بەھمەن، ئىبگىر، گىل ئەرمىنى، لاجۇۋەرد، ئىپىز دارچىن، دارچىن، زەپەر، لاچىندانە، قاقىلە، پارپا ھەر بىرى 4g، ئەۋرىشىم 5g، مەرۋايىت، بىخ مارجان ھەر بىرى 7g، ئەفتىمۇن 11g، پەرەنجىمىشكى ئۇرۇقى، رەيھان ئۇرۇقى، ئۇستىقۇددۇس ھەر بىرى 13g، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قىزىلگۈل ھەر بىرى 18g، دۇرۇنەج ئەقرەبى، سۇمبۇل، ئەنبەر ھەر بىرى 7g، قىزىلگۈل ئەرەقى 36ml، قىمۇقۇ شەربىتى، ئالما شەربىتى، تاتلىق ئانار شەربىتى ھەر بىرسى 11×12g، ھەسەل 40×12g، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ، 3～5g غىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى:  پەتتار مەخمۇت
مەسئۇل كوررېكتورى:  رەيھان نۇر

# مىزانى تىب

ئەخمەتجان ئىسمائىل
تەرجىمە قىلغۇچىلار:  ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى
ئەكبەر مۇھەممەت

*

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) نەشر قىلدى
شىنجاڭ ئۈمىد باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
850×1168مم، 32 فورمات، 14.25 باسما تاۋاق
2002 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - قېتىم بېسىلىشى
تىراژى: 1—4000
ISBN7—5372—3232—6/R・389
باھاسى: 25.00 يۈەن